该长篇小说反映了当代农民们在建设社会主义新农村，致富奔小康道路上的生活历程。

مەسئۇل مۇھەررىرى:  **مۇھەممەدسىلىم مۇھەممەد قاسىم**
مەسئۇل كوررېكتورى:  **بەختىيار ئابلىمىت**


**يېشىل باياۋان** (رومان)

| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | ئابدۇقادىر سادىر |
| نەشرىيات: | شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 0998 — 2653927 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى |
| فورماتى: | 880×1230 م م 1 / 32 |
| باسما تاۋىقى: | 15.25 |
| نەشرى: | 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| باھاسى: | 55.00يۈەن |



**图书在版编目（ＣＩＰ）数据**

绿色戈壁 ： 维吾尔文 / 阿不都卡德尔· 沙地尔著 . -- 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2014.5
ISBN 978-7-5373-3271-2

Ⅰ. ①绿… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 087812 号


责任编辑：**买提斯力木・买提卡司木**
责任校对：**拜合提亚尔・阿布力米提**


**绿色戈壁**　（长篇小说）

| | |
|---|---|
| 编　著 | 阿不都卡德尔 · 沙地尔 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 — 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 880 × 1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 15.25 |
| 版　次 | 2016 年 7 月第 1 版 |
| 印　次 | 2016 年 7 月第 1 次印刷 |
| 定　价 | 55.00 元 |

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە يېشىل باياۋان 1

بىرىنچى باب كەنجى مېھمان 10

ئىككىنچى باب تۇرمۇش تۈگمىنى 49

ئۈچىنچى باب يەر ماجىراسى 88

تۆتىنچى باب چوڭ ئوغۇل 120

بەشىنچى باب بۇزۇلغان چۈشلەر 151

ئالتىنچى باب يېتىم قىزنىڭ تەقدىرى 191

يەتتىنچى باب ھايات غەلۋىرى 231

سەككىزىنچى باب زەينەپسىز كاككۇك 259

توققۇزىنچى باب كېلىن تالىشىش 288

ئونىنچى باب چاي سودىگىرى 320

ئون بىرىنچى باب كارخانىچى 353

ئون ئىككىنچى باب ئاتتىن ئۇچقان «چەۋەنداز» 382

ئون ئۈچىنچى باب چاي يىلى 431

خاتىمە قۇياش گۇۋاھ قىسمەتلەر 466

## مۇقەددىمە

# يېشىل باياۋان

تاڭ ئېتىۋاتاتتى، ئاسماننى سۇر رەڭ بۇلۇتلار قاپلاپ، كۈز يامغۇرى سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرى شۇنچە ئۇششاق، سۈزۈك ئىدى. تۇپراقتىن قۇرۇغان غازاڭلارنىڭ، ئاللىقانداق چېرىندىلەرنىڭ ئارىلاشما ھىدى كېلەتتى. بىرچاغدا يامغۇر توختىدى. بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى. سۈرۈلگەن بۇلۇتلاردىن قىزغۇچ نۇر شوللىرى تاراۋاتاتتى. ئەمما، بۇلۇتلار باغرىنى تولۇق يىرتىپ بولالمىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، كەنت ئاسمىنىنىڭ شەرقىي يېرىمى قوغۇشۇندەك قوڭۇر رەڭدە، غەربىي يېرىمى ئەمدىلەتىن يورۇشقا باشلىغانىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئاسماننىڭ شەرقىي يېرىمىمۇ ئاقىرىشقا، قىزىل بىلەن سېرىق رەڭ ئارىلىشىپ كەتكەن باغلار ھۆسنىدە نۇر جىلۋىسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. نۇر بارغانسېرى كېڭىيەتتى. مەرمەردەك سۈزۈك نۇر دولقۇنى بۇلۇت سايىسىنى ئاستا ـ ئاستا چېكىندۈرمەكتە ئىدى. نۇر كەلكۈنى ئۇقچۇيتتى. قۇياش سۆيگەن بوستانلار ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. شادلىقتىن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە يېقىشاتتى. ياپراقلار ئۈستىدە تۈنەپ قالغان شەبنەم تامچىلىرى ياقۇتتەك جۇلالايتتى، ئۈستىدىن سۆيۈپ ئۆتكەن غۇر ـ غۇر شامال سارغايغان گىياھلارنى دېڭىز دولقۇنىدەك چايقىتاتتى.



پەسىل ئالتۇن كۈز مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرقى مەنزىللىرىدە كېتىۋاتاتتى. تەبىئەت يازدىكى گۈلگۈن ياقىلىق يېشىل تونلىرىنى ئاللىقاچان ئالتۇن رەڭلىك شاھانە لىباسلارغا ئالماشتۇرۇۋالغانىدى. كۈزمۇ باھاردەكلا ئۆز ۋە رەڭدار. قۇلاقلىرىغا زەر ھالقىلارنى ئاسقان تېرەك، سۆگەتلەر سۈلكەت بىلەن ئىرغاڭلىسا، ئوتقاش رەڭلىك پەرەنجە تاشلىغان ئالما ، ئۆرۈك، توغاچ، شاپتۇللار يالقۇن ئىچىدە جىلۋە قىلىپ. ئاشۇ ھۆسنى، ئاشۇ جەزبىسى بىلەن شاھ ۋە سەنەملەرنى ئەسلىتەتتى.

قۇياش چۈشكە تىكلەشكەنىدى. كۈز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. زەڭگەر ئاسمان بېتىدە چاراقلاپ تۇرغان قۇياش تەبىئەتنىڭ ئاشۇ گۈزەللىكىدىن مەستخۇش ئىدى. تاڭ ئالدىدىكى كۈز يامغۇرىدا يۇيۇنۇپ ـ تارانغان زېمىن مەۋجۇداتلىرىغا زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى. قارىغانچە قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلاردىكى مەنزىرىلەردىن قايتىپ، پەسكە ــ زىرائەتلىرى خېلى بۇرۇنلا يىغىۋېلىنغان ئېڭىزلىققا تاشلاندى.

كەڭ كەتكەن ئېڭىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاختا يەردە توپتەك سېمىز بىر ئۆكۈز قوش سۆرەۋاتاتتى. 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كەكە ساقال، تەمبەل بىر ئەر ساپان سېپىنى چەبدەسلىك بىلەن باشقۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى سوپاخۇن ئىدى. ئايىغى ئاستىدىكى ئاشۇ بىر تاختا ــ 12 مو يەر يېڭىچە يېزا سىياسىتىنىڭ روھى بويىچە ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىلگەنىدى. قولىدا 30 يىللىق مۆھۈرلەپ بېرىلگەن پايدىلىنىش توختامنامىسى بار ئىدى.

ئۆكۈز ئالدىغا ئىنتىلگىنىچە كۈچ بىلەن تىرەجەيتتى. ساپاننىڭ ئالماستەك ئۆتكۈر چىشى ئېڭىز باغرىنى كاراپتەك ياراتتى. ساپان چىشىدىن ئۆرۈلۈپ چىققان بوز توپا داۋالغۇۋاتقان دولقۇندەك بىر يانغا تاشلىناتتى. سوپاخۇن «دېھقان بولساڭ كۈز ھەيدە، كۈز

ھەيدىمسەڭ، يۈز ھەيدە» دېگەن تەمسىلنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدان بىلەتتى. بىلگىنى ئۈچۈن يېرىنى بالدۇرلا ئاغدۇرۇۋاتاتتى.

ساپان ئەڭ ئاخىرقى بىر تاپىنىڭ تۈگەنچە بېشىغا كەلگەندە، سوپاخۇن ئۆكۈزىنىڭ بوجىنى يېنىككىنە تارتىپ قويۇۋىدى، ئۆكۈز يېنىككىنە پۇشقۇرۇپ توختىدى. ئۆكۈز ئىگىسىنىڭ بۇ ئىشارىسىنى بىلەتتى. سوپاخۇن ساپاننى تىكلەپ قويۇپ، قىر ئۈستىگە چىقتى. بۆكىنى ئېلىپ تەرىنى سۈرتكەچ، تىلىم - تىلىم ئاختارمىلىققا زەن سالدى.

— ئەمدى، — دەپ شىۋىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — تۇپراق ئاپتاپقا تويۇنىدۇ، ھاۋا يەيدۇ، سېخىي قۇياشىنىڭ بەرىكىتىدىن ئەتلىنىدۇ، — ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى. نەچچە يىللىق ھىجران تالاپىتىدىن كېيىن تېپىشقان نىگارىنىڭ رۇخسارىدىن بەھرە ئېلىۋاتقاندەك زوقلىناتتى. شۇنداق، ئۇ نىگار ۋىسالىغا ئاخىر ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئاشۇ بوز توپىلىق بىر پارچە «ئالتۇن قوزۇق» ئىدى. ئۇ دېھقانىنىڭ ئۆزىگە، بىر ئۆزىگىلا تەئەللۇق ئىدى. ئۇنىڭ مېھىر- مۇھەببىتىدىن، ۋۇجۇدىدىن ئاتا قىلغان پۈتكۈل نېمەتلىرىدىن خالىغانچە بەھرىلىنەلەيتتى.

بىردەمدىن كېيىن سوپاخۇننىڭ ئويناق كۆزلىرى ئايغى ئاستىدىكى كىچىككىنە ئاختارمىلىقنى ئوراپ تۇرغان بىپايان ئېتىزلارغا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغباراڭ، كۆجىۈم مەھەللىلەرگە ئاغدى. كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ پىنھان بەتلىرى كۈز شامىلىدىن شىلدىرلىغان ئالتۇن ھالقىلاردەك شاراقشىپ كەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ زېمىننىڭ تەزكىرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈۋاتاتتى.

ئۇ ئاجايىپلا بىر جاي ئىدى. ئۈچ تەرىپىنى يىراق- يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن تاش- توپىلىق سايلار قورۇقداپ تۇراتتى. ئاشۇ قورۇق قوينىدا گويا چۆچەكلەردىكى تىلسىماتلىق مۆجىزاتلاردەك ناھايىتى گۈزەل بىر يېشىللىق يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپىدىكى ساي



يۈزىدىن قارىغاندا، ئۇ جىمىرلاپ تۇرغان تىنىق سۈلۈق كۆلگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئورنىنى سايلارغا نىسبەتەن دۆڭلۈك دېيىشمۇ بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يېشىللىق دۇنياسى خىلۋەتگاھتىكى ھەم تۈزلەڭ، ھەم چىلان توپىلىق بىر كەنت ئىدى. باغباراڭلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى تۇنجى كۆرگەن كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇراتتى. يەر شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەسىيىپ باراتتى. ئېگىز گىرۋىكىنى جەنۇب ياقتىكى قارلىق تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ كەلگەن بىر پەسىللىك دەريا ياناپ ئۆتەتتى.

ئۇ خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بەش تەبىئىي بوستانلىققا بۆلۈنگەن بىر يېزىنىڭ تەۋەلىكى ئىدى. ئاشۇ بەش تەبىئىي بوستانلىقتىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ چېتى ۋە ئەڭ كىچىكى ئىدى. ساي چېتىدە بوران سوقۇپ تۇرىدىغان چۆل بولغىنى ئۈچۈن ،كەنت نامى «شامالباغ» دەپ ئاتىلاتتى. 300 نەچچە تۈتۈنلۈك بۇ خىلۋەتنى ئانچە كىچىك دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئاتاقتا «كىچىك» دېيىلگىنى بىلەن، كۆز يەتكۈسىز ئېكىنزارلىقلىرى، كۆجىۈم -كۆجىۈم باغباراڭلىرى، چىغ- چاتقاللىق بىنەملىكلىرى، قومۇشلۇق، قامغاقلىق جاڭگىللىستانلىرى بار ئون نەچچە مەھەللىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. مەھەللىلەر قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، ھالقىسىمان دائىرىدە چۆرگىلەتمەك ئويناۋاتقان سەھرا بالىلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئاشۇ بالىلارنىڭ سەبىي، پاك، غۇبارسىز كۆڭلىدەك ئۆم- ئىناق ئىدى. شۇڭا، «قوللىرى» بىر- بىرىنىڭ بىلىكىدىن ئاجرىماي تۇراتتى.

بوستانلىقنىڭ جەنۇب، شىمالى ناھايىتى يىراقلارغا يېيىلىپ كەتكەن توپا- تاشلىق ساي. غەرب يېقى ھېلىقى پەسىللىك دەرياغا تۇتىشاتتى. يەرلىكلەر بۇ دەريانى «تازغۇن» دەپ ئاتىشاتتى. تازغۇننىڭ ئۇ قېتى يەنە بىر بوستانغا يەتكۈچە غىلتاڭ

ساي ئىدى. شەرقى كەنت ياقىسىدىكى كالتە ساي ۋە ئازراق بىنەملىكلىرى بىلەن تۆۋەنكى بوستانلىقلارغا تۇتىشاتتى. يىراقتىن يىراقتىكى ساي يۈزىدە تۇرۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭ ئورنى خۇددى دېڭىزدىكى يېگانە ئارالغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئاشۇ ھالىتى بىلەن مەۋجۇت ئىدى. يازىچە ياشىرىپ تۇرىدىغان ئېكىنزار-بوستانلىرى، ئالتۇن كۈزدىكى شېرىن-شەربەتلىك باغلىرى بىلەن نامدار ئىدى. تىنىم تاپماس قوللارنىڭ ئېتىز-قىرلاردىكى مېھنەت ساداسى، ئۈزۈلمەس ھاياتلىقنىڭ شاۋقۇنلىرى، قىشچە پۇرقىراپ تۇرىدىغان 308 تۇرخۇننىڭ ئاقۇچ ئىسى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

كېچە ياغقان كۈز يامغۇرىدا يۇيۇنۇپ، چىڭقىچۆشكە تىكلەشكەن قۇياشقا قاقلىنىپ ياتقان گۈزەل تەبىئەت قەلبلەرنى ئەسىر قىلغۇچى مەپتۇنكار لاتاپىتى بىلەن شۇنداق بىر شېئىر بولۇپ ئوقۇلۇۋاتاتتى:

ساي باغرىدا، سايلار باغرىدا،
چايقىلىدۇ ياپيېشىل دەريا.
خىلۋەتتىگە چۆكۈپ ئۆزىنىڭ،
ساھىلىدا ياشار بىر دۇنيا.

قىرغىقىغا يېقىپ باغرىنى،
سويلاپ كېلەر زۇمرەت كۆز ئېقىن.
ناۋاسىدىن زېمىن لەرزىدە،
ئۇ ھاياتقا شۇنچىلىك يېقىن.

قىسسە تۆكەر ئورمانلار، باغلار،
يۈرىكىنى تىڭشاپ ئۆزىنىڭ.



گۈل قۇچاقلاپ ئۈنەر بويىدا،
ھەر قىسسىدىن تۆمەن مىڭ شېرىن.

گۈل توشتۇرۇپ قۇچاقلىرىغا،
خىيال ئىچرە ياتار بىر زىبا.
نەپەسلىرى ئاتەشتۇر، ئاتەش،
يۈرىكىنى ئوينار مۇئەمما.

سۇمبۇل-سۇمبۇل كىرپىكلىرىدىن،
تۆكۈلىدۇ ياپيېشىل زىيا.
ئۆزىتىدۇ لېۋىنى كۆكتىن،
گۈل نىگارغا مەپتۇنكار قىيا.

ئاسمىنىدىن ئۆتكەن شاماللار،
ئويناپ كېتەر باغرىدا بىرپەس.
باھار ئىزدەپ كۆك كەپتەر كۆكتىن،
يۈدۈپ كېلەر بىر چوغدان ھەۋەس.

يېشىل كۈيدىن رەڭلەنگەن دۇنيا،
قويۇۋېتەر يۈرەكلەرگە ئوت.
قىرلىرىغا قويۇپ بېشىڭنى،
يېتىۋالغۇڭ كېلەر بەش مىنۇت.

تاشلاپ كېتەر يۈرەكلىرىنى،
يارقىن تاڭلار، ئاپپاق بۇلۇتلار.
يالقۇن سۆرەپ كىرەر قوينۇڭغا،
ئىزلىرىڭغا تۇتاشقان ئوتلار.

چۆكۈپ كېتەر تاغلارغا تىمتاس،
ئارمان يۇدۇپ كەلگەن كۆك كەپتەر.
يۈرىكىڭدە قالار چىشلىشىپ،
مەڭگۈلۈك ئوت، ياپىپېشىل سەھەر.

دەرۋەقە، بۇ يەرنىڭ ئاپىرىدە قىلىنغىنىغا يۈز يىلچە بولغانىدى. ئەسلىدىكى ئورنى بىرەر يۈز موچە دائىرىدىكى كىچىككىنە بىر ئوتلاق ئىدى. چىغ- چاتقال، ئادراسمان، چىغىرتماق، خوخا- يانتاقلار بىلەن كۆكىرىپ تۇراتتى. ئارىسىدا تېرىمغا ئايلاندۇرۇلغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ كىچىككىنە خىلۋەت قاچانلاردۇر ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان ئۈچ- تۆت ئۆيلۈك كىشىلەرنىڭ مېھنەتلىرى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئاچقان بىنەملىكتە 30 يىلدەك ياشىدى. كېيىن يەككىلىكتىن كوپىراتسىيەگە، كوممۇناغا كۆچتى. شامالباغلىقلارمۇ، ئېچىلغان يەرلەرمۇ قايسىبىر دادۇينىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. يەرلىرى كوللېكتىپ تېرىلىشقا، مەھسۇلاتلىرى دادۇي ئامبىرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 62- يىللىرى بولسا كېرەك، بۇ يەرگە تەرەپ- تەرەپتىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىشكە، ماكان قۇرۇپ ئولتۇراقلىششقا، ھە دەپ بىنەم ئېچىلىشقا باشلىدى. يېڭى كەلگەنلەر، كېلىۋاتقانلار كوممۇنانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كەنت- كەنتلەردىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنلەر ئىدى. سوپاخۇن ئائىلىسىمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. كۆچۈپ كېلىش، يەر ئېچىش بىر كۈن، بىر يىلمۇ توختاپ قالمىدى. ئۆيلەر، يەر- زېمىنلار ئاۋۇپ باراتتى. بۇ يەر دەسلەپ كىچىك ئەترەت دەپ ئاتالدى، كېيىن چوڭ ئەترەت بولدى. «شامالباغ» نامى 12- دادۇيگە



ئۆزگەردى. ئاشۇ نام بىلەن ئۇزاق ئاتالدى. 80- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەسلىي نامى پەيدا بولۇپ، «شامالباغ كەنتى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئاھالىسى 300 تۈتۈندىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

— كۆزلىرىگە كېچىچە ئۇيقۇ كىرمەپتۇ - ھە، سوپاخۇن؟!

سوپاخۇن دىڭگىدە چۆچۈپ، خىياللار قېتىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. گەپ قىلىۋاتقىنى تام قوشنىسى ساۋۇت داۋۇت ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىقۋالغان مۇئەللىمى بولغاچ، مەھەللىدىكىلەر ھېلىھەم ئۇنى «ساۋۇت مۇئەللىم» دېيىشەتتى. ئۇمۇ ئۆكۈز قېتىلغان بىر ھارۋىنى توختىتىۋاتاتتى. ھارۋا ئۈستىدە بىر ساپان تۇراتتى.

— ئۆزلىرىنىڭمۇ ئولتۇرغۇسى كەلمىگەن چېغى ئۆيدە؟— كۈلدى سوپاخۇن،— «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇپتۇ» دېگەندەك، مېنى دوراپ كەپتىلا، مانا.

— «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلاقنى كەس» دەپتىكەن. مەنمۇ بالدۇرراق ئاغدۇرۇۋېتەي، سىلىدىن قالماي دېدىم.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر يېزا نوپۇسى بولغاچقا، تەقسىملەپ بېرىلگەن يېرى بار ئىدى.

ئىككىيلەن يەنە بىرمۇنچە چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن، ساۋۇت مۇئەللىم دېدى:

— بۇرۇن تام قوشنا ئىدۇق. مانا ئەمدى يەر قوشنىمۇ بولۇپ قالدۇق. يەرلەر ئۆز ئىلكىمىزگە ئۆتكەندىكىن، بالدۇرراق تەييارلاپ قوياي دېدىم.

— ئوبدان قىپتىلا. يەر دېگەننى بالدۇرراق ئاغدۇرۇپ قويغىنغا يەتمەيدۇ. ھە راست، سەل كەچ قاپتىلا،— قوشۇپ قويدى سوپاخۇن،— ھەيدىشىپ بېرەيمۇ يا؟

— رەھمەت، رەھمەت. سىلىنى ئاۋارە قىلماي. تۈنجى ئىش

ئۆزۈمنىڭلا قولىدىن چىقسۇن. تازا قېنىپ بىر ھېرىۋالاي ئۆز يېرىمدە.

بۇ ھەقىقىي غوجايىنلىقنىڭ خۇشلۇقى، مەمنۇنىيەت ۋە ئېتىخارلىقنىڭ بېشارەتلىرى ئىدى. ئىككى قوشنا شۇ گەپلەرنى دېيىشىپ ئايرىلىشتى. بايا ئاغدۇرۇلغان يەرنىڭ يېنىدىكى بىر تاختا يەرگە ساۋۇتاخۇننىڭ قوش- ساپىنى تىكلەندى.





# بىرىنچى باب

## كەنجى مېھمان

### 1

قىش، تۈن نىسپى بولغان چاغ. پۈتكۈل كائىنات شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تۈن سۈكۈناتىغا پاتقان زېمىن قېلىن قار ئاستىدا چۈش كۆرەتتى. توڭلاپ كەتكەن كۆكسىدە كىچىككىنە بىر كەنت دۈگدىيىپ ياتاتتى. يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا تىنىمسىز قۇتراپ يۈرگەن شىۋىرغان زېمىننىڭمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسىنى بۇزالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ تاپتىكى ھالىتى يىغلىپ قالغان قار دۆۋىسىگىمۇ، قار ئاستىدا قالغان شاخ- شۇمبىلارغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ئاشۇ كەڭ زېمىننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى ئىدى. جاھان خىلۋىتىدىكى بۇ كىچىك زېمىن «شامالباغ» دەپ ئاتىلاتتى. ئەتراپىنى قورشاپ ياتقان سانسىزلىغان ئاۋات بوستانلىقلارنىڭ ئەڭ بېشى— ئەڭ چېتىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلاپ ياتاتتى.

ئاشۇ كارتىنىلار تەسۋىرىنى سىزىۋاتقان مۇئەللىپ شۇ تاپتا ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن پاراڭلىشاتتى: «كىم بىلىدۇ، بۇ يېگانە كەنتنىڭ مۇشۇ دەقىقلەردىكى كېچە قىسمەتلىرىنى؟ بەلكىم قايىسبىر ئۆيلەر ھامامدەك ئىسسىق، ياز دالاسىدەك ئىللىقتۇ.

ئۇلارنىڭ تەلەيلىك ساھىبلىرى ئىسسىق تۆشەكلىرىدە يېتىپ شىرىن- شىرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ. بىر- بىرىگە مەھكەم چىرمالغان ئاق يۆگىمەچلەرنىڭ قىسلچىقىدا پۇشۇلداپ ئۇخلىشىۋاتقاندۇ. يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۆيىدىن مۇزخانا تەپتى كېلىدىغاندۇ. ئىشىك قىسلچاقلىرىدىن، قايسىدۇر يەرلەردىكى نەزەردىن يىراق يوچۇقلاردىن شامال پۈۋلەپ تۇرىدىغاندۇ. ئاشۇ غېرىبانە كۆلىبىدىكى ئائىلىكىملەر ئىسسىمايۋاتقان يوتقانلىرىنى يان بېلىگە تارتىپ تۈگۈلىدىغاندۇ. ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى ئاللىقانداق قاباھەتلىك چۈشلەردىن چۆچۈپ ئويغىنىدىغاندۇ. قىشنىڭ بۇنداق قاتتىق كېلىشىدىن زارلىشىدىغاندۇ......»

دەرۋەقە، 1980- يىلىنىڭ قىشى شۇنداق بالدۇرلا باشلىنىپ كەتكەنىدى. نويابىر كىرە- كىرمەيلا قار چۈشۈپ كەتتى. يەر- زېمىن قېلىن قار تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. دەل- دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئېغىر يۈك بېسىمىدىن بەللىرىنى ئېگىپ تۇراتتى. باغباراڭلار ئاق يوپۇق ئاستىدا مۈگدەيتتى. ئاسمان بېتىگە تەكشى يېيىلغان سۇر رەڭ بۇلۇتلار كۈندۈزى قۇياش، كېچىسى ئاي- يۇلتۇزلار يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى. ئۆي- ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن ئاق تەسكەننىڭ قويۇق ئىسى ئۈزۈلمەيتتى.

بۇ، يېزا- قىشلاقلاردا يېڭىچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ روھى بويىچە يەرلەر ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىلگەن دەسلەپكى چاغلار ئىدى. يەرلەرلار ئەمەس، بۇرۇنقى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال- چارۋىلار، ئورمان، دەل- دەرەخلەرگىچە ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىلگەنىدى. بۇ «مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددە بېرىش» دەپ ئاتىلاتتى. ھەر مو يەرگە كېلىدىغان باج، دۆلەتكە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى، كەنتكە تاپشۇرىدىغان باشقۇرۇش ھەققى، سۇ ھەققى، جامائەت جۇغلانمىسىغا تاپشۇرىدىغان سومما قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئاشۇ «مەھسۇلات»قا چېتىپ قويۇلغانىدى. مەھسۇلاتى ئاشسىمۇ،



كەملىسىمۇ توختامدىكى ۋەزىپە ئۆزگەرمەيتتى. گەرچە دېھقانلار ئىلگىرىكىدەك كوللېكتىپنىڭ «داشقاينىقى» غا ئەمەس، «ئۆز يېرى»گە ئىشلەيدىغان بولسىمۇ، قانچە مو بۇغداي، قانچە مو قوناق، قانچە مو كېۋەز...... تېرىشلار يەنىلا «پىلانلىق ئىگىلىك»نىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى. قانداق تېرىش، قايسى چاغدا تېرىپ، قايسى چاغدا يىغىپ بولۇشلارنى كەنت ئاقساقاللىرى «بىر تۇتاش» باشقۇراتتى.

ئەلۋەتتە، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان «ئۈچ قالدۇرۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ئازراق يەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئائىلىلەرنىڭ يىللىق تەمىناتى، ئۆي، باغ ئورنى، چارۋا ماللارنىڭ يەم- خەشەكلىكى ئۈچۈن قالدۇرۇپ بېرىلگەنىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، دېھقانلار ھەرھالدا ئىلگىرىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تار كاتىكىدىن قۇتۇلغانىدى. ھەممە ئۆي، ھەممە جان ئۆز ئالدىغا يېڭىچە ئىگىلىك تىكلەشكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. تەبىئەت ئۇلارنىڭ يېڭى مۇساپىدىكى يېڭى قەدىمىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك، بۇ يىلقى قىشنى شۇنداق قاتتىق سۇر بىلەن ئەۋەتكەندەك قىلاتتى.

شۇ كېچە بىر ئۆيدە چىراغ ئۆچمىدى. ئۇ شامالباغ مەھەللىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشتىكى بىر دېھقان ئۆيى ئىدى. قىشلىق ئۆينىڭ مورا ئوچىقىدا يېرىم قۇرۇغان جىگدە ئوتۇنى چاراسلاپ كۆيەتتى. مورا بېشىدىكى جىنچىراغ سۇس لىپىلداپ تۇراتتى. ئۆي سۇپىسىنىڭ مورىغا يېقىنراق سېلىنغان تۆشەكتە بىر ئايال تولغىنىپ ياتاتتى.ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى ياستۇققا يېيىلغان، تەپچىرەپ كەتكەن پېشانىسىگە يېپىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى پەلە قۇرتىدەك گاھ ئۇيان، گاھ بۇيانغا تاشلايتتى. بۇ ئايال 35—36 لەردە بولۇپ، ياشلىق گۈزەللىكى ئۇرغۇپ تۇرغان چىرايلىققىنە جۇۋان ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىدىراق 6 ياش ۋە 4 ياشلاردىكى ئىككى بالا بىر-بىرىگە يېقىن چاپلىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئوتتۇرا بويلۇق قاۋۇل بىر ئەر ئايال ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتى. گاھىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالاتتى. ئۆي ئىچىدە قالايمىقان پىرقىرايتتى. ئۇ 38—39 ياشلاردا بار ئىدى. ساقىلىنى بالدۇرلا قويۇۋەتكەن بولسا كېرەك، چىرايلىق كەكە ساقىلى يېشىغا ئانچە ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىدىن ئەندىشە، جىددىيلىك ئالامەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئەر ئايالنىڭ ياستۇقىنى سەل ئېگىزلىتىپ بېرىپ، ئوچاق ئالدىغا كەلدى.ئوچاقتا سېلىپ قويغان ئوتۇن كۆيۈپ بولغانىدى. چۈشكەن چوغنىڭ يېرىمىنى كۈلۈڭگە تارتتى. قالغان چوغ ئۈستىگە ئوتۇن سالدى. كېيىن لاخشىگىرنى ئېلىپ تۇراتتى، ئايال يەنە ئىڭراپ كەتتى. ئەر لاخشىگىرنى تاشلاپ تۆشەك يېنىغا كەلدى. باش تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئايالنىڭ بېشىنى بىلىكى ئۈستىگە ئالدى. ئايال تۈگۈلگەن پېتى ۋايجانلاشقا باشلىدى. ئۇ پۇر- پۇر تەرلەپ كەتكەنىدى. قوللىرى بىلەن قورسىقىنى تۇتۇپ گاھ ئۇيان، گاھ بۇيان تاشلىناتتى، تۈگۈلەتتى، سوزۇلاتتى، تۇۋلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىشلىرىنى چىڭگىدە چىشلەيتتى. ئۇ تۇغۇت ئالدىدا ئىدى. تولغاق بىلەن ئېلىشىۋاتقىنىغا بىر سائەت بولغانىدى.

— رەۋىخاننى قىچقىرايمۇ يا؟— سورىدى ئەر ئۇنىڭ تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— قويسىلا، قويسىلا...... — دېدى ئايال چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ،— بۇ چاغ بولغاندا ئىشىك قېقىپ يۈرمەيلى.

— ئارقىلىرىغا ئۆتۈپ يۆلەي ئەمىسە.

ئەر ياستۇق بىلەن تام ئارىسىغا قىسىلىپ يۆكۈندى. ئايالنى ئاۋايلاپقىنە يۆلەپ، ياستۇقنى تىزى ئۈستىگە ئالدى. ئايال ئىنجىقلايتتى، سوزۇپ- سوزۇپ بوزلايتتى......



— بۇ...... بۇ بالا مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، سوپاخۇن.......

— ئاغزىلىرىنى ئۈششۈتمىسىلە، خۇدايىم ئۆزى ئاسانلىق بېرىدۇ.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولىسىدى. تولغىقى نېمانچە قاتتىقتۇ دەيمەن بۇ بالىنىڭ.

سوپاخۇن ئايالىنىڭ قىينىلىشلىرىغا قاراپ: « قورساق كۆتۈرمىسىمۇ بوپتىكەن، بارىنى بېقىپ تىنچ ئۆتەر ئىدۇق» دەپ ئويلىدى. ئارقىدىنلا خىياللىرى بالا ئارزۇسىدا كۆيۈپ- پىشىپ يۈرگەن چاغلىرىغا كېتىپ قالدى، ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ئىككى يىل بولاي دەپ قالغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر تائەتخان قورساق كۆتۈرمەيۋاتاتتى. سوپاخۇن بولسا: « ئوماققىنە بىر بالىمىز بولسا، ۋىلىق- ۋىلىق كۈلۈپ بەرسە، كۆتۈرۈۋېلىپ ئەركىلەتسەم، چۈچۈك- چۈچۈك ۋىچىرلاشلىرى، پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈشلىرى بىلەن ھويلىمىز شاۋقۇنلاپ تۇرسا......» دېگەن تەمەدە ئىدى. ئەلۋەتتە، تائەتخانمۇ ئانا بولۇشقا ئالدىرايتتى، قورساق كۆتۈرەلمىگەنلىكى ئېرى ئالدىدا خىجىل بولاتتى. چاقچاقتا ئېلىپ قىلىنىۋالىدىغان ئاچچىق تەنىلىرىدىن ئازابلىناتتى. سەۋەب- ئامال ئىزدەپ قىلمىغىنى قالمايتتى.

— ھەر ئىككىلىرى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتۈپ باقسىلا قانداق بولاركىن؟ - مەسلىھەت بەردى بىر كۈنى كەنت مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى، — پەن بويىچە ئالغاندا، تۇغماسلىق ئاياللاردىلا ئەمەس، ئەرلەردىمۇ بولىدىكەن. مەسىلە كىمدە بولسا، شۇنى داۋالىسا ئۈنۈمى بولىدۇ، چوقۇم.

تائەتخانىنىڭ شۇنداق قىلىپ باققۇسى كەلدى، ئەمما ئېرىگە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ «تۇغمىدىغىنى مەنمۇ، سىلىمۇ؟» دەپ تېرىكىپ قېلىشىدىن تەپ تارتىپ يۈرۈۋەردى.

دەرۋەقە، تائەتخان سەككىز يىلغىچە شۇنداق ئۆتتۈپ كەتتى. سوپاخۇننىڭ تاپا- دوقلىرىغا چىدىماي، ئارىدا ئاجرىشىپ كەتمەكچىمۇ بولۇشتى. سوپاخۇن بالىسى بولمىغىنىدىن رەنجىپ تېرىككەندەك قىلغىنى بىلەن، ئايالىغا چوڭقۇر مېھرى بار ئىدى. ئۇنىڭ خۇيىغا، ئۆزىگە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىگە چىدىمايتتى. ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ- پىشىپ خېلىلا تەستە قولغا كەلتۈرگىنىمۇ يادىدا ئىدى. ئۇ يەنە سۈكۈت قىلدى. كۈتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تائەتخان بىر مومايىنىڭ ئۈدۈمنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ باردى.

— ۋەللاھۇئالەم، بەچچىدانلىرى پەسلەپ كېتىپتۇ سىلىنىڭ، — دېدى موماي ئايالىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، — سەۋەب قىلىپ باقىلى، ئەمما ھەپتە مۇشۇ يەردە ياتمىسىلا بولمايدۇ.

سوپاخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال قوشۇلدى. بىللە بېرىپ ئايالىنى مومايغا تاپشۇردى. موماي نېمىلەرنىدۇر سوقۇپ- يانجىپ بىر پومزەك خېمىر تەييارلىدى. خېمىرنى ئالىقاندەك بىر تال تاختا بىلەن باستۇرۇپ، تائەتخاننىڭ قورسىقىنى ئىككى مېتىرچە رەخت بىلەن قاتمۇ قات تاڭدى. تائەتخاننىڭ يەيدىغان تائامى، ئىچىدىغان چايلىرىمۇ ئاللىقانداق قىرتاق دورىلار بىلەن بىللە ئىدى.

مومايىنىڭ ئايالار كېسەللىكىدە ھەقىقەتەن ئۈدۈمى، تەجرىبىسى بار ئىدى. نەچچە- نەچچە ئايال ئۇنىڭ قولى بىلەن شىپا تاپقانىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتۈپ تائەتخان ئېرىنىڭ قۇلىقىغا ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى:

— بويۇمدا قاپتۇ!

سوپاخۇن كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بوينىنى تۇتتى......

شۇنىڭدىن كېيىن تائەتخان ئارقا- ئارقىدىن ئۈچنى تۇغدى.



ئىككىسى ئوغۇل، ئۈچىنچىسى قىز ئىدى. قىز 19 ئايلىق بولغاندا قىزىل چىققان باھانە بىلەن ساقىيالماي كېتىپ قالدى. ھازىر تولغاقتىكىسى تۆتىنچى بالىسى ئىدى.

— ۋاي، ۋايىەي! — سوپاخۇن ئايالىنىڭ بار ئاۋازى بىلەن تۈۋلىشىدىن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، باللارمۇ ئويغىنىشتى. چوڭى مەڭدەپ قالغانىدى، كىچىكى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. باللىرى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ غەلىتە ئولتۇرۇشىغا قاراپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى.

— ئۇخلاڭلار، ئۇخلاڭلار!

سوپاخۇن باللارغا تۈۋلاپ تۇراتتى، ئايالنى يەنە بىر قېتىم تولغاق تۇتتى. ئۇنىڭ گاھ تولغىنىشى، گاھ بۇدۇڭشىشى ئىچىدە بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئايالمۇ جىمىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا گويا بوۋاقنىڭ ئىڭگەسى بىلەن بىمەھەل ئويغىنىپ كەتكەندەك ،ئۆي ئارقىسىدىن خورازنىڭ ئاۋازى چىقتى. ئارقىدىنلا تام- تامدىن چىلىلاق كۆتۈرۈلدى. سوپاخۇن ھېلىدىن- ھېلىغا ئايالنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. بوۋاق ئىڭگەلەيتتى.

— بالىنى ئالسىلا، — شىۋىرلىدى ئايال، — تۇنجۇقۇپ قالىدۇ، بىكار.

ئەر شۇ چاغدىلا ئېسىنى تاپتى. ئايالنى ئاۋايلاپقىنە ياتقۇزۇپ، تۆشەكنىڭ ئايىغىغا كەلدى. يوتقاننىڭ پېشىنى قايرىپ، بالىنى قانداق ئېلىشنى بىلمىگەندەك تۇرۇپ قالدى.

— يېنىمدا يۆگەك بار. شۇنىڭغا يۆگىسىلە. ياق، يۆگىمەي تۇرسىلا. مورا بېشىدا تاناپ يۆگەلگەن قومۇش بار، ئېپ بەرسىلە......ھە، ئەمدى بالىنى يېنىمغا ئەكەلسىلە.

— ۋۇي، — دېدى ئەر بوۋاقنى يۆگەك ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، — بۇ...... بۇمۇ ئوغۇلكەن!

— ئوغۇلمىكەن؟ — ئايال ئۆز- ئۆزىگە شىۋىرلىغاندەك

گۈگۈرلىدى، — بۇ قېتىم قىز بېرەر دېسەم يەنە...... — گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ئۇ. كاللىسىغا «كۈپۈرلۈق بولمىسۇن» دېگەن بىر ئاڭ لىپپىدە قونغانىدى.

ئەر بوۋاقنى قويۇپ، ئايالىنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى ئورۇنلىدى. ئايال ئاستاغىنە ئۆرە بولدى. بوۋاقنىڭ كىندىكىنى بوغۇۋېتىپ يەنە دېدى:

— بايىقى يەردە پاختا بار، چاققان كۆيدۈرسىلە.

ئەر ھەممىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. بۇيرۇتمىلارنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغىنىنى، ئايالىنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى بىلەتتى. ئاۋۇ ئىككى بالىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇغۇلغان. تۇغۇت ئانىلىرى ئىشلەتكەن ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۇمۇ كۆرگەن.

— تائەتخان، — دېدى ئەر كۈلۈك ئالدىدىن بويۇنداپ، — ئاۋايلاپراق كەسسىلە. ئاغرىتىپ قويمىسىلا، — ئەر شۇنداق دەپ قويۇپ، ئۆز- ئۆزىگە غۇدۇراۋاتقاندەك قوشۇپ قويدى، — ئەجەب، كىندىكنى قومۇشتا غىرداپ كېسىشنى كىممۇ تاپقاندىكىن- تاڭ!

— بۇ دېگەن ئۇدۇم، — دېدى ئايال كۈلۈپ. بۇ ئۇنىڭ ئاشۇ كېچىدىكى تۇنجى كۈلۈشى ئىدى.

— غەلىتىلا بىر ئۇدۇمكەن بۇ.

— تىغنىڭ زەھىرى بار دەپ قومۇشتا كېسىپتىكەن بۇرۇنقىلارمۇ.

تائەتخان بالىنىڭ كىندىكىنى چىڭ بوغۇپ، ئۈستىدىن قومۇش بىلەن كەستى. سوپاخۇن ئالقىنىدا سوۋۇتۇپ كەلگەن پاختا كۈلىنى كېسىلگەن جايغا ئاز- ئازدىن سېلىپ باستى. ئانا ئالدىن تەييارلاپ قويغان داكا پارچىسىنى قاتلاپ، بالىنىڭ كىندىكىنى تاڭدى. بالا زاكىلىنىپ، ئۆۋي ئىچى تىنجىپ. ئالدىراشچىلىقلار پەسەيگەنىدى. ئەر پايپاسلاپ يۈرۈپ، ئايالىنىڭ كۆرپە- تۆشەكلىرىنى ئالماشتۇردى. ئاستىنى قۇرۇقداپ، قايتىدىن



يۆگىدى. ئۇ شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا تۆگىلۈكتىن تاڭ يورۇقى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

سوپاخۇن كۆيۈۋاتقان چۈچىلىلار ئۈستىگە ئىككى تال ئوتۇن تاشلىدى. كۈلۈڭدىكى قارىداپ كەتكەن رو چەينەك ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى، قايناۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى. ئۇ چەينەكنى مورىنىڭ چەپ يېنىغا ئېلىپ قويۇپ، مىس چۆگۈندە يېڭىباشتىن سۇ قويدى. بۇ چاي ئۈچۈن ئىدى.

ھاردۇق باسقان ئانا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سوپاخۇن شۇ چاغدىلا يېنىككىنە تىن ئالدى، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ دالانغا ماڭدى. قاشا چىتتا ئىلىپ قويغان تارتقۇنى ئېلىپ تالاغا چىقتى. «غىرس» قىلىپ دەسسەلگەن پۇتى ئىككى غېرىچ قار تەكتىگە پېتىپ كەتتى. ئاخشام ياغقان قار تاڭدا توختىغان بولسا كېرەك، تۈنۈگۈن بىر ئوبدان ئېچىلىپ قالغان چىغىر يوللار ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ھەممە يەر قېلىن قار ئاستىدا قالغانىدى. ئۆيلەرمۇ، باغباراڭ، دەل- دەرەخلەرمۇ ئاقلا كۆرۈنەتتى. ھەممە يەر ئاق يوپۇق بىلەن چۈمكەپ قويغاندەك تۇراتتى.

سوپاخۇن تارتقۇ بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى قارلارنى كۈرىدى. ئۇ يەردىن چوڭ يولغا ۋە پەستىكى ئېرىق تەرەپكە قارىتىپ ئىككى چىغىر يول ئاچتى. شەرق ئۇپۇقى سۇس قىزىرىپ تۇراتتى. تۇتۇق ھاۋادىكى قويۇق بۇلۇتلار تەكتىدىن شۇنچىلىكلا سىزىپ چىققانىدى.

— بۈگۈنمۇ كۈن يۈزىنى كۆرمىگۈدەك كىشى، — غودۇڭشىدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئاستاغىنە كەينىگە ياندى.

چاي ۋاراقلاپ كەتكەنىدى. قاچانلاردىدۇر تۇرۇۋېلىشقان ئىككى بالا ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆزلىرىچە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئۈستىدە بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. ئانا ھېلىھەم ئۇيقۇدا ئىدى.

— پەس گەپ قىلىڭلار، پەس. ئاناڭلارنى ئويغىتىۋېتىسلەر، — سوپاخۇن شۇنداق دەپ قويۇپ بوۋاققا ئېڭىشتى. ئۇ يېڭىلا ئويغانغان بولسا كېرەك، لەۋلىرىنى پۇرۇپ يىغلاشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا تائەتخان ئويغىنىپ، بالىنى يېنىغا تارتىۋېلىپ، ئېرىگە قارىدى.

— رەۋىخاننى ئەمدى قىچقارسىلا بولامدىكىن. بالىنى يۇيۇپ بەرسە.

سوپاخۇن بۇ كېچە ناھايىتى رايىش بولۇپ كەتكەنىدى. تائەتخان نېمىلا دېسە، نېمىگە ئىما قىلسا غىڭ قىلماي ئورۇنلايتتى. ئۇ يېڭىلا يەشكەن بەلبېغىنى قايتىدىن باغلاپ، رەۋىخاننىڭكىگە ماڭدى.

— ۋايىيەي، يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇغۇپ كەتكىنىنى ماۋۇ جۇۋان ئايالمىنىڭ، — دەپ كىردى رەۋىخان ئىشىكتىن، — ئاخشام تىنىپ قويغۇلۇق ئەمەسما، مۇنداق؟ تۇغۇت ئانىسىسىز قانداق يەڭگىگەنلا؟

— ئاخشامغىچە ساپساقتى، — دېدى سوپاخۇن، — ئېغىر ياتقۇدىن كېيىنلا ئاللا- تۇۋۇغا چۈشتى. كېچىدە ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق.

— ئاۋارە بولۇپ- بولماي، ناھايىتى ئارىدا بىرلا تام بارغۇ؟ تامدىنلا قىچارسىلىمۇ بولىتى.

— ھېلىمۇ باللارنىڭ دادىسى باركەن، ھەممىنى قىلىپ ئۈلگۈردى.

— تۇغۇت ئانىسى ئۆزلىرى بولۇپتىلا- ھە، ئەمىسە، — رەۋىخان سوپاخۇنغا قارىدى.

ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈشتى. باللار ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەندەك ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا قاراشتى. رەۋىخان بالىنى يۇيۇپ ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئانىسىغا ئاش ئېتىپ ئىچۈردى. يېڭى مېھماننىڭ تۇنجى ھاياتى شۇنداق



باشلاندى.

— بالىغا ئىسىم قويۇۋەتسەك بولاتتى، — دېدى تائەتخان ئۈچىنچى كۈنى، ھەمىشە «بالام»، «ھوي بالا» دەپ چاقىرىۋەرگىلى بولماس.

— مەمەتخان بولسۇن، - دېدى سوپاخۇن ئويلانمايلا.

تائەتخان ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ يەردە بالىغا ئىسىم قويۇش شۇنداق ئاسان، شۇنداق ئاددىي ئىدى. ئىسىم تالлاپ ئولتۇرمايتتى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، مەھەللىدە مەمەت، ئابدۇللا، ئابلىمىت، ئابلىكىم دېگەندەك ئوخشاش ئىسىملىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تېخى مۇھەممەت، مىمەت، غوجامەمەت، مەمەتئابدۇللا، ئەمەت، ئەخمەت...... دېگەندەك بىر ئىسىمنىڭ نەچچە خىل تەلەپپۇزدىكى تۈرلىرىمۇ تولا ئىدى. بۇنداق ئىسىملىقلار كۆپىنچە جەمەت لەقىمى ياكى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن پەرقلەندۈرۈلەتتى. مەمەتخاننىڭ ئىسمىغا كېيىنرەك «نۇر» نى قوشۇپ «نۇرمەمەتخان» دەپ ئاتاشتى. بۇ ئىككى ئاكىسىنىڭ «نۇرئەخمەت»، «نۇرئابدۇللا» دېگەن ئىسىملىرىغا ماسلاشتۇرۇلغىنى ئىدى.

تائەتخاننىڭ ئاتا- ئانىسى باشقا يۇرتتا ئىدى. خالىغان چاغدا كېلىپ- كېتەلمەيتتى. قىزىنىڭ يەڭگىگىنىدىنمۇ كېيىنرەك خەۋەر تاپقانىدى. ئانىسى كېلىپ بولغۇچە رەۋىخان قاراپ تۇردى. ئىككى تام قوشنا يېقىن ئۆتەتتى. سېنىڭ- مېنىڭ دېيىشمەيتتى، ئۆزئارا ئاش- تائام سۇنۇشۇپ، ئىش- كۈشلىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ ئۆتۈشەتتى. تائەتخاننىڭ ئانىسى كەلگەندىن كېيىنمۇ رەۋىخان تاكى قىرىقىغىچە ئۇنىڭ يېنىدا بولدى.

«بوگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا» دېگىنى راست گەپ ئىدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا رەۋىخاننىڭ كۆزى يورۇدى. ئۇنى دەل تائەتخان تۇغدۇردى. بوۋىقىنىڭ كىندىكىنى ئۆز قولى بىلەن

كەستى. ئۇ ئوماققىنە بىر قىز تۇغقانىدى. كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاش-كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزىل ئىدى. تائەتخاننىڭ بىر چاقچىقى بىلەن قىزنىڭ ئېتى جىنەستەم بولۇپ كەتتى. ئاخۇنۇم قىزنىڭ سول قۇلىقىغا شۇ ئىسمىنى توۋلىدى. «ئىنسابلىق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق قىز، ۋاپادار، دىيانەتلىك ئايال بولالا» دەپ دۇئا قىلدى.

— نېمانداق تەڭشەلمەيدىغان ئالەمدۇ بۇ دەيمەن، — دەپ كەتتى رەۋىخان بىر كۈنى، — قىز ئارزۇلىغاننىڭ ھەممىسى ئوغۇل، ئوغۇل تەمەسى بارلارنىڭ يەنە قىز.

ئۇ ئۆزى بىلەن تائەتخانغا قارىتىپ ئېيتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىنقى باللىرىمۇ قىز، بۇ قېتىمقىسىمۇ قىز ئىدى. تائەتخاننىڭ بولسا ھەممىسى ئوغۇل ئىدى.

— ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى دەيلى، رەۋىخان، — دېدى تائەتخان، — قىز بالا دېگەن ئانىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدۇ. ئاغرىپ-تارتىپ قالسىلا باش-ئاياغلىرىدا تۇرۇپ خەۋەر تاپىدۇ. بەل-پۇتلىرىنى تۇتىدۇ. باش-كۆزلىرىنى يۇيۇپ-تارايدۇ. ئوغۇلچۇ؟ ئاغزىدا «ۋاي ئانا» دېگەن بىلەن، قىز بالا قىلغاننى قىلالمايدۇ، قاملاشتۇرالمايدۇ.

— ۋاي جېنىم تائەتخان، دېمەككە شۇنداقكەن. بويىغا يېتىپ ياتلىق بولسىلا باشقىلارنىڭ قىزى بولۇپ كېتىدىغان گەپكەن. مانا سىلى بىلەن بىزمۇ شۇنداق بولمىدۇقمۇ؟

تائەتخان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ رەۋىخاننىڭ دېگەنلىرىنى تەھقىقلەپ ئۇھ تارتقىنى ياكى يەنىلا «قىزىم بولمىدى» دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ گەپلەردىن كېيىن ،سۆھبەت تېمىسى باشقا ياققا بۇرالدى.

نۇرمەمەت ساغلام چوڭ بولۇۋاتاتتى. تۆت ياشقا كىرىپ قالغانىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا بېقىپ زېھنىمۇ ئوبدانلا يېتىلىپ



قالغانىدى. قىلىقلىرى، قىلىۋاتقان گەپلىرى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. تائەتخان ھويلىسىدىكى ئاپتاپلىقتا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتاتتى. نۇرمەمەت يېڭى يېرىپ چىققان چۈجىلەرنى قوغلاپ يۈرەتتى. تائەتخان تەڭنىدىن سۇزۇۋالغان بىر كىيىمنى سىقىۋېتىپ ئۆزىنى دەڭسەپ-دەڭسەپ قالدى. نۇرمەمەت زوڭ ئولتۇرۇپ بىر چۈجىگە قول ئۇزىتىۋاتاتتى. قېرى مېكىيان چۈجىسىنى قوغداپ ھۈرپىيىۋاتاتتى. قاناتلىرىنى پاخپايتىپ پەنجە قويماقچى بولاتتى.

— ھاي بالام! — ئانا چاقىرىش بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى. ئاگغۇچە مېكىيان «پالاق» قىلىپ نۇرمەمەتكە پەنجە ئۇرۇۋەتتى. بالا تەگپۇگلۇقنى يوقىتىپ ئوگدىسىغا چۈشتى. ئانا يۆلەپ توپىلىرىنى قاقتى.

ئۇ نۇرمەمەتنى يىغلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى. مېكىياننىڭ چۈجىلىرىنى قوغدىشىغا قىزىقىپ قالغاندەك كۆز ئۈزمەي تۇراتتى.

— توخۇنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىدىكەن-ھە، ئانا؟ بالىسىنى تۇتاي دېسەم تېپىۋاتىدۇ.

ئانا كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— شۇنداق بالام، جانىۋارلارمۇ ئادەمگە ئوخشاش باللىرىغا كۆيىدۇ. باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئەمدى چۈجىلەرنى ھەرگىز قوغلىماڭ-ھە؟

— قېشىدا بىللە ئوينىساممۇ بولمامدا؟ چۈجىلەر بەك ئوماقكەن، — ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىلىپ بۇرنىنى تارتىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن سېرىق ئاسلان چىقىپ كەلدى-دە، ئۇ يەر-بۇ يەرنى تىمسىقلاپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. كەلدى - يۇ، كاۋا بارىڭى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پەستىكى كاۋا چېچەكلىرى ئۈستىدە بىرنەچچە كېپىنەك پىرىلدىشىپ يۈرەتتى. ئاسلان بىر كېپىنەكنى قوغلاپ ماڭدى. نۇرمەمەت ئارقىسىدىن چاپتى.

ئانا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نۇرمەمەت گاھ ئاسلان بىلەن، گاھ چېتەن سىرتىغا چىقىۋالغان قوزا- ئوغلاقلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتى. ئانا ئاخىرقى بىر كىيىمنى چايقاپ سىقىۋېتىپ بالىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ قالدى. يۈرىكى «گۈپ» قىلىپ ئاغزىغا كەپلەشتى. بۈگۈن مەھەللىنىڭ سۇلاغ نۆۋىتى ئىدى. ئۆي ئالدىدىكى ئېرىقتا لەبىبالەب سۇ ئېقىۋاتاتتى. «ۋاي خۇدايىم، ئويىنايمەن دەپ سۇغا چۈشۈپ......» ئانا ئاشۇ خىيالدىن چۆچۈپ، قولىدىكى كىيىمنى تەڭنىگە تاشلاپ تالاغا يۈگۈردى. ئىشىك ئالدىدا نۇرمەمەتنى سوقۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئۆڭگەن چىرايىغا لىپپىدە كۈلكە ياماشتى.

نۇرمەمەت بىر قۇچاق يۆگىمەچىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ۋاي ئوبدان بالام، نەگە كەتتىڭىز كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ؟

— قوزىلىرىمغا ئوت ئەكەلدىم.

بالا تەرلەپ كەتكەنىدى. چېكىلىرىدىن لاي ئارىلاش تەر ساقىپ تۇراتتى.

— ئوت ئېلىشنى كىم قويدى سىزگە؟ قوينىچۇ، چوڭلار باقىدۇ. دادىڭىز، مەن باقىمىز.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، نۇرمەمەت ئانىنى يەنە بىر قېتىم ھاياجانغا سالدى. ئانا ساقسىز بولۇپ قالغانىدى. يېتىپ قالغۇدەك ئېغىر ئەمەس ئىدى. تەرلەرمەنمىكىن دەپ كاشكاپ ئىچىپ پېشايۋاندا چۈمكىنىپ ياتاتتى. بايىلا ھويلا سەيناسىدا ئويناپ يۈرگەن نۇرمەمەت ياستۇق يېنىدا ئىككى تال چۆپنى تىزناپ ئولتۇراتتى. ئانا باشتا سىنەكىمىدى، كېيىن ئۇنىڭ بىرنېمىلەرنى ئۈزۈۋاتقىنىغا قاراپ زېھنىنى تىكتى. قولىدىكى مارجان شوخلىسى ئىدى. يېڭىلا چۈشكەن كۆك شوخلا دانىلىرىنى ئۈزۈۋاتاتتى. نېمە قىلىسىز بالام ئۇنى؟ قويۇڭ، كىگىزنى ئەخلەت قىلماي.



— سىزگە ئېلىپ كىردىم. كېلىڭە، پېشانىڭىزگە سۇۋاپ قوياي.

— ۋاي جېنىم قوزام، شوخلا چېپىشنى نەدىن بىلىسىز؟!

— قايسى كۈنى قىزىپ قالغىنىمدا شىپا بولىدۇ دەپ، ماڭىمۇ چېپىپ قويغانىيا؟

ئانا دەسسىدە ئۆرە بولۇپ، ئوغلىنى قۇچىقىغا تارتىۋالدى. يۈز- كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ھاياجان ياشلىرىنى تۆكتى. باغرىغا بېسىپ ئۇزاققىچە ئەركىلەتتى. نۇرمەمەتنىڭ چوڭلار ئويلاپ باقمايدىغان ئىشلىرى، چوڭلارغا خاس گەپ- سۆزلىرى كۈنسېرى كۆپىيىپ تۇراتتى. ئاشۇ قىلىق، ئاشۇ خۇيلىرى بىلەن ئاتا- ئانا قەلبىنى ھاياجانغا تولدۇراتتى. سۆيۈندۈرۈپ مېھرىنى ئۇرغۇتاتتى......

## 2

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە شامالباغقا ئالتە قېتىم ياز كېلىپ، ئالتە قېتىم قىش كەتتى. باھارلار ئىللىق، يازلار گاھى سالقىن، گاھى قايناق ئۆتتى. ئەمما، قىش ئالتىنچى قېتىمقىسىدەك قاتتىق بولمىدى. يۇرتتا، كىشىلەر تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ بىرى، سوپاخۇننىڭ ئىگىلىكىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيلىرى كونا بولسىمۇ، ھويلا- ئارامنى ئوبدانلا تۈزەشتۈرۈۋالغانىدى. ئۆي يېنىغا باغ، ھويلا ئەتراپىغا تاللىق پەيدا بولغانىدى. قوتاندىن 10—20 تۇياق قوي كەم بولمايتتى. قوش تارتىشقا ئۆكۈزى، سېغىن كالىسى، ھارۋا سۆرەشكە ئېشىكى بار ئىدى. تەڭلىك تارتقاندا قوي- ئۆچكىلەردىن بىر- ئىككىنى سېتىپ خەج- خىراج قىلالايتتى. ئىشقىلىپ، ھال- كۈنى يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى سوپاخۇنلارنى قاتتىق قارا باستى. تۈن يېرىملىشاي دەپ قالغانىدى، باللار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. سوپاخۇن خورىكىنى بولۇشىغا تارتاتتى. بىركەمدە تائەتخاننىڭ قۇلىقىغا توخۇلارنىڭ قاقاقلاشقان، ئۇلاغلارنىڭ دۈكۈرلەشكەندەك تىۋىشلىرى كىرگەندەك قىلدى. ئانا تۇيغۇن ئىدى. قاتتىق ئۇيقۇدىمۇ چاشقانلارنىڭ كىتىرلىشى، ئالىبىرسىنىڭ خورەك ئۈنىدىن ئويغىنىپ كېتەتتى. كېچىدە ئېشەكنىڭ ۋاقىتسىز ھاڭرىشى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىمۇ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قوياتتى.

ئانا بېشىنى يېرىم كۆتۈردى. كۆتۈردى يۇ، تۈگۈلۈكتىن چۈشۈۋاتقان يورۇقنى كۆرۈپ دەسسىدە ئۆرە بولدى. ئۇ ئوت يورۇقى ئىدى. گۈلخانىغا ئوخشاش ۋالىلداپ تۇراتتى.

— سوپاخۇن، ھوي سوپاخۇن!ـ ئانا چاقىرغاچ ئېرى ياتقان يوتقاننىڭ پېشىنى سىلكىدى.

— ھە، ھە...... — سوپاخۇن مەڭدىگىنىچە ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى.

— قوپسىلا، قوپسىلا! تالادا بىر ئىش بولغاندەك تۇرىدۇ.

تائەتخان شۇنداق دەپ قويۇپ كىيىنىشكە باشلىدى. سوپاخۇن كۆڭلىكىنى ئۇچىسىغا ئارتىپلا تالاغا يۈگۈردى. قوتان تەرەپ دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە قالغانىدى. گۈرۈلدىگەن ئوت گاھ ئاسمانغا، گاھ شامالغا بويسۇنۇپ تۆت ئەتراپقا تىل سوزاتتى. ئاشۇ كۆيۈشتە ھەممە نەرسىنى «ھاپ» ئەتمەكچى بولاتتى. ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— ۋاي ئاللا، ۋاي تووۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ......

سوپاخۇن ۋارقىرىغىنىچە قوتان ئالدىغا كەلدى. ئىشكمۇ ھالقا ئۇرۇپ كۆيۈۋاتاتتى. بۆسۈپ كىرگىلى بولمايتتى.ئۇنىڭ دىمىقىغا بىردە يۇڭ- چۇپۇر پۇرىقى، بىردە كاۋاپ پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. لەھزە ئۆتمەي نېمىدۇر بىرنەرسە «بوك، بوك» قىلىپ



يېرىلغاندەك بولدى. سوپاخۇن ئايلىنىپ يىقىلدى.

ۋارقىراش- چىرقىراشلارنى ئاڭلىدىمىكىن، يا ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ كېلىشتىمىكىن، تام- تامدىن قوشنىلار چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. سۇ دېسە، سۇ دەپ، چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېرىققا چېپىشتى. كىملەردۇر شاخ- شۇمبىلار، خادا- تاياقلاردىكى ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرەتتى. كىملەردۇر قول- قولدىن سۇ چاچاتتى. تام- چىتلارنى چاناپ يىقىتاتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئوت ئۆچتى. ئەمما، تۈتەپ تۇرغان، پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتقان يەرلەر يەنە بار ئىدى. ئىس چىققانلا يەرگە سۇ قۇيۇپ چىلىق- چىلىق قىلىۋېتىشتى. كالا، ئېشەكلەر چاپچىپ يىقىلغان چىتلار ئارىسىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. يول تېپىشقا ئۈلگۈرگەن بىرنەچچە قوي، ئۆچكە ئۇلاغلار يېنىدا تۇراتتى.

سوپاخۇن ئەتىسى كۈل- كۆيۈندىلەر ئاستىدىن ئىچ- قارنى چۇۋۇلۇپ كەتكەن قوي ئۆلۈكلىرىنى كولاپ چىقاردى. ئۇ كېچىدىكى گۈمۈلدەشتە قارنى ئېتىلىپ ئۆلگەن قوي- ئۆچكىلەر ئىدى. بەزىلىرى كۆيۈپ غۇژمەكلىشىپ كەتكەن، بەزىلىرى قاپقارا چۇچىلىغا ئايلانغانىدى. سوپاخۇن ئامان قالغان ئىككى قوي، ئۈچ ئۆچكىگە قاراپ، 27 تۇياق قوي-ئۆچكىسىنىڭ كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى.

بۇ روزا ھېيتقا ئىككى كۈن قالغان چاغ ئىدى. شۇ كۈنى تائەتخان بىلەن رەۋىخان سوپاخۇنلارنىڭ ھويلىسىدا ھېيتلىق نان يېقىپ، تونۇر بېشىدىن كەچ بىكار بولغانىدى. ياتار چاغقا يېقىن ئابدۇللا بىلەن نۇرئەخمەت چىراغ كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۆي- كاللارغا ھەلەپ ئەتكەنىدى. ئۇلار تونۇر ئوتىدىن ئۇچقۇندىغىنىنى ياكى چىراغدىن بىر ئىش بولغىنىنى بىلەلمىدى.

ئاشۇ قېتىمقى ئاپەت ئۇلارنىڭ بېلىنى قاتتىق پۈكۈۋەتتى. يىلىكىنى قۇرۇتۇپ، قاق سەنەم قىلىپ قويدى. سوپاخۇن ئائىلىسى

تۇرمۇش روزغارى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرى ئۈچۈن يونۇپ يەيدىغان «بانكا»سىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ شۇنداق، دېھقان ئائىلىسى ئۈچۈن مال- چارۋا، مېۋە- چېۋە، توخۇ، تۇخۇم دېگەندەكلەر بىر بانكا. ئۇ نەرسىلەر خۇددى بانكىغا قويغان پۇلدەك يۈرەكلىرىنى توم، كۆڭلىنى پۈتۈن قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «دىرى» يىتمىسىلا «ئۆسۈمى» چىقىپ تۇرىدۇ. بىرى ئىككى، ئىككىسى ئۈچ- تۆت بولۇپ كۆپىيىدۇ. ئەمدى ئاشۇ مەۋھۇم تەڭگىلەرنىڭ دىرى يىتكەن، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى.

تائەتخان توختىماي ياش تۆكەتتى. سوپاخۇن ئۇن قويۇپ يىغلىمىغىنى بىلەن، يۈرىكى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئايالىدىنمۇ بەكرەك سۇ ئىدى. ھەر تىنىقىدا، ھەر ئاھىدا ئاشۇ كۈلپەت قىيانى ئىچىدە تۇنجۇقاتتى. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھالىغا قاراپ باللارنىڭ سەبىي دىللىرىمۇ كۆيۈشەتتى.

سوپاخۇن بىردىنلا ئۈندىمەس، سۆزلىمەس بولۇپ قالدى. بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ جىم- جىملا ئىشلەيتتى. ئېسىگە كەلگەن، كۆزىگە كۆرۈنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ چىقاتتى.

— زىيان ئېزىۋەتتى بىچارە ئادەمنى، — دەپ ئويلىدى تائەتخان، — ئەلەم دەردىدە ئىلىشىپ قالمىغىدى، — ئۇ شۇنداق ئويلىدى- يۇ، ئۆز خىيالىدىن چۆچۈپ كەتتى، — خۇدايىم ساقلار، ياراتقان ئىگەم ئۇ كويلارغا سالماس بىزنى. ئۇ چاغدا......

تائەتخان خىيالىنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاشۇ خىيالنى كۆڭلىگە يولاتقىنى ئۈچۈن ياقىسىنى نەچچە قېتىم چىشلىدى. ئىچىدە توۋا - ئىستىغپار ئېيتقاچ دالانغا چىقتى. كۆيۈپ كەتكەن قوتان تەرەپتە كەتمەننىڭ گۈپۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— يەنە نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ بۇ جاھىل ئادەم؟ —



تائەتخان غۇدۇرىغان پېتى يان تەرەپكە ئۆتتى.

سوپاخۇن كۆڭلەكچان بولۇۋېلىپ، كۆيۈندىلەر تېگىدە قالغان قىغلارنى چاناپ چىقىرىۋاتاتتى.

— يائاللا، يائاللا ماۋۇ ئادەمنى، — تائەتخان قاقشىغان پېتى كېلىپ ئېرىنىڭ قولىدىكى كەتمەنگە چاڭ سالدى، — نېمە قىلغانلىرى بۇ، ئەتىيازنىڭ شەپىسى كېلە- كەلمەيلا يالڭاچلىنىۋېلىپ؟ كىيسىلە چاپاننى. سوغۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— تەرلەپ كېتىۋاتسام......

— تەرلىسىلىمۇ كىيسىلە. كەتمەننى قويۇپ، ئۆتسىلە بۇ ياققا.

— سىلى چاپاملا؟ — ئايالىغا مەستلىكى كەلگەندەك جىلمايدى سوپاخۇن.

— چاپسام چاپىتىم، — تائەتخان كاپ قىلىپ كەتمەننى ئالدى. سەل ئېڭىشىپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن چاپتى. كەتمەن دوككىدە قىلىپ كەينىگە ياندى. ئۇ ئەت قىغقا ئەمەس، ئەخلەت- پاسار قالدۇقلىرىغا تېگىپ قاڭقىپ چىققانىدى.

— مانىيا، مانا؟ — دېدى سوپاخۇن پىخىلداپ كۈلۈپ، — مېنى توسلايۇ، ئۆزلىرى قاملاشتۇرامايلا.

ئاشۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىككى ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە چىقىشى ئىدى.

— شۈكرى، خۇدايىم! — دېدى تائەتخانمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، — چىرايلىرىغا كۈلكە چىققانىنمۇ كۆرىدىكەن كىشى.

— مېنىڭ كۈلكەمنى كۆرمىگەنمىدىلە؟

— بۇرۇن كۈلۈپ يۈرەتتىلە. خۇشخۇي، خۇش چاقچاق ئىدىلە. بىر قىسمەت بىلەنلا باشقىچە بولۇۋالدىلا.

— كىمنىڭ شۇنداق بولغۇسى بار؟ — ئىختىيارسىز ئۇلۇغ — كىچىك تىندى سوپاخۇن، — باللارنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ كېيىنلىكىنى

ئويلاپ شۇنداق بولۇپ كەتتىم.
— قازاغا رىزا دەپتىكەن. سەۋر قىلىلى ئەمدى.
— شۇڭا دەيمەن، زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىساق بولمايدۇ-دە.
— تېخى كۈنلەر ئۇزۇن. ئاستا-ئاستا تولدۇرۇپ كېتەرمىز. ماڭسىلا، جىندەك ھاردۇقلىرىنى ئېلىپ چىقسىلا، — تائەتخان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتقىنىچە ئېلىپ كەتتى.

ئۈچ ئايدىن بېرى تائەتخان ئېرى بىلەن ئاشۇنداق ھەپىلىشىپ كېلەتتى. سوپاخۇن بولسا «ھە» دەپ قويۇپ بىلگىنىنى قىلاتتى. ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ تائام يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. تائەتخان كىچىك بالىغا كۆز-قۇلاق بولغاندەك ئۇنى سۆيلەپ تۇراتتى. ئاش-تائامنى ئالدىغا ئەكېلىپ يەپ تۈگەتكۈچە قاراپ ئولتۇراتتى. گاھى-گاھىدا قولىدىكى ئاللىبىر سايمانلارنى تارتىۋېلىپ چۆرۈۋېتەتتى.

— ئۇنداق قىلماي دەملىرىنى ئېلىپ ئىشلىسىلە، — دەيتتى ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، — يىقىلىپ قالسىلا مەن قانداق قىلىمەن؟
— مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا يىقىلىپ قالامتىم؟ يا بۇ قول قاپارغۇدەك ئىش بولمىسا.
— شۇنداق بولسىمۇ ئارام ئالسىلا. جان دېگەن كۈندە چېچەكلىمەيدۇ.
— جاننىڭغۇ كۈندە چېچەكلىشى يوق. ئەمما «مېنىڭ بولغىنىم بولغان، مەن ئەمدى ساقايمايمەن» دەپ تۇرۇۋەرسەكمۇ بولمايدۇ.

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈۋەردى. سوپاخۇن ھەر ھالدا شۇ يىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇسىنى ئۆڭۈشلۈك قىلىۋالدى. قىلدى-يۇ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم قەرزگە چۈشۈپ قالدى. كەنتتىن بەش مو كېۋەز تېرىش ۋەزىپىسى چۈشكەنىدى.



خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇقلار ئۈچۈن پۇل يوق ئىدى. ئاپەتتىن ئېشىپ قالغان بىرنەچچە قوي-ئۆچكىنى ساتقىلى چىدىمايتتى. سېتىۋەتسەم يىلىكىمىز پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. كۆزدە ساتقان گۆلە-قاق، ئۈزۈم پۇللىرىنى بولسا ئۆي ئوڭشاشقا ئىشلىتىۋەتكەنىدى.

ئاتىنىڭ بېشى قاتتى. ئانا قايغۇرۇشقا باشلىدى. بوغجۇملىرىنى چۇۋۇپ تويلۇق زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى.
— مۇشۇنى سات دەۋاتامدىلا؟ — گۆلەيدى ئېرى، — سوپاخۇن تىرىك تېخى. سىلىنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى ساتقۇچە قەلەندەرچىلىك قىلارمىنا كوچىغا چىقىپ.
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ كۆز قويغۇدەك باشقا نېمىمىز بولمىسا......
— ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىغا بېرىپ باقاي.

سوپاخۇن بارغانغا يارىشا 500 يۈەن قەرز ئېلىپ كەلدى. كېۋەز تېرىمىمۇ ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشتى. ئەمما، تۇرمۇشى يەنىلا غورىگىل ئۆتىۋاتاتتى. يىللاردىكىدەك بىرەر-يېرىم پاقلاننى ئېسىۋېلىپ يەيدىغان كۈنلەرمۇ توختاپ قالغانىدى. ئاتا بىلەن ئانا بىر ئامالنى قىلىپ تۇرمۇش ھارۋىسىنى سۆرەپ كەلدى. ھايات تۈگمىنى گاھ توختىۋېلىپ، گاھ ئايلىنىپ تۇردى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرمۇش ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈشۈۋاتاتتى.

سوپاخۇننىڭ ئوغۇللىرى ئارقا-ئارقىدىن چوڭ بولدى. چوڭى نۇرئەخمەت 16 گە، ئوتتۇرانچىسى نۇرئابدۇللا 14 كە، كەنجى مېھمان نۇرمەممەت 10 غا كىرىپ قالغانىدى. بالىلارغا قاراپ تائەتخاننىڭ پەخرى ئېشىپ باراتتى، سوپاخۇننىڭ يۈرىكى چوڭىيىۋاتاتتى. دەرۋەقە، سوپاخۇن ئوغۇللىرىم چوڭ بولدى، مانچە ياشقا كىردى دېگىنى بىلەن، ئائىلە يۈكىنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئۆزى بىلەن كۆيۈمچان ئايالىنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ھەممىگە

ئۆزلىرى قارىمىسا، ئۆزلىرى چاپمىسا بولمايتتى. ئۆي ئىشىدىن تارتىپ ئېتىز- ئېرىق ئىشى، قوي- كالىلارغا ئوت ئېلىش، ھەلەپ ئېتىشلەرمۇ شۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. بالىلار بولسا پەقەت شەنبە، يەكشەنبە، تەتىللەردىلا قارىشىپ بېرەلەيتتى.

سوپاخۇننى ئوغۇللىرىدىن رازى دېسە، پەقەت نۇرمەمەتكىلا غۇمى يوق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا قويلارنى باققىلى ئېلىپ كېتەتتى. قويلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئوت ئېلىپ دۆۋىلەيتتى. كەچ كىرىشكە يا دادىسى، يا ئانىسى ھارۋىنى ئاپىرىپ بېسىپ كېلەتتى. قالغان ئىككىسى بولسا كەچلىك غىزاغا ئاران- ئاران ئۈلگۈرۈپ كېلەتتى. دەرۋەقە، كەنت بىلەن يېزا مەكتىپىنىڭ ئارىلىقىمۇ خېلى بار ئىدى. بېرىپ كېلىشكە ئىككى سائەت كېتەتتى. ئاتا بىلەن ئانا بۇنى بىلەتتى. بىلگىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ياردەمدە بولالمىغانلىقىدىن ئانچە بەك ئاغرىنىپمۇ كېتىشمەيتتى.

نۇرئەخمەت ئاقپىشماق، سەل سېمىزرەك ئىدى. نۇرئابدۇللا ئۆسكىلەڭ، ئورۇق ئىدى. ئىككىسى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە قاتناپ ئوقۇيتتى. نۇرئەخمەت تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 3- يىللىقىدا، نۇرئابدۇللا 1- يىللىقىدا كېتىۋاتاتتى. نۇرمەمەت بۇغداي ئۆڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتاتتى. مەكتەپكە جىنەستە بىلەن بىللە بېرىپ، بىللە قايتاتتى. بىر- بىرىنى چاقىرماي ئىشىكتىن چىقىشمايتتى. نۇرمەمەت جىنەستىدىن بىر سىنىپ يۇقىرى بولغاچ، دەرسلىرىگە بىمالال ياردەمدە بولالايتتى. ئۇقمىغاننى چۈشەندۈرۈپ، تاپشۇرۇقلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. جىنەستىمۇ ئاكا دېسە، ئاكا دەپ،ئۇنىڭ يېنىدىن چىقمايتتى. بىللە قوي باقاتتى، بىللە ئوينايتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تائەتخان رەۋىخاننىڭ ئۆيىدە بولۇپ قالدى. ئىككى ئايال ھويلا ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان پالاس



ئۈستىدە ئۈچكە چىقىپ ئولتۇراتتى. نۇرمەمەت بىلەن جىنەستە سۇپىدا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. دۈمبىلىرىنى تامغا تىرەپ، پۇتلىرىنى سۇنۇۋالغانىدى. بىر- بىرىگە سۈۋىشىپ ئولتۇراتتى. جىنەستە سۇنۇلغان پۇتلىرى ئۈستىدىكى دەپتەرگە بىرنەرسىلەرنى يازاتتى.

— بولمىدى، بولمىدى،— دېدى نۇرمەمەت كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ يېزىقىغا «سىزىپ» قويۇپ،— كۆپەيتىشنى خاتا قىلىپ قويدۇڭ. تۆت كەررە توققۇز نەچچە؟

— يىگىرمە يەتتىمۇ؟— جىنەستە ئۇنىڭغا دېلىغۇللۇق ئىچىدە قارىدى.

— ھەي، سېنى...... 36 دېگىنە مۇنداق! — نۇرمەمەت ئۇنىڭ بۇرنىنى يېنىككىنە چىمدىدى. جىنەستە ئۇنىڭ يۈزىنى چىمدىدى، ئاندىن ئىككىسى بىر- بىرىنى غىدىقلىشىپ بىرپەسكە ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كېتىشتى. ئىككى ئانا بالىلىرىنىڭ شوخلۇق، ئىناقلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. شۇ ئەسنادا تائەتخاننىڭ كۆڭلىدىن بىر ئوي لىپپىدە ئۆتتى. ئۇ ئىككى بالىنى تازا بىر جۈپ كەلگۈدەك دېگەنلەرنى قىياسلاۋاتاتتى. لەھزە ئۆتمەي كۆڭلىدىكى ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئىككى بالا بىر- بىرىگە بەك ماس كېلىدۇ جۇمۇسىلا رەۋىخان. قارىسىلا ئۇلارنىڭ ئېجىللىقىغا؟ خۇدايىم ئۆمرىمىزنى بەرسە، قۇدا بولۇپ قالارمىز يا......

رەۋىخان سوغۇقلا كۈلۈپ قويدى. تائەتخاننىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرەر ئېغىز تەكەللۇپمۇ قىلمىدى. تائەتخاننىڭ دىلى ئېگىلگەندەك بولدى. بالىلارغا مەستلىكى كېلىپ دېگەن سۆزىگە كۆپ پۇشايمان يېدى. شۇندىن كېيىنكى سۆھبەتلەر تازا قولاشمىدى. ئېتىكىگە خىللىغان مېغىزنى رەۋىخاننىڭ لېگىنىگە تۆكۈپ بېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بالام نۇرمەمەتخان، چىقىپ تۆت تال ئوتۇن ئۇششاقلاپ بەرسىڭىز، قازان ئاسايمىكىن ئەمدى.

نۇرمەمەت تاققىدە قوپتى. رەۋىخان ئۇنىڭ قىپىداپ قالغىنىنى سەزدى بولغاي، ئالدىنى توستى.

— ۋايىيەي، سىلى ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە پايپاسلىمىساقمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئاسايلى قازاننى.

— ۋاي رەھمەت، ئۇي- كالللارغا ھەلەپ ئېتىدىغان ئىشىممۇ بار تېخى. مەن چىقاي.

«قورسىقىدا بىزنى ياراتمىدى بولغاي،— دېدى تائەتخان چىقىپ كېتىۋېتىپ،— ئاغزىمىزدا ۋاي دېيىشىپ يۈرگىنىمىز بىلەن باي- نامراتلىق پەرقىمىز بارلىقىنى ئۇنتۇپتىمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئېرى مائاشلىق ئادەم ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ ئىشلارغا نەچچە قاپاق پىششىقى بارغۇ؟ ئوغلۇم ئۆيلىگۈدەك بولسۇن. بىر يەردىن رىزقى چىقار......»

ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتتىمىكىن، تائەتخانىنىڭ بېشىدا تۇيۇقسىز «گۈلدۈر!» قىلىپ چاقماق چېقىلدى. ئارقىدىنلا بېشى قېيىپ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇ كەچ كىرگەن چاغ ئىدى. قۇياش غەربتىكى تېرەكلەر ئۈستىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. باغ قېرىملىرىنى چېپىپ چىقىپ ھېلىلا كەتمىنىنى يەردە قويغان سوپاخۇن كۈنگە قاراپ ئالدىراپ قالدى.

— نۇرمەمەت مەكتەپتىن كەلسە قويلارنى ھەيدەپ يۈرمەي، بېدىلىككە ھارۋا ئېلىپ چىقسۇن،— دېدى تائەتخانغا ۋە ئۆزى ئورغىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

سوپاخۇن بېدىلىككە ماڭغاندا، نۇرمەمەت مەكتەپ مەيدانىدا جىنەستىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەي جىنەستە سىنىپىدىن چىقتى. يولغا چىقىپلا بۈگۈن مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسى توغرىسىدىكى پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى.



جىنەستىگە نۇرمەمەتنىڭ يۈگۈرۈشتىكى ئۇچقۇرلۇقى يېقىپ كەتكەنىدى.

— شامالدەك يۈگۈرەيدىكەنسىز،— دېدى ئۇ نۇرمەمەتنى ماختاپ،— مەيدانىنى بىر ئايلىنار- ئايلانمايلا بىللە يۈگۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ قېلىشتى. يۈسۈپنى ئېشىۋالارمىكىن دېگەنتىم، ئاخىرقى نۇقتىغا يەنىلا سىز بۇرۇن كېلىۋالدىڭىز.

— ئۇ بىرنېمە چىدىماسلىق قىلىپ يۈتلىمىغان بولسا، 30 سېكۇنت بۇرۇن كېلەتتىم تېخى.

— نېمە، ئۇ يۆتىلىدىما؟

— گۈللۈكنىڭ كەينىدىكى ئەگىمىگە كەلگەندە يېنىمدا ياندىشىپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. بىرچاغدا شارت قىلىپ يۆتىنى قويىماسمۇ، تىك موللاق چۈشتۈم دەڭا.

— ئوھ، بىرەر يېرىڭىز......

— بىر تىزىم سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ھە راست، يەنە قانداق بولۇپ ئالدىغا ئۆتىۋالدىڭىز؟

— ئورنۇمدىن تۇرۇپلا يۈگۈردۈم شۇ.

— شامال دېسە بولىدىكەن سىزنى.

ئىككى قانىتىغا قاتارلاپ دېھقان ئۆيلىرى سېلىنغان بۈككىدە يولدا ئىككىسى ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يەر ئايباغ مەھەللىسىنىڭ دائىرىسى ئىدى. نۇرمەمەت ئىككى قانىتى يوغان ئېچىۋېتىلگەن بىر دەرۋازىغا قاراپ چىپپىدە توختاپ قالدى.

دەرۋازا ئىچىدە بىر موماي دوڭغىيىپ تۇراتتى. ئۇ بىر تال خادىنىڭ ئۇچىغا دەسسىۋالغان بولۇپ، ھە دەپ يۇقىرىغا قايرىيتتى. شۇ ئارىدا خادا «قارس» قىلىپ سۇندى. سۇنۇش بىلەن تەڭ موماي ئارقىچىلاپ گۈپپىدە چۈشۈپ كەتتى.

«ۋاي» دەپ قالدى نۇرمەمەت ۋە ئۇچقاندەك كىرىپ مومايىنى

يۆلەشكە باشلىدى. كەينىدىن جىنەستىمۇ كىردى. مومايىنىڭ ياغلىقى چۈشۈپ كەتكەنىدى. خېلىدىن بېرى تارغاق تەگمىگەن ئاپپاق چاچلىرى چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى. بىر تىزىنى توختىماستىن ئۇۋۇلايتتى. بايىقى ھەلەكچىلىكىدىن بولسا كېرەك، پۇتلىرى توختىماي دىرىلدەيتتى.

— بىر يەرلىرى بەك ئاغرىپ كەتتىمۇ موما؟— جىنەستە سورىغاچ ئۇنىڭ ياغلىقىنى ئارتىپ قويدى.

— ھېچقىسى يوق بالام، تولا مۈدۈرۈپ- يىقىلىپمۇ كۆنۈپ قاپتىمەن. ھەي...... قېرىلىقنىڭ ماجالسىزلىقى ئەمەسمۇ،— موماي كالتە- كالتە ئىككىنى يۆتەلدى،— ۋايىەي...... زىققە كېسىلىم بارئىدى. شۇنىڭغا شىپا بولىدىكەن دەپ، ئىككى باش چامغۇر پىشۇراي دەپتىم. ئۇششاق ئوتۇن قالماپتۇ. قۇرۇق بولغاندىكىن غاچچىدە سۇندۇراي دەپتىمەن.

— بولدى موما، ئوتۇنلىرىنى مەن ئۇششاقلاپ بېرەي.

نۇرمەمەت بايىقى خادىنى دەسسەپ- قايرىپ بىردەمدىلا ئۇششاقلاپ بولۇپ، يەنە سورىدى:

— يەنە پارچىلايدىغان بىرنەرسىلەر بارما؟ بىر يولى جىقراق قىلىپ بېرەي.

— ۋاي، ھىممىتىڭگە رەھمەت بالام، ئۇششاقلايدىغان نەرسىلەرغۇ بار ئىدى. سېنى ئاۋارە قىلىۋەرمەي ئەمدى.

— بولسىلا، ماڭا كۆرسىتىپ بەرسىلە،— نۇرمەمەت شۇنداق دېگىنىچە پالتىنى قولىغا ئالدى. موماي ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. تام تۈۋىگە بىر ھارۋىدەك شاخ- شۇمبا، ئوتۇن- ياغاچلار بېسىپ قويۇلغانىدى.

— سەن ماڭغاچ تۇرامسەن يا توختامسەن؟— نۇرمەمەت جىنەستىگە قارىدى،— مەن بىردەم ھايال بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.



— توختاپ، بىكار بولغاندا بىللە ماڭىمەن.

نۇرمەمەت بىر تال شاخنى تارتىۋېلىپ كۆتەك ئۈستىدە چاناشقا باشلىدى. موماي ئېسىپ قويغان قازىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، جىنەستىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

نۇرمەمەت مومايىنى ئۇزاقتىن بېرى بىلەتتى. ئۇ ئوتۇن پارچىلاۋېتىپ ئىختىيارسىز 2 — 3 يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى: مومايىنىڭ ھويلىغا تۇتاش كىچىكرەك بىر بېغى بار ئىدى. بىر قېتىم نۇرمەمەت 2 — 3 بالا بىلەن شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئىختىيارسىز كۆزى باغقا چۈشتى. باغ تېمىنىڭ تۈۋىدىلا شاخ- شېخىنى ئېگىپ تۇرغان قىپقىزىل توغاچلار يالتىراپ تۇراتتى. نۇرمەمەتنىڭ ئاغزىغا شۆرىدە سېرىقسۇ كەلدى. بالىلارغا ئەگىشىپ تامغا ياماشتى. سەن ئاۋۇنى، مەن ماۋۇنى دېيىشىپ، توغاچلارنى ئۈزۈشكە باشلىدى. بالىلارنىڭ بىرى توغاچقا چىقىۋالغانىدى. بىر چاغدا:

— چۈشە، چۈشە شۇملار! — 25 — 30 ياشلاردىكى بىر يىگىت باغ ئىشىكىدىن تۈۋلىغان پېتى كىرىۋاتاتتى. كەينىدە موماي بار ئىدى.

— ھاي، ھاي قۇناخۇن،— دېدى موماي توختاپ،— تۈۋلىماڭ بالام، بالىلارنى چۆچۈتىۋېتەمەك،— موماي شۇ گەپنى دەپ قويۇپ، توغاچ ئاستىغا كەلدى.

— قورقماڭلار، ئاستا چۈشۈڭلار بالام.

موماي شۇنداق دەۋاتسىمۇ، توغاچ شېخىدىكى بالا يەرگە سەكرىدى. ھودۇقۇپ كەتكەن نۇرمەمەتمۇ تامدىن باغ ئىچىگە سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىغا ئۈزگەن توغاچلارنى قولى بىلەن يوشۇرغىنىچە دىر- دىر تىترەپ تۇراتتى.

— قورقما بالام، قورقما،— دېدى موماي يېقىن كېلىپ،— دېگەن بولساڭلار ئۆزۈم قېقىپ بېرەتتىم ئەمەسما؟ قاراڭلار،

بىرمۇنچە شاخلارنى يىرتىۋېتىپسىلەر، بىكا. ئىككىنچى ئۇنداق قىلماڭلار ماقىما، بالام.

نۇرمەمەت شۇ چاغدا تولىمۇ خىجىل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوتتۇن كەسلەۋېتىپ شۇلارنى ئەسلەپ ئۆتتى. «ئوبدان موماي-دە، بۇ،— دېدى ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلاپ،— شۇ چاغدا تىللاپ قوغلىماقتا يوق، بىزنى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ ئاۋايلاپ كەتكەن......»

نۇرمەمەتنىڭ خىياللىرى تۈگىمەيلا يېنىدىن كەلگەن بىر قول كاپ قىلىپ ياقىسىدىن ئالدى. ئارقىدىنلا قاڭشىرىغا «گاچ» قىلىپ بىر مۇشت تەگدى. نۇرمەمەتنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. تۇنجى كەلگەن مۇشت بۇرنىنىڭ كۆمۈرچىكىگە تەگكەنىدى. كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى. ئۆزىنى قاپقاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئاغرىق زەربىسىدىن ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا بۇرنىدىن ساقىغان بىر ئىسسىق ئېقىم ئاغزىغا ئېقىپ كىردى. ئۇ تولىمۇ تۇزلۇق، شىلىمشىق ئىدى. تەمى بوشراق تەڭشەلگەن شاكىراپىقىمۇ، مەكتەپ ئالدىدىكى لەڭپۇڭچىنىڭ ئاچچىقسۇيىغىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ گۆلە سۇيى قوشۇۋېتىلگەن ئاچچىقسۇنىڭ لەڭپۇڭنى پات-پات يەپ تۇراتتى. بۇنى ئاز دەپ، بىرنەرسە گېلىدىن قاتتىق سىقىپ تۇراتتى. نەپىسى يېتىشمەي خىرىلدايتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇرنىنىڭ زىڭىلدىشى مېڭىسىدە قاينايتتى.

ئۇ لەھزە ئۆتمەي ئېسىنى تاپتى. بېشىنى سىلكىپ-سىلكىپ قويۇپ كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا ئۆزىدىن سەل ئېگىزرەك كەلگەن، 13 — 14 ياشلاردىكى بىرى ياقىسىدىن بوغۇپ تۇراتتى. ئۇ كەنت باشلىقىنىڭ ئەركە ئوغلى يۈسۈپ ئىدى. مەكتەپ ۋە سىرتلاردىكى ئەخلاقسىزلىقى، بەتخۇيلۇقى بىلەن ئۇنىڭغا «ئېشەك» لەقىمى سىڭىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا دائىم بىللە يۈرىدىغان



ئىككى «نۆكىرى» — قادىر بىلەن سىدىقلار بار ئىدى. سىدىق ئىشتان تاسمىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قولىغا مۇشتلاپ تۇراتتى. خىياللىرىدا كىنولاردىكى قارا گۇرۇھ كالتەكچىلىرىنى دورىغىنى ئىدى. باشلانغۇچنىڭ 5- يىللىقىدا كېتىۋاتقان بۇ بالىلارنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ باياشات تۇرمۇشى، كەنت پۇقرالىرى ئالدىدىكى ئىمتىيازى بۇزغانىدى. ئۇلار بۇنى ھېس قىلمايتتى.

— يەنە سەن ئىكەنسەن-ھە، ئېشەك،— دېدى نۇرمەمەت ئىچىدە،— يەنە نېمە دەپ كەلگەنسەن؟ تايىنلىق، بۈگۈنكى «چېمپىيون»لۇقنىڭ ئەلىمىغۇ بۇ.

شۇنداق، ئۇلار بۈگۈنكى مۇسابىقىنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش تۈرىدە ئۇرۇشۇپ قالغانىدى. سىنىپ-سىنىپلاردىن تاللانغان ماھىرلار 1000 مېتىرلىق مۇساپىنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. نۇرمەمەت خېلىلا ئالدىدا ئىدى. ئۈچ مېتىرچە كەينىدە بىرى ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئارىلىرى بارغانسېرى قىسقىرىپ كېلەتتى. كۆپ ئۆتمەي نۇرمەمەتكە يانداشتى. ئۇ يۈسۈپ ئىدى.

ئىككىسى يانمۇيان چېپىپ كېتىۋاتاتتى. بىر-بىرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولاتتى. لەھزە ئىچىدە نۇرمەمەت يەرگە گۈپپىدە چۈشتى. ئۇنى يۈسۈپ پۇتلىۋەتكەنىدى. نۇرمەمەت ئۆمىلەپ تۇرۇپ يەنە يۈگۈردى. ئىككى تىزى كۆيۈشكەندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇ بولسا چىشىنى چىشلەپ بار كۈچى بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. ئاخىرقى نۇقتىغا نەچچە قەدەم قالغاندا نۇرمەمەت يۈسۈپنىڭ يېنىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۆكسىگە ئىلىنىپ قالغان قىزىل لېنتىنى لەپىلدىتىپ توختىدى، كەينىدىن يۈسۈپ كەلدى.

بايا نۇرمەمەتنىڭ كۆڭۈل پىنھانىغا بىر تال غەزەپ بومبىسى كۆمۈلگەنىدى. يۈسۈپ كېلىپ توختىشىغىلا بومبا «گۇم!» قىلىپ يېرىلدى. ساماۋى تۈتەكلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن بىر مۇشت يۈسۈپنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. نۇرمەمەت تۈپلەپ

دەسسمەكچى ئىدى، كىمدۇر«كاپ» قىلىپ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ ئاخىرقى نۇقتىنىڭ نازارەتچىسى ئىدى. جېدەل ئۇستىگە بىرنەچچە بالا يېتىپ كەلدى.

— ئۇ نۇرمەمەتنى پۇتلىغان، — دېدى بىرسى.

— بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، — دېدى ئىككىنچىسى. مۇئەللىملەر بالىلارنى تارقىتىۋېتىپ، ئىككىسىنى ئېلىپ كەتتى......

— ھە، قەلەندەرنىڭ بالىسى. يوغانلىقىڭنى ئەمدى قىلە! — يۈسۈپ ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ مۇشتىنى چىنەپ تۇراتتى.

— تۇفى! — دېدى نۇرمەمەت جاۋاب ئورنىغا ئاغزىدىكى ئاچچىق شاكىراپىنى يۈسۈپنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ.

يۈسۈپ بۇنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك، دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. يۈز- كۆزى نۇرمەمەتنىڭ ئاغزىغا تولغان قان ئارىلاش شال بىلەن بويالغانىدى. ئۇ يۈزىگە پۇرقۇلغان تۈكۈرۈكتىن تېخى ئېسىنى يىغىپ بولالمىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە زاڭقىغا بىر مۇشت تەگدى. مۇشت ئاستىدىن ئېتىلغانىدى. يۈسۈپ غاچ قىلىپ تىلىنى چىشلىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭمۇ ئىككى جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ چىقىشقا باشلىدى.

— ئۇر، ئۇرۇڭلار!...... — دېيەلىدى يۈسۈپ ئارانلا.

ئۇ بۇيرۇق بېرىشتىن ئاۋاللا سىدىق قولىغا بىر تال ئوتۇننى ئېلىۋالغانىدى. يۈسۈپنىڭ «ئۇرۇڭلار» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭلا نۇرمەمەتنىڭ دولىسىغا بىرنى سالدى. «ۋاي» دېگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئارقىدىنلا قادىر تاسما بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. ئىككى قاتلاپ تۈتۈۋېلىنغان ئەۋرىشىم تاسما تاش- بوران بولۇپ ياغاتتى. نۇرمەمەت تېگىرقاپ قالدى. ئەمدى ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ئەمەس، ئۆزىنى قوغداشقىمۇ يېتىشەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئىككى قولىنى قالقان قىلىپ بېشىنى توسۇۋالغانىدى، ئەمما تاسمىنىڭ رەھىمسىز



تىلى قوللىرىنىمۇ كاردىن چىقاردى.

شۇ ئەسنادا گەجگىسىگە بىر تېپىك تەگدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ ئىدى. نۇرمەمەت ئالدىغا موككىدە چۈشتى. ئۈستىگە قالايمىقان تاياق، تېپىك- دەسسەك چۈشۈپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي دۈمبىسى تىلىم- تىلىم بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ھېچقانداق ئاغرىقنى سەزمەيتتى. دەل شۇ چاغدا جېدەل يېنىدىكى دەرۋازىدىن بىر موماي چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر قاچىدا تاماق كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇنى نۇرمەمەتكە ئېلىپ چىققانىدى. موماي ئەھۋالنى كۆرۈپلا مەڭدەپ قالدى. ھودۇققىنىدىن قولىدىكى قاچا چۈشۈپ كەتتى. ئالدىغا بىر، كەينىگە بىر چامداپ، بېشىنى تۇتقىنىچە ۋارقىراشقا باشلىدى. جىنەستە سۇنايلىنىپ ياتقان نۇرمەمەتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— ۋاي ئاللا، ۋاي توۋا، ئادەم بارمۇ! تېز كېلىڭلار، ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى!

موماي ئوڭ- تەتۈر چۆرگۈلەشتە نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇ ئۆمىلەپ تۇرۇۋاتقاندا بىرنەچچەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كەلگەن يەردىن مومايىنى يۆلەشكە كىرىشتى. موماي ئۇلارنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ ھە دەپ ئارقا تەرەپنى كۆرسىتەتتى، بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولاتتى.

— نېمە ئىش بولدى، نېمىگە ھودۇقىلا؟! — سورىدى بىرسى.

موماي گاس ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمايتتى. ھە دەپ ئارقىسىنى كۆرسىتەتتى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن ئۇ ئىما قىلغان تەرەپكە قاراپلا دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى. بىر بالا چالا ئەتكەن كۆمۈر لېيى ئالدىدا توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

— بۇ، بۇ..... ناھايىتى ياۋاش بالا ئىدى، — دېدى موماي كەينىدىن كېلىپ، — خېلى بولغان كادىرلار ئەكېلىپ بەرگەن ماۋۇ

ئوتتۇنلارنىڭ تۇرغىنىغا. ماۋۇ بالام ئۇلارنى ئۇششاقلىدى. بىر خالتا كۆمۈر كۇكۇنى بار ئىدى، شۇنى لاي ئېتىشۋاتقان. نان چىلاپ چىقسام ئۈچ ناكەس قارىقويۇق دۇمبالىغىلى تۇرۇپتۇ،— ئۇ يېنىغا قاراپ داۋام قىلدى،— بۇ پېسەندىلەر بىردەمدە يوق دېسە......

كەلگەنلەر ئولاش- چولاش نۇرمەمەتنى يۆلىدى. ئۇ ھېلىھەم ھوشسىز ئىدى. يۈزلىرىگە سۇ پۈركۈپ، بىر يەرلىرىگە شاپىلاقلاپ دېگەندەك سەزگۈلىرىنى ئويغىتىشتى. يۈز- كۆزىنى يۇيۇپ قان، لايلارنى ئادالىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئولتۇرغۇدەكمۇ ماجالى يوق ئىدى.

— ۋاي ئاپپاق بالام،— دەيتتى موماي تىترەڭگۈ بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ،— شۇنداقمۇ ئۇرۇۋېتەمدۇ سىزنى. ئاتا- ئانىسىغا نېمىمۇ دەرمەن ئەمدى.

— ئايلىخان ئاچا، كىملىرى بولىدۇ بۇ بالا؟— سورىدى بىرسى مومايىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە يېقىن كېلىپ.

— بۇ، بۇغۇ مېنىڭ ھېچكىمىم ئەمەس. ماڭا كۆيۈنۈپ ئىشلىرىمنى قىلىپ بېرىدىغان ئوغلۇمدەكلا بالا ئىدى.

شۇنداق، ئۇ مومايىنىڭ تۇغقىنى ئەمەس. 10— 20 يىلنىڭ ئالدىدا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان مۆمىن ئاخۇنىنىڭ نەۋرىسى، سوپاخۇنىنىڭ ئوغلى ئىدى. مەكتىپىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

— تۇغقانلارنىڭ بالىسكەن- ھە؟— دېدى مومايىدىن گەپ سورىغۇچى يەنە.

— ياق، ھېلىقى...... بۇرۇنقى قوشنىمىزنىڭ ئوغلى سوپاخۇنىنىڭ بالىسى بولىدۇ بۇ.

— ۋايىەي......- دېدى بىرەيلەن،— نېمانچە مۇرەككەپ گەپلەر بۇ؟ دۆڭ مەھەللىگە كۆچۈپ كەتكەن سوپاخۇنىنىڭ بالىسى ئوخشايدۇ. بىرىڭلار خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، بېرىپ.

— بالىنىڭ ھالى بوش، ئۆيىگىلا ئاپىرىپ قويىلى......

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقىنىدا سوپاخۇن بىر ئېتىز



يەرنىڭ بېدىسىنى ئورۇپ بولۇپ باغلاۋاتاتتى. كۆن پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ، بۇ يېتىم،— سوپاخۇن پات- پات قىرغا چىقىپ يولغا قارايتتى. نۇرمەمەتنىڭ ھارۋا ئېلىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. قۇياشنىڭ يېرىمى ئۇپۇق قېتىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۈستى گىرۋىكى يالقۇن ئىچىدىكى مىس تاۋاق پارچىسىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. سوپاخۇن بېشىنى «كىرت- كىرت» قىلىپ قاشلاپ قويدى. قولىدىكى باغلىقنى ئېشىپ- ئېشىپ ئاخىرقى بىر باغلام بېدىنى باغلاشقا ئېڭىشتى. باغلاپ بولۇپ يەنە قىر تۆپىسىگە چىقىپ تۇراتتى. ئابدۇللا كۆرۈندى. ئۇ 15— 20 قەدەمچە نېرىدا ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ كېلىۋاتاتتى.

«ھارۋىنى ئالغاچ كەلمەي......» دەپ ئويلىدى سوپاخۇن.

ئارقىدىنلا كۆڭلىگە بىر ئىزتىراپ سايە سالدى. ئىككى چامداپ نۇرئابدۇللانىڭ ئالدىغا باردى.

— بول...... بولۇڭ دادا،— دېدى نۇرئابدۇللا دادىسى ئېغىز ئاچقۇچە.

— نېمە ئىش بولدى، نېمىگە ھودۇقۇپ كەتتىڭ؟!

— ئۇكام...... نۇرمەمەت بولالماي قالدى.

سوپاخۇن بۆكىنى قولغا ئالغان پېتى قاشتىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن نۇر ئابدۇللا چاپتى. سوپاخۇن تېخى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئۆيىدە قانداقتۇر بىر ئىش چىققانلىقىنى تەخمىنلەپ بولغانىدى. شۇڭا، نۇرئابدۇللادىن گەپ كوچىلاپ تۇرماي كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە نۇرئەخمەت بىر پالتىنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى، ئارقىدىن ئورۇق، ئېگىز بوي بىرەيلەن قوغلاپ چىقتى. ئۇ يان قوشنىسى ساۋۇت مۇئەللىم - رەۋىخانىنىڭ ئېرى ئىدى. مۇئەللىم ئىككى تاقلاپ كېلىپ نۇرئەخمەتنىڭ

گەجگىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى.

— بۇ پېسەندە نېمە ئىش تېرىغاندۇ ئۆيدە؟ نۇرمەمەتنى بىرنېمە قىلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟— سوپاخۇن قەھرى بىلەن بۆسۇپ كىردى. خىيالىدا نۇرئەخمەتنى ئۇرۇپ چەيلىۋېتىدىغاندەك ئىدى. ئەمما، يول بويى توختىماي يۈگۈرۈپ كەلگەچكە، دېمى كېسىلىپ قالغانىدى. ھاسىراپ، خىرقىراپ ئىككى پۈك بولۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى چىقتى.

— ئاچچىقىڭغا هاي بەر، بالام. ئىش دېگەننى گەپ- سۆز بىلەن ھەل قىلغۇلۇق.

— مېنى، مېنى قويۇۋەتسىلە،— دەيتتى نۇرئەخمەت ۋارقىراپ،— ئوغرى تازنىڭ بالىسىنى چانىۋېتىمەن. ئۇكامنىڭ ئەنتىنى ئالىمەن!

سوپاخۇن سەل پەسكويغا چۈشۈپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بولۇشتى- ھە!؟

— غازەك تازنىڭ ھارامزادىسى نۇرمەممەتنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ،— دېدى نۇرئەخمەت،— ئۇنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس! — ئۇ يۇلقۇنۇپ چىقىپ مېڭىۋىدى، دادىسى توستى.

— ئالدىرىما، ئالدىرىما بالام. ئىشنىڭ تېگىنى مەن بىر ئۇقاي. قايسى غازەك تازكەن ئۇ؟

— كەنت باشلىقى غازاخۇننى، ھە، ھېلىقى غازى ئېلىنى دەيدۇ،— جاۋاب بەردى ساۋۇت مۇئەللىم،— ھە بولدى، بالىنىڭ قېشىغا كىرەيلى.

ھەممەيلەن ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدە ئايىغىدىن كەلگەن ئىككىيلەنمۇ بار ئىدى. نۇرمەمەت تۆشەك ئىچىدە كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى. پېشانىسى تېڭىقلىق ئىدى. بېشىدا تائەتخان يىغلاپ ئولتۇراتتى. رەۋىخان تەسەللى بېرىۋاتاتتى. جىنەستە لەۋلىرىنى



چىشلىگىنىچە كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇراتتى.

— نېمە بوپتىكەن؟— سورىدى سوپاخۇن يەنە،— شۇنچە ئۇرغۇدەك نېمە قىپتىكەن بۇ؟

— بىلمىدۇق. ئۇرۇپتۇ، ئۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ،— تائەتخان جاۋاب بېرىۋېتىپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. يىغىدىن ئۆزگە چارە يوقتەك ئاھ ئۇراتتى، ئۇرغۇچىلارنى قارغايتتى.

سوپاخۇن سۇپا لېۋىگە كېلىپ نۇرمەمەتنىڭ تېڭىلغان بېشىنى تۇتتى. كۆزى ئۇنىڭ ماكچايغان بۇرنى، پۇلتىيىپ چىققان قاپاقلىرىغا چۈشكەندە چىشلىرى «گىرىچ- گىرىچ» قىلىپ قالدى. بېلىنى دەسسىدە رۇسلاپ بولۇپ، نېمىگىدۇر تۇرۇپ قالدى.

— ھە راست،— دېدى ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەردىن بىرى شۇ ئارىدا،— بالىنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېتىلى. چاپلىشىپ قالسا ئاجراتماق تەس بولىدۇ. ھەممە دەردى دۈمبىسىدە ئۇنىڭ.

ئىككى ئەر نۇرمەمەتنى ئاۋايلاپقىنە ئۆرە قىلدى. ئۇنىڭ بىر يېرى ئاغرىپ كەتتى بولغاي، ئېچىنىشلىق ئىڭرىۋەتتى. ئىڭرىدى- يۇ، ئاتا- ئانىسىنى يۈرەكزادە قىلىۋەتمەي دەپ چىشىنى چىشىغا قويدى. بەدەنلىرى ئوت ياققاندەك كۆيۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى خوتۇن ئولاش- چولاش كۆڭلىكىنى سالدۇرۇشتى. بار ئەزاسى قان ئىچىدە ئىدى. تېرىسى شىلىۋېلىنغان گۆشكە ئوخشاپ قالغانىدى. سوپاخۇننىڭ يۈرىكى ۋاژ قىلىپ قالدى. تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن ئۇچىسىنى يېنىك- يېنىك سىلىدى. كۆزىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش نۇرمەمەتنىڭ بىلىكىدە توختاپ قالدى. شۇ ئارىدا تائەتخان دېمىنى ئىچىگە بىر تارتىپلا ھوشىدىن كەتتى. چوڭ ئوغۇللار ئانىسى ئۈستىگە تاشلاندى. ئۆي بىردەملىككە ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى.

— مانا كۆرگەنسىز دادا! — تەئەددى قىلدى بايىدىن بېرى جىم تۇرغان نۇرئابدۇللا،— بىزمۇ بېرىپ كۆزىگە كۆرسىتىپ

قويلى. تاياقنىڭ تەمنى ئۇمۇ تېتىپ باقسۇن.

نۇرئەخمەت دەسسىدە تۇرۇۋېدى، سوپاخۇن دولىسىدىن باستى.

— توختاڭلار باللىرىم، قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ . تاڭ ئاتسۇن، ئەتە بىر گەپ بولار.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، بىر سىقىم پاختىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ نۇرمەمەتنىڭ يارىلىرىغا باستى. سىرتتىن كەلگەنلەر بىر- بىرلەپ تارقاشتى. جىنەستىنىڭ چىقىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. كەينىگە قارىغىنىچە يېنىپ چىقتى.

ۋاقىت ئاللىقاچان خۇپتەندىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن ئېڭەكلىرىنى يۆلىگىنىچە نۇرمەمەتكە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ھېچكىم كەچكى غىزا يېمىگىنىنى ئېسىگە ئېلىشمايتتى. قورساقلىرى ئاچقىنىنىمۇ تۇيمايتتى. يېڭىلا ھوشىغا كەلگەن ئانا قازىنىنى ئېسىگە ئېلىپ ئورنىدىن تاققىدە تۇردى. ئۇنىڭ كەچكى تاماق ئۈچۈن يېيىپ، نوغۇچقا تۈرۈپ قويغان چۆپىنىڭ خېمىرى تاختا ئۈستىدىلا قالغانىدى. قازىنى قايناپ تېشىپ، ئوچاق ئوتىمۇ ئاللىبۇرۇن ئۆچكەنىدى. ئانا قايتىدىن ئوت قالاپ تاماقنى پىشۇردى. ئەمما، بۇ ئاخشامقى تائام كۈندىكىدەك ئىشتىھا بىلەن يېيىلمىدى. ھەممەيلەن گويا باشلىرىدا ئېغىر مۇسىبەت زەخمىتى باردەك، جىم - جىملا ئولتۇرۇپ يەيتتى.

نۇرمەمەت شۇ كېچىسى ئوتتەك قىزىپ كەتتى. قىزىتمىسى قولنى كۆيدۈرەتتى. تائەتخان نەدىندۇر بىر تۈپ ھۆل شوخلا تېپىپ كېلىپ پېشانىسىگە چاپتى. ئۇ گاھ ئىڭراپ، گاھ ئۇيان- بۇيان قېيمىرلاپ ياتاتتى. قىزىتمىسى ئۆرلىگەنچە «تۇڭگۇۋاتىمەن، ھىمراق يۆگەڭلار» دەيتتى. شۇ كېچە چىراغ ئۆچمىدى. ھېچكىممۇ ئۇخلىمىدى. سېلىپ بەرگەن تۆشەك ئۈستىگە يۈكۈنگىنىچە نۇرمەمەتكە قاراپ تاڭ ئاتقۇزدى.



ئەتىگەن سوپاخۇن ھارۋىنى قېتىپ دوختۇرخانىغا تەييارلىنىپ تۇراتتى، ئىشىكتىن بىرنەچچەيلەن كىرىپ كېلىشتى. ئالدىدا كىرگىنى نۇرمەمەتنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. كەينىدىن كىرگەنلەر يېقىن- يىراقتىكى تونۇش- بىلىشلەر ئىدى. ئارىسىدا كەنت باشلىقىمۇ بار ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ سوپاخۇننىڭ ئاچچىق ئەسەبلىرى غۇژژىدە قوزغالدى. ھارۋىنى قويۇپ، تۆت ئېغىز گەپ قىلىۋالغۇسى كەلدى. ھويلىدا باشقا مېھمانلارمۇ بولغاچ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن تەگەشكەنىنىڭ، جېدەلنى ئاتا- ئانىلار ئارىسىغا كېڭەيتكەنىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ ئاچچىقىنى يۇتۇپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— نەرىڭ ئاغرىيدۇ بالام؟— سورىدى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

— ھەم...... ھەممە يېرىم.... ..

— كىملەر ئۇردى، نېمە بولۇپ ئۇردى؟— ئەھۋالدىن ئاخشاملا خەۋەر تېپىپ بولغان مەكتەپ مۇدىرى كەنت باشلىقىنى ئاڭلىسۇن دەپ قەستەن سوراۋاتاتتى.

— يۈسۈپ، سىدىق، قادىرلار بىرلىشىپ ئۇردى. يۈسۈپ باشلاپ كەپتىكەن،— قوشۇپ قويدى نۇرمەمەت.

— يەنە شۇ قۇلاق كەستىلەركەن-دە! — دېدى سىنىپ مۇدىرى زەردى بىلەن،— ئەمدى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىدىغان يەرگە يەتتى.

غازى ئېلىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەسكىلىشىپ كەتكىنىنى بىلەتتى. گاھ مۇئەللىملەر، گاھ ئاتا- ئانىلار ئىككى كۈندە بىر قېتىم دەۋا قىلىپ تۇراتتى. ئۇ «مەن نەسىھەت قىلاي» دەيتتى- يۇ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بولسا، «قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك ئۇششاق باللىنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ كەلگەن. ھەقاچان ئۆزلىرىنى قاتتىق- قاتتىق باشقۇرۇۋاتقىنىمغا

چىداشماي ئىش تېپىپ كەلگىنىڭغۇ ئۇلارنىڭ......» دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغلىغا ئامراقلىق قىلىپ قاتتىقراق تەربىيە قىلمايتتى. ئۇنىڭ شايكا تارتىپ لۈكچەكلىك قىلىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ كارى بولماي كېلىۋاتاتتى.

— بۇ پېسلەر پۇتۇمغا پايتىما يۆگىگىلى قوپتى بولغاي؟- دەپ قالدى ئۇ ئىچىدە،- تەرەتنى كولىسا سېسىقى چىقماي قالمايدۇ. ناھايىتى كەلسە بەش- ئون كۈن سولاپمۇ قويار. لېكىن، ئۆسىدىغان ئىشىمغا كاشىلىسى يەتمىگىدى......

كەنتتە: «غازاخۇننى دۆلەت كادىرى قىلغۇدەك، پات ئارىدا ئىشتات بېرىپ يېزىغا ئۆستۈرۈپ كېتەرمىش» دېگەن پاراڭلار پەيدا بولۇپ قالغانىدى. كەنت باشلىقىنىڭ بايىقى ئەنسىرىشى مۇشۇ ئىشتىن ئىدى. ئۇ تاقلا ئالدىغا ئۆتۈپ نۇرمەمەتنىڭ بېشىغا كەلدى. كۆتۈرۈۋالغان قانداقتۇر بىر تۈگۈچنى ياستۇق بېشىغا ئاستاغىنە قويۇپ پەسكە ئېڭىشتى:

— خاپا بولماڭ، ئوبدان بالام. يۈسۈپ دېگەن ئالىقانات ياخشى قىلماپتۇ. ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۇنتۇمىغۇدەك بېرىپ قويىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ناماقۇل بولاي،— غازاخۇن تاققىدە كەينىگە يېنىپ سوپاخۇننىڭ قېشىغا كەلدى.« كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ داۋام قىلدى،— ئۆزلىرىمۇ رەنجىشمىسىلە. ئۆتكۈلۈك بىزنىڭ بالىدىن ئۆتۈپتۇ. نۇرمەمەتخاننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارايلى. قانچىلىك چىقىم كەتسە، مانا مەن بار.

— سىلىنىڭ پۇللىرى شۇنچىۋالا يوغانما؟— لوقما سالدى نۇرئابدۇللا،— ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ داۋالاتسىلا ئىش تۈگەمدىكەن؟

— ھاي، ھاي،— دېدى بىرەيلەن،— چوڭلار سۆزلىشىۋاتقاندىكىن، سىز جىم تۇرۇڭ، بالام.

— سىلى كەنتنىڭ كاتتىسى بولغاندىكىن،— دېدى سىنىپ مۇدىرى گەپ ئېلىپ،— ئۆيدىكى بالا- چاقىلارنىمۇ ئوبدانراق



باشقۇرۇپ قويسىلا. ھە دېسە باشقىلارغا، مەكتەپكە ئىش تېپىپ بەرمىسۇن.

— شۇنداق قىلىمەن، تازا شۇنداق قىلىمەن.

كىرگەنلەر ئاغرىقتىن بىردەم ئەھۋال سورىشىپ قوزغىلىشتى. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن مۇئەللىم قىمىرلىماي ئولتۇراتتى. ئۇلارغا قاراپ كەنت باشلىقىمۇ تۇرۇپ قالدى. مەكتەپتىكىلەر دوختۇرخانىغا بىللە چىقىشقا قالغانىدى. غازاخۇنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىقتى.

سوپاخۇنلارمۇ، كەنت باشلىقىمۇ دەككە- دۈككىدە يۈرەتتى. بالىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قالمىغىدى دەپ ئەنسىرىشەتتى. نۇرمەمەت ھەر ھالدا تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئىچ ئەزالىرى ۋە يا ئۇستىخىنى زەخىم يېمىگەنىدى. بەدەن سىرتىدىكى يارىلار ئاستا- ئاستا ساقىيىپ كەتتى. ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ 25 كۈندە ياتاقتىن چىقتى.



# ئىككىنچى باب

# تۇرمۇش تۈگمىنى

## 1

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. نۇرمەمەت باشلانغۇچنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرا مەكتەپكە يول ئالدى. بۇ چاغدا نۇرئەخمەت تولۇقسىزنى تۈگىتىپ، تولۇققا كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. نۇرئابدۇللانىڭ يەنە ئىككى يىلى بار ئىدى.

— نۇرئەخمەت بىلەن نۇرئابدۇللانى ئەمدى ئوقۇتمايمەن، — دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى سوپاخۇن، — ئېتىز- ئېرىق ئىشىغا كەلگەندە بەك يالغۇزسىراپ قالدىم. ماڭا قول- قانات بولسۇن ئەمدى.

— تولۇق ئوتتۇرىغا ئەمدىلا چىققان تۇرسا، — دېدى تائەتخان، — ئاخىرغىچە ئوقۇۋالسۇن ئەمدى.

— يەنە ئوقۇمدا؟ — سوپاخۇن تېرىكىۋاتقاندەك قىلاتتى، — شۇنچىۋالا يەرنىڭ ئىشى بىزنىڭ بويىنىمىزغىلا چىگىلىپتىكەنما؟ ھېلىمۇ مەن بىر ئادەم قىمىرلاپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم.

— ھېچ بولمىسا تولۇققىچە ئوقۇتايلى.

— سىلى بىلەن مېنىڭ يىلىكىمىز قۇرۇپ تۈگىگۈچە ئوقۇمدا؟

— رەنجىۋەرمىسىلىچۇ، ناھايىتى شۇ تېرىم- يىغىم ۋاقتىدا سەل قىيىنىلىمىز. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.



سوپاخۇن ئايالىنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ يەنە سۆزلىگۈسى يوق ئىدى. قاتتىق- يىرىك تېگىپ كېتىپ ئايالىنى رەنجىتىپ قويماي دەپ جىم بولغانىدى. تائەتخان: «ئۇنداق دېگىنى بىلەن ئاچچىقى يېنىپ قالىدۇ، باللار ئوقۇۋېرىدۇ» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، سوپاخۇن دېگىنىنى قىلدى. نۇرئەخمەتنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالدى.

ئۇنىڭمۇ تازا ئوقۇغۇسى يوق ئىدى. لەۋ يېرىپ بىر نېمە دېمىگىنى بىلەن، ئوقۇشتىن چىقىۋېلىشقا باھانە ئىزدەپ يۈرەتتى. ئاتا- ئانىسىنىڭ جاپادا قېلىۋاتقىنىنى دەپ ئەمەس، زېھنىنىڭ ناچارلىقى، دەرسلەردە ئارقىدا قېلىپ، ھە دېسە لەت ئاڭلاۋاتقانلىقىدىن ئىدى. دەرس ۋاقتىدا كىتىرلاپ جىم ئولتۇرمايتتى. خاتىرە يازمايتتى. تەكرارغا مەيلى يوق ئىدى. دەرس سورىسا يەر بېقىپ تۇراتتى. ئىمتىھان- سىناقلاردا 30—40 تىن يۇقىرى نومۇر ئالالمايتتى. ئۇنى ئاز دەپ، جېدەلخور ئىدى. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن باللار بىلەن ياقىلىشىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتى يوق ئىدى. قىزلار قاچاتتى. ئوغۇللار قېتىغا ئالمايتتى. بۇنى ئۆيدىكىلەر بىلمەيتتى.

ئىشنىڭ بۇ تەرىپىدىن خەۋەرسىز ئانا: «ئوغۇللىرىم راۋرۇس چوڭ بولدى. ئوقۇۋاتىدۇ. يەنە ئوقۇيدۇ. ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇيدۇ» دەپ كېلەتتى. شۇ ۋەجىدىن، نۇرئەخمەتنىڭ چىقىرىۋېلىنغىنىغا ئىچىدە غۇدۇراپ يۈرەتتى.

شۇ يىلى سوپاخۇننىڭ زىرائەتلىرى پەقەت ئوخشىماي قويدى. ئۇنىڭلا ئەمەس، كەنتتىكى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن بۇ يىلقى قۇرغاقچىلىقتىن زارلايتتى. دان تۈتا- تۈتمايلا قۇرۇپ كېتىۋاتقان زىرائەتلەرگە قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. ئاللاھتىن يامغۇر تىلىشەتتى. ھەر يىلى

شاۋقۇنلاپ ئاقىدىغان دەريانىڭ تاشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ياغ ئورنىدا قىسىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۇنىڭ نۆۋىتى تولىمۇ ئۇزاقتا كېلەتتى. نۆۋەت كەلگۈچە ئېتىزلار قۇرۇق چۆپلۈككە ئايلىنىپ بولاتتى. باغباراڭلار، يول بويىدىكى دەل- دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئەلنى قۇرغاقچىلىق دەردىسەر قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئۆستەڭلەر چېپىلغانسېرى، سۇ يوللىرى راۋانلاشقانسېرى، بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ سۇ قىسىنچىلىقى شۇنچە ئېغىر بولۇۋاتاتتى.

دەرۋەقە، بۇ يۇرتنىڭ ئېتىكىدىن پەسىللىك بولسىمۇ بىر دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ياز كۈنىدىكى شاۋقۇنى يۈرەكلەرنى تىترىتىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ ھەيۋەتلىك دەريانىڭ «يۈگىنى» ناھايىتى چىڭ ئىدى. زاكۇ- ئىچقىلىرى مەھكەم ئىدى. ھەر ئىچىق، ھەر چۈشۈرگە ئېغىزىدا ئولتۇراقلىشىپ خەۋەر تاپىدىغان ئادىمى بار ئىدى. ئۇنى ناھىيەدە سۇ ئىدارىسى، يېزىلاردا سۇ پونكىتلىرى باشقۇراتتى. ھەر يېزا، ھەر كەنتنىڭ رەتكە سېلىپ قويۇلغان نۆۋىتى بار ئىدى. نۆۋەت كەلمەي بىر تامچە سۇنى ئاچقىلى بولمايتتى.

شامالباغ يېزىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى شامالباغ كەنتى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئىدى. دەريا كېچە- كۈندۈز ئېقىپ تۇراتتى. ئاخىرى نەچچە يېزا تۆۋىنىدىكى ئامبارغا قۇيۇلاتتى. سۇنىڭ بويىدا بولغىنى بىلەن، خالىغانچە سۇ ئېچىپ كېلەلمەيتتى. كۈزدە كۆپرەك يەرلىرىگە توك ياتقۇزۇپ ئالالىسا بىر گەپ. بولمىسا، ئاق سۇ يېتىپ كەلمىگۈچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا چۈشەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار سۇ ئامبىرىنىڭمۇ باش تەرىپىگە جايلىشىپ قالغاچقا، ئامبار سۈيىدىن ئىچىش ئەپسىز ئىدى. باشقا يېزىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئامبارنىڭ تۆۋىنىدە ئىدى. دەريادا سۇ ئاقسۇن- توختىسۇن، ئالىدىغان سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالمايتتى.



دېھقانلارنى قاقشىتىۋاتقىنى سۇلا ئەمەس ئىدى. ئۇلار نامراتلىققا قاراپ يۈز تۇتقانسېرى چىقىمى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. كەنتتىن گاھ نوپۇس بېشىغا، گاھ يەر- باغباراڭلار كۆلىمىگە قاراپ تۈرلۈك نامدىكى سېلىقلار چېچىلىپ تۇراتتى. ئېتىز- ئېرىقمۇ، ئوغۇت- يوپۇق، ئارغامچا- توقۇناقمۇ، گۆش- ياغ، ئۈستىباشمۇ پۇل دەيتتى.

سوپاخۇن كۆككە قاراپ ھەسرەتلىك تىنىدى. ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئاسماننىڭ پايانى بولمىغىنىدەك، ئاشۇ ھەسرەتلىك تىنىق، سۈكۈناتلىق خىياللىرىنىڭمۇ پايانى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى بىردىنلا 15 يىلنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئۇ ئائىلىسىگە تەقسىملەپ بېرىلگەن 12 مو يەرنىڭ خېتىگە قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. قەغەزگە: «مەزكۇر يەر سوپاخۇن ئائىلىسىگە 30 يىللىق ھۆددە بېرىلدى» دەپ يېزىلغانىدى. ئاستىدا كەنت تامغىسى بىلەن ئۇنىڭ بارماق ئىزى قىزىرىپ تۇراتتى.

— ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ شۇۋىرلايتتى سوپاخۇن، — ئىشلەيدىغان چاغ ئەمدى كەپتۇ. دېھقانمۇ باي بولغۇدەك.

ئۇنىڭ كۆڭۈل دەرياسى 12 مو يەر ئەمەس، 12 زىخچە ئالتۇن، ياق، 12 دانە ئالتۇن قوزۇققا ئېرىشكەندەك خۇشلۇقتا چايقىلاتتى. ئارىدىن ئىككى يىلچە ئۆتۈپ، كۆڭۈل كۆزنىكىدىن باشقىچە بىر ھېس بېشىنى تىقتى. ئۇ ئاشۇ 12 مو يەرنىڭ ھەر يىللىق ھۆددىسىگە باغلانغان تالاي- تالاي تارتقۇلۇقلارنى بىلىپ يېتىۋاتاتتى. ئۇلا ئەمەس، كەنتتىكى نۇرغۇن ئائىلىلەر شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. مانا شۇنداق سەۋەبلەر ئۇلارنى بارغانسېرى نامراتلاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. نۇرغۇن ئائىلىلەر شۇ ۋەجىدىن يۇرتنى تەرك ئېتىپ، شارائىتى ياخشى يەرلەرگە كۆچۈپ كەتتى. يەنە نۇرغۇنلىرى يەرلىرىنى تاشلىۋېتىپ، سىرتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىپ

يۈرەتتى.

بۇ يىلقى ئەھۋال تېخىمۇ يامان ئىدى. ياز بويى بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغمىدى. دەريا سۈيى كۆنسېرى ئازلاۋاتاتتى.ئىلگىرى سەل بولۇپ كېلىدىغان كەلكۈن، تېشىپ- يامراپ چىقىدىغان نۆۋەتسىز سۇنى ئەمدىلىكتە تىلەپمۇ تاپقىلى بولمايتتى. دەل شۇ سۇنىڭ كەملىكىدىن سوپاخۇننىڭ پاختا تېرىشقا تەييارلىغان 5 مو يېرى ئاق قالدى. ئۇنى ئاز دەپ ،ئاشلىقتىنمۇ تۈزۈك ھوسۇل ئالالمىغانىدى. يازلىق ۋە كۈزلۈك بولۇپ تۆت تاغار بۇغداي بىلەن ئالتە تاغار قوناق كىرىم قىلدى. 12 مو يەردىن چىققىنى شۇ ئىدى. سوپاخۇن ئۆي تېمىغا يۆلەپ قويغان بىرنەچچە تاغارغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۆزىچە بىر يىللىق تەمىناتى، باج ۋە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىلىرىنى قوشۇپ ھېسابلاۋاتاتتى. ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ بىرھازا ھېساب قىلغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان يېرىدە سۈرەتتەك قېتىپ قالدى.

ئۇنىڭغا يەنە توپتوغرا 1200 جىڭ بۇغداي، قوناق بولغاندا ئاندىن ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، ئائىلىسىنىمۇ يىلغا چىقىرالايتتى. ئۇنىڭ بېشى قاتتى. مىجەزى قوداڭشىشقا باشلىدى.كەنت كادىرلىرى بولسا ھەر كۈنى ئىشكىمۇ ئىشىك يۈرۈپ سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى سۈيلەيتتى. سوپاخۇن خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن، باشقا كەلگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلىماي بولمايتتى. ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆيگە كىرگەن ئاشلىقنىڭ يېرىمىنى ئاشلىق پونكىتىغا ئاپىرىپ سېتىپ كەلدى. بۇ ئومۇمىي ۋەزىپە، قاتتىق سىياسەت ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ يېيىشىگە قالمىسىمۇ ساتمىسا، شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىسا بولمايتتى. ئاشلىق سېتىپ كەلگەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ھويلىدا كەنت بوغالتىرى پەيدا بولدى.

— سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماپسىلا. يېزا تەنقىد



قىلىپ جۇلۇقىمىزنى چىقاردى بىزنىڭ. بولسىلا، ئاش ساتقان تالوننى چىقارسىلا.

سوپاخۇن ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئاچقىپ بەردى.

— قالغىنىچۇ؟— دېدى بوغالتىر تالوندىكى سانلارنى ھېسابلاپ،— ھەممىنى كۆرسەتسىلە.

— ئۇكام، بۇ...... كەنتتە سىز يوقتەك گەپ قىلىسىزيا؟ يەرنى ئۇرغان بىلەن ئاشلىق تۆكۈپ بەرمەيدىكەن. قۇرۇپ كەتمىگەن بولسا......

— قۇرۇپ كەتكەن زىرائەت بىر سىلىنىڭلا ئەمەسىيا؟ شۇنى دەپ يۇقىرىدىن ۋەزىپىنى تۆۋەنلىتىپ بەرگەندۇ؟ بولسىلا، يا تالون چىقىرىپ بەرسىلە، يا ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ كەلسىلە.

— ماقۇل، ئۇكام،— دېدى سوپاخۇن تەئەددى بىلەن،- قالغان تالوننى ئەتىلا تاپشۇراي،— ئۇ كۆڭلىدە بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتى.

بوغالتىر بىرمۇنچە غۇدۇراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. سوپاخۇن پايپاسلىغىنىچە يان قوشنىسى ساۋۇت مۇئەللىمنىڭكىگە كىردى. ساۋۇت مۇئەللىم سۇپىدا قوناق ئۇۋاپ ئولتۇراتتى.

— سىلى دېگەن ھېلىقى تالوننى نەدىن تاپقىلى بولىدىكەن، ساۋۇتاخۇن؟— سورىدى ئۇ ئالدىرىغىنىچە. ئەمما، ساۋۇت مۇئەللىم ئۇنىڭ سوئالىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنىدى.

— ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈرىدىغان ئىككى- ئۈچ بالا بار. بىرسى ئېگىز، بۇرۇتلۇق بالا. شۇلارغا «مۇنداق ئىش، مۇنداقتى» دېسىلە تالون دېگەننى بىردەمدىلا تېپىپ بېرىدۇ. كىلوگىرام بېشىغا بەش موچەندىنلا پۇل بېرىدىكەنمىز.

ساۋۇت مۇئەللىم دەۋاتقان بۇ غەلىتە سودا ئىشى يىلدا بولۇپ تۇراتتى. پاختا، پىلە، ئاشلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلار،

سېتىپ بەرگۈسى يوقلار شۇ يول بىلەن قۇرۇق تالون سېتىۋېلىپ كەنتكە ئۆتكۈزەتتى.كەنت كادىرلىرىغا تالون بولسىلا پالانىنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەپتۇ دەپ بىلەتتى. ئۇلارمۇ شۇ تالونلارنى يېزىغا ئۇدۇللاپ قۇتۇلاتتى. ئەمما، بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. تالون ئېلىپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇنىڭ نەدىن چىققىنىنى بىلمەيتتى. بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. پەقەت ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كەتسىلا بولاتتى.

سوپاخۇنمۇ شۇ يول بىلەن«ۋەزىپە»نى تۈگەتتى. ئالدىنقى قېتىمدىكى ئاشلىقنى ساتقۇچە بۇنداق ئاسان بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمىگىنىدىن كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم دەپ ئولتۇرغاندى. نەچچە كۈندىن كېيىن كەنت-مەھەللە كادىرلىرى ئۇنىڭ هويلىسىدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ قېتىم سۇ ھەققى، جامائەت فوندى دېگەندەك چىقىملارنى يىغقىلى كەلگەنىدى. بۇمۇ ئارىسىغا قىل سىغدۇرغىلى بولمايدىغان تۆلەم ئىدى. سوپاخۇن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىككى قوينى سۆرەپ چىقىپ ساتتى.

ئۇنىڭ دەردى ئاز ئەمەس ئىدى. يەرگە، يەر چىقىمىغا تويۇپ كېتىۋاتاتتى. «قالدۇرۇق يېرىم، بېغىمنى ئېلىپ قېلىپ، يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرەيمىكىن. بۇنىڭدىن مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باققىنىم خوپتەك تۇرىدۇ......» دەۋاتاتتى ئۇ. بۇنداق خىيالدىكىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. بىرمۇنچە ئائىلىلەر يەرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنداقلا «قالدۇرۇق يەر»لىرىنىڭ ئېشى بىلەن قورسىقىنى باقسىلا باشقا ئاۋارىچىلىكتىن خالاس ئىدى. ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تاپالايتتى. سوپاخۇنمۇ شۇ يولنى تۇتماقچى بولدى. كېيىنكى يىلى فېۋرالنىڭ بېشىدا ئاستاغىنە كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

سېكرېتار بىلەن كەنت باشلىقى بىر ئىش ئۈستىدە



پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— كەپ قاپتىلا سوپاخۇن، — دېدى سېكرېتار ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسىتىۋېتىپ.

— ھۆددە يەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرەيمىكىن دەپ......

— نېمىدەپ ئەمدى؟ يەر تېرىمىسىلا نېمە يەيدىلا؟

— باللىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ باقىدىغان ئوخشايدۇ سوپاخۇن، — دېدى كەنت باشلىقى كىنايە قىلىپ.

— غازاخۇن؟! — دېدى سوپاخۇن «كەنت باشلىقى» دېيىشنىڭ ئورنىغا، — گەپ- سۆزنى چايناپ بېقىپراق دېسىلە بولارمىكىن. بىزنىڭ باللار كالا يا ئېشەك بولغان بولسا شۇنداق قىلار ئىدىم، ئەمما يايلاتمىسامۇ باقالىشىمنى چاغلاۋاتىمەن.

«ئېشەك» دېگەن سۆز كەنت باشلىقىنىڭ كۆڭلىگە دوققىدە تەگدى. ئوغلىنىڭ بۇ لەقىمىنى يۈزتۇرا ئاڭلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. سېكرېتار گەپ ئاچتى:

— يەرنى تاشلىۋېتىمەن دېسىلە زىيان تارتىپ قالارلىمىكىن؟

— قانداق دەيلا؟

— ئۆيىۋاقىدىن كۆچۈپ، ھەممە يەرنى بىكارلايدىلا، — جاۋاب بەردى غازاخۇن سېكرېتارنىڭ ئورنىدا.

— نېمىشقا كۆچكۈدەكمەن؟ ئۆيىنى ھەر بىرلىرى ئېتىپ بەرگەنما؟ ماڭىغۇ دادامدىن مىراس قالغاندەك قىلىۋىدى.

— مىراس- پىراسلىرى نەدە قالدى؟ ئۆي سىلىنىڭ بولغىنى بىلەن ئورنىدىكى زېمىن دۆلەتكە تەۋە.

— ئىشقىلىپ، مەن يەر تېرىمايمەن، — دېدى سوپاخۇن ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ، - يەرنى ھازىردىن باشلاپ ھەرقايسىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. قالغىنىنى كەلگەندە كۆرەرمىز، — ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى.

ئەتىياز ئۆتتى. يەرلەر ئاق پېتىچە قالدى. سوپاخۇن ئۆيىدىكى

چارۋىلارنى تائەتخانغا تاپشۇردى. ئۆزى نۇرئەخمەتنى ئېلىپ ئىشلەمچىلىكىكە چىقىپ كەتتى. بىرەر ئايدا بىرسى كېلىپ ئۆيىنى يوقلىغاچ، تاپقىنىنى ئەكېلىپ بېرىپ كېتەتتى. بىر- ئىككى تاغار ئاشلىق ئېلىپ تاشلاپ قوياتتى. تارتىدىغان جاپاسى بىر ئىدى. ئاشمۇ، پۇلمۇ بولۇپ تۇراتتى. سوپاخۇن ئۈچىنچى قېتىم ئائىلە يوقلاپ كېلىپ مەڭدەپلا قالدى. «باشقا يەرگە كېلىپ قالدىممۇ- نېمە؟» ئۇ تۆت ئەتراپىغا ئالاق- جالاق قاراپ كەتتى. مەھەللە شۇ، يولدىن ئۆيگە كېلىدىغان يولمۇ شۇ. ئەنە، باغلىرىمۇ تۇرۇپتۇ. بىراق، ئۆيلەر دۈم كۆمتۈرۈلگەن، ھويلا تاملىرى ئۆرۈلگەندى. چالما- كېسەك، قالايمىقان تاشلانغان ياغاچ- شاخلار ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. قورۇ قاتتىق يەر تەۋرەشتە پەيدا بولغان خارابىلىككە ئوخشاپ قالغانىدى.

«بۇنى چوقۇم كەنتتىكىلەر قىلدى،— دەپ تەخمىنلىدى سوپاخۇن ئىچىدە،— بۇ ئادەملەر كىشىنى نېمانچە بوزەك قىلىدىغاندۇ؟ دېھقان بولۇپ قالغىنىمىز شۇنچە گۇناھمىدۇ بىزگە؟.....بولدى، بۇ يۇرتنىڭ ئەمدى تۇرغۇچىلىكى قالماپتۇ. بالىلارنى ئېلىپ بىراقلا كېتەي زادى......»

سوپاخۇننىڭ كۆز ئالدىدىن «لىپ» قىلىپ بىر مەنزىرە ئۆتتى. ئۇ بۇنىڭدىن 33 يىل مۇقەددەم ئاتا- ئانىسى بىلەن ياشىغان خىلۋەتگاھ ئىدى. قوينى كەڭ، باغرى ئىللىق ئىدى. ھەممە يېرى تىپتىنچلىققا چۆكۈپ تۇراتتى. ياق، ئۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق شاۋقۇنى بار ئىدى. بىر ئېرىق سۈيى شىلدىرلاپ ئاقاتتى. غۇر- غۇر شامىلى ناخشا ئېيتىپ تۇراتتى. قۇشقاچلىرى ۋىچىرلىشىپ، كەكلىكلىرى سايراپ بېرەتتى. سەھەر- كەچلەردە چۇچۇلاپ تۇرىدىغان تورغايلىرى بار ئىدى.

سوپاخۇننىڭ خاتىرىسىدە يەنە ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەر تەكتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر ئاچچىق قىسمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ 17



ياشتا ئىدى. باشلانغۇچنى چالا- بۇلا ئوقۇپلا كوممۇنا ئەزاسى بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ يىللاردا «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھەرىكەت تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. سوپاخۇننىڭ دادىسى دەل مۇشۇ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ئىدى.

1948- يىلى مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ بىر يىل ئەسكەر بولغان بۇ تەلەيسىزنى «گومىنداڭنىڭ داشقىلى» دەپ كۈرەشكە تارتىپ يۈرەتتى. كۈندۈزى تەقىب ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالاتتى. ئىش نورمىسى ئادەتتىكى ئەزانىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ ئىدى. ئاخشىمى «مەسىلە» تاپشۇراتتى. بۇ ئەلۋەتتە تىل- ھاقارەت، ئۇرۇش- تېپىشكىلەر ئارىسىدا بولاتتى. زۇلۇمنىڭ چېكى يوق ئىدى. بىچارىنىڭ جېنى ئاز ئازلا قالغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى ئۇ ھاجەت قىلىش باھانىسىدە سولاقتىن قاچتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. ئالدىن دېيىشىپ قويغىنى بويىچە كېلىشكەن جايدا ساقلاپ تۇراتتى. جەم بولۇپلا مەھەللە ياقىسىدىكى تۆپىلىككە چىقىپ كېتىشتى. ئىككى كېچە، بىر كۈندۈزلۈك مۇساپىدىن كېيىن بىر چۆپلۈككە كېلىپ توختاشتى. بۇ ئاجايىپلا بىر جاي ئىدى. ئۈچ تەرىپى ياپپېشىل ئارچا دەرەخلىرىنى يېپىنىپ ياتقان ئېگىزلىك ئىدى. ئېگىزلىكنىڭ ئېتىكى كەڭ كەتكەن يېشىل دۇنيا ئىدى. ئۇ يەر- بۇ يېرىدە جىغان- چاتقاللار، تاغ سۆگەتلىرى شامالدا ئىرغاڭشىپ تۇراتتى.

سايىت ئەسكەر (كىشىلەر شۇنداق ئاتايتتى) بۇ يەرنى بىلەتتى. بىرچاغلاردا ئارچا كۆمۈرى كۆيدۈرۈشكە چىققاندا كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا، بالىلىرىنى ئۇدۇللا باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ بىر ھازا چۆرگىلەپ بىر يەرنى تاپتى. بۇ شۇ چاغدا كۆمۈرچىلەر تۇرغان گەمە ئىدى. ئۇلار شۇ يەرنى تۈزەپ ماكان قىلدى. سايىت ئەسكەر بىر بۇلاقنىمۇ بىلەتتى. نەچچە تۈپ تاغ سۆگىتى ئاستىدىن

كىچىككىنە سۇ بۇژۇلداپ چىقىپ تۇراتتى. سۇيى ئاۋۇمايتتى، توختاپ قالمايتتى. كۆمۈرچىلەر ئۇنىڭغا «تىنىق بۇلاق» دەپ ئات قويۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بۇژۇلدىشى راستتىنلا ئادەمنىڭ تىنىپ نەپەسلىنىشىگە ئوخشايتتى.

سايىت ئەسكەر نەچچە كۈن ھەپىلىشىپ لاي- لاتقىلارنى تارتتى. بىر يەردىن شاررىدە قىلىپ بىلەك توملۇقىدا سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بۇلاق كۆزىنى تاپتى. كېيىن بىرنەچچە ئېتىز يەر ئاچتى. ئېلىپ كەلگەن قونىقنىڭ يېرىمىنى تېرىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى كېپەك- توشقان، ئۇلاي كەكلىك ئىدى. سايىت ئەسكەر پات- پات قوشنا يۇرتلارغا بېرىپ ئاشلىق تېپىپمۇ كېلەتتى. ئۇلار بىر يىل ياۋايىلارچە ھايات كەچۈردى. كېيىنكى يىلىدىن باشلاپ ئاچقان يەرلىرىنىڭ ھوسۇلى بىلەن خاتىرجەم دەۋرگە قەدەم قويدى.

بۇ يەردە كىشىنى كىشى باشقۇرمايتتى. جاھان غوۋغالىرىدىن تامامەن خالىي ئىدى. نېمە ئىش قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلاتتى. ئۇلار تاغ باغرىدىكى ئاشۇ خىلۋەتتە تۆت يىلنى ئۆتكۈزدى. تۇرمۇشى تىنچ، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم ئىدى. ئەمما، سايىت ئەسكەر باللىرىغا قاراپ سەل ئويلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ مىجەزىدىن بىر خىل ياۋايىلىق چىقىپ تۇراتتى. روھلىرى چۈشكۈن، غەمكىن كۆرۈنەتتى.

«باللارغا ئۇۋال بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ قالدى. كېيىن ئۇ باللىرىنى ئېلىپ بۇ گۈزەل پىنھان بىلەن خوشلاشتى. ئۇلار ئۆز يۇرتىغا ئەمەس، دەل مۇشۇ شامالباغقا كېلىپ يەرلەشكەنىدى.

— بۇ يەرغۇ بولىدۇ، — دېدى سوپاخۇن ئەسلىمىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، — لېكىن باللارغا ئۇۋال بولىدۇ. ئادەم دېگەن ئادەمسىز ياشىيالمايدۇ. كەنتنى، كىشىلەرنى سېغىنىدۇ. ياخشىسى، يەنە چىشىمنى چىشىمغا قوياي......



سوپاخۇنىنىڭ خىياللىرى ئايالىنىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلدى. خارابىلىك ئىچىدىن تائەتخان ھۇ تارتقىنىچە يىغلاپ چىقىۋاتاتتى. سوپاخۇن ئايالىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. سوپاخۇن تىترەيتتى. چىشلىرى توختاۋسىز غۇچۇرلايتتى. ئايالى دەمدەردەك بۇقۇلدايتتى.

— يىغلىمىسىلا، بولدى قىلسىلا، — دەيتتى ئۇ، — سوپاخۇن تېخى ئۆلگىنى يوق. ئىككى بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمۇ يوق. يىقىتىۋەتكەن بولسا، يەنە ئېتىمىز، ئوڭشىۋالىمىز.

— غازاخۇن بىرمۇنچە ئادەمنى باشلاپ كەپتىكەن، — گەپ باشلىدى تائەتخان، — چاپ دېسە چاپ دەپ ئۆيلەرنى ئۆرۈشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، شۇ كۈنى ناھىيەدىن باشلىقلار كەپتىكەن. ئاڭلاپ كېلىشكەنمۇ يا شۇنداق توغرا كېلىپ قالغانمىكىن، بىر باشلىق كۆرۈپلا ئاچچىقلاپ كەتتى. كايىغىنىچە ئۆي بۇزۇۋاتقانلارنى ھەيدىۋەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، ئۇ كىشىنى ھاكىمكەن دېيىشتى.

— سۇنىڭ بېشى ئەمەس، ئايىغى لاي، — دېدى سوپاخۇن چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، — گېپىمىزنى، دەرد- ھالىمىزنى ئاڭلايدىغان يەر بار.

سوپاخۇن باشتا ئويلىغان يېرىگىمۇ، ئىشلەپ كەلگەن يېرىگىمۇ بارمىدى. ئۈستىلەپ نۇرئەخمەتنىمۇ ياندۇرۇپ كەلدى. ئائىلىدىكى ھەممە جان بىر بولۇپ ئۆي ئوڭشاشقا چۈشتى. تاملىرىنى دادا- باللار بىر بولۇپ ئۆرە قىلغان بولسىمۇ، ياغاچچىلىق، سۇۋاقچىلىق ئىشلىرىغا ئۇستا سالماي بولمىدى. ماتېرىيالغا پۇل خەجلىمەي، ئۇستىلارنىڭ ھەققىنى بەرمەي بولمايتتى. يېرىم يىل مەدىكار ئىشلىگەن پۇلى لاي ئاستىغا كۆمۈلۈپ تۈگىدى.

## 2

نۇرئەخمەت بىلەن نۇرئابدۇللا يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ قالغانىدى. ماڭسا- تۇرسا قىز- چوكانلارغا بويۇنداپ قارىشاتتى. مەھەللىدىكى قىزلار بىلەن كۇسۇرلىشاتتى. پات- پات كەچلىكلىرى يوقاپ كېتىپ تۇراتتى. سوپاخۇننىڭ بۇلارنى سېزىۋاتقىنىغا خېلى بولغانىدى.

— باللارنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمىغۇدەك،— دېدى سوپاخۇن بىر كۈنى ئايالىغا.

— مەنمۇ ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. بىر- ئىككى يەرنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپمۇ قويدۇم.

— ھە، قېنى دېسىلە، كىمنىڭ قىزلىرى بولغۇدەك؟

— دۆڭچاقاردىكى ئاشپەزنىڭ قىزى مەكتەپتىن بىكار بولۇپتىمۇ. قارىسام خېلى تۈزۈك، ئىشچان قىزدەك كۆرۈندى. سۈتئېرىقتىكى قۇۋانخاننىڭ ئوتتۇرانچى قىزىمۇ بولىدۇ.

— قايسى قۇۋانخان ئۇ؟

— ۋاي، ھېلىقى سەمىتاخۇن قاسساپنىڭ قۇۋانخانچۇ؟

— چېكىپ باقسىلا ئەمىسە.

ئانا قىز ئىزدەشكە باشلىغان ئاشۇ كۈنلەردە نۇرئەخمەت باشقىچە بىر پىلاننى تۈزۈۋاتاتتى. شەھەرگە بېرىپ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەپ باققۇسى بار ئىدى. بۇ ئوي دادا- بالا ئىش كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلەۋاتقان چاغلاردا پەيدا بولغانىدى. شۇ چاغدا ئۇلار بىر قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ كونا ئۆيلەرنى چېقىش ئورنىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئىش ھەققى يامان ئەمەس ئىدى. كېيىن قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىغا ياللاندى. قىلىدىغان ئىشى ئۇستىكارلارغا خىش- كېسەك ئەكېلىپ بېرىش، لاي ئېتىش، شېغىل تاسقاشتەك يىرىك، ئېغىر ئىشلار



ئىدى.

نۇرئەخمەت بىر كۈنى ئۆزىچە ئۇستىلار بىلەن ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ قالدى: «بىرسىدىن ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۈچ- تۆت يۈز كويدىن توختايمىش. ئەمما، ئېغىر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىز قىلىپ تۇرۇپ، كۈنىگە 40—50 كويدىن ئالىدىكەنمىز. ئادەمنىڭ ھۈنىرى بولسا، ‹ئۇستام› دېگەن نامى بولسا بولىدىكەن جۇما؟.......»

ئۇ قولى بوشاپ قالغان چاغلاردا جازا ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ تام قوپۇۋاتقانلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. خىياللىرى يەنە قاناتلىنىشقا باشلايتتى

«ئۇلار قولىغا ئېلىپ بەرگەن خىشنىلا تىزىپ بەرسە بولىدىكەن، لاي ئېلىپ بېرىدىغانغا يەنە ئادەم باركەن. بىر ئۇستىغا يەتتە- سەككىز مەدىكار ئىشلەيدىكەنمىز.»

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، ئالدىدا تام قوپۇۋاتقان ئۇستا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتىڭغۇ، ئاداش؟ ھۈنىرىمنى ئۆگىنىۋالاي دەمسەن نېمە؟

— ئۆگەنگۈمغۇ ئوتتەك بار، ئەمما بىردەم- يېرىمدەم قاراپ تۇرغانغا ئىش پۈتمەيدىكەن.

— راست دەيسەن، بىزدەكلەرنى پىر تۇتۇپ، بەش- ئالتە يىل شاگىرتلىقتا تۇرغاندا ئاندىن ئۆگىنىپ بولالايسەن.

— شاگىرتلىققا كىرسەم ئالامدىلا؟

— راست ئۆگەنگۈڭ بارمۇ؟

— بار، بار ئۇستام. مېنى شاگىرت قىلىۋالغان بولسىلا، جان دەپ خىزمەتلىرىدە بولاتتىم.

— دادىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، بېلىڭنى باغلا ئەمىسە.

شۇ گەپلەر بولۇپ ئىككىنچى كۈنى ئۇلار ئۆيگە قايتىدىغان

بولۇپ قالدى. سوپاخۇن «بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يېنىپ كېلىمىز» دەپ ماڭغانىدى. ئۆيگە كېلىپ بولۇپ نېمشقىدۇر بارماس بولىدى. نۇرئەخمەتنىڭ خىياللىرى سۇغا چىلاشتى. ئۇ تۇرسا- ماڭسا شۇ ئىشنى ئويلايتتى.

— بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئىشنى نېمىشقا تاشلىۋېتىمىز دادا؟— دەپ سورىدى بىر كۈنى دادىسىدىن،— تاپاۋىتىمىزمۇ يامان ئەمەستى.

— تاپاۋەتقۇ ئوبدانتى. ئويلاپ باقسام، يەرنى تاشلىۋېتىپ يامان قىپتىمىز، ئوغلۇم. بوۋاڭ رەھمەتى دائىم: « يەر دېگەن دېھقاننىڭ جېنى. ئۇنىڭ بەختى- تەختى باغلانغان ئالتۇن قوزۇق بالام. يەرلا بولىدىكەن دېھقان كۆكلەيدۇ. يېرى يوق ئادەمنى ھېچنېمىسى يوق دېسە بولىدۇ. مۇشۇ زېمىندىلا بولىدىكەنسەن، يەرنى تاشلىما» دەيدىغان. شۇ يىللاردا «پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېپتۇ» دېگەندەك، تاۋارنىڭ گۈلىدەك يەرلەرنى تاشلىۋېتىپتىمىز. ئەمدى قارىسام جاھان ياخشىلىنىۋېتىپتۇ. كەنتىمىز ئۈچۈن مەخسۇس سۇ ئامبىرى قۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانمىش. يەرلىرىمىزنى ۋاقتىدا تېپىۋالايلىمىكىن.

سوپاخۇننىڭ دەۋاتقانلىرى ھەقىقەت ئىدى. دېھقانغا يەر بولمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەردە ھەر جەھەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىق توغرىسىدىكى ياخشى خەۋەرلەر كېلىۋاتاتتى. قايسىدۇر بىر كەنتتە دېھقان يەلكىسىدىكى يەرلىك سېلىقلارنىڭ بىكار قىلىنغانلىق خەۋىرى پۇر كەتكەنىدى. «شامالباغدا سۇ ئامبىرى قۇرۇلىدىغان بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەرمۇ راست ئىدى.

— مېنى بىرسى شاگىرتلىققا ئالىدىغان بولغانىدى،— داۋام قىلدى نۇرئەخمەت بايا ئۈزۈلۈپ قالغان گېپىنى،— مەن يېنىپ بېرىپ......



— نېمە شاگىرتلىق ئۇ؟— گەپنى بۆلدى دادىسى.

— بىز ئىشلىگەن قۇرۇلۇشتىكى بىر ئۇستام شاگىرتلىققا ئالاي، ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي دېگەنىدى.

— راست شۇنداق دېگەنما؟— سوپاخۇن گۇمان ئىچىدە قارىدى،— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ شەھەرنىڭ ئويۇن- تاماشىلىرى قىچقىرىۋاتقاندۇ؟

— پۈتمىسىڭىز، بىللە بارىلى. ئۆز قولىڭىز بىلەن تۇتۇپ بېرىڭ مېنى.

— قارىغاندا راست ئوخشىمامدۇ؟

— بىز كېلىشكەن. دادىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەل، دېگەن. سىزگە دېسەم دادا، بۇ ھۈنەرنى ئوتتەك ئۆگەنگۈم بار. قاراپ تۇرۇڭ، سىز رازى بولغۇدەك ئۇستا بولۇپ كېلىمەن.

سوپاخۇن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قاراپ چىنپۈتتى. ئۇنىڭسىزمۇ «ئوغۇللىرىمنى ھۈنەرلىك قىلىپ قويسام» دەيدىغان بىر ئارمىنىمۇ بار ئىدى.

— شۇنداق قىلساڭمۇ قىلارسەن بولمىسا. ئەمما، ئاناڭ كېلىن ئۇقۇشۇۋېتىپتۇ. ئاۋۋال تويۇڭلارنى قىلىپ قويايلى، ئاندىن......

نۇرئەخمەت ھىڭگىدە ھىجايدى. ئارقىدىنلا دادىسىغا قارىدى.

— بۇ...... بۇ، مېنىڭ پۇتۇمنى چۈشەپ قويىدىغان ئىشكەنيا دادا. خوتۇننى ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇپ، ھۈنەر ئۆگىنەلەيتتىم دەپ ماڭغىلى بولارما؟

سوپاخۇن ئويلىنىپ قالدى. ئەمما، نۇرئەخمەتنىڭ قورسىقىدا باشقىچە پىلان سوقۇۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئورۇنلۇق ھېسابلاپ، تەلىپىگە ئاسانلا «ھە» دېۋەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن قولىغا 50 — 60 يۈەنچە پۇلنى تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

كۈن چاشگاھتىن ئۆتكەنىدى. تېرەكلەر بويى ئۆرلىگەن قۇياش زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن نۇر تۆكەتتى. كۆجۈم- كۆجۈم مەھەللىلەر، باغباراڭلار نۇر دەرياسىدا يۇيۇناتتى. سوپاخۇن ئوغلىنى ئۈزىتىپ قويۇپ پېشايۋان سۇپىسىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. «پېشايۋان» دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە نەچچە تال بادرىنى كېلىشچە تاشلاپلا يېپىپ قويۇلغان ئاددىيلا بىر چەللە بولۇپ، ئاپتاپتىن، ھۆل- يېغىندىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئېتىپ قويۇلغانىدى. تاپقان- تەرگىنى يىقىلغان ئۆيلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تۈگىگەن بۇ ئائىلىنىڭ قۇربى شۇنچىلىك قىلىشقىلا يەتكەنىدى. سوپاخۇن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېڭىكىنى «كىرت- كىرت» قىلىپ قاشلاپ قويدى. ئۇ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئەمدىكى ئىشنى نەدىن باشلاش، تاشلىۋەتكەن يېرىنى قانداق تېپىۋېلىش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى.

— يەرنى ئۆزۈم زورلاپ تاشلىۋەتكەن،— دەيتتى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە پىچىرلاپ،— قارىسام يەرلەرغۇ ئاق پېتى تۇرىدۇ. بىرەر كىمگە بېرىۋەتكەندەكمۇ قىلمايدۇ. چىقىپلا ئىشلەۋەرسەم بولارمۇ، يا كەنتتىكىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقسام بولارمۇ؟......

ئۇنىڭ خىياللىرى شېپىرلاپ چىققان ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئۈزۈلدى. تائەتخان ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى.

— يەنە نېمىگە خىيال سۈرۈپ قالدىلا؟

— يەرلەرنىڭ غېمى بولمامدۇ، ئانىسى...... — ئۇلۇغ- كىچىك تىنىدى ئۇ،— يەنە كىملەرگە سارغىيىپ، كىملەرنىڭ تاپا- دوقلىرىنى ئاڭلارمەن؟

— نېمىدەپ ئەمدى؟

— يەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار دەپ بولمامدۇ؟

— ئېسىم قۇرۇسۇن. سىلىگە دېدىم دەپتىمەن تېخى. يەرلەر ھېلىمۇ بىزنىڭ نامىمىزدىكەن.



— راست شۇنداقمىكەن؟- سوپاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەترەت كادىرلىرى شۇنداق دېگەن. يەرنى تېرىمىغانلىرى بىلەن، باج- سېلىق، فوندى- يىغىلمىلارنى تاپشۇرىلا دېيىشىدۇ.

— مانا،— دېدى سوپاخۇن ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى كىرتىلدىتىپ تۇرۇپ،— ئويلىغىنىمدەك دەپتۇ. كۈزىچە بىرمۇنچە بالايىبەتتەرنى يۈكلەپ قويىمىغىدى دەيتتىم. خەيرىيەت، ھېلىمۇ كېچەكمەيمىز. يەرگە قوناق ئۇرۇقى بولسىمۇ سېلىۋېتىلى.

— بۇ چاغ بولغاندا تېرىغان نەرسە پىشارما؟

— بۇ دېگەن 4- ئاي، قوناق تېرىمىنىڭ دەل ۋاقتى.

سوپاخۇن شۇ كۈنى نۇرئابدۇللانى چاقىرىپ يەر ئۈستىگە ماڭدى. تائەتخان كەينىدىن تارماقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئېتىزلار كۈزدىن ئۆزى ئاغدۇرۇپ قويغان پېتىچە تۇراتتى. تۇپراقلىرى ئاپتاپقا تويۇنغانىدى. ئۇ يەر- بۇ يەردە ئۈنۈپ قالغان ئوت- چۆپلەر سۇ كۆرمىگەنلىكتىن سولىشىپ تۇراتتى. سوپاخۇن قىر- تىگەنلەرنى ياساشقا چۈشتى. نۇرئابدۇللا بىلەن تائەتخان چالمىلارنى ئېزىپ ساپان ئىزىنى تەكشىلىدى. ھەممە ئىش ئۈچ كۈندە قولدىن چىقتى.

ئەمدى سۇ بولسىلا بولاتتى. سوپاخۇن باش قاتۇرغۇچە مەھەللىنىڭ سۇ نۆۋىتى كېلىپ قالدى. بۇ دەل ئاق يەر قونىقىغا بېرىلگەن ئوسا سۈيى ئىدى. ئېتىزنىڭ ئوسىسى تەڭشەلگۈچە ئوغۇتمۇ توشۇلۇپ بولدى. نەچچە كۈنگە قالماي سوپاخۇننىڭ قاتقان بېشى ئەمىن تاپتى. شۇنداق، ئۇ يېرىنى تېرىۋالدى. ئىگىلىكىنى ئەسلىگە ئەكېلىۋالدى. ئەمما، ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى رەتكە سالغۇچە گەدەنگىچە قەرزگە پېتىپ قالدى. يىقىلغان ئۆيىنى ئوڭشاش، يەرلىرىنى كۆكەرتكۈچە كەتكەن ئۇرۇق، ئوغۇت، يوپۇق، يەنە ئاللىقانداقتۇر چىقىملار ئۈچۈن بانكىغا باغلىنىپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ قايتا رۇسلانغان قەددىنى يېڭى قەرزلىرى بېسىپ تۇراتتى. «كۆزىچە بىر گەپ بولىدۇ» دېگەن بىر ئۈمىدمۇ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرەتتى.

## 3

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە 5 ـ ئاي كىرىپ قالدى. دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىدىكى بۇغدايلار باش كۆرسىتەي دەپ قالغانىدى. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر بۇغداينىڭ 3 ـ سۈيىنىمۇ ئالالماي كېلىۋاتاتتى. سۇ قىس ئىدى. شامالباغ دەرياسىغا «ئاق سۇ» كىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاز ئىدى. پۈتكۈل ناھىيە يەرلىرىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيتتى. دەريا سۈيىنىڭ ئاۋۇشىغا يەنە بىر مەزگىل بار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تومۇز كىرىپ، كۈچلۈك ئاپتاپ قارلىق تاغنىڭ ئېرىشىنى تېزلەتمىگۈچە دەريا سۈيى ئاۋۇمايتتى.

ئېكىنزارلار سۇغا جىددىي تەشنا بولۇپ تۇرغان شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنتكە ئەكبەرجان ئىسىملىك بىر يىگىت پەيدا بولدى. بويى زىلۋا، 27 ــ 28 ياشلاردا بار ئىدى. كەنت كادىرلىرى بىلەن بىللە يۈرەتتى. ياتىقى كەنت ئىچىدە ئىدى. تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يەيتتى. دائىم بوغما چاپان كىيىپ، يالاڭباش يۈرەتتى. «كەنتتىكىلەر يېڭى كەلگەن سېكرېتاركەن» دەپ ئاڭلاشتى. دەرۋەقە شۇنداق ئىدى. تېخنىكا پونكىتىدىن چىققان بۇ يىگىتنى ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇرۇش» ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى.

ئەكبەر بوش ۋاقىت تاپسىلا دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىنى ئارىلايتتى. كىشىلەرگە خىلمۇخىل تېمىلاردا مەسلىھەت بېرىپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق يۈنىلىشىگە يېتەكلەيتتى. زىرائەتلەردىكى زىيانداش ھاشاراتلار، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى



سۆزلەپ بېرەتتى. دورا ئەكېلىپ چېچىپ بېرەتتى. ئائىلىلەرگە بېرىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۇقۇشاتتى. تېرىقچىلىقتا باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك دېگەندەك قوشۇمچە ئىگىلىكنى يانداشتۇرۇپ بېيىش يوللىرىنى تەشەببۇس قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى شامالباغ دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىۋېلىپ، قانداقتۇر بىر خىياللار تەكتىدە ئۇزاق ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەلۋەتتە كەنتنىڭ سۇ مەسىلىسى ئۈستىدىكى باش قاتۇرۇشلار جۈملىسىدىن ئىدى. سۇ بايلىقىنى ئېچىش، كۆپەيتىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتاتتى.

ئەپسۇس، ئەزەلدىن كەنت دېھقانلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىنلا باشقۇرۇشنى بىردىنبىر ۋەزىپىسى دەپ كېلىۋاتقان كەنت كادىرلىرىنىڭ بۇ ئىشلار چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. «ئامىمنى بېيىتىش»، «ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش» دېگەنلەرنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى ـ يۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ «بېيىتىش»، «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش» لەرنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەيتتى. نۇرغۇن ئەۋزەل شارائىت كۆز ئالدىلىرىدا «مانا مەن» دەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى سېزەلمەيتتى. كۆرەلمەيتتى. ئامىمنى شۇ تەرەپكە يېتەكلەشنى بىلمەيتتى. بۇ ئۇلاردىكى مەدەنىيەت، باشقۇرۇش ساپاسىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكى، تۆۋەنلىكىدىن ئىدى. شۇڭا، يەرلىك بەگ، ئەمەلدارلىق كىبىرى، سالاپىتى بىلەن: «ئۇنى تېرى، بۇنى يىغ، ئوغۇت سال، يوپۇق ياپ، ئۇنى تۆلە، بۇنى بەر...... »دەپلا ئۆتەتتى. ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى شۇ دەپلا قارايتتى.

دەل شۇنداق بولغاچقا، يېڭى كەلگەن ياش كەنت سېكرېتارى ئەكبەرنىڭ دېھقانلار ئارىسىدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى «ئارتۇقچە» بىلىنەتتى. كۆزلىرىگە سىغمايتتى. ئۇنىڭ كەنت

قىياپىتى، دېھقانلار تۇرمۇشى، ئائىلە ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۇستىدىكى باش قاتۇرۇشلىرى، ئويلىنىشلىرىنى «ئاشقىلىق خىيالى»، «سەۋدالىق جىمجىتلىقى» دەپ چۈشىنەتتى.

— سىكرېتار ئەۋەتتۇق دەپ، بىزگە بىر مەجنۇننى ئەۋەتكەن چېغى،— دېدى بىر كۈنى غازى ئېلى كونا سېكرېتارغا. ئۇمۇ ئەسلىي خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى.

— قانداق دەيدىلا؟— غازى ئېلىنىڭ يۈزىگە قارىدى مەمتىمىن سېكرېتار. غازى ئېلى ئەكبەرنى مەنىستىمگەندەك، ئاغزىنىڭ پۇچۇقىدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— دىققەت قىلمىدىلىمۇ؟ قاچانلا قارىسا ئېتىزمۇئېتىز لاغايلاپ يۈرگەن. دەريا بويىغا، يەنە ئاللىقانداق خىلۋەتلەرگە بېرىۋېلىپ، كەچكىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان. خوتۇنىنىڭ، يا بولمىسا ئاشىنىسىنىڭ سېغىنىشىدا دەردكە چۈكۈپ ئولتۇرامدىكىن دەيمەن ئۇنى.

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ،— دېدى مەمتىمىن،— ياشلارنىڭ خىياللىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھەردە، ئورگاندا ئاپتاپ، بوران- يامغۇر كۆرمەي ئۆگىنىپ كەتكەن بالىلار سەھرانىڭ شارائىتىغا ماسلىشالمايدۇ. شەھەر تۇرمۇشىنى سېغىنىپ شۆكلەپ كەتكەندۇر بەلكىم،- ئۇلار شۇنى دېيىشىپ ئولتۇراتتى، سىرتتىن ئەكبەر كىرىپ كەلدى. يېنىغا دائىم ئېسىپ يۈرىيدىغان قارا سومكىسىنى ئېسىۋالغانىدى. كۆرگەنلەر ئۇنى «سومكا» دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كومپيۇتېر، مۇنداقچە ئېيقاندا، ئۇنىڭ خىزمەت خاتىرىسى ئىدى. ماڭلىيىدا تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

— دېسەم- دېمسەم، دەريا بويىدىن كەلدىڭىزغۇ- دەيمەن؟- دېدى غازى ئېلى مەقسەتلىك ھالدا.

— ھەئە،— تۈزلا جاۋاب بەردى ئەكبەر ئۇستىلىگە بېرىپ



ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ھېچ بىلمىدىم، نېمىلەرنى ئويلايدىغانسىز شۇنچە؟ بىرەرسىنىڭ ھىجران ئازابىمۇ يە؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، غازىكا. شۇ، كەنتىمىزنىڭ سۇ قىسچىلىقى ئۇستىدىكى ئويلىنىشلار بولمامدۇ؟

— دەريا سۈيىگە ھومايغان بىكار،— دېدى غازى ئېلى مەمتىمىنگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ،— ئۇنىڭ نەچچە يەردە زاكوۋسى، زاكۇلىرىدا قۇلۇپى بىللە بار. سۈيۈم قىس دەپ خالىغانچە ئاچقىلى بولمايدۇ- دە؟

— بۇلارنى بىلىمەن،— دېدى ئەكبەر تەئەددىلىك سۆزلەرنىڭ تەكىتگە يېتىپ،— مېنىڭ دەريا بويى، ئېتىز- قىرلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشۈم ئىچ پۇشقۇمنى چىقىرىپ يۈرۈش ئەمەس ئاكىلار. كەنتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى چۈشىنىش، يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى ئېچىش ئۇستىدىكى ئويلىنىشلار بىلەن بولۇۋاتىدۇ. خۇسۇسەن، يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى ئېچىش توغرىسىدا بەزى پىلانلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان. مۇشۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ باقسام قانداق بولاركىن؟

غازى ئېلى بىلەن مەمتىمىن بىر- بىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراشتى. خۇددى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك تەئەججۈپ ئىچىدە ئەكبەرگە قاراشتى.

— سۇ مەنبەسىنى ئېچىش پىلانى دەمسىز؟— قايتۇرۇپ سورىدى غازى ئېلى،— مەسىلەن، قانداق؟

ئەكبەر خاتىرە كومپيۇتېرنى ئېچىپ قويۇپ باشلىدى:

— سىلەر دېگەندەك، دەريا سۈيى مۇھىم چاغلاردا يېتىشمەيدۇ. خالىغانچە ئېچىپ ئىشلەتكىلىمۇ بولمايدۇ. لېكىن، بىز ئۆز زېمىنىمىزدىكى يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىۋالساق، ئۇ ھالدا زۆرۈر، ئېھتىياجلىق چاغدا ئىشلىتىدىغان سۇ ئۆز ئىلكىمىزدە بولىدۇ.

دېھقانلىرىمىزمۇ سۇ غېمىدىن خالاس بولىدۇ.

— ئاڭلىماققىمۇ قايماقتەك يېقىشلىق گەپلەركەن بۇ، — دېدى مەمتىمىن ئىككى يېنىغا قىمىرلاپ قويۇپ، — ئەمما، بىزنىڭ نەدىدۇر تۇۋۇقىنى يېپىپ قويغان كۆلىمىز بولمىسا، ئېچىپلا ئەكەلگىلى.

— ھى- ھى- ھى…… — كۈلدى غازى ئېلى ۋە قوشۇپ قويدى، — شۇ ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم قۇدۇق كولاش، ئاكىلار! كەنتنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن ماشىنىلاشقان قۇدۇق كولاتساق، سۇ مەسىلىسى ھەل بولىدۇ.

— قۇدۇق كولاتساق، يەنە كېلىپ ماشىنىلاشقان دەڭ، — ئاخىرقى تاۋۇشىنى سوزۇپ ئېيتتى غازى ئېلى، — ئۇنى قانداق كولايمىز؟ كەتمەن بىلەنما؟ يەنى قايسى پۇل، قايسى مەبلەغ بىلەن كولايمىز؟ كەنتىمىزدە شۇنچىلىك مەبلەغ بارما؟

— بۇنىڭغىمۇ ئويلىغانلىرىم بار، — داۋام قىلدى ئەكبەر تەمكىنلىك بىلەن، — دوكلاتتىن بىرنى يېزىپ، يېزا ۋە ناھىيەگە باراي. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى، تارماقلارنى ئىزدەپ دوكلاتىمىزنى سۇنۇپ باقاي. كونىلاردا: «بالىسى يىغلىمىسا، ئانىسى ئەمچەك سالمايدۇ» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟ يۇقىرىدىكىلەر ئەھۋالىمىزنى بىلسە، مېنىڭچە، ياردەم قولىنى سۇنماي قالمايدۇ.

«قولىدىن شۇنچىلىك ئىش كېلەرمۇ بۇ بالىنىڭ؟» دەپ ئويلىدى مەمتىمىن. غازى ئېلى بولسا: «خىيال، بالىلارچە خىيال. نەدىمۇ بىر پارچە دوكلات بىلەنلا پۇل تېپىپ كېلىدىغان ئوڭاي ئىش بولسۇن؟» دېگىنىچە چىشىنى كوچىلاپ ئولتۇراتتى.

— قېنى، دەپ بېقىشسىلا، — سۆيلىدى ئەكبەر، — كەنت كومىتېتىنىڭ قارارى سۈپىتىدە بىر پارچە دوكلات تەييارلىساق بولارمۇ؟



— دوكلاتنى تەييارلىماققۇ ئاسان، — ئېغىز ئاچتى غازى ئېلى، — شۇ ئىشلارنىڭ كەينىدىن قايسى بىرىمىز مېڭىپ بولارمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا رەھبەرلىكى «ئۆز ئالدىڭلارغا ئىش قىلىپ يۈرۈپسىلەر» دەپ……

— شۇڭا، — گېپىنى بۆلدى ئەكبەر، — دوكلاتنى ئاۋۋال يېزىغا، ئاندىن ناھىيەگە سۇنىمىز. ناھىيەگە سۇنىدىغىنىمىزدا ئەلۋەتتە يېزىنىڭ نامىمۇ بولىدۇ.

— پىلانىڭىز ھەقىقەتەن ئوبدانكەن، — دېدى مەمتىمىن، - مەن قوشۇلدۇم. دوكلاتنى سىزلا تەييارلاپ، يولىنىمۇ ئۆزىڭىز مېڭىڭ.

— بەلەن گەپ، — دېدى غازى ئېلى، — مەنمۇ قوشۇلدۇم. قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، دوكلاتنى شاققىدە پۈتتۈپ چىقىڭ. ياچېيكا بىلەن كەنت كومىتېتىنىڭ تامغىسىنى بىز بېسىپ بېرىلى.

ئەكبەر ئاۋۋال كەنت كومىتېتىنىڭ قارارىنى شەكىللەندۈرۈپ تامغا باستۇردى، ئاندىن كومپيۇتېرىنى ئېچىپ، ھېلىقى دوكلاتنى يېزىشقا كىرىشتى.

ئۇ ئىككىسى دېمىسىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدىن ئۆزى پۈت تىكلەپ مېڭىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ماڭىدىغان يوللىرى، كۆرۈشىدىغان كىشىلىرى، ماسلاشتۇرىدىغان ئورۇنلىرىمۇ كۆڭۈل دەپتىرىگە رەت- رېتى بويىچە تىزىقلىق ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، پىلانلىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بولغان ئىشەنچىسى تولۇق ۋە مۇستەھكەم ئىدى. «كەلگەنىكەنمەن، - دەپ ئويلايتتى ئۇ، — شامالباغ خەلقى ئۈچۈن ياخشى ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ بېرىشىم، دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشۇم، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىم كېرەك.»

ئەكبەر ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوكلاتلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ

كەنتتىن چىقىپ كەتتى. دوكلاتنى، دېھقانلار ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشنى يېزىمۇ، ناھىيەمۇ بىر ئېغىزدىن قوللاشتى. جۈرئىتىنى، ئىزدىنىش روھىنى ماختاشتى. مالىيە كۈچىنىڭ يار بېرىشىچە ئانچە - مۇنچىدىن مەبلەغنىڭ ئورنىنىمۇ قىلىپ بېرىشتى. بۇلار ئەكبەر پىلانلىغان تۆت قۇدۇقنىڭ قۇرۇلۇشىنى تولۇق قامداپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېپىنى يەنە ناھىيەنىڭ ھاكىمى قىلىشىپ بەردى.

ھاكىمنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ شۇ كىشىگە قارىتىپ بىر پارچە دوكلات تەييارلىتىپ بەردى. مېڭىش ئالدىدا ئۆز نامىدىنمۇ بىر پارچە سالامنامە يېزىپ تۇتقۇزدى. ئەكبەرنىڭ قەلب ئاسمىنىدا يەنە بىر تال ئۈمىد يۇلتۇزى پەيدا بولغانىدى. ئۇ دوكلاتنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ھاكىمنىڭ خۇسۇسىي سالامنامىسى بەكرەك كۈچىنى كۆرسەتسە كېرەك، نازىر ھە دېمەي ئۇنىڭ ساقلىقى، ئائىلە، خىزمەت ئەھۋالى، يەنە ئاللىقانداق ئىشلىرىنى سورايتتى. باللىق چاغلىرىدىكى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي تەرىپىنى قىلاتتى تېخى. ئەكبەرنى ئەزىز مېھمىنى قاتارىدا كۈتۈۋالدى.

ماشىنىلاشقان قۇدۇق دوكلاتىنى كۆرگەن نازىرنىڭ مەردلىكى ئوبدانلا تۇتقانىدى. ئىككى قۇر تەستىق بىلەنلا 1 مىليون يۈەنگە كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەردى. خۇشلۇقتىن ئەكبەرنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كېتەي دەپلا قالغانىدى. كۆرسەتكۈچتىكى 1 مىليون دېگەن سانغا ھەر قارىسا: «بىرەر نۆلى ئارتۇق يېزىلىپ قالغانمىدۇ يا؟» دەپ ئىشەنمەيمۇ قالاتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئەكبەر كۆرسەتكۈچنى باغرىغا تېڭىپ ھاكىم قېشىغا كەلدى.

— بىر نازارەتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بۇنچىلىك پۇل دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دېدى ھاكىممۇ مەمنۇنلۇق ئىچىدە.



«تاما - تاما كۆل تولار» دېگەن مۇشۇ. مالىيەدىكىلەرگە دەپ قوياي، پۇلنى بىۋاستە سىلەرنىڭ كەنت نامىدىكى مەخسۇس تۈر ھېسابىدا دەپتەر ئېچىپ بەرسۇن. شۇنداق بولغاندا، پۇل باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ كېتىلمەيدۇ. ئەمما، ئېلىپ بارغان مەبلەغ جايىغا ئىشلىتىلمەي چاتاق چىقسا، سىزنى تۇتىمەن.

— خاتىرجەم بولسىلا، ھاكىم. بۇنداق چوڭ مەسئۇلىيەت ئالدىدا ھەرگىزمۇ بىخەستەلىك قىلمايمەن. تەشكىلنىڭ ئىلتىپاتىغا چوقۇم ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن، — ئەكبەر بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ يېزا، ناھىيە، نازارەتلەردىن تاپقان مەبلىغى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە جەملەنگەنىدى. بۇنىڭغا ناھىيە مالىيەسى مەخسۇس ھېساب ئاچتى.

ئەكبەر كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە قۇدۇق قازغۇچىلارنى ئىزدەش، قۇرۇلۇش توختامى تۈزۈش دېگەندەك ئىشلارنىڭ كەينىدە بولدى. ئۇنىڭ ئۆيدىن، كەنتتىن ئايرىلىپ چىققىنىغا 19 كۈن بولغانىدى. 23 - كۈنى شامالباغقا قۇدۇق قازغۇچىلار ئەتىرىتىنى باشلاپ كەلدى. قۇدۇق قېزىش ئۈسكۈنىلىرى بېسىلغان تۆت ئاپتوموبىل كەنت ئالدىغا قاتار تىزىلغاندا، دېھقانلارلا ئەمەس، كەنت كادىرلىرىمۇ ھەيران - ھەس قېلىشتى. كەچتە ھەل قىلىنغان مەبلەغ سانىنى ئاڭلىغاندا بولسا، غازى ئېلىنىڭ گۆشلۈك لەۋلىرى قۇشقاچنىڭ كامىرىدەك يۇملاقلىنىپ قالدى.

«كەنتىمىزدە قۇدۇق قېزىلماقچى بولۇپتۇ. ئەكبەرجان نۇرغۇن مەبلەغ ھەل قىلىپ كەلگەنمىش» دېگەن خەۋەر تۇنجى بولۇپ سوپاخۇننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بۇ خەۋەر شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق ئىللىق ئىدى. ئۇنىڭ قاقشال ۋۇجۇدىنى سىمابتەك لىغىرلىتىپ تۇراتتى. ئەتىسى كىشىلەر ئۈچ پاچاقلىق دۇربۇن، ئالا كالتەك، كىچىك - كىچىك بايراقچىلارنى كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە كىشىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە تەكشۈرۈش، پىلانلاش ئېلىپ

بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەچچە كۈندىن كېيىن تۆت پاچاقلىق تۆمۈر مۇنارلار تىكلىنىشكە باشلىدى. ئۇزاققا قالماي مۇنارلار يېنىدا موتورلار گۈركىرەشكە باشلىدى. ئۇلار راستتىنلا قۇدۇق قېزىۋاتاتتى. موتور ئۈنى كېچە- كۈندۈز ئۆچمەيتتى. ئەتراپىدا ئۇن نەچچىدىن ئادەم توختىماستىن ئىشلەۋاتاتتى. بۇ شامالباغ تارىخىدا دېھقانىنىڭ قولى تەگمەي قىلىنىۋاتقان تۇنجى ئىش ئىدى. ھۆكۈمەت مەبلىغى بىلەن دېھقانلارغا قىلىپ بېرىلىۋاتقان ياخشى ئىشنىڭمۇ تۇنجىسى ئىدى. قۇدۇق قېزىشنىڭ داغقى بىلەن تەڭ يېڭى كەلگەن كەنت سېكرېتارى ئەكبەرجانمۇ ھەممە كىشى بىلىدىغان، ئىززەت- ئىكرام بىلەن تىلغا ئالىدىغان مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. ئۇ شۇنداق بولۇشقا لايىق ئىدى.

سوپاخۇننىڭ ساددا قەلبىدە چاراققىدە بىر يۇلتۇز كۆلدى. ئۇ ئۈمىد يۇلتۇزى ئىدى. يىللار بويى سۇغا تەلمۈرۈپ، بىر باشلام سۇنىڭ ئارتۇقراق تېگىشىگە زار بولۇپ ئۆتكەن دېھقان قەلبىدە تىرىلگەن ئۈمىد نۇرى ئىدى. ئاشۇ يۇلتۇز، ئاشۇ نۇر ئۆگۈلۈپ كەتمىسىلا سوپاخۇننىڭ يەرلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. ئائىلىسىنىڭ ھاياتلىق بېغى ياشناپ تۇراتتى. يوپۇرماقلىرى سولىشىپ ۋاقىتسىز خازان بولۇپ كەتمەيتتى.

ياز ئوتتۇرىسىغا بارمايلا بىرنەچچە قۇدۇقتىن سۇ چىقتى. گەرچە ئۇ دەريا سۈيىدەك بەرىكەتلىك، ھەممىگە يېتەرلىك بولمىسىمۇ، مەھەللىلەرنىڭ سۇ نۆۋىتى كەلگۈچە جاننى جانغا ئۇلاپ تۇراتتى. چاك بولغان ئېتىزلارنىڭ تەشناسىغا دەم بولاتتى. شۇ يىلى شامالباغ دېھقانلىرىنىڭ چېچەكى چاي بولدى. زىرائەتلىرى ئوخشاپ، كەلگۈسى مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

مەمۇرچىلىق بېشارەتلىرىگە قاراپ سوپاخۇن ھەم خۇش ئىدى ھەم يۈرىكىنىڭ بىر يېرى توختىماي تاتىلىناتتى. خۇشلۇقى،



قوناقلىرى بوي سوزۇپ ئىككىدىن باش ئالغانىدى. ھەر بىرى چاپىنىنىڭ يېڭىدەك كېلەتتى. خاپىلىقى بولسا، سۇ يېتىشتۈرەلمەي ئاق تاشلىۋەتكەن 5 مو يېرىدە ئىدى. «ئىسست، ئىسست،— دەپ ھەسرەتلىنەتتى ئۇ،— ئاشۇ چاغدا كىچىككىنە ئاچچىقنى دەپ باتناپ يۈرمىگەن بولسام، پەسىل كېتىپ قالماسكەن. ئاق قالغان يەردە بۇغدايلار جىلۋە قىلاتتىكەن......»

— ئاق يەرنى راسلاپ چامغۇر بىلەن سەۋزە تېرىۋېتەيلىمۇ يا؟— مەسلىھەت بەردى ئايالى.

— ئەقلىلىرىگە بارىكاللا! — دەپ كەتتى سوپاخۇن بىردىنلا جانلىنىپ،— نېمىشقا بالدۇرراق خىيالىمغا كەلمىگەنىدۇ بۇ ئىش؟ شۇنداق قىلىلى، تازا شۇنداق قىلىلى!

6- ئاي كىرىش بىلەن ھەممە يەردە «لاي- لاي» ئاۋازى پەلەككە يەتتى. دېھقانلار تام- تامدا خامان ئېلىۋاتاتتى. سوپاخۇن بولسا تۈكۈرۈكنى يۇتاتتى. قوناق ۋە كۆكتاتلىرى بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇراتتى. كۆز كېلىش بىلەنلا بېشىغا يەنە بىر «ئىسسىتما» چۈشتى. كەنتتىن ئۆتكەنىرىنىڭ ئونىغىچە قوناقلارنى چېپىپ، كۈزگى بۇغدايغا يەر بىكارلاپ بولۇش پەرمانى چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ يېزىدىن كەلگەن بىر تۇتاش بۇيرۇق ئىدى.

ھەش- پەش دېگۈچە 10- ئاي كىرىپ كەلدى. كۈندۈز قىسقىرىپ قۇياشنىڭ ھارارىتى ئاجىزلىماقتا ئىدى. كۆز شامىلى كۈچىيىۋاتاتتى. باغلار ئالتۇن پەسلگە كىرىپ، ئۈششۈك تەگكەن ياپراقلارنىڭ مەڭزى قىزارماقتا ئىدى. كەنت- مەھەللە كادىرلىرى ئائىلىمۇ ئائىلە، ئېتىزمۇ ئېتىز يۈرۈپ دېھقانلارنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. سوپاخۇننىڭ يېرىگە ئىككى ھەپتە كېچىكىپ ئۇرۇق چۈشكەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، قوناقلىرى تېخى «چاپان» سارغايتمىغانىدى. باشاققا تىرناق سېلىپ بېقىۋىدى، ھەممىسىدىن مىچىلداپ سۈت چىقىپ تۇردى.

— قوناقلارنىڭ دېنى قاتمىغان تۇرسا،— دەيتتى ئۇ باش قاشلاپ،— هە دەپ چېپىپ قويساق پاسىرىنى يەمىزمۇ ئۇنىڭ؟

— بۇ دېگەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش،— دېدى مەهەللە كادىرى،— يەنە مۇنچىنچى ئاينىڭ مۇنچىسىگىچە كۆزگە تېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولۇش دەيدىغان بىر ماددىمۇ بار. چاققان بولۇپ يەرلىرىنى بىكارلىسىلا.يېزىدىن تەنقىد يەيدىغان ئىش چىقىدۇ بىكار.

نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىزلىرىنى بىكارلاپ بولغانىدى. سوپاخۇن «هە» دەپ قويۇپ يۈرۈۋەردى. قولاق يوپۇرۇپ يۈرگەنىدەك قىلغىنى بىلەن، ئىچىدە ئۇمۇ تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ئالدىرىغان بىلەن تەبىئەتكە هۆكۈم يۈرمەيتتى. ئۆز قانۇنى بويىچە مېڭىۋېرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى سوپاخۇننىڭ هويلىسىغا ئالتە ئادەم كىرىپ كەلدى. كەنت ۋە مەهەللە چوڭلىرى ئىدى. پەقەت ئەكبەرجانلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ناهىيەلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلغان بىر كۇرسقا كەتكەنىدى. كىرگەنلەرنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى.

— پۇل چىقارسىلا! — باش- ئايىغى يوقلا بىر گەپنى چىقاردى كەنتنىڭ ئامانلىق مۇدىرى.

— نى...... نېمە پۇلنى دەيلا غوجام؟— سوپاخۇن ئاڭقىرالمايۋاتاتتى.

— جەرىمانە! — جاۋاب بەردى كەنت ساقچىسى،— ۋەزىپىنى كېچىكتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن كۈنىگە 100 يۈەندىن جەمئىي 900 يۈەن تۆلەيدىلا.

— مەنغۇ كېچىكتۈرمەيتتىم. قوناقلار پىشمىسا قانداق قىلىمەن؟ خۇش بولۇپ كېتەي، رەهىم قىلىشسىلا غوجىلىرىم.

— ئاكا هوي! — ئالدىغا بىر قەدەم چىقتى ئامانلىق مۇدىرى. ئۇ غازى ئېلىنىڭ قولىدىكى «قۇشى» ئىدى. جەرىمانە



ئالىدىغان، كىشىلەرنى ئەدەپلەيدىغان جايلارغا «تولۇق هوقۇقلۇق كەنت مۇدىرى» نامىدا ئەۋەتىلەتتى،— سىلىدەكلەرنىڭ شالتاقلىرى بىلەن بىزمۇ يېزىغا نەچچە مىڭ كوي تۆلەپ كەتتۇق. كەيپىمنى ئۇچۇرماي پۇل ئالسىلا، پۇل!

— كەيپلىرى بەك ئۇچىدىغان بولۇپ كەتتى مۇشۇ كۈنلەردە،— دېدى سوپاخۇن تەئەددى بىلەن،— هە دېسە جەرىمانە، جەرىمانە دەيدىلا. جەرىمانىنىڭ دەردىدە يىلىكى قالمىغان پايخانلىرىمىز ئېتىزلىقىا نور بولغۇدەك بولۇپ كەتتى. پۇل بولمىسا نېمىنى تۆلەيمەن؟

— ماۋۇ ئوغرىنىڭ گەپلىرىنى! — تىل سالدى ئامانلىق مۇدىرى،— زادى تۆلەمسەن- تۆلىمەمسەن؟!

— تۆلەي، تۆلەي غوجام،— سوپاخۇن قوتان تەرەپكە شامالدەك كەتتى. هارۋىسىنى جالداقشىتىپ بىر ئارغامچىنى يېشىپ كەلدى. شارت- شۇرت قىلىپ بويىنىنى باغلاپ ئۇچىنى ئۇنىڭغا چىنىدى،— پەيشەنبە بازارغا ئاپىرىپ تۇتۇپ تۇرسىلا، بىركىم ئالار مېنى.

— سەن، سەن...... — ئامانلىق مۇدىرى تۇرغان يېرىدە ئىككى پىرقىراپ توختىدى. كىرگەنلەردىن بىرى ئارىغا چۈشتى. «كېيىن بىرنېمە دېيىشەرمىز» دەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

سوپاخۇن ئەتىسى ئېتىزىغا چىقىپ داڭ قېتىپ قالدى. تېخى يېشىللىقىدىن كەتمىگەن قوناق شاخلىرىنىڭ هەممىسى يەردە ياتاتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى. بېشى قايغاندەك قىلاتتى. «ماڭا كېسەل دارىدىمۇيا» دەپ يۈزلىرىنى چىمداپ باقاتتى. ئەمما، كۆز ئالدىدا تۇرغان رېئاللىققا ئىشەنمەي بولمايتتى. سوپاخۇن كېسىلگەن تېرەكتەك ئېتىزىغا گۈپپىدە يىقىلدى. سوغۇق يەرنى قۇچاقلاپ قانچىلىك ياتقىنىنى بىلمىدى. ئەتىسى يەنە شۇ مەزگىلدە «ئىسست، قوناقلار......» دېگىنىچە يوتقىنىدا هوشىغا

كەلدى.

قوناقلارنى «پىلانغا تەسىر يەتكۈزدى» دەپ كەنت پەرمانى بىلەن ئەزالارغا چاپتۇرۇۋەتكەندى. بۇ ئارقىلىق قوناق چاپقان ئاشۇ بىر توپ دېھقانغىمۇ «تەشكىلنىڭ تەدبىرى» نى تونۇتۇپ قويماقچى ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئەكبەر ئاگلاپ تولىمۇ ئازابلاندى. كونا كادىرلارنىڭ نادانلارچە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن غەزەپلەندى. ھەپتىدىن كېيىن يېزا «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھېلىقى «ئالغۇر قۇش»، «كېسەر پىچاق» ئامانلىق مۇدىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتتى. ھەممە ئىشتا غازى ئېلىنىڭ تىلى، قولى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ بايقۇشنى يەنە شۇ غازى ئېلى ئۆز ئورنىدا قۇربانلىققا چىقىرىپ بەرگەندى.

نېملا قىلغان بىلەن بولار ئىش بولۇپ بولغانىدى. «ئۆلگەن تۆگىنىڭ بېشى يوق» دېگەندەك، زىياننى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. سوپاخۇنلار ئەلمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قوناقلارنى توشۇدى. يېرىمى دېگۈدەك خام ئىدى. سۈتى چىقىپ تۇراتتى. ئاپتاپتا قېتىشار دەپ يېيىپ قويدى. ئاپتاپتىن چىققاندا بولسا، ھېلىقى خام قوناقلار مەدەك ئۈستىگە سىڭىشىپلا كەتكەندى. ھەر ھالدا زىياننىڭ ئورنىنى چامغۇر، زەدەك پۇللىرى تولدۇرۇپ بەردى. قەرزلىرىدىن خالاس بولدى. بىر يازلىق ئەجرى ئالمىغان- بەرمىگەن ھېسابىدا ئاياغلاشتى.

**4**

كەچ. زېمىن تولۇن ئاينىڭ ئاپپاق نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتاتتى. يۇلتۇزلار زوق- شوقى بىلەن چاراقلىشاتتى. كۆپلۈكىدىن ئاسمان بېتى تار كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شامالباغ كەنت قورۇسى ئايدىڭ ئاخشىمىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆكۈپ كەتكەندى. ئەتراپنى



سەلكىن شامال كېزىپ يۈرەتتى. دەرەخ ياپراقلىرى سۇس شىرىلدايتتى. سەھرا يېرىنىڭ ئاخشاملىرى نېمىدېگەن گۈزەل- ھە؟!

ئەپسۇس، شەھەرلەردە بۇنداق خاسىيەت كەم. ئۇنىڭ ئاخشاملىرى، كېچىلىرىمۇ خۇددى كۈندۈزلىرىگە ئوخشاشلا شاۋقۇنلۇق. كېچە سەلتەنىتىنىڭ جىمجىتلىقىنى توختىماستىن چېپىپ يۈرگەن ماشىنىلارنىڭ، قۇرۇلۇشلاردا غارقىراپ ئايلىنىۋاتقان لاي يۇغۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاللىقانداق شاۋقۇن- سۈرەنلىرى يەپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەلنىڭ ئاراملىقى، تىنچلىقىنى يەيدىغان ئالۋاستىلارغا ئوخشايدۇ. ئادەم زېمىن گۈزەللىكى، جىمجىتلىق ئىلكىدىكى كېچە ھۇزۇرىدىن بەھرە ئالغىلى بولمايدۇ.

شۇنداق، يەنىلا سەھرا كېچىسى گۈزەل ۋە تىنچ. شۇ تاپتا كەنت قورۇسىنىڭ ئۈستى تال بارىڭى بىلەن چۈمكەلگەن ئىشخانا ئۆيلىرىنىڭ بىرىدىن چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئاشۇ جىملىق، ئاشۇ يورۇقلۇق ئاستىدا بىر كىشى خاتىرە كومپيۇتېرىنىڭ ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كەنتنىڭ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان ياش سېكرېتارى ئەكبەر ئىدى. ئۈستىلنىڭ بىر تەرىپىدە گېزىت ئۈستىدە بىر چاگگالچە سىرىق چېچەك تۇراتتى. چېچەكلەر يېڭى ئۈزۈۋېلىنغانىدى. چىراغ نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ يەرلىكلەرنىڭ ئاتىشىدا «گۈل چېيى» دەپ ئاتىلىدىغان چاي گۈلىنىڭ پورەكلىرى ئىدى. ياپراقلىرى يۇلتۇزغا، رەڭگى شەپەقكە، قىزغۇچراق كەلگەن ساپ ئالتۇنغا ئوخشايتتى.

ئەكبەرنىڭ ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرى كۇنۇپكا تاختىسى ئۈستىدە ۋەزمىنلىك بىلەن يورغىلايتتى. بىرنەچچە جۈملىنى يېزىۋېتىپ سەل توختىۋالاتتى. لەھزە ئۆتمەي ئېكراندا دانە- دانە ھەرپلەر شىرىلداپ ماڭاتتى. ئۇ شۇ كۈنكى خىزمەت ھاسىلاتلىرىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى يېزىۋاتاتتى. «7- ئاينىڭ

14 ـ كۈنى، پەيشەنبە» دېگەن قۇردىن كېيىن مۇنۇ قۇرلار تىزىلىشقا باشلىدى:

«بۈگۈن 15 ئائىلىنى زىيارەت قىلدىم. ھەممىسىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئۆزگىچە ئەۋزەللىكلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىلىپ ـ بىلمەي ئاشۇ ئەۋزەل شارائىتلىرىنى زېھنلىرىنىڭ سىرتىدا قويغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى چاي گۈلى بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەردە بار ئىدى. ھويلىلاردىكى گۈل چۈنەكلىرى، كۆكتاتلىق، باغ قىرىملىرىنىڭ بويلىرىدا دېگۈدەك تېپىلاتتى. ئۇلار بۇ خىل چاي گۈلىنىڭ بازارلاردا پۇل بولۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلمىغان ئوخشايدۇ. ئاشۇ گۈل چېچەكلىرىنى يىغىپ قويۇپ دەملەپ ئىچىدىكەنۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىكەن. تېرىپ پەرۋىشلەپمۇ يۈرمەيدىكەن. ئۆزى ئۈنۈپ، ئۆزى قۇرۇپ ئۇرۇق تۆكىدىكەن. خۇشياققانلار، دەملەنگەندىكى رەڭگى، تەمىنى ياقتۇرۇپ قالغانلار، چاي پۇلىنى تېجەمەكچى بولغانلار چېچىكىنى ئۈزۈپ قۇرۇتۇۋالىدىكەن.

«توختا، ــ دەپ قالدىم ئىچىمدە، ــ دېھقانلىرىمىز ئاشۇ گۈلنى كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىسا، يىغىۋېلىپ ساتسا ئائىلە كىرىمىگە يەنە بىر ئۈلۈش كىرىم كۆپەيمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يازدىن تارتىپ كۈزگىچە نەچچە ئون قېتىم ئۈزۈۋالغىلى بولىدىكەن. ئۈزگەنچە خەمەكلەپ ئېچىلىپلا بېرىدىكەن. بۇنداق تۈگىمەس بايلىق نەدە بار؟»

بىر ئائىلىدىن سوراپ باقتىم. ئۇ سوپاخۇننىڭ ئائىلىسى ئىدى.

ــ باغ، كۆكتاتلىقلىرىڭىزمۇ خېلى كەڭرىكەن، ئاۋۇ گۈللەرنى بىرنەچچە ئېتىزغا كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىساڭلار بولماسمۇ؟

ــ ھە، گۈل چېيىنى دەمسىز؟ ــ مىيىقىدا كۈلدى دېھقان، ــ كۆلەملەشتۈرۈپ كەتكۈدەك قورساق تويىدىغان نەرسە



بولمىسا يا. ناھايىتى بىر چاڭگال بولسا بىر يىل دەملەپ ئىچىشكە يېتىدۇ ئۇ.

ــ مېنىڭ دېگىنىم، دەملەپ ئىچىشلا ئەمەس، بازارغا سېلىپ پۇل تېپىش. سىلى دىققەت قىلمىغان ئوخشايلا، ئاكا. ھازىر بازاردا بۇ خىل چاينىڭ كىلوسىنى 20 ــ 30 كويدىن ئېلىۋاتىدۇ.

ــ ۋايىيەي، ئاشۇ نەرسىنى پۇلغا ئالامدىكەن؟

ــ ۋۇي، راست، ــ گەپكە ئارىلاشتى تائەتخان، ــ يازنىڭ ئۇزە نۇرمەمەتخان تېرىپ ـ يىغىپ يۈرەتتى. بىر ياغلىق چېچەك قۇرۇتۇپتىكەن. قايسى كۈنى 50 كويغا ساتتىم دەۋاتقان. پۇلغا دەپتەر ـ قەلەم، كىتابلارنى ئالدى بولغاي.

ــ مانا ئەمەسمۇ ھەدە؟ ــ دېدىم ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ـ ئاشۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ئۈنۈپ قالغان، يەنە كېلىپ سىلەر ياراتمايدىغان گۈل چېچەكلىرى شۇنچىلىك پۇلغا ياراپتۇ. ئەگەر بىر ئېتىز، ئىككى ئېتىزنىڭكى بولغان بولسا، پۇلغا نەچچە قاپ ئوغۇت، سولياۋ يوپۇقلار كەلمەسمىدى؟

دېھقان ئويلىنىپ قالدى. ئۇ سەل قىزىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ سېكرېتار......

ــ ياق، ئۇكام دەۋەرسىلە.

ــ ھە...... ئۇكام، بۇ نەرسىنى راستتىنلا شۇنداق پۇل قىلغىلى بولارما؟ شۇنداق جىق ئالىدىغان خېرىدارى چىقارما؟ ھەي تاڭەي......ـ بېشىنى ئىرغىتتى ئۇ.

ــ مانا مەن ئىگە بولاي، ــ مەيدەمگە مۇشتلىدىم قاپ يۈرەكلىك بىلەن، ــ خېرىدارنى ئۆزۈم ئۇقۇشۇپ بېرەي. لېكىن، ئاكا، سىلىلا ئەمەس، كۆلەملىك تېرىيدىغان ئائىلىلەرنى يەنە كۆپەيتىشىمىز كېرەك. مال مەنبەسى كۆپ بولسا، بىرەر ئورۇن ۋە ياكى ۋاستىچى سودىگەرلەرگە ھەممىنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولىدۇ.

ــ بۇنچىلىك تېرىغۇدەك ئۇرۇقنى نەدىنمۇ تاپارمىز؟

— بەلەن گەپ قىلدىلا، — دېدىم دەررۇ، — مۇشۇ ئۈنۈپ قالغانلىرىنى بولسىمۇ ئۇرۇق ئېتىلى. ئېتىز- قىرلاردىمۇ كۆپكەنغۇ ئۈنۈپ قالغانلىرى؟ يەنە مەنمۇ ئۇرۇق ئۇقۇشاي. كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىپ باقىلى.

— قېنى...... قاراپ باقارمىز...... — دەپ قالدى سوپاخۇن......

ئەكبەر «توك» قىلىپ يېڭى قۇرغا كۆچتى.

«شۇنداق، دېھقانلار ئەۋزەل شارائىتنى تونۇيالمىغاچقا، ئۆز نېسۋىلىرىنى، ئۈمىدلىرىنى ئېتىزغا پەقەت بۇغداي- قوناق تېرىشقىلا باغلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى يېڭىلىغىلى، يول كۆرسىتىپ يېتەكلىگىلى باشلامچى بولسىلا، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. پەيدىنپەي ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. يەنە باغباراڭلارنىڭ مېۋە سورتلىرىنىمۇ يېڭىلاش، سەرخىللاشتۇرۇشمۇ بار، ئەلۋەتتە......»

ئەكبەر شۇ كۈنكى خاتىرىسىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازدى. ئۇ ئاددىيلا بىر كۈندىلىك خاتىرە بولۇپ قالماي، يېقىنقى بىر مەزگىل، كېلەركى يىللىق خىزمەت پىلانى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق شامالباغ دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتەرمەكچى بولۇۋاتاتتى.

— ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويامدۇ؟ — دېدى مەمتىمىن سېكرتار تۇنجى بولۇپ، - دېھقان خەق دېگەن ئاشلىق تېرىپ يەپ، سېتىپ خەجلەپ جان ئېتىدۇ. نەدىكى بىر ياۋا چېچەك بىلەن يەرنى كاشىلا قىلامدا؟

— بىز كەنت كادىرلىرى مەركىزىي ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، — دەپ قويدى غازى ئېلى چۈشىنىكسىزلا.

شۇنداق، ئۇنىڭ بۇ پىلان- قاراشلىرىنى كەنتنىڭ كونا كادىرلىرى ئانچە قوللاپمۇ، ياقتۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ



بولۇشى شۇ ئىدى. ساپاسى شۇنچىلىكلا ئىدى. ئەلۋەتتە، بەزى دېھقان ئائىلىلىرىمۇ ئاشۇلاردەك دېيىشكەنىدى. ئەكبەر تەۋەككۇل يۈكنى دەس كۆتۈرۈپ يەلكىسىگە ئالدى. ئۇ بۇ يۈكنى مەنزىلگىچە كۆتۈرۈپ بارالىشىغا ئىشىنەتتى. ئۇ شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدى. يىل بويى شۇنداق ئىشلىدى. ئۇ ئاشۇ جاھىل كۈچلەرنى، ساددا دېھقانلارنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق قايىل قىلماقچى ئىدى.

ئۇ ئىشنى سوپاخۇن ئائىلىسىدىن باشلىدى. گويا ئاشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىدەك، كۆزلىرىنىڭ ئاق- قارىسىغا ئارىلىشىپ يۈرەتتى. مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئىگىلىك ساپىنىنى كالا بولۇپ سۆرەيتتى. ئەلۋەتتە، پۈتۈن كەنتمۇ نەزىرىنىڭ، ياردەم- يېتەكچىلىكىنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ھەممىگە يېتىشىپ ئۈلگۈرەتتى. شۇ يىلى يازدىن كۈزگىچە سوپاخۇن ئائىلىسى ئېتىز ئىشىدىن سىرت، ئۈچ- تۆت كىلوگىرامدەك گۈل ئۇرۇقى يىغىۋالدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا باغ- ئوتاق قالدۇرۇقىدىكى ئىككى مو يېرىگە چاي گۈلى تېرىلدى.

— ھە......ي، قانداق بولاركىن بۇ نېمىلەر، — دەپ كېلەتتى سوپاخۇن ھېلىھەم ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

كۆپ ئۆتمەي ئېتىزلارنى غۇچچىدە ئالتۇن چېچەكلىك قاپلاپ كەتتى. سوپاخۇن ئائىلىسىدىكى ئۇلۇغ- ئۇششاقنىڭ ئەتە- كەچلەردىكى ۋاقتى چېچەك ئۈزۈش بىلەن بولۇۋاتاتتى. بىر ئېتىزنى ئۈزۈپ ئىككىنچىسىگە چۈشكۈچە ئالدىنقىسى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايتتى. ئەكبەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سايە يەرلەرگە يېيىپ قۇرۇتۇلاتتى. ئەكبەر قۇرۇغانلىرىغا ئۇدۇللۇق خېرىدار باشلاپ كېلەتتى. پۇلىنى ئامانەت چېكىگە جۇغلايتتى.

— ۋايىيەي...... — پۇل بولغاندىكىن خەجلەپ تۇرمايمىزمۇ مۇنداق؟ - دېدى بىر كۈنى سوپاخۇن.

— تەخىر قىلسىلا ئاكا، — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ تۇرۇپ، —

پۇل سىلىنىڭ، قاچان خەجلىسىلە بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، كۆزگىچە زادى قانچە پۇل يىغىلغىنىنى بىر كۆرۈپ باقساق بولارمۇ؟

— بىلىدىم، بېشىنى لىڭشىتتى سوپاخۇن،— سىز مۇشۇ «ئەرزىمەس» نېمىنىڭ قانچىلىك پۇلغا يارىغانلىقىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەكچىمۇ؟

— توغرا دېدىڭىز تاغا. سىلى، سىلىنىڭ ئالىقانلىرىغا جۇغلانغان ئەجىر مېۋىسى ئارقىلىق كەنتتىكىلەرنىڭ ئىچىگە بىر تال چوغنى تاشلاپ قويماقچىمەن.

— مۇشۇنچىلىك جاپا تارتىپ نېمىمۇ تاپارلا ئۇكام؟

— دېھقانلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى بىزە بولسىمۇ ياخشىلانسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ماڭا.

سېنتەبىر ئايلىرى كىرىپ كەلگەنىدى. دېھقانلار قوناق يىغىۋېلىش، كۆزگە تېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. سوپاخۇن ئائىلىسىمۇ شۇ ئىشلارغا ئاتلىنىپ كەتكەنىدى.

— ھەي، بۇ گۈللەرنى قانداق قىلارمىز ئەمدى؟— دېدى سوپاخۇن بېشىنى قاشلاپ،— بۇنىڭغا قارىغۇدەك، ئۈزۈپ يىغقۇدەك چولا بولمىسا يا.

— ئەمدى تەرمىسەكمۇ بولىدۇ،— دېدى ئەكبەر.

— نېمىدەپ ئەمدى؟ يەنە پۇل بولىدىغان تۇرسا؟

— ئەمدىكى خەمەكلەرنى ئۇرۇقلۇققا پىشۇرىمىز.

— ھە...... مۇنداق دېسىلە ئۇكام. كېلەر يىلنىڭ دەملىمىسى دېسىلە!؟- كۈلۈپ كەتتى سوپاخۇن.

— كېلەر يىلى تېرىمىسىلىمۇ بولار؟

— نېمىشقا تېرىمىغۇدەكمىز؟ ئىككى مو يەردىن ساپساق 40 مىڭ كوي تېپىپ بەرگەن تۇرسا ئۇ! — سوپاخۇن مەغرۇرانە كېرىلىپ قويدى.سوپاخۇنلارنىڭ تاپاۋىتىگە باشقىلارمۇ قىزىقىشىۋاتاتتى



— سوپاخۇنلار خېلى كۆپ پۇل تاپقانمىشىيا؟

— ئىككى مو يەردىن 40 مىڭ كوي بولۇپتۇ دەڭلار؟

— توۋا، ئاشۇ ياۋا چېچەكمۇ پۇلغا يارايدىكەن دېسە......

قوناق يىغىۋاتقان يەردىمۇ، كۆزگە تېرىۋاتقانلار ئارىسىدىمۇ، 4—5 ئادەم يىغىلىپ قالغان سورۇنلاردىمۇ شۇ گەپ بولۇۋاتاتتى. شۇ يىلى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئىچىگە چاي گۈلى ۋەسۋەسىسى بېسىپ كىردى. نەچچىسى سوپاخۇنغا ئۇرۇق ھاۋالە قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. ئويغىنىۋاتقان ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ ئەكبەرنىڭ ھاياجانلىرىمۇ پەلەككە يەتكەنىدى. ئۇ شۇ ھامان تېلېفوننى قولىغا ئالدى. تېخنىكا پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرىدىكى دوستلىرى، تونۇش- بىلىشلىرىدىن چاي گۈلىنىڭ ئۇرۇقى ئۇقۇشۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈۋاتاتتى.

دەرۋەقە، كۈزلۈك تېرىم ئىشلىرى ئاخىرلىشىپ، دېھقانلارنىڭ قولى بوشىغۇچە خېلىلا كۆپ ئۇرۇق يىغىلىپ بولغانىدى. يىغىلغىنىنى ئۇدۇللۇق تارقىتىپ تۇردى. ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئۆچىرىتى يەنە بار ئىدى. شۇ كۈنلەردە بىردەممۇ جىم تۇرمىدى. ئۇنى ئىچىگە چوغ كۆمۈلگەن كىشىلەر جىم تۇرغۇزمايۋاتاتتى. ئاچقان- تويغىنى، ئارام ئالغان- ئالمىغىنى بىلەن ھېسابلىششقا چولىسى يوق ئىدى.

كېيىنكى يىلى تېرىلغان چايزارلىق كۆلىمى كەنت بويىچە 60 موغا يەتتى. ئائىلىلەرنىڭ قالدۇرۇق يەرلىرى، ئاندا- ساندىكى ھۆددە يەرلىرى ھۆپپىدە كۈلگەن ئالتۇن چېچەكلەر بىلەن قاپلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى ئەكبەر كۆرەلمەي قالدى. ئۇ باشقا بىر يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈپ كېتىلگەنىدى. دېھقانلار ئاشۇ زىلۋا، ئاقپىشماق، بوغما چاپانلىق يالاڭباش يىگىتنى ئۇزاققىچە ئەسلەپ يۈرۈشتى، سېغىنىشتى. ئۇنىڭ ئەجرى بىلەن قېزىلغان قۇدۇقلار سۈيىنىڭ شىرىلدىشىدىمۇ

ئۈنىڭ نامى بار ئىدى. ئەكسىدە چىرايى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سورتلىرى يېڭىلانغان باغلارنىڭ ھاۋاسىدىن ئۈنىڭ تىنىقلىرى كېلەتتى. مېۋىلىرنىڭ تەمىدىن ياۋاش- يۇمشاق، مۇلايىم مەسلىھەتلىرىنىڭ يېقىشلىقى سېزىلەتتى.





## ئۈچىنچى باب

## يەر ماجىراسى

### 1

فېۋرالنىڭ ئاخىرقى پەيشەنبىسى ھاۋا تۇتۇلۇپ تاڭ ئاتتى. ئاسمان بېتىنى نېپىز بىر قەۋەت چاڭلىق قاپلاپ تۇراتتى. ئۈنىڭ شەرق تەرىپىدە — ئاشۇ چاڭلىق ئاستىدا بىر دانە گۈنىسىز «مىس لېگەن» نىڭ سۈرىتى تۇراتتى. بىر قارىساڭ، بۇ «لېگەن سۈرىتى» تۇمانلىق ئاسماننىڭ ئاشۇ نۇقتىسىدىن ئېچىلغان دۈپدۈگىلەك تۆشۈككە ئوخشاپمۇ قالاتتى. ئۇ تۇمان تەكتىدە قالغان قۇياشنىڭ گۈنىسىز جىسمى ئىدى. ئۈنىڭ شۇ كۈنكى جەزبىدار ھۆسنىنى، سۈزۈك، يارقىن نۇرلىرىنى، شوخ كۈلكىسىنى تەكشى تارالغان چاڭلىق يۇتۇپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەننىڭ سوغۇق شاملى سوقۇپ تۇراتتى. كۆك بېتىدىكى چاڭلىقنى، كىشلەر كۆزىگە كۆرۈنمەستىن سىمىلداپ يېغىۋاتقان توپىنى ئاز دېگەندەك، شامال غەلۋىرنىڭ توپا تاسقاپ يۈرۈشى تېخىمۇ جانغا تېگەتتى.

مانا شۇنداق بىر ۋاقىتتا «شامالباغ» كەنتىنىڭ چوڭ يولى بويىدىكى كەڭ كەتكەن بىر پارچە ئېتىزلىق ئادەملەر بىلەن تولۇپ قىزىپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا نۇرغۇن كىشلەرنىڭ كۆڭلى، يۈرىكى بۈگۈنكى ھاۋانىڭ رايىدەك سوغۇق ئىدى. ئىچىدە

نارازىلىق غەليان كۆتۈرەتتى.

كەنتتىكىلەر بۇ بىر پارچە يەرنى «مەيدان» دەپ ئاتىشاتتى. توپتوغرا 150 مو كۆلەمنى ئىگىلىگەن بۇ «مەيدان» يېزىنىڭ كەلگۈسى ماشىنىلاشتۇرۇشىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن يېڭى سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

بۇندىن ئون يىللارچە ئىلگىرى كەنت ئاشۇ «سىياسەتنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش» يۈزىسىدىن پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنى تەشكىللەپ بىر قىش يەر سالالاشتۇردى. ئەسلىي ئورنى تەكشى ئەمەس ئىدى. ئاۋۋال ئۈستى ئاقلاندى. ئېرىقراقى، دەل- دەرەخ، ئۆي- تۇرالغۇلىرىدىن پاكلاندى. كېيىن تەكتىنى تۈزلەش باشلاندى. ياش، كۈچتۈڭگۈر ئەركەكلەر ئۇدا كەتمەن چاپاتتى. ئاياللار، توپا چېپىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلار تاغار يۈدۈپ توپا يۆتكەيتتى.

ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يەرلىكلەرنىڭ كوممۇنا ۋاقتىدا ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان «ئۆكۈز موتورلۇق» كىچىك- كىچىك «توپا توشۇش ماشىنا» لىرى بار ئىدى. بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 40 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى تاختايغا تۇتقۇچ بىلەن بېكىتىلىپ، ئىككى ئۆكۈزگە سۆرىتەتتى. تاختاينى تىكلەپ بېسىپلا بەرسە، ئۆكۈز بوش توپىنى سۆرەپ نە- نەلەرگە ئېلىپ باراتتى.

بۇ يەرلەر ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ يەلكىسى بىلەن ئۆكۈز موتورلۇق تۈرتكۈچىنىڭ كۈچى بىلەن تەكشىلەنگەن. بۇنداق «تاختا ئېتىز» لارنىڭ ئۈستىدە دەل- دەرەخمۇ، دېھقانلارنىڭ تارقاق ئۆي- جايلىرىمۇ بولماسلىقى، «ئېتىزلارنىڭ بۇ قىرغىقىدىن قارىسا، ئۇ قىرغىقىدا قويۇپ قويغان تۇخۇمنى كۆرگىلى بولىدىغان» بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاشۇ قارشى قىرغاقتىكى تۇخۇمنى كۆرگىلى بولىدىغان بۇ كاتتا «مەيدان»نى كەنت نەچچە يىل كۈچ تۆكۈپ تېرىدى. كېيىنكى يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە



ئىسلاھاتى بۇ مەيداننى پارچىلاپ ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بەردى.

بۈگۈن بولسا ئاللىقاچان ئائىلىلەرگە ھۆددە بېرىۋېتىلگەن بۇ ئېتىزلىقتا شامالباغ ئەركەكلىرى يەنە بىر قېتىم توپلىشىپ، كەنتنىڭ «مەجبۇرىيەت ئەمگىكى» گە قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆز يەتكۈسىز مەيداننىڭ ئىككى يان قىرغىقىدا ئىككى ئادەم جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ يەر ئۆلچەپ كېتىۋاتاتتى. قوللىرىدا ئاللىقانداقتۇر دەپتەرلەر، ھېسابلىغۇچلارنى كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچىدىن ئادەم گۇڭگەشلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باراتتى. ئېتىز ئىچىدە كەتمەن كۆتۈرۈشۈۋالغان بىر توپ ئادەملەر ئۇياق- بۇياققا قاتراپ يۈرەتتى. ئاللىبىرلىرى توپ- توپ بولۇۋېلىپ نېمە توغرىسىدىدۇر قىزىپ- قىزىپ سۆزلىشەتتى. نېمىلەرنىدۇر غۇلغۇلا قىلىشاتتى. قايىنشاتتى. ئېتىزلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇرغان بىر توپ ئىچىدە ئىككى ئادەم بىر- بىرى بىلەن گەپ تالىشىۋاتاتتى. گويا ئۇرۇش قىلىۋاتقاندەك بىر- بىرىگە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۈنلۈك- ئۈنلۈك ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا كەڭرى ئېتىزنى قازاندەك قايناتتۇۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر توپىدىن 20—30 قەدەمچە نېرىدىكى ئورەك قىرىغا ئېگىزرەك بىر شاپ بۇرۇت پەيدا بولدى. بېشىغا سېغىز رەڭلىك شىلەپە، ئۈستىگە كۈزلۈك پەلتو كىيىۋالغان بۇ ئادەم ئوتتۇرا ياشلاردىن ئاشقانىدى. زىيادە سېمىزلىكىدىن بولسا كېرەك،پۈلتىيىپ چىققان قورسىقى پەلتوسىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. يېڭىلا قىرىلغان گۆشلۈك يۈزلىرى، قوۋۇزلىرى مىس چۆگۈننىڭ قورسىقىنى ئەسلىتىپ قوياتتى. قىش- ياز شىلەپە بىلەن يۈرىدىغان بۇ شاپ بۇرۇت مۇشۇ شامالباغ كەنتىنىڭ كونا مۇدىرى غازى ئېلى ئىدى. ئۇنىڭ بىردە سېكرېتار، بىردە مۇدىر بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىل بولغانىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ كەنت مۇدىرى ئىدى.

غازى ئېلى ئىككى يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ، كەينىگە سەلگىنە غادىيىپ تۇراتتى. ئاشۇ تۇرۇشىدا كىمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنى، كىملەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقىنىنى بىلمەكچى بولغاندەك، كۆز ئالدىدىكى كىشىلەرگە بىرمۇبىر سەپسېلىۋاتاتتى. گاھ- گاھ يەر ئۆلچەپ كېتىۋاتقانلار تەرىپىگە قاراپ قوياتتى. لەھزە ئۆتمەي ئۇنىڭ ئوڭ يېنىغا ئوتتۇرا ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ بىر كىشى كېلىپ يانداشتى. قولىدا چېكىپ يېرىملاشقان تاماكا بار ئىدى. ئېلىنغىنىغا ئىككى كۈنچە بولغان قويۇق ساقاللىرى بۇغداي ئۆڭ تېرىسى ئاستىدا كۆكىرىپ تۇراتتى. كالتە چاپان، قارا تەگلىك بادام دوپپا كىيىۋالغان بۇ ئادەم كەنتنىڭ يېڭىدىن بولغان سېكرتارى غوجا ئەخمەت ئىدى.

غازى ئېلى ئۇنىڭ كېچىكىپ كەلگىنىگە باتىنغاندەك ئالىيىپ قويۇپ غوڭشۇلدىدى:

— قارىسام، بۇ مەھەللىنىڭ كادىرلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ دېسە! ئادەم ئالدىرىغانسېرى ھەممىسى سۆرەلمىلىك قىلىۋاتقان.

غوجا ئەخمەت قاپىقىنى تۈردى. ئۇ گەپنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتى. غوجا ئەخمەت تاماكىسىنى كۈششىدە بىر شوراپ ئورەككە تاشلىدى. قانداقتۇر بىر سۆزگە ئېغىز ئۇچلاپ تۇراتتى، غازى ئېلى گەپ باشلىدى:

— بەزىلەرنىڭ ئەلپازى سەل بۇزۇقتەك قىلىدۇ. بىرەر غەلۋە- غۇدۇرنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالماسمىز- ھە؟

— ئەلكۈننىڭ ئاغزى كەڭ بولىدۇ، — دېدى غوجا ئەخمەت، — بىۋاستە مەنپەئەتكە تاقىشىدىغان بۇنداق ئىشلاردا غەلۋە- غۇدۇر چىقارمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەسلىدە بۇ باغنى كەنتنىڭ زاپاس يېرىگە ئەھيالايدىغان گەپتى.

— ئاللا، ئاللا......! كوللېكتىپ قارارىدىن ئۆتۈپ بولسىمۇ



يەنە تەكرارلاۋېرىدىكەنسىز سېكرېتار. باغ دېگەن مۇشۇنداق يول بويىدا، ئاپتاپنىڭ توسالغۇسىز چۈشىدىغان ئوچۇقچىلىقىدا بولغىنى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلىدى- بارىدى تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى باشلىغىلىمۇ ئەپلىك، پۈتقا يېقىن دەڭا. قاراپ تۇرۇڭ، كېيىنچە بۇ باغنىڭ داڭقى چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇلار شۇلارنى دېيىشىۋاتقاندا يەر ئۆلچىگۈچىلەر گۇڭگىلىرىنى سۆرىشىپ كېلىپ، ئىككىيلەننىڭ روبىروسىغا توپلىنىشتى. ئارقىدىنلا بايا غازى ئېلى دېگەن مەھەللە كادىرلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى. غازى ئېلى قىر ئۈستىدىن ئۆردەكتەك ئېغىناپ چۈشۈپ، بوغالتىرنىڭ قولىدىكى قەغەزنى ئالدى. بۇ ئۆلچەنگەن يەرنىڭ موغا ئايلاندۇرۇلغان ھېسابات خاتىرىسى ئىدى. ئۇ نېمىگىدۇر مەمنۇن بولغاندەك قىلىپ، قەغەزنى غوجا ئەخمەتكە بەردى.

— ئىككى مو ئارتۇقيا؟— دېدى غوجا ئەخمەت قەغەزدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، — 50 مو ئەمەسمىدى؟

— پۈتۈن ئورەكنى ئاساس قىلىپ ئۆلچىگەندە شۇنداق چىقىپ قالدى، — جاۋاب بەردى بوغالتىر.

— كارايىتى يوق، - غازى ئېلى شۇنداق دەپ قويۇپ، بايا كەلگەن مەھەللە كادىرلىرىغا قارىدى، — قېنى ئەمىسە، ئەزالارنى بىر يەرگە يىغىشسىلا غوجىلىرىم، دەيدىغاننى دەپ ئىشنى باشلايلى.

ئۇ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، دېھقانلار ئارىسىغا قاراپ ماڭدى. قالغانلار كەينىدىن ئەگەشتى. ھايال ئۆتمەي كىشىلەر يەر ئوتتۇرىسىغا توپلىنىشتى. ھەممەيلەن كەتمەنلىرىگە تايىنىشقىنىچە كەنت كادىرلىرىغا قارىشىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرايلى، ئولتۇرايلى جامائەت! — خىتاب قىلدى غازى ئېلى.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا چۆكۈشتى. غازى ئېلى يەنە

گېلىنى قىردى.

— ئىشنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە بىر يىغىنىمىز بار. بەزى مەسىلىلەرنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ قويمىساق بولمايدۇ. تۆۋەندە سېكرېتار كەنت كومىتېتىنىڭ يەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنى ئوقۇپ ئۆتىدۇ. ھەممەيلەن قۇلىقىمىزنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ، ئوبدان ئاڭلىۋاللى.

ئۇ «سىزگە كەتتى» دېگەندەك، غوجا ئەخمەتكە قاراپ قويدى. ئەسلىدە بۇ غازى ئېلىنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى، كىملەرنىدۇر ھامىي قىلىپ «يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» سۈپىتىدە قاراردىن ئۆتكۈزگەن ئىشى ئىدى. ئەمدى بولسا باش ئاغرىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، غوجا ئەخمەتنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇۋاتاتتى.

غوجا ئەخمەت ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغىنىنى بىلەتتى. بىلگىنى ئۈچۈن كەنت تامغىسى بېسىلغان ھېلىقى قارارنامىنى يېنىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايلا قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

— كەنتىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك تەرەققىياتىغا ئۇل سېلىش، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى كېڭەيتىپ، بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىگە ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى مەھەللىنىڭ مەيدانىدىكى يېرىدىن 50 مو يەر باغ يېرىگە ئاجرىتىلىدۇ. يېرى ئاجرىلىپ كەتكەن ئائىلىلەرگە جىگدە چاقاردىن يەر تولۇقلاپ بېرىلىدۇ.

غوجا ئەخمەت گېپىنى تۈگىتىپ، قەغەزنى بوغالتىرغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە كەينىگە چېقىپ تۇردى. غازى ئېلى «ھاي، ھاي......» دېگىنىچە غوجا ئەخمەتكە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئەزالار ئارىسىدا بىردىنلا غوۋغا چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. كىمنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭقىرغىلى



بولمايتتى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن غازى ئېلى يان تەرەپكە تاشلاپ قويغان ئىككى كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، بىر-بىرىگە «جاڭ - جاڭ - جاڭ!» قىلىپ ئۇردى.

— تىنچ، تىنچ! مەجلىس ئېچىۋاتسا، نېمە غەلۋە بۇ؟!

كىشىلەر تىنچلىنىش بىلەن تەڭلا توپ ئىچىدىن سادا كەلدى.

— يەرلىرىمىزدىكى كۈزگىلەرنى، مىڭبىر جاپادا تۇتقۇزغان دەرەخلىرىمىزنىمۇ يۆتكەپ بېرەمسىلەر، جىگدە چاقارغا؟

مەيداندىن پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. كۈلكىدىن كېيىن يەنە ۋادا - ۋادڭ باشلاندى. بەش مىنۇتلاردىن كېيىن غازى ئېلى دېدىمىكىن، يا ئۆزى چىقتىمىكىن، غوجا ئەخمەت ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئالدىغا چىقتى.

— تۇغقانلار، ئاكا - ئۇكا يولداشلار! غەلۋە قىلمايلى. گەپنى مەن چۈشەندۈرەي. دەرۋەقە، كۆپىنچىڭلارنىڭ يېرىدە كۈزدىن تېرىغان، مانا ھازىر ياشىرىشقا باشلىغان بۇغداي بار. دەل-دەرەخلىرىڭلار بار. ئەمما، باغ قۇرۇلۇشى بىزنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. بىز زىياننى تەلتۆكۈس تۆلەپ بېرىمىز، يەنى ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، يەر چىقىملىرىغا تۆلەم بېرىمىز.

— تۆلەم بەرگەن بىلەن ئەتىيازدا كۈزگە تېرىغىلى بولامدا؟— بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،— قارىغۇنى يارغا قىستىغاندەك قىلماي، بۇ يىلقى مەھسۇلاتىمىزنى ئالغىلى قويساڭلار بولماسما؟

— كۈزدە بىكارلاپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ! — ئاۋاز چىقتى يەنە توپ ئىچىدىن،— بۇ يەرلەرنى بىزگە 30 يىللىق دەپ ھۆددە قىلغان. مانا مەن ئۇنىمايمەن. مەجبۇرىي ياندۇرۇۋالىمىز دېسەڭلار، توختامنامىنى كۆتۈرۈپ سورايدىغان يەرگە بارىمەن،— بۇ سوپاخۇن ئىدى.

— بارىدىغانلارغا يول ئوچۇق! — دېدى غازى ئېلى ئالدىغا چىقىپ، — هەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. بۇ ئىشنى بىز ئۆز ئالدىمىزغا قىلىۋالغان ئىش ئەمەس، يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. بولدى، قارارنى ئوقۇپ بەردۇق، گەپ تۈگىدى، ۋەسسەلام! هەممەيلەن كەتمەنلىرىڭلارنى ئېلىڭلار. هە، قوپىلى، — غازى ئېلى ئىككى قولىدا توخۇ، كەپتەر ئۈركۈتكەندەك كىشىلەرنى ئىش تەرەپكە هەيدەشكە باشلىۋىدى، مەهەللە كادىرلىرىمۇ ئۆز ئەزالىرىنى هەيدەپ ئېلىپ ماڭدى. ئاخىرىدا 8—10 دەك ئادەم ئايرىلىپ قالدى. بۇلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدىكىلەر ئىدى. كېيىن ئۇلارمۇ نەلەرگىدۇر تاراپ كېتىشتى. كەنت كادىرلىرىمۇ تىگەن سوقۇپ يەر ئايرىدىغان جايغا كېتىشتى.

ئىشلەيدىغان ئادەم كۆپ بولغاچقىمىكىن، يېرىم سائەتكە قالماي هېلىقى سالا ئېتىزلىق يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئېگىز بىر تىگەن پەيدا بولدى. تىگەن بىلەن چوڭ يول ئارىلىقىدىن ئايرىلغان باغ يېرى توپتوغرا 52 مو ئىدى. ئاشۇ 52 مو يەرنىڭ بىر يېرىدە قېلىن قار ئاستىدىن كۆزگى بۇغداي ئېتىزلىرى، بىر يەرلىرىدە كۆزدىن تولۇق ياتقۇزۇۋېلىنغان ئوسىلىق ئېتىزلار، ئاغدۇرۇلغان ئاختاملار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاشۇ ئېتىزلارغا گويا جان ئۈزۈش ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان بىمارلارغا چىدىمايۋاتقاندەك مۇسىبەت كۆزلىرىدە قارىشاتتى. بەزىلىرى ئۆز ئېتىزىنىڭ قىرىغا زوڭزىيىۋېلىپ، خىيالغا كەتكەندى.

شۇ ئەسنادا ئەتىدىن بېرى «يىغىن» ئېچىلغان يەردىن قوپماي ئولتۇرغان بىر ئادەم ئېغىر چۈش ئىلكىدىكى ئويغۇسىدىن ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقاندەك ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇردى. ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە تىگەن سوقۇپ، قېرىم تارتىۋاتقانلار



تەرىپىگە ئەمەس، يېشىللىقتا چۈمكىلىۋاتقان بىر پارچە كۈزگى ئېتىزىغا قاراپ كەلدى.

ئوتتۇرا بوي، قارامتۇلراق كەلگەن، قىرقىم ساقال بۇ ئادەم سوپاخۇن ئىدى. ئۇ كەلگەن يېرىدىن كۈزگىلىككە زوڭزىيىپ، تىترەڭگۈ ئالقانلىرى بىلەن يۇمران مايسىلارنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالقانلىرى ئاستىدىكى ئاشۇ يېشىل مايسىلار كەلگۈسى باراقسانلىقنىڭ، ئەتىكى مول هوسۇلنىڭ، دېهقان تۆيغۇلىرىنى غىدىقلاپ تۇرغان ئۈمىدنىڭ ئۇچۇرى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ مۇشۇ يىلقى مول هوسۇل ئارمانلىرىنىڭ جىلۋىسى نابۇت بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

سوپاخۇننىڭ يۇمران مايسىلارغا يېقىلغان ئالقىنى پىژژىدە كۆيدى. ياق، ئالقىنى ئەمەس، يۈرىكى كۆيدى. كۆكرەك قەپىسىگە قامىلىپ ياتقان ئاشۇ مۇشتۇمچە «گۆش» چوغدانغا چۈشكەندەك پىژىلدايتتى، ئېچىشاتتى. نالە- پەرياد قىلىپ، قەپەس شادىلىرىغا ئۆزىنى ئۇراتتى. ئاشۇ مىنۇت ئۇنىڭ سەل قىيسىقراق كۆرۈنىدىغان ئوڭ كۆزىدىن ئارقىمۇ ئارقا ئىككى تامچە ياش ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ئاشۇ كىچىك- كىچىك ئىككى تامچە ياشمۇ ئۇنىڭ كۆپۈشۈپ چىققان تومۇرلىرىدا قايناۋاتقان قان ئۆركەشلىرىدەك قىزىق ئىدى. ياش چۈشكەن تۇپراقنىڭ يۈزىمۇ كۆيۈپ كەتتى. ئۇنى تۇپراق، ئاشۇ قارا تۇپراق بىلدى، ئەمما سوپاخۇن سەزمىدى. ئۇ پەقەت ئۆز جىسمىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بىر ئوتنىلا سېزەتتى. ئاشۇ ئوتنىڭ تەپتىدە پۇچىلىناتتى.

— سوپاخۇن! هە......ي، سوپاخۇن!!

سوپاخۇن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى.

— يەرگە چاپلاپ ئولتۇرۇۋېرەمدىلا؟ كەلمەيمىزمۇ كەتمەننى ئېلىپ! — ئۇ مەهەللە باشلىقى ئىدى. ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ قېشىدىكىلەرگە يەر بۆلۈشكە باشلىدى. بۇ هەربىر ئەزانىڭ شۇ

كۇنى چاپىدىغان قىرىم ۋەزىپىسى ئىدى.

سوپاخۇن بىر قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. نېمشقىدۇر ئۇنىڭ پۇت- قوللىرىدىن ماغدۇرى كېتىپ قالغاندەك ئىدى. ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ يېنىغا كەلدى. پىكىر- خىياللىرى يەنىلا نابۇت بولۇش ئالدىدا تۇرغان كۆزگىلىكىدە ئىدى.

— ئىست، ئىست،— دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ،— مەخمەلدەك كۆكەرگەن مايسىلار ھېلىلا چانىقىتىلىدۇ. ئەجىر ئەزىملىرىمىز تويىنىڭ تېگىدە قالىدۇ. بىر ئوبدان تىرىلىپ بولغان زىرائەتنى بۇزۇپ باغ ئەتمىسمۇ، كەنتتىن بوش يەر چىقماسمىدى؟ باغ ئەتكۈسى بولغاندىكىن ، بىزگە تولۇقلاپ بەرمەكچى بولغانئاشۇ جىگدە چاقاردىكى بوش-بىكار يەردىن ئەتسىمۇ بولىتتىيا؟ ئەزەلدىن گېپىدە تۇرمايدۇ بۇ خەق. بىرچاغلاردا «30 يىللىق ھۆددە» دەپ داغدۇغا بىلەن بەرگەن يېرى 10 يىللىقمۇ بولمىسا،— سوپاخۇن ئاچچىققىنە تىنىدى،— ھېچبولمىغاندا، تېرىغاننى يىغىۋېلىپ بولغاندا ئېلىۋالسىمۇ مەيلىدى......

سوپاخۇنغا 18 مېتىر يەر تەقسىم بولغانىدى. بۇ قېرىملىرىنى چېپىپ، كۆچەتلىرىنى سېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان شۇ كۈنلۈك ۋەزىپىسى ئىدى.

— كەڭلىكىنى بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 60 سانتىمېتىر قىلىپ چاپىمىز،— دېدى مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ،— سەل تۇرۇپ تىكىدىغان كۆچەتلەرنى ئەكېلىۋالسىلا.

سوپاخۇننىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. زېھنى، كاللىسى ئۆز زىيىنى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ كەتمەن چېپىۋېتىپ خىياللىرىنى يەنە داۋام قىلدى: «ھىم، ئورنىغا يەر بېرەرمىش. بېرىدىغان يېرى ئۈلۈش يىل ئاچقان قومۇشلۇق يار بويىدىكى بىنەم يەركەنىيا ئەينا؟ ئۈستى قومۇشلۇق، تەكتى قۇم، سۈيى پايناپ ئۇ يەرنى قاچان



ئەتلەندۈرۈپ، قاچان تېرىمغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟»

شۇنداق، تېخى ئېكىنلىك بولۇپ باقمىغان بۇ قومۇشلۇق بىنەمنى باغ ئەتمەكچى بولغان كەنت غوجايىنلىرىمۇ خالىمايتتى. پات يېقىندا ئاۋاتلاشمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداق بولغاچقا، دېھقانلار ئىلكىدىكى مۇشۇ چىلان توپىلىق تەييار يەرنى تاللىغانىدى. ئۇلار ئاپىرىدە قىلماقچى بولغان بېغىنى ئۈچ يىلدىلا مېۋىگە كىرگۈزۈپ، «يېزىنىڭ كۆزى» گە ئايلاندۇرماقچى، داڭقىنى تارىتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ «بۇرۇتى» دىن ئوبدانلا بىر ئۆتمەكچى ئىدى.

ئۇلار بۇ پىلانىغا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ گۈزەل لىباسلارنى كىيدۈردى. ئۇ لىباسلاردا: «باغۇەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەنتنى ئىسمى- جىسمىغا لايىق ‹شامالباغ› قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» ، «كىرىمنى كۆپەيتىپ، دېھقانلارنى تېز بېيىتىش» نىڭ ئەڭ چىرايلىق گۈللىرى كەشتىلەنگەنىدى. ئەمما، ئەھيا قىلماقچى بولغان بۇ باغ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنچە كىملەرنى بېيىتىپ، كىملەرنى پۇلدار- زەردارغا ئايلاندۇرۇشىنى تەگرىدىن باشقا ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

سوپاخۇن ھە دەپ ئۆرلەۋاتقان، مېڭىسىگە تېپىۋاتقان ئەسەبلىرىگە پايلىماي، كەتمەننى «گۈس- گۈس» قىلىپ بىرنەچچىنى چاپقاندىن كېيىن، بىردىنلا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا كەنت مۇدىرى غازى ئېلى كېلىۋاتاتتى. كەتمەن دەل ئۇنىڭ ئالدىغىلا چۈشتى. غازى ئېلى شىپپىدە توختاپ ئورنىدا قېتىپ قالدى. لەھزە ئۆتمەي ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرغان سوپاخۇننى كۆرۈپ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك ئاستاغىنە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قاپاقلىرى تۈتۈلۈپ قاپتۇيا سوپاخۇن؟ تاس قالدىلا كاللا- بېشىمنى يېرىپ قويغىلى. بىرسى چىشلىرىغا تەگكەن ئوخشىمامدۇ؟

سوپاخۇن گويا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان، ئۆزىنىمۇ كۆرمىگەندەك بىر خىل پەرۋاسىزلىق ئىچىدە لىككىدە قىر ئۈستىگە چىقىپ، ئىشلەۋاتقانلارغا يۈزلەندى.

— قېرىنداشلار! ھەممىڭلار بىلىسلەر، بۇ يەرلەرگە 8— 10 يىلدىن بېرى ئاز ئەجىر قىلدۇقمۇ بىز؟ قۇمساڭغۇ تۇپراقنى قىغقا تويدۇرۇپ، چىلان تۇپراققا ئايلاندۇردۇق. ئەتراپىغا كۆچەت قويۇپ كۆكەرتتۇق. تۇپرىقىنىڭ ھەربىر دانچىسىدا قانچىلىك تەر، قانچىلىك قېنىمىز بار بىزنىڭ!؟

غازى ئېلى ئۇنىڭ مىلتىقتىن ئوق ئاتقاندەك چىقىۋاتقان سۆزلىرىگە قاراپ قېتىپ قالدى. سوپاخۇننىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئايان بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر غۇلغۇلىنىڭ چىقىپ قالماسلىقىنى تىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگىلى قوپتى. ئاۋۇ تۇرغانلار ئۇنىڭ گەپلىرىگە قانداق ئىنكاس قايتۇراركىن؟ غەلۋە يوغىناپ كېتەرمۇ- كەتمەسمۇ؟......

سوپاخۇن توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— يەنە كېلىپ، كۆپلىرىمىزنىڭ كۈزگىلىرىمىز ياشىرىپ بولاي دېدى. ئۇ دېگەن ئاغزىمىزغا تەگكىلى قوپقان ئاش ئەمەسما؟ يەنە تېخى بۇ يەرلەرنى ھەممىمىزگە بىردەك 30 يىللىق ھۆددە دەپ مۆھۈرلەپ بېرىشكەن تۇرسا، مۆھلىتى يېرىملاشماي تۇرۇپ ئېلىۋالسا بولامدا؟— ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەندى،— بۇ تۇرقىدا يېزا- كەنت چوڭلىرىمىز دېھقانلىرىنىڭ گېپىگە، ناله- پەريادىغا پىسەنت قىلمىغۇدەك. ئۇلارنىڭ گېپى گەپ بولۇپ كەتكۈدەك. يۇقىرىغا- ناھىيە، ۋىلايەتلەرگىچە ئەرز سۇنمىساق بولمىغۇدەك.

— ھاي، ھاي سوپاخۇن! — غازى ئېلى ئىككى چامداپلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى،— سىلى ئالجىپ قالدىمۇ نېمە؟ نېمدەپ



قۇتراتقۇلۇق قىلىلا؟ بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقى. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلماسلىققا كىمنىڭ ھەددى- ھە؟!

— قايسى يۇقىرىنىڭ؟— قايتۇرۇپ سورىدى سوپاخۇن،— ناھايىتى شۇ يېزىنىڭ بۇيرۇقىكەنغۇ؟يەنە كېلىپ ئاشۇ ئۇقتۇرۇشتا دېھقانلارنىڭ تېرىپ بولغان يەرلىرىنى بۇزۇپ، چاناپ- چانىۋېتىپ باغ قىلىڭلار دېمىگەندۇ؟

— ھە دەپ بەرسە، نېمدەپ چىچاڭشىيدۇ ماۋۇ ئوغرى! — تىل سالدى غازى ئېلى،— كەنتنى ھەرقايىسىڭ باشقۇرامسەن، يا كەنت ھەرقايىسىڭنى باشقۇرامدۇ؟!

— سىلى باشقۇرىلا غوجام، سىلى،— دېدى سوپاخۇن تەئەددى بىلەن،— شۇڭا بىزنى سەنلىيەلەيلا، ئۇرۇپ- تىللىيالايلا. ئەمما، «غوجامنىڭ غوجىسى، چامغۇر- زەدەكنىڭ ئورىسى بار» دېيىشىدۇ. سىلىنى باشقۇرىدىغان يەرلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا. تېخى «ئوغرى» دەيدا؟

— بولدى، بولدى سوپاخۇن،— دېدى بىرەيلەن ئارىغا چۈشۈپ،— نېمە قىلىلا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ؟ سىلى- بىزلەر تارتقان، چىداپ كەلگەن زىيانلار ئازمۇ؟ قويسىلا، ئۆتۈپ كېتىدۇ بۇمۇ.

— سىلىنىڭ يەرلىرىگە ئەجەل كەلمىگەندىكىن، ئىشلىرىنى قىلسىلا بېرىپ! — دېدى يەنە بىرەيلەن سۆزلىگۈچىگە،— زىيان تارتىۋاتقىنى بىر سوپىكاملا ئەمەس، ئون نەچچە ئائىلە بار بۇ يەردە. مېنىڭچىمۇ ئەرز قىلمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ؟— گەپ ئارىلىدى سوپاخۇن،— سورىقى يوق ئالەم بولمايدۇ. بۇلار ھالىمىزغا يەتمىگەندىكىن، ھالىمىزنى ئاڭلايدىغان يەرگە بارىلى.

— ھەي تاڭەي...... — دېدى چار ساقال بىر دېھقان مەيدىسىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ،— «بېگىڭنىڭ قېشىغا بارغۇچە

بىلگىنى ئۇشتاي» دەپ، خاپىلىققا قالارمىزمىكىن؟
— يوغان قىلسا، جەرىمانە قويار، يا سولاپ قويار،— دېدى 30 ياشلاردىكى بىر يىگىت،— ئەرز قىلىشقا مانا مەنمۇ تەييار!
— خالايىق! ھەي خالايىق!! — قىر ئۈستىگە چىقتى مەھەللە باشلىقى،— نېمە قىلسا تەشكىل بىلىپ قىلىدۇ. يەنە كېلىپ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قىلىدىغان گەپ. ئاق يەردە تۈگمەن تالىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ بولدى، ئىشلەڭلار، ھەممىڭلار ۋەزىپەڭلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار!
بىرنەچچەيلەن ئۆز ئىشىغا چۈشتى. كۆپلىرى يەنە نېمە ئىشلار بولاركىن دېگەندەك، قىمىر قىلىشماي تۇراتتى. غازى ئېلىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ئاڭلاشمىدۇقما؟! ماڭىلى، ماڭىلى، كەتمەننى ئالىلى!
تۇرغانلار بىردىن، ئىككىدىن تارقىشىپ ئىش ئورنىغا كېتىشتى. تالاش- تارتىشلار شۇ يەردە بېسىققاندەك بولدى. سوپاخۇننى ياقلايدىغانلار يېرى كېسىلىپ كەتكەن ئون نەچچە ئائىلە ئىدى. قالغانلىرى خەۋپ سىرتىدىكىلەر بولغاچقا، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، كەتمىنىنى چېپىپلا يۈرەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا باغ ئورنى راسلىنىپ، كۆزگىلىكلەر، توك ياتقۇزۇلغان ئوسسلىقلار باغرىدىن چاپراس- چاپراس ئېرىقچىلار ئېلىندى. تۈپ ئورنى ئۆلچىنىپ، كاتەكلەر كولاندى. ئەتىگەنكى پارچە- پارچە مايسىزارلىق تىلغىنىپ نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى.
ئىككىنچى كۈنى نەدىندۇر ئېلىپ كېلىنگەن ئىككى ئاپتوموبىل كۆچەت ئېرىقچىلاردا تۈر- تۈرى بويىچە ئورۇن تۇتتى. ئارقىدىنلا سۇ باشلاندى.
ئىش ئاخىرلاشقان بىلەن، سوپاخۇننىڭ ئىچىدىكى ئوت پەسەيمىگەنىدى. ئەكسىچە، ھەر تىنىقتا بىر ئۆلۈش كۆچىيىپ، يۈرىكىنى كۆل قىلىشقا ئاز- ئازلا قېلىۋاتاتتى. سوپاخۇنلا ئەمەس،



زىيانغا ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىدى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى سوپاخۇن يان قوشنىسى ساۋۇت مۇئەللىمنىڭكىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. ئاللىبۇرۇنلا توقۇپ قويغان بوز ھاڭگىسى كومۇرلىتىپ ھەلەپ يەۋاتاتتى. سوپاخۇن ئۆيىگە كىرىپ بېلىنى باغلىدى. كونا ئايغىنى يېڭىراق بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئېشەكنى يەشتى- دە، ئۆيى يېنىدىكى چوڭ يولغا چىقىپ كەتتى.
ئۇنى نەچچە كۈندىن بېرى يۈرەكزادە قىلىپ كېلىۋاتقان يەرلەر دەل مۇشۇ يولنىڭ غەرب قانىتىدا ئىدى. ئۇنىڭ بوينى ئىختىيارسىز يەر تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى. گويا نەگە، نېمىشقا چىققانلىقىنى ئۇنتۇغاندەك، يەر تەرەپكە قاراپ خېلىغىچە تۇردى. ئېشەكنىڭ نېمىدىندۇر ئۈركۈپ پۇشقۇرۇشى بىلەن خىياللار ئىلكىدىن چىقىپ ئېشەككە مىندى ۋە بېشىنى لەڭگەر ئۆتەڭگى تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ ئۆيىدىن يېگانە چىققىنى بىلەن، يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۆتەڭگە يەتكۈچە ئېشەكلىكلەر ئالتىگە يەتتى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئالتە ئېشەك 14—15 ياشلاردىكى ئىككى بالىغا قالدۇرۇلۇپ، كەلگەنلەر بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ كېتىشتى.

## 2

فېۋرالنىڭ چاڭ- توزانلىق ھاۋا رايى تېزلا ئۆڭشىلىپ كەتتى. نورۇز ئېيى كىرىپ قالغانىدى. ھاۋا كۈنسېرى ئىللىۋاتاتتى. تۇپراقنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنىڭ گىرۋەكلىرى، ئېكىن يەرلەرنىڭ قىر باغرى يېشىل ياقا تۇتۇشقا باشلىغانىدى. باھار شەپىسىنى ئەڭ بۇرۇن سېزىدىغان سۆگەتلەر بەس- بەستە چوكانلاۋاتاتتى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ئەمدىلا ئىشقا كېلىپ

تۇرغان يېزا باشلىقى ئىشخانىسىنىڭ تېلېفونى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى. ئورۇندۇقىغا يېڭىلا ئولتۇرغان قاسىم ھوشۇر تېلېفونغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قول ئۇزاتتى. ئەمما، قۇلىقىغا تۇتۇپلا لىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

— ۋۇي، مەي شەنجاڭ، تىنچلىقما؟ ئالتۇن تەنلىرى ئامانما؟

— ھە، ياخشى، ياخشى، — دېگەن بىر ئاۋاز كىرىپ كەلدى قۇلىقىغا سەل سىلكىنىشلىگەندەك قىلىپ، — نېمە گەپ بۇ؟ داڭقى- شاڭقىمىز ۋىلايەتكىچە كېتىپتۇغۇ!؟

— قان...... قانداق گەپتىكىن بۇ؟ — قاسىم ھوشۇر شۇنداق دېدى يۇ، شۇ ھامان شامالباغدىكى يەر ماجىراسىنى ئېسىگە ئالدى.

— قانداق گەپ بولاتتى؟ بىر توپ ئەرزىخورلار مەمۇرىي مەھكىمىنى بېشىغا كىيىپتۇ. رەھبەرلەرنىڭ ئارامىنى بۇزۇپتۇ. ئامما ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ھەل قىلىپ ساقايتماي، زىددىيەتنى يۇقىرىغا ئىتتىرىپ قويساق بولامدا؟ ئۇلار تېخى بىزنىمۇ ياراتماي، ئۇدۇل ۋىلايەتكە بېرىپتۇ.

— مەن...... بىز...... بىزمۇ ئۇقماي قاپتۇق، شەنجاڭ. بولمىسا مەسئۇلىيەتنى، زىددىيەتنى يۇقىرىغا ئىتتەرگىلى بىشىمىز ئونمۇ بىزنىڭ؟

— مانا، مۇشۇ گەپىڭ ئۆزى مەسئۇلىيەتتىن قاچقان بولماي نېمە؟! سىزدىكى سەزگۈرلۈك نەگە كەتتى؟ مۇقىملىق، تىنچلىقنى مۇشۇنداق قوغدايمىزما؟ — ھاكىم توختىماي سۆزلەيتتى. قاسىم ھوشۇرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. نېمىگىدۇر چىشلىرى گىچ- گىچ قىلىپمۇ قالاتتى. ئورۇندۇقنىڭ قىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قولى ياغاچنى مىجىۋەتمەكچى بولغاندەك، چىڭگىدە قىسىلغانىدى.

— ئوبدان، ئوبدان، — دېدى ئۇ ھاكىمنىڭ سۆزى توختاش بىلەنلا، — بىز چوقۇم تۈزىتىمىز. ئەرزىيەتچى ئاممىنى قايتۇرۇپ



كېلىپ، ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز. ماقۇل، ماقۇل. مەن ھازىرلا گۇرۇپپا تەشكىللەپ شامالباغقا ماڭاي. يەر مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ، دېھقانلارنى رازى قىلاي.

ئۇ تۇرۇپكىنى تۇتقان پېتى ئورنىغا لاسسىدە ئولتۇردى. شالاڭ قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى ئۇدۇلىدىكى دېرىزىگە تىككىنىچە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ چىقتى، ئاندىن سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى تېلېفون كۇنۇپكىلىرى ئۈستىدە يورغىلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئىچىدە ئارقىمۇئارقا ئۈچ قېتىم نومۇر ئالماشتۇردى. كىملەرنىدۇر ئەيىبلەپ، كىملەرگىدۇر كايىدى. كىمگىدۇر بىر تالاي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن شوپۇرىغا تېلېفون ئۇردى:

— چاققان بولۇپ ماشىنىنى ئەكېلىڭ، شامالباغقا بارىمىز.

قاسىم ھوشۇر تېلېفوننى قويۇپ تۇراتتى، ئىشخانىسىغا ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئاق، سېمىز بىر ساقچى كىرىپ كەلدى. ئۇ يېزا ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

— بايا تېلېفون قىپتىكەنلا، مەن بولماي قاپتىمەن.

— شامالباغدىن بىرنەچچە غەلۋىخور ۋىلايەتكە ئەرز قىلىپ بېرىپتىكەن. ۋىلايەتتىكىلەر مەي شەنجاڭغا كايىغان چېغى. ئەمدى ئۇنىڭ بورىنى مېنى ئۇچۇرىدىغاندەك چىقىۋاتىدۇ دېسە......

— شامالباغقا بارىمىزما؟

— ياق، ياق، سىز بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما، دەرھال ساقچىڭىزدىن ئىككىنى چىقىرىپ،ئۇ گەدەنكەشلەرنى قايتۇرۇپ كېلىڭ، ئاندىن......

— ئۇ يەرگە، — يېزا باشلىقىنىڭ گېپىنى بۆلدى ساقچى باشلىقى، — ساقچى چىقىرىپ يۈرسەك پىرىنسىپقا توغرا كەلمەسمىكىن. ياخشىسى......

— ھە، ياخشىسى مەنلا بېرىپ قايتۇرۇپ كەلسەم بولغۇدەك-تە؟!

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، ئاشۇلارنىڭ كەنتىدىكى ئامانلىق قوغداش خادىملىرىدىن بىرەرسى بارسا......

— ئەمىسە، بۇ ئىشنى سىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ! — قاسىم ھوشۇر ئۈستەلدىن قانداقتۇر بىر دەپتەرنى يۈلۈپ دېگۈدەك تارتىۋېلىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ساقچى باشلىقنىڭ گېپى ئاغزىدىلا قالدى.

ئۇنىڭ بايىقى تەلەپپۇزى تەئەددىگىمۇ، بۇيرۇققىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. ساقچى باشلىقى نېمە قىلارىنى بىلمىگەنىدەك، بىردەم تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئىشككە قاراپ ماڭدى.

دەرۋەقە، ساقچى باشلىقنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ساقچى كۈچى بىلەن ھەل قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، يېزا باشلىقىنىڭ «ئورۇنلاشتۇرۇشى»نى رەت قىلىپ ياخشى ساقچى باشلىقى بولالىشىغىمۇ ئىشەنچىسى يوق ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئەرزىخورلار كەنتكە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنى ۋىلايەت ئاتايىن ماشىنىغا سېلىپ قايتۇرۇۋەتكەنىدى. ئىككىنچى كۈنى سوپاخۇن باشلىق ئالته نەپەر كىشى يېزا ساقچىخانىسىغا يەتتە قىلىپ كەلتۈرۈلدى. يەتتىنچىسى ساۋۇت مۇئەللىم ئىدى. گەرچە ئۇ ئەرزىخورلار بىلەن بىللە بولمىسىمۇ، ئۇلار كۆتۈرۈپ بارغان ئەرزنامىنى يېزىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن «ئۇلارنىڭ »نىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانىدى.

ساقچىخانىنىڭ قىلغۇسى بولسۇن-بولمىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ قىلىنغان كىچىككىنە بىر ئەرز ۋەقەسىگە ئامانلىق ئىشلىرى بويىچە دېلو تۇرغۇزۇپ چىقتى. دېلو خاراكتېرى «جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش» دەپ بېكىتىلگەنىدى. شۇ باھانىدە ساقچىخانا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 500



يۈەندىن جەرىمانە قويدى. سوپاخۇننى باش تەشكىللىگۈچى، ساۋۇت مۇئەللىمنى قۇتراتقۇچى دەپ ئىككى كۈندىن توختىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، بېگىمنىڭ قېشىغا بارغانلارنىڭ راستتىنلا بېلى ئوشتۇلدى.

يېزا باشلىقى تېلېفوندا تەنبىھ ئاڭلىغان شۇ كۈنى تۆت كادىرنى باشلاپ شامالباغقا «تەكشۈرۈپ ھەل قىلىش»قا كەلدى. ئىككى ماشىنا كەنت تەشكىلى قوۋۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، كەنت مۇدىرى غازى ئېلى كاۋاپچىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ماشىنىنى كۆرۈپ گېپىنى قىسقىلا تەكرارلىدى.

— ئوغلاق...... ھېلىقى سۈت ئەممەلىرىدىن بولسۇن-ھە؟

— خاتىرجەم بولسىلا، دەرھال پىشىدىغاندىن سالىمەن.

غازى ئېلى كەلگەنلەر بىلەن قولمۇ قول كۆرۈشۈپلا ئۇدۇل ئىشخانىسىغا باشلىدى. پالاقلاپ يۇرۇپ چاي قۇيۇپ، قورۇق يەل-يېمىشلارنى تىزدى. ھەر بىرىنىڭ ئالدىغا ئېسىل تاماكىدىن بىر قاپتىن قويدى. ئۇنىڭ باشلىق كۈتۈش سەنئىتىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئىككى مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەي ئۈستەلگە بىر لىگەن پىششىق تۇخۇممۇ چىقىپ ئۈلگۈردى. قېتىق، مېۋە ئېچىملىكلىرى ياندىشتى. قاسىم ھوشۇر بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلىشقا لەۋ تەمشىگەن بولسىمۇ، غازى ئېلى ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا زورلاپ ئىمكان بەرمىدى. ئۇنىڭغا يېزا رەھبەرلىرىنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكى ئەتىگەنكى تېلېفون روھىدىن مەلۇملۇق ئىدى. «رەھبەرلەرنى ئاۋارە قىلىپ، ئارتۇقچە يول ماڭدۇرمىسامىمۇ، ئۇلار كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەمنى مۇشۇ يەرگىلا يىغىپ بېرىمەن» دېگەننى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

— «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن كونىلار، — دېدى ئۇ قاسىم ھوشۇرنىڭ كۆز تېگىگە قاراپ، — قېنى، ئۇششاق-چۈششەكلەرگە بېقىشقاچ تۇرۇلى.

ئۈنىڭسىزمۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، يېزا باشلىقىمۇ ئالدىراشلىقنى ۋاقتىنچە بېسىپ، كەنت مۇدىرىنىڭ رايىغا باردى. ھايال ئۆتمەي تونۇر كاۋىپى بىلەن قاتلىمىلار كىرىپ كەلدى. غازى ئېلىنىڭ داستىخان نۇتقى بويىچە ئېيتقاندا، يېزا رەھبەرلىرىنىڭ چۈشلۈكى «تولىمۇ ئاددىي»، «سەھرا سۈپەت» ئۆتتى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ ھاردۇق چېيى ئىچىۋاتقاندا،غازى ئېلى كەنت كانىيىدا ئەزالار يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى «جىددىي ئۇقتۇرۇشى» نى جاكارلاپ قويغانىدى. تاماقتىن چىققۇچە دېھقانلاركەنت قورۇسىغا توپلىنىشقا باشلىغانىدى. قاسىم ھوشۇر سائەتكە قاراپ قويۇپ گېلىنى قىردى.

ئەسلىدە ئۇنىڭ كەنت كادىرلىرىنى تازا بىر تەنقىدلىگۈسى، ھاكىمدىن ئاڭلىغان تەنبىھلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغۇسى بار ئىدى، نېمىشقىدۇر بۇ نىيىتى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما، كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆز ئادەملىرىنى ياخشى باشقۇرماي، توپلىشىپ ئەرز قىلىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، يېزىغىمۇ، يۇقىرىغىمۇ باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكلىرىنى ئاز- تولىدىن ئەيىبلەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، توپلىشىپ ئەرز قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلار، «يېزىنىڭ مۇقىملىقى»غا يامان تەسىر كۆرسەتكەنلەرنى بىر قېتىم «چۆچۈتۈپ» قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇپ، دېھقانلارنىڭ يېنىغا چىقتى.

ئىشخانا ئالدىغا بىر ئۈستەل، ئىككى دانە ئۇزۇن ئورۇندۇق بىلەن «سەھنە» ياسالغانىدى. ئۈستەلنىڭ روبىروسىدىكى سېمونت ياتقۇزۇلغان مەيداندا سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئايپاپقا قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. باشلىقلار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تۇنجى گەپنى غازى ئېلى ئالدى.

— يولداشلار، بۈگۈن قا شاڭجاڭ باشلىق يېزا رەھبەرلىرىمىز



كەنتىمىزگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كەلگەنىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىمىز پۇسكىيىپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى باغۋەنچىلىك قۇرۇلۇشى قەدىمىمىزنىڭ ئاستىلىقى، ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىق ماجىرالىرى ۋە توپلىشىپ ئەرز قىلىشتەك مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرىدۇر. بۈگۈن شۇ مەسىلىلەر تۈزىتىلىدۇ. تەشكىلىي جەھەتتىن سۈرۈشتىسى قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قا شاڭجاڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى بار. قېنى، قا شاڭجاڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلىلى!- ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ چاۋاك ئۇردى. توپ ئىچىدىن بولسا، ئۇ يەر- بۇ يەردىن كەپتەر ئۇچقاندەك بىرنەچچە پالاق- پۇلۇقتىن باشقا سادا چىقمىدى. قاسىم ھوشۇر تولىمۇ ئوڭايسىزلىق ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى.

— كەنتىڭلاردا ئەھيا قىلماقچى بولغان بۇ باغ ھەممىڭلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ،— دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنى قاق ئوتتۇرىسىدىنلا،— يەنە كېلىپ باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى دېھقانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى. بۇ خىزمەت سىلەرنىڭ شامالباغدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ناھىيەمىز مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئىچىڭلاردىكى مەلۇم يامان غەرەزدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەرز قىلىنغان ھېلىقى باغ بىر تەجرىبە بازىسى. بىز مۇشۇ بازا ئارقىلىق ھەر بىرىڭلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى بېيىتماقچى. لېكىن، بەزىلەر ئاممىنى قۇترىتىپ، دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىپ، يېزىمىزنىڭ يۈزىگە لاي سۈۋىدى. توپلىشىپ غوۋغا كۆتۈرۈپ تىنچسىزلىق پەيدا قىلدى. بەزىلەر: «يەرلىرىمىزنى بۇلىۋالدى، 30 يىللىق توختامغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ بىلجىرلاپتۇ. ئورنىغا يەر ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدىغان تۇرسا، بۇ قانداقمۇ ئېلىۋالغانلىق بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر- زېمىن دۆلەتنىڭ. پەقەت پايدىلىنىش ھوقۇقى دېھقانلارنىڭ. ئورنىغا يەر

بىرىمىزغۇ؟ــ ئۇ كەنت باشلىقىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ كەنت كومىتېتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي، يېرى ئاجرىتىۋېلىنغانلارنىڭ يەرلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك. دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇسىغا چۈشمىسە بولمايدۇ.

يېزا باشلىقى «سۆزۈم قانداق تەسىرات بەردىكىن» دېگەندەك، ئولتۇرغانلارغا ئارىلاپ كۆز يۈگۈرتتى. نېمىشقىكىن، كۆلكە قونغان چىرايلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. گويا بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالەن ئولتۇرۇشقانلارمۇ بار ئىدى. ئاللىبىرلىرىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈك، كۆزلىرى بىگىزدەك قادىلىپمۇ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ بىر مەزمۇننى چالا قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى-دە، قوشۇپ قويدى:

ــ ئاخىرىدا شۇنى دەپ قوياي، بۇ قېتىم ئاممىنى قۇترىتىپ غوۋغا كۆتۈرۈشكەن، توپىلىشىپ شىكايەت قىلىپ تىنچسىزلىق پەيدا قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. بۇ يېزىدا بىز تۇرساق، نېمە دەپ دەرىجە ئاتلاپ ئىش پەيدا قىلىدۇ؟ كەنت قائىدىسى، ئائىلە ئەھدىنامىلىرىغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بۇ! ئۇلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلماي، سىياسەتنى، قانۇننى بىلدۈرۈپ قويماي بولمايدۇ.

يېزىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىمۇ، يەر ماجىراسىنى ھەل قىلىشمۇ شۇ بولدى. «يىغىن»دىن كېيىن غازى ئىبلى باشلىقلارنى ئېلىپ نەگىدۇر يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى يەر تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ئائىلىلەر جىگدە چاقارغا چاقىرتىلدى. بۇ يېڭىياچە ئېچىلغان بىنەملىك ئىدى. ئەتراپى قومۇشلۇق، توپا قەۋىتى ئۈزە، سۈيى پايناپ يەرلەر ئىدى. كىشىلەر نارازى بولسىمۇ، كەنتنىڭ بەرگىنىنى ئالماي، بىنەملىككە يېڭىباشتىن ئەجىر تۆكمەي ئامالىرى يوق ئىدى. بۇ يىلقى ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتۈش



تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

لېكىن، بىر ئادەمنىڭ بۇ تەقدىرگە تەن بەرگۈسى يوق ئىدى. ئۇ سوپاخۇن ئىدى. «يەرسىز قالسام قالايكى، بۇنداق بولۇمسىز يەرنى ھەرگىزمۇ ئالماي، ــ دەيتتى ئۇ ئىچىدە، ــ يېڭى ئاچقان بىنەمنى ئەتلەندۈرۈش، تېرىمغا كىرگۈزۈشكە ئاز مەبلەغ، ئاز كۈچ كېتەمدا؟ يىلىكىمنى شوراپ بولغاندا ئاندىن يەر بولىدۇ ئۇ. ئۇ چاغدا قايسى كۈچۈم، قايسى پۇلۇم بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمەن؟......»

يەر بېرىدىغان كۈنى سوپاخۇن گويا كەنتنىڭ چاقىرتىشىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۆيىدە باشقا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرەتتى.

ــ چاقىرتقاندىكىن چىقسىلا، بەرگەن يېرىنى كۆرۈۋالسىلا، ــ دېدى تائەتخان ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ــ قومۇشلۇقنىڭ ياقىسى قېپقالمىسۇن بىزگە.

ــ بارسام- بارمىسام ھەممىسى ئوخشاش. تولۇقلاپ بەرمەكچى بولغان يەرلىرىنى بىلمەيمەنما، مەن؟ نەدىن قويسا قويىمامدۇ؟

ــ شۇنداقتىمۇ بارغانلىرىغا يەتمەيتتى. «ئادەمنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەن» دېيىشىدۇ كونىلار. ھەرقانداق ئىشتا يۈزتۇرا بولغانغا يەتمەيدۇ، ــ سوپاخۇن نېمىلەرنىدۇر گۇڭگۇرلاپ قويۇپ قوتان تەرەپكە كەتتى. لاپاس ئاستىدىن بىر تاغار قۇرۇق غازاڭ تىقىپ چىقىپ،ئۇلاغلارغا تۆكتى، ئاندىن ماللىرىنىڭ ئايىغىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ قوتانغا كىردى. ماللارنىڭ ئايىغىدىكى قىغ چىلىلە بولۇپ كەتكەنىدى. سېسىغان قىغنىڭ قاڭسىق پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ قوتاننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. تۆمۈر ئارىنى زەرب بىلەن سانجىپ- كولاپ، قىغ ئۈستىدىن غەلۋىر چوڭلۇقىدا كاتەك ئاچتى، تاكى قوتاننىڭ

تەگ تويىسىغا چىققۇچە كولىدى. ئورەك چوڭقۇرلۇقى 40 ـ 50 سانتىمېتىر كېلەتتى.

— يۈز تاغاردىن كۆپراق چىققۇدەك، — دەپ مۆلچەرلىدى ئۇ قوتاندىكى مال قىغىنى، — ھەر ھالدا بەرمەكچى بولغان ئەتىسىز يېرىنى بىر قېتىم ئەيلەشكە يېتىدۇ، — ئۇنىڭ خىيالى بىردىنلا يەر غەلۋىسى بولغان كۇندىكى پاراڭلارغا ئاغدى، — ھىم! — دىمىقىنى قاقتى ئۇ خىياللىرىنى داۋام قىلىپ، — يەرنىڭ ئەتىسىزلىكىدىن غەم قىلماڭلايەي، ھەقسىز خىمىيەۋي ئوغۇت بېرىمىزەي دېيىشىدۇ. ئېكىن بولۇپ باقمىغان يەرگە كار قىلامدۇ ئۇ نېمىسى؟ يەرگە، يەنە كېلىپ يېگى بىنەملىككە يىلىك بولىدىغىنى مانا ماۋۇ......

— سوپىكام بارمىدۇ؟

دالان تەرەپتىن چىققان ئاۋاز ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى.

«كىمدۇ بۇ؟» سوپاخۇن قوتاندىن چىقىپ، ئارىسىنى يەلكىسىگە سالغىنىچە دالانغا ئۆتتى. ھويلا ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە كەنت ساقچىسى قاراپ تۇراتتى.

— يەر ئۇستىگە چىللاپ كەلدى، چوقۇم، — گۇمان قىلدى سوپاخۇن، — مېنى ئېلىپ چىقمىساق، يەنە ئىش تېرىپ بېرىدۇ، دەپ قېلىشقان چېغى، — ئۇ كەنت ساقچىسى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ دېدى:

— ھە، كادىرلىرىمىز «كەلمىسە بولمايدۇ، دەرھال ئېلىپ چىقىڭ» دەمدا؟

— ۋايىيەي، ئەجەب موللا تاپقاقسىز ـ ھە، سوپىكا؟ — ھىجايدى ئۇ، — شۇ...... غازى مۇدىر سىزنى ئاقدۆۋىگە چاققان كەلسۇن، — دېدى.

— بېرىدىغان يېرى جىگدە چاقاردا تۇرسا، ئاقدۆۋىگە بارامدىكەنمەن؟ گېپىڭدىن ئېزىپ كەتتىڭمۇ نېمە، غوجام؟



— يوقسۇ، مەن دەل ئاقدۆۋىدىن كەلدىم. سىزنى شۇ يەرگە كەلسۇن دېدى.

— ھە...... — دېدى سوپاخۇن كېيىنكى گەپلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، — مەن يەرنىلا ئويلاپ كېتىپتىمەن. دېسەم ـ دېمىسەم، بىرەر يەرگە ھاشارغا ئەۋەتىدىغۇ مېنى. جەرىمانە ئېلىپ، ئىككى كۈن سولىتىپ قويۇپمۇ ئۆچى چىقمىغان ئوخشايدۇ. قېنى، نەۋاققىچە قېرىشارسىلەركىن مەن بىلەن......

— ئەمىسە مەن كەتتىم، ـ سوپاخۇننىڭ خىياللىرىنى بۆلدى كەنت ساقچىسى، — شۇ يەرگە ھايالشىماي بارالا.

ئۇ چىقىپ كەتتى. سوپاخۇن ئۆز قىياسلىرى تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ئاچچىقلىرى ئۇستىگە ئاچچىق يۇتۇپ، ئۆيىگە كىرىپ، يېلىك چاپىنىنى كىيىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئاقدۆۋە سوپاخۇنلارنىڭ مەھەللىسىگە تۇتاش يەنە بىر مەھەللىنىڭ نامى ئىدى. سوپاخۇننىڭ ئۆيى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. سوپاخۇن كېلىۋېتىپ كەنت ئىلكىدىكى يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە كىشى بىلەن تۇرغان غازى ئېلىنى تونۇدى.

— ھالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدەك ئۆمىلىمەي، چوڭ ـ چوڭ دەسسىمەمسىلە، ئاداش! — غازى ئېلى گويا يېقىن ئاغىنىسىنى كۆرۈۋاتقاندەك، سوپاخۇننى چاقچاق بىلەن كۇتۇۋالدى. ئۇ سەل خۇشامەت قىلىۋاتقاندەكمۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن غازى ئېلى گەپ باشلىدى:

— يەر سەۋەبىدىن كۆپ ئىشلارنى قىلىپ كەتتىڭلا، ئاداش. «تولا قاينىغان چۆگۈن ئۆز بويىنغا تاشار» دېگەندەك، زىيانىنىمۇ ئاز تارتمىدىڭلا.

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى سوپاخۇنغا ھېلىقى جەرىمانە ۋە تۇتۇپ تۇرۇشلارنى ئەسلەتتى. ئۇ بۇلاردىن نارازى، كۆڭلى ئېغىر ئازار يېگەن بولسىمۇ، ھەق ئۈچۈن گەپ قىلغىنى، ھۆددە

توختامىنىڭ ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن كىچىككىنە رىيازەت چەككىنىدىن ئەسلا ئۆكۈنمەيتتى. شۇڭا ئۇ لام-جىم دېمەي ئاڭلاپلا تۇردى.

— ئەسلىدە مۇنداق قىلىپ يۈرۈش كەتمەيتتى، — غازى ئېلى گېپىنى داۋام قىلدى ، — بۇ ئىشنى گەپ-سۆز بىلەن ھەل قىلاتتۇق. ھېلىھەم بولسىمۇ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات. سىلىگە يېرىڭلىنى مۇشۇ يەردىنلا تولۇقلاپ بېرەي دېدىمىيا؟ بولارمۇ يا؟

— مۇشۇ يەردىن دەمدىلا؟ — سوپاخۇن ئىشەنمىگەن ھالدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — يۈرەكلىرىنى كەسكەندەك، چىشلىرىنى يۇلۇپ بەرگەندەك بولارمىكىن؟ كىچىك بالىنىڭ ئاغزىغا كەمپۈت تەڭلىگەندەك گەپ قىلماي، نەق گەپلىرىنى دەۋەرسىلە مۇدىر. كىمنىڭكىگە مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە بارىمەنكىن؟

— نەدىكى گەپنى قىلىدا ماۋۇ! يەر بېرەي دېدىم، يەر! — قېنى قۇناخۇن، — غازى ئېلى كەنت بوغالتىرىغا قارىدى. ئۇ يەر ئۆلچىگۈچكە تايىنىپ تۇراتتى، — سوپاخۇننىڭ كۆزىچە ئۆلچەپ بېرىڭا، مېڭىڭ.

سوپاخۇن بىر غازى ئېلىگە، بىر بوغالتىرغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— راست...... راست مۇشۇ يەردىن ئاجرىتىپ بېرەمدىلا؟ — ئۇ ھېلىھەم ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە تۇراتتى، — بۇ...... بۇ، كەنت تەشكىلىگە تەۋە يەر تۇرسا......

— كەنت تەشكىلىنىڭ ئىلكىدە بولسا نېمە بولاپتۇ؟ ھەممىسى كەنتىمىزنىڭ يېرى، سىلى-بىزدەك دېھقان تېرىماي، كىم تېرىيدۇ؟ — ئۇ سوپاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — بۇمۇچۇ، قاشاڭجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. سوپىكامنىڭ كۆڭلى چىگىلمىسۇن، ئەت يەردىن بېرىڭلار دېگەن. قارىساق ئەت يەر مۇشۇ يەر ئىكەن، — ئەتەيگە كۈلۈپ قويدى ئۇ.



سوپاخۇن ھە دېگەندە قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى. غازى ئېلىنىڭ بىردىنلا مەردلىشىپ كەتكىنىگىلا ئەمەس، يېزا باشلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىن ھەيران بولاتتى. «تېخى نەچچە كۈن ئالدىدا مېنى قۇتراتقۇلۇق قىلدى دەپ چىش غۇچۇرلىتىپ يۈرگەن ئادەم ئەمدى كېلىپ يەرنىڭ ياخشىسىنى بېرىڭلار، دەپ قاپتۇ يا؟» ئۇ بۇ تاسادىپىي ئىلتىپاتنىڭ كەينىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولاتتى، ئەمما تېگىگە يېتەلمەيتتى.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، كەنت مۇدىرى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئالتە مو يەر ئۆلچەتكۈزۈپ بەردى. ئەتەيگە سوپاخۇننىڭ ئۆزىگە قوزۇقلارنى قاقتۇرۇپ، پاسىلىنى بېكىتىپ بەردى. نەچچە كۈنگە قالماي ئىلگىرىكى يېرىدىكى كۆزگى بۇغداينىڭ تۆلىمى ھېسابىدا ئەل قاتارى ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت دېگەنلەرنىمۇ تەقسىملەپ بەردى. شۇ كېچە سوپاخۇننىڭ ئۇيقۇسى يەنە بىر قېتىم قاچتى. بۇ ئىلگىرىكى قېتىملاردىكىدەك ئاللىقانداقتۇر دەرد-ئەلەم، ئاچچىق ئازابتا بوغۇلۇشتىن ئەمەس، بەلكى يۈرەكلىرىنى مىڭ پارە قىلىۋەتكەن ئاشۇ زىيانلىرىنىڭ، قولدىن كەتكەن يېرىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنىڭ شادلىقىدىن ئىدى. ئۇ پات-پات بېشىنى كۆتۈرۈپ تۈڭلۈككە قارايتتى. قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ خورىزىنىڭ چىللىشىنى كۈتەتتى. ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن تاڭ ئاخىر ئاتتى. ناشتىدىن كېيىنلا نۇرمەمەتتىن باشقا «ئولتۇر-قوپ»نىڭ ھەممىسى ئېتىزغا ماڭدى. سوپاخۇن پەيتنى چىڭ تۇتۇپ يازغى بۇغدايغا ئۇرۇق سالدى. گەرچە ئۇ كۈزگى بۇغدايدەك چىقىشلىق بولمىسىمۇ، ئورنىغا ئېگىز قونىقى تېرىپ، كېمىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولاتتى.

## 3

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتۈپ تۇردى. ئىككىنچى يىلى ھېلىقى

مېۋىلىك باغ خېلىلا ئابادىغا كېلىپ قالدى. باغ ئەتراپى كېسەك تام بىلەن قورشىلىپ، يوغان شادا دەرۋازا ئورنىتىلغانىدى. باغنى نەدىنىدۇر كېلىپ- كېتىپ يۈرگەن كۆنۈلۈكچىلەر، مەدىكارلار پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە «كەنت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ» دەپ ئەھيا ئېتىلگەن بۇ باغ ئىچكى جەھەتتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

«باغنىڭ 10 يىللىق كۆكىنى سېتىپتۇمىش» دەپ ئاڭلاشتى قۇلىقى ئۇزۇنراق كىشىلەر. ئەمما، كىمگە ساتقانلىقى، نەچچە پۇلغا بەرگىنى دېھقانلارغا قاراڭغۇ ئىدى. ئۈچىنچى يىلى ئەتىيازدا بىر ئائىلىلىك كىشى كۆچۈپ كەلدى. بۇ ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسى ئىدى. ئەر- خوتۇن، باللىچاقىلىرى باغنىڭ ئوتاق- سۇغۇقىنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلار كۆچۈپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي غازى ئېلى سوپاخۇننىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇپ قالدى.

— غېرىب خانىمىزغا ئاياغلىرى يېتىپ قاپتۇ، مۇدىر؟— دېدى سوپاخۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ،— قېنى، قېنى، ئىچكىرى كىرىڭلى.

تائەتخان داستىخان سېلىپ، كۆك پىياز قاتلىمىسى بىلەن بىر قاچا قېتىقنى قويدى.

— ئالدىراشچىلىقتا لايىقلىرىدا بولماي قالدى. كۆڭۈللىرىگە ئالماي تېتىپ باقالا.

— ئارتۇقچە جۇۋاپ كېتىپلا. قېتىق بولغانىدىكىن زاغرا ئەكېلىۋەرمەي.

— ئۆزلىرىنى چىللاپمۇ ئەكېلەلمەيدىغان تۇرساق، بۇمۇ لايىقلىرىدا ئەمەستى. ئالدىرىمىسىلا توخۇدىن بىرنى ئۆلتۈرسۇن، سوپاخۇن.

— بولدى، بولدى. ماڭا تېگىل بولدى. مەن ئالدىراشلا كىرگەن.



تائەتخان كىرىپ كېتىش بىلەن مۇدىر سوپاخۇنغا قارىدى.

— سىلىنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. گېپىمنى......

— ئەجەب تۈزۈت قىلىپ كەتتىلىيا، مۇدىر؟ ئىش- پىش بولسا دەۋەرسىلە.

— مۇنداق گەپ،- غازى ئېلى قېتىق ئىلغان ناننى ئاغزىغا كومىدە سېلىۋېتىپ گېپىنى داۋام قىلدى،— ھېلىقى باغنىڭ ئىشى......

— باغقا نېمە بولدى؟

— بىر ئىش بولغىنى يوق. سىلىنى شۇ يەرگە قاراپ بەرسۇنمىكىن دېيىشكەن.

— قارايدىغان ئادەم باردەك تۇراتتىيا؟

— ئادەمغۇ بار. ئەمما، سىلىدەك باغ تېخنىكىدىن بىرى لازىم بولۇۋاتىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە،- سوپاخۇن گەدىنىنى قاشلىدى،— قاراپ بەرسەمغۇ ياخشى بولاتتى، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، ئېتىز- ئېرىق ئىشىغا ئەر- خوتۇن ئىككىمىز ئاران يېتىشىمىز......

— توختاڭلا، سىلىنى ئېتىز- ئېرىقنىڭ ئىشىنى قويۇپ باغقىلا ئىشلە دېمەيمىز. پەقەت تېخنىك بولۇپ چاتاش- پۇتاش، ئۇلاش ئىشلىرىنى قىلىپ بەرسەڭلىلا بولىدۇ. بۇ دېگەن يىل بويى چىقىدىغان ئىش ئەمەس. ئەتىياز، كۈز مەزگىللىرىدە بىرنەچچە كۈن ئاۋارە بولىسىلە شۇ. قالدى چاغلاردا دېھقانچىلىقىڭلىنى قىلساڭلا بولىدۇ يا؟

— بۇغۇ قىلغىلى بولىدىغان ئىشلاركەن.

— شۇ ئەمەسما؟ پەقەت ھۈنىرىڭلا كېرەك- تە بىزگە.

— ھە راست،— دېدى سوپاخۇن بىر ئىشنى بىلگۈسى كېلىپ،— باغ زادى كىمنىڭ بولدى؟ مەن كەنتكە-

هەرقايسىلىرىغا ئىشلەيمەنمۇ، يا باشقا بىرسىگىمۇ؟ ئاڭلىساق، باغنىڭ كۆكىنى سېتىپتىكەنسىلەر.

— شۇنداق، — دېدى غازى ئېلى قاپىقىنى سۈزۈپ، — باغنىڭ كۆكىنى ساتقان. سىلى كەنتكە ئىشلىدىم دەۋېرىڭلا. سىمكارلىرىنى بېرىدىغان ئادەم بار.

— تېخى ئىش ھەققىمۇ بېرەمدا؟

— يىلىغا ئىككى- ئۈچ مىڭ كويدىن بېرەرمىكىن.

— بۇ، بۇ راست گەپما؟ — ئەزەلدىن مەجبۇرىيەت ھېسابىغا ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتقان بۇ ساددا دېھقان گاڭگىراپلا قېلىۋاتاتتى.

— توختاملىشىپ ئىشلەيسىلەر. بىر پۇڭنىمۇ كەم قىلمايدۇ.

«دېسەم- دېمىسەم، سەنمۇ شېرىكقۇ بۇ باغقا؟» دەپ ئويلىدى سوپاخۇن ئىچىدە ۋە ئازراق دېلىغۇللۇق بىلەن دېدى:

— ئۆزلىرى شۇنداق دېگەندىكىن، ياق دېگىلى بولماس. ئىشلەپ بېرەي ئەمىسە.

— ماۋۇ گېپىڭلا بولدى مانا. ئىش چىققاندا «ھايت» دەيمىز، شاققىدە كېلەرسىلە. بۇ يىل بەزى سورتلارنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىكەن. سەمىڭلادا بولسۇن، پات يېقىندا ئۆلاق نوتىلىرى كېلىدۇ.

سوپاخۇننىڭ ئۆلاقچىلىقتا ھەقىقەتەن ئېپى بار ئىدى. قويغان كۆزلىرى زايە بولماي تۇتاتتى. ئۇنىڭ داڭقىنى ئۆيى كەينىدىكى «ئۈچ قالدۇرۇق»قا بېرىلگەن يەردە ئەھيا قىلغان بىر يېرىم موچە بېغى نە- نەلەرگە تارىتىۋەتكەنىدى. كىچىككىنە باغچىدىن ھەممە مېۋە تېپىلاتتى. مېۋە- چېۋىلەرنىڭ شېخىنى كۆتىرەلمەي بولۇشى، سەرخىللىقى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. كۆرگەنلا كىشى «جەننەت» نامى بىلەن تەرىپلىشەتتى.



شۇ يىلى كۈزدە ھېلىقى باغ كۆچەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرى قايتىدىن ئۇلىنىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۆلاق نوتىلىرى كۆكلەپ چىقىشقا باشلىغاندا، غازى ئېلىمۇ، باغ غوجايىنلىرىمۇ قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتى. قويغان كۆزلەرنىڭ 99 پىرسەنتى تۇتۇپ كۆك چىقارغانىدى.

سوپاخۇن كېيىن بىلدىكى، باغنى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئۆزىگە «شاپائەت قولى»نى سۇنۇپ ياخشى يەر بەرگۈزگەن يېزا باشلىقى قاسىم ھوشۇرنىڭ ئىنىسى قادىر ھوشۇر ئالغانىدى. شۇنداق، نام شۇنىڭدا ئىدى. ھەممە ئىشنى شۇ ئىگە بولۇپ بېجىرەتتى. ئېلىم- سېتىم، ئەمگەك كۈچى تېپىش دېگەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىدىغىنى شۇ ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە غوللۇق بىر كۆلەڭگە بار ئىدى. ئۇ پىنھاندا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلاتتى. ئىشلارنىڭ يولىنى بىر قوللۇق راۋانلاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرەتتى. ئۇنى سوپاخۇننىڭ بىلىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، غازى ئېلىدىن باشقا بىركىم ئېنىق بىلىپ كەتمەيتتى.

سوپاخۇن باغقا ئىككى يىل پەرۋىشكار بولدى. باغ ئاللىقاچان بەش ياشقا كىرىپ قالغانىدى. سورتلار ئۆزگەرتىلىپ، راۋرۇس مېۋىگە كىرگەنىدى. مېۋىلەر ئۇدۇل ناھىيە بازىرىغا توشۇپ كېتىلەتتى. ئۇ يەردە باغ ئىگىلىرىنىڭ چوڭ بىر مېۋە- چېۋە توپ تارقىتىش شىركىتى بار ئىدى. بولۇۋاتقان يىللىق كىرىمنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ئاغزى ئېچىلىپ قالاتتى. كېيىنكى يىلى سوپاخۇن ھېچقانداق ئەمگەك توختامىمۇ تۈزمىدى. ئىشقا چاقىرىپمۇ كىشى كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، سوپاخۇن ئاستا- ئاستا ئۆز ئېتىزىنىڭ ئىشى بىلەنلا بولدى.

بۇ كۈنلەردە نۇرئابدۇللامۇ مەكتەپتىن ئاجراپ، نۇرئەخمەت بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرى- سوپاخۇننىڭ بەردەم

ياردەمچىلىرى بولۇپ قالغانىدى. كېيىن نۇرئەخمەت قۇرۇلۇشچىلىقنى ئۆگىنىمەن دەپ سىرتقا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇش ئويى شۇ يولنى تاللاتقۇزغانىدى.





# تۆتىنچى باب

## چوڭ ئوغۇل

نۇرئەخمەت كەلگەندە قۇرۇلۇشنىڭ تاملىرى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ بولغانىدى. ئەمما، ھېلىقى ئۇستا كۆرۈنمەيتتى. نۇرئەخمەت ئۇنى كۆپ ئىزدىدى. بىرەر يەرگە كەتكەن بولسا كېلىپ قالار دەپ كۈتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئىش بېشى بىلەن نېمە توغرىسىدىدۇر قىزىرىشىپ قېلىپ كېتىپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئالدى. ئۇنىڭ كاللىسى لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋەرگىلى بولمايتتى. ئىش تاپمىسا، تۇرمۇش تىرىكگە ئىگە بولمىسا بولمايتتى. شەھەر دېگەندە بىر كۈن ئىشلىمىسەڭ بىر كۈنلۈك تاماق پۇلۇڭ گەدىنىڭگە كېلەتتى. تونۇيدىغانغىمۇ پۇل بولمىسا بولمايتتى. ئۇ دەماللىققا قارا ئىش بولسىمۇ قىلغاچ تۇردى.

قىلىدىغىنى يەنىلا خىش ـ كېسەك، لاي توشۇش ئىدى. تۇپىلاڭ سەينادا تەرلەپ ـ پىشىپ ھارۋا سۆرەيتتى. ھارۋىنى كاتاڭلاردىن، پېتىۋالغان توپا ئارىسىدىن چىقىرالماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەيتتى. تاپقان پۇلى بۇرنىدىن بۇلاق بولۇپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ ماڭغۇدەك، ھارۋا تارتقۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۆزىنى بىراۋ قولىدىن تارتسىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

نۇرئەخمەت ھارۋا تارتىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم بىچارە، تەلەيسىز ھېس قىلىپ قالدى. نامرات دېھقان ئائىلىسىدە

توغۇلۇپ قالغىنىدىن ئەپسۇسلاندى. ئۇ بەزىدە دادىسىنى پۇلنى غازاڭدەك خەجلەپ يۈرىدىغان بايۋەچچىلەرگە سېلىشتۇرۇپ كېتەتتى. ئۆزىنى بولسا ئاشۇ بايۋەچچىلەرنىڭ شاد-غەمسىز بالىلىرىغا، رېستوران-مەيخانىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئويناپ يۈرگەن شەھەر ياشلىرىغا تەڭلەشتۈرۈپ باقاتتى. كاللىسىدا ئىككى دۇنيا بولۇپ تۇرغان ئاشۇ ساھىلدا قايمۇقاتتى.

«ھەممىنىڭ جان تومۇرى پۇل. ئاتا-بوۋىلىرىمىز: ‹پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا،› دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ھەممىگە تاقىلىدىغىنى شۇ پۇلكەن. لېكىن، ئۇنى كوچىدىن سۈپۈرۈۋالغىلى بولمىغاندىكىن، مۇشۇنداق ئىشلىمەي، جاپاغا چىدىماي ئامال يوق-تە.......» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

نۇرئەخمەت ھارۋىسىدىكى كېسەكنى تۆكۈۋېتىپ قايتىۋاتاتتى. ئىش مەيدانى قورۇق تېمىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا بىرسىنىڭ ئىش بېشىغا دەۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— ماتېرىيال ساقلاشقا يەنە بىر ئادەم تېپىڭلار، — دەۋاتاتتى ئۇ، — مۇقىم ئىشلىيەلەيدىغان ئىشلەمچىلەردىن بىرىنى قويساڭلارمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ كېچىلىك قاراۋۇللۇق ياخشى بولسۇن.

«بۇ يەرنىڭ غوجايىنى ئاشۇ ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت تاققىدە بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ۋە ئىختىيارسىز ھارۋىسىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قاراۋۇللۇققا مېنى ئالغان بولسىلا، غوجايىن. كېچىلىكى ئۇخلىماي كۆزەت قىلاي. ئىگەكىم، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايمەن.

— ھا-ھا-ھا...... — كۈلۈپ كەتتى بايا ئىش تاپشۇرۇۋاتقان ئادەم،- بەك گەپچىكەنسىنا سەن؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، دېگەن يەرلىرىدىن چىقىمەن. يارىمسام قايتىپ بېرىپ خىشمنى توشۇيمەن.



— مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتامسەن؟- سورىدى ھېلىقى كىشى.

— ئۇزاق بولدى، شوگۇڭلۇق قىلىدۇ ئۇ، — تونۇشتۇردى ئىش بېشى.

— ئەمىسە بولىدىغۇ، مۇشۇ بالىنى قويۇپ قوي، — ئۇ ئىش بېشىغا يەنە نېمىلەرنىدۇر تاپىلاپ قويۇپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى.

نۇرئەخمەت شۇ كۈنى كەچتە يوتقان-كۆرپىسىنى ئېلىپ يېڭى ئىش ئورنىغا كۆچۈپ كەلدى. «قاراۋۇلخانا» دېگىنى دەرۋازا يېنىغا تام سوقۇپلا چىقىرىلغان سۇۋاقسىز بىر ئۆي ئىدى. ھەر ھالدا ئىشىك-دېرىزىسى، ئىچىدە بىر كونا كارىۋىتى بار ئىدى. كۈندۈزى شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كىرگەن-چىققانلارغا كۆز-قۇلاق بولاتتى. كېچىسى يەنە بىرەيلەن بىلەن نۆۋەتلىشىپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا قارايتتى. «ئىشخانا»سىمۇ، ياتىقىمۇ شۇ ئىدى. ھەر ھالدا ئېغىر ئەمگەكتىن، سىرتتا ئاپتاپ چېقىش، شامال يالاشتىن قۇتۇلغانىدى.

شۇ ۋەجدىن ئاغزىدا بولسىمۇ ئىش بېشىغا خۇشامەت قىلىپلا تۇراتتى. بۇيرۇغان ئىشلىرىنى چېپىپ يۈرۈپ بىردەمدىلا بەجا كەلتۈرەتتى. ئىش بېشىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ يۇمشاق، ئايىغىنىڭ چاققانلىقىغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىش ھەققىمۇ بىر قاتلاندى. بىرەر ئايغا قالماي ئۈستىبېشى يېڭىلاندى. يۈز-كۆزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، خېلىلا سۆلەت كىرىپ قېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى نۇرئەخمەت ئىش بېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ھېلىلا ئېلىپ كېلىنگەن بىر ماشىنا سېمونتنى باستۇرۇۋاتاتتى. بىرسى كېلىپ ئىش بېشىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر كىچىك ماشىنا بىلەن بىر كوزۇپلۇق ماشىنا تۇراتتى. ئىش بېشى قايسى كۈنىدىكى «شاپائەتچى» بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. « ‹ئىم› ، بىرەر ئىشمىدىن چاتاق چىقتىمۇ

نېمە؟ قاراۋۇللۇقۇمدىن قۇرۇق قالمىغىدىم.......» دەپ قالدى نۇرئەخمەت كىلىۋېتىپ.

— ماشىنىغا چىقە،— دېدى ئىش بېشى ئۇ كېلىشىگىلا كىچىكرەك بىر يۈك ماشىنىسىنى كۆرسىتىپ.

نۇرئەخمەتنىڭ ئاغقان يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ ھاپىلا-شاپىلا ئىش بېشىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ماشىنا شەھەر كوچىسىغا كىرىپ كۆپ ماڭمايلا بىر ماگىزىننىڭ ئالدىدا توختىدى. ئىچى يوغان زال تۈسىنى ئالغان بۇ يەر ئائىلە جابدۇقلىرى دۇكىنى ئىدى. ئىش بېشى نۇرئەخمەتنى ئەگەشتۈرۈپ بولاق كارىۋاتلار يېنىغا ئېلىپ كەلدى. رەت-رەت تىزىپ قويۇلغان خىلمۇخىل نۇسخىدىكى رەڭدار كارىۋاتلار كۆزنى چاقاتتى. كارىۋاتلارلا ئەمەس، بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىشلەنگەن دىۋان، شىرە، قارىسا كىشىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىشكاپ-جاھازلار چىراغ نۇرى ئاستىدا ۋاللىداپ تۇراتتى.

ئىش بېشى تېڭىقلىرى يېشىلمىگەن بىرنەرسىلەرنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ قۇراشتۇرۇلمىغان كارىۋات ئىدى. ئىككىسى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ماشىنىغا باستى. يەنە بىر كوچىنى ئايلىنىپ، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىسىگە جايلاشقان بىر قورۇغا كىرىپ توختىدى. بۇ يېڭىدىن سېلىنغان قورۇ ئىدى. قورۇنىڭ كوچا تەرىپىنى ئاستى ماگىزىن قىلىنغان سەككىز قەۋەت بىنا قورۇقداپ تۇراتتى. قورۇ ئىچىمۇ رەت-رەت بىنا ئۆيلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەنىدى. ھەممىسى يېڭىلا پۈتكەچكە، ئولتۇراقلاشقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى.

ماشىنا ئىككىنچى بىنانىڭ بېشىدىكى بىرىنچى ئىشىك ئالدىدا توختىدى. نەرسىلەر بىرىنچى قەۋەتنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئۆيگە توشۇلدى. ئۆينىڭ ئىشىككە ئۇدۇل قىلىپ چىقىرىلغان كارىدورىنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا ئۈچتىن ياتاق ئۆي، قاق



ئوتتۇرىسىغا مېھمانخانا چىقىرىلغانىدى. مېھمانخانىسى ھەم چوڭ، ھەم ياسىداق ئىدى. لۆم-لۆم دىۋان-شىرەلەر، نەپىس جاھازلار بىلەن تولدۇرۇپ بېزەلگەنىدى. ئىككىسى نەرسىلەرنى ياتاق ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ قۇراشتۇردى. كۆرپە-كىرلىك، ئەدىياللار بىلەن بېزەپ قويۇپ يېنىشتى.

— سىلىنىڭ ئۆيلىرىما؟- سورىدى نۇرئەخمەت كېتىۋېتىپ ئىش بېشىدىن.

— ياق،— توڭلا جاۋاپ بەردى ئىش بېشى.

— ھە...... غوجايىنىڭكىكەن- دە؟

— سوراپ نېمە قىلىسەن؟ بىز دېگەن ئۆي سېلىپ، ئۆي ساتىدىغان ئادەملەر.

— ئۆينى سېلىپ يەنە شۇنداق جابدۇپ بېرەمدا؟

— نېمانچە كوتۇلدايدىغان نېمە سەنوي، ئاداش، بولارغا باش قاتۇرۇشنى كىم قويۇپتۇ ساڭا؟

نۇرئەخمەت جىم بولدى. «ئەسلىدىمۇ توڭ، ھە دېسىلا ئىشلەمچىلەرگە ۋارقىراپ، تىللاپ يۈرىدىغان نېمىدىك سەن، قىزىقىپ سوراپ ساپتىمەن...... » دېدى نۇرئەخمەت كۆڭلىدە ئىزا تارتىپ.

نۇرئەخمەت ئىش بېشىنىڭ بۇنداق يۈگۈر- يېتىم ئىشلىرىغا پات- پات مېڭىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا يېنىك ئىشقا، يۇقىرى ئىش ھەققىگە ئېرىشەلىگىنىگە خۇش بولۇپ يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ كۈنى باشقا ئىشلەمچىلەرگە قارىغاندا خېلىلا ياخشى ئۆتۈۋاتاتتى. تاپقان پۇلىنى قورۇنماي، قولى تىترىمەي خەجلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدى.

تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرئەخمەتنىڭ كاللىسىغا ئاستا- ئاستا يېڭى- يېڭى خىياللار كىرىپ كېلىشكە

باشلىدى. ئۇ ئويۇن- تاماشىنى سېغىنىۋاتاتتى. پات- پات يېزا بازىرىدىكى گۈلخانىنىڭ ئىشرەتخانىسىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئۇ يەرگە بازارلىق ئاغىنىلىرى بىلەن ئىككى قېتىمچە كىرگەن. ئارىسى پەردىلەر بىلەن توسۇپ قويۇلغان «ئايرىمخانا»لارغا بېكىنىۋېلىپ مەينىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىپ باققان. خۇش كەيپىلىكنىڭ لەززىتىنىمۇ شۇ يەردە سۈرگەن. ئەمما، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى، ئوينىغۇدەك پۇلنىڭ يوقلۇقى پۇل بىلەن ئوخشايدىغان بۇنداق ئويۇنلارغا يول بەرمىگەنىدى.

ئەمدى بولسا: «پۇلمۇ تېپىپتىمەن، ئەمدى پۇلنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالدى......» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئاخشاملىرى رەستە- كوچىلارنى ئايلانغاچ، كەچلىك بەزمىلەرگە كىرىپ بېقىشنى ئويلايتتى. بىرەر قىزنى تېپىۋېلىپ ئارىلاشقۇسى، كۆڭۈل خۇشى قىلىپ ئوينىغۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئىش ئورنىدىن ئايرىلالمايتتى. ئايرىلىپلا كەتسە تاۋۇقىدىن قۇرۇق قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دىققىتىنى بىر قىز تارتىپ قالدى. ئۇ زىلۋاغىنە كەلگەن مودا قىز ئىدى. ئۆيى قۇرۇلۇش ئورنىغا تۇتاش ئۆيلەرنىڭ بىرىدە بولسا كېرەك، ھەر ئەتىگىنى شۇ ياقتىن چىقىپ، كۆزەتخانا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاخشىمى بىرچاغلاردا سومكىسىنى ئېسىپ يەنە شۇ يەردىن بىر قېتىم ئۆتەتتى. نۇرئەخمەت باشتا سىنەكىمىدى، كېيىن دىققىتى ئۇنىڭغا باغلىنىپلا قالدى. ھەر ئەتىگەن ئۇنىڭ دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈشىنى كۈتەتتى. كەچ كىرىپ كەلسە يېنىپ كېلىشىگە تەقەززا بولاتتى. ئۇنىڭغا نېمە ۋەجىدىن شۇنداق باغلىنىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭغا سۆز تاشلىغۇسى، توختىتىپ پاراڭلاشقۇسى كېلەتتى. ئەمما جۈرئىتى كەم ئىدى.

بىر كۈنى كەچ يەنە شۇ قىزنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، يېقىنىدىلا



بىركىمنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى، ئارقىدىنلا دېرىزە ئالدىغا بىر باش پەيدا بولدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، ئىشىكىڭىزنى ئېچىۋېتىڭ! ئۇ شۇ قىز ئىدى. ئۇ ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ تۇراتتى. كەينىگە ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى. نۇرئەخمەت يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. قىز دەرۋازا ئىچىگە تاشلاندى.

— نېمە بولدى، نېمىگە ھودۇقۇپ كەتتىڭىز؟

— ئىككى ھارىمى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. چوقۇم بۇلاڭچىلار ئۇ.

نۇرئەخمەت شاراق- شۇرۇق قىلىپ دەرۋازىنى ئەتتى. قولىغا تۆمۈر كالتەكنى ئالدى. خېلى ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچكىم كەلمەيۋاتاتتى. نۇرئەخمەت تالاغا چىقىپ باقتى. بىرەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— قايتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ،— دېدى قىز يېنىككىنە تىن ئېلىپ،— بۇ يولدا بىر- ئىككى بۇلاڭچى بار. دائىم يالغۇز قىزلارنى بۇلايدۇ. سومكىلارنى، زەنجىر- بۇلاپكىلىرىنى يۇلۇپلا قاچىدۇ.

— قارىسام ھەر كۈنى بەك كەچ قايتىدىكەنسىز. بالدۇرراق قايتىڭ، شۇنداق بولغاندىكىن.

— مېنىڭ ئىشىم شۇنداق،— دېدى قىز مەيۈس ھالەتتە،— كەچتە بىكار بولىمەن.

— دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىكەنسىز- ھە؟

— قەھۋەخانىدا. ھەر كۈنى سائەت 10 لارغىچە ئىشلەيدىغان گەپ.

— باشقا ئىش قىلسىڭىز بولۇپتىكەن،— دېدى نۇرئەخمەت،— مەسلەن، يورۇقراق ئىشتىن چۈشىدىغان يەرلەردە دەيمەن.

— تاللاپ يۈرۈشكە بولىدۇ دەمسىز؟ شۇ ئىشنىڭمۇ تېپىلغىنىغا

خۇش بولۇپ ئىشلەيدىغان گەپ.

ئــارنى كىچىككىــنە ســۈكۈت باســتى. قىــز لاپ قىلىــپ نۇرئەخمەتكە ئۈمىدلىك باقتى.

— ھەرنىمە بولسا قۇتقۇزۇپ قويىدىڭىز. خاپا بولمىسىڭىز، ئىشىك تۈۋىمىزگىچە ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز.

— چاتــاق يــوق. ئــۆيىڭىز مۇشــۇ بىنانىــڭ يېنىــدا، مەن بىلىمەن.

قىــز پــىسىڭگىدە كۈلــۈپ قويــۇپ، مېڭىــشقا تەمــشەلدى. نــۇرئەخمەت دەرۋازىنــى ئــاچتى. قىزنىــڭ ئــۆيى 100 مېتىــر نېرىــدا ئىدى. ئۇ دەرۋازىسىنى تاراقلاتتى. قىز ئىچىدىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، نۇرئەخمەتنىڭ بويىنىنى كاپ قىلىپ تۇتۇپ، يۈزىگە چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، «مېڭىڭ» ئىشارىسىدە ئۇنى بوشقىنە ئىتتىرىپ قويدى. نۇرئەخمەتنىڭ يۈزى ئوتتەك كۆيۈشەتتى. ئەقلى سېھىرلىنىپلا قالغانىدى. ئۇ بىر قىزنى سۆيۈپ باققان. قىز ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، مىڭ تەستە سۆيدۈرگەن. سۆيۈش ئوغۇللاردىن كېلىدۇ، قىزلار ئوغۇللارنى سۆيۈپ قويمايدۇ، دەپ بىلەتتى ئۇ. بۇ قېتىم ھەيران قالدى. ياق، ئۆزىدىن-يىگىتلىكىدىن پەخىرلەندى. قىزنى، ئۇنىڭ ئاشۇ سېخىيلارچە سۆيۈكىنى ئۇزاققىچە يۈرەك بېغىشىدىن نېرى قىلالمىدى. نەچچە كېچە ئۇنى چۈشەپ چىقتى.

قىز يەنە شۇ يەردىن ئۆتەتتى، كېتەتتى، قايتىپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك ، ئۇدۇلىدىن ناھايىتى ئىتتىك ئۆتۈپ كېتەتتى. نۇرئەخمەت بىر كۈنى كەچ ئاستاغىنە سىرتقا چىقتى. ئۇ شۇ كۈنى بىكار ئىدى. قاراۋۇللۇق نۆۋىتى تۈنۈنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىدى. ئۇ ئاشۇ قىز ئىشلەيمەن دېگەن قەھۋاخانىنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. قەھۋاخانىنى ناھايىتى ئۇزاقتا تاپتى. ئالدى- كەينىگە قاراپ ئەيمىنىپراق بوسۇغا ئاتلىدى.



بۇ مەيخانىغىمۇ، ئىشرەتخانىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غەيرىي بىــر يەر ئىــدى. بىــرنەچچە ئۈســتەلدە ھــاراق ئىچىلىۋاتــاتتى. ئوتتۇرىدىكى سەينادا بىر تــوپ قىــز- ئوغــۇل دىــسكو ئويناۋاتــاتتى. پەردىلىــرى چۈشــۈرۈۋېتىلگەن ئايرىمخــانىلاردا كىملەرنىڭــدۇر قىيقاس- سۈرەن سېلىشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تــۇراتتى. نــۇرئەخمەت نېمە قىلارىنى بىلمىگەنــدەك ئىشىك تۈۋىــدىلا تــۇراتتى. تــۇراتتى- يــۇ، كــۆزلىرى ھە دەپ ھېلىقــى قىزنــى ئىزدەيتتــى. ئادەمنىــڭ تولىلىقىدا پەرق قىلالمايتتى. بىرەر يەردىن چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئۈمىدلىنەتتى. قاراپ تۇرۇۋېرىشتىن ھېيىقاتتى.

ئۇ كەينىگە ياناي دەپ تۇراتتى، بىرسى كاپ قىلىپ قولىنى تۇتتى. ئۇ كۈتكۈچى قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. قىز ئۇنى ياقىدىكى بوش ئۈستەللەرنىڭ بىرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىچكىرىدىكى بىر ئايرىمخانىنىڭ دېرىزە تۈۋى ئىدى. دېرىزىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئوچۇق بولۇپ، ئىچىدىن بىر ئەرنىڭ ئۈنلۈك- ئۈنلۈك پارىڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۈتكۈچىنىڭ «نېمە ئىچىسىز؟» دېگەن سوئالىغا «پىۋا» دەپ سالدى ئۇ ئويلىمايلا. ئەمدى يېنىۋېلىشقا، ئىچمەيتتىم دەپ چىقىپ كېتىشكە بولمايتتى. نۇرئەخمەت يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ شۇنداق قاراۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككى بوتۇلكىنى قۇرۇتقىدى. ئۇ ئاستا، ناھايىتى ئاستا ئىچەتتى. نوقۇل ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە ئەمەس، يۈرىكىگە ئورنىشىپ قالغان ھېلىقى قىزنى كۈتۈپ شۇنداق قىلاتتى. قىز بولسا كۆرۈنمەيتتى. «خاتا كىرىپ قالغان ئوخشايمەن،— دەپ ئويلىدى ئۇ،— ئۇ دېگەن قەھۋەخانا باشقا يەردە ئوخشايدۇ.» ئۇ ئاشۇلارنى خىيال قىلىۋاتاتتى، ئىختىيارسىز كۆزلىرى يېنىدىكى دېرىزە ئەينىكىدە قېتىپ قالدى. ئىچىدە ئۈچ ئەر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى ھېلىقى شاپائەتچى غوجايىن، بىرى تۇك قاپاق ئىش بېشى، يەنە بىرى

ئوتتۇرا بويلۇق، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. چىرايىدىن 55—56 ياشلاردا باردەك قىلاتتى. مەي كەيپىدىن بولسا كېرەك، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزارغان، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. غوجايىن ئۇنىڭغا ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن تەكەللۇپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

«باشلىق ئوخشايدۇ، يا ‹غوجامنىڭ غوجىسى بار› دېگەنىدەك، غوجايىنىمنىڭ غوجايىنىمىكىن؟......» نۇرئەخمەت شۇلارنى خىيال قىلىۋاتاتتى. غوجايىن مۇلازىم قىزنىڭ قولىدىكى چەينەكنى ئېلىۋېلىپ، مېھماننىڭ پىيالىسىگە ئۆز قولى بىلەن چاي لىقلاپ قويدى، ئاندىن ئىچىگە قانداقتۇر بىرنەرسە قويۇلغان بىر تەخسىنى ئىككى قوللاپ سۇندى.

— ئۆزلىرىگە كىچىككىنە بىر سوۋغام بار ئىدى. نەزەرلىرىگە كېلەرمىكىن، بىلمىدىم.

— ۋۇي، بۇ ئاچقۇچكەنغۇ؟

— شۇنداق، بۇ ھېلىقى ئۆينىڭ ئاچقۇچى. ئەسلىدە ئۆزلىرىگە داچا سوۋغا قىلساق بولاتتى. شۇغىنىسى، مۇۋاپىق جاي تېپىلمايۋاتىدۇ. پات يېقىندا ئۇمۇ بولۇپ قالار. ھازىرچە ئەرزىمەس كۆڭلىمىزنى قوبۇل كۆرگەچ تۇرالا.

— ۋۇي، ۋۇي، بۇنداق قىلمىساق بولاتتى،— دېدى «چوڭجاڭ» ئاتالغۇچى يالغان تەكەللۇپ بىلەن،— بەك جۇۋاپ كېتىپتىلا. رەت قىلغاندىن ئىنائەت قىلغان ئەلا، دەپتىكەن. ئالاي ئەمىسە،— باشلىق ئاچقۇچلارنى جىلدىڭلىتىپ يېنىغا سالدى. ئارقىدىن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈشتى.

— ھەي......يېشىمىزمۇ بىر يەرگە باردى. دەم ئېلىشقا قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالدى. بېشىمىزدا تاج، ئاستىمىزدا ئاتنىڭ بارىدا ھەرقايسىلىرىدەك بۇرادەرلەرگە جىقراق ئىش قىلىپ بېرىۋالسام، دەپ كېتىمەن بەزىدە.



— شۇنداق، ئۆزلىرىنىڭ كۆكسى- قارنى دەريادەك كەڭ ئادەم. سايىلىرى نە- نەگە چۈشىدۇ. ئۆزلىرىدەك يۆلەنچۈكىمىز بولغاچ، شۇ دەريادىن بىزمۇ قېنىپ- قېنىپ ئىچىۋاتىمىز. ئىچكەنسېرى ئىچكۈمىز كېلىپ تۇرىدىكەن دېسىلە.

بۇ ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى پۈرىتىپ ئۆتكىنى ئىدى. باشلىق دەرھال چۈشەندى.

— بىز قىلغۇدەك ئىشلار بولسا دەپ تۇرسىلا.

— ھېلىقى تەرەققىيات رايونىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرەرسىنى ئېلىتىپات قىلارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم.

— سىلىنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقلىرىنى بىلەتتىم،— زورىغا كۈلۈپ قويدى باشلىق،— غەم قىلمىسىلا، يېقىندا سودىگەر چاقىرىلىدۇ. رەسمىيەت ئۈچۈن قاتنىشىپ قويمىسىلا، تارتىشىپ قويمىسىلا بولمايدۇ. قالدىسىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.

— ھەشقاللا، ھەشقاللا، چوڭجاڭ. ئىلتىپاتلىرىنى ھەرگىز جاۋابسىز قويمايمەن.

نۇرئەخمەتنىڭ بوتۇلكىلىرى ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىپ بولغانىدى. بۇ يەردە يەنە قۇرۇقتىن- قۇرۇق ئەسنەپ ئولتۇرۇۋەرگىلى بولمايتتى. ئاستاغىنە قوزغىلىپ تالاغا چىقتى. ئۇ بايا كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنىڭ تەكتىگە يەتكەنىدەك قىلاتتى. غوجايىن بىر يۈرۈش ئۆينىڭ بەدىلىگە قانداقتۇر بىر قۇرۇلۇشنىڭ سېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. نۇرئەخمەتنىڭ ئېڭىدا بىر قۇرۇلۇش دېگەن چوڭ گەپ. ئۇنىڭ پۇلغا ساناق يەتمەيدۇ. غوجايىن بىر يۈرۈش ئۆينى سوۋغا قىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، بەلكىم ئۆزىمۇ ئاز نەپكە ئېرىشمەيدۇ.

«نۇرئەخمەت لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ كېتىۋاتقاچ ئويلاپ كەتتى: ئادەم قۇرۇلۇشچى بولسا، بولۇپمۇ قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولسا بولغۇدەك. بىرەر قۇرۇلۇشنى تۇتۇۋېلىپ، باشقىلارنى يالاپ

ئىشلىتىدىغان گەپكەن. پايدىنىڭ چوڭى ھۆددىگەرگە قالىدىكەن. ئىلاھىم، مەنمۇ ئاشۇنداق بىر ھۆددىگەر بولۇپ كەتسەم...... بىزنىڭ غوجايىنىدەك كاتتا- كاتتا قۇرۇلۇشلار بولمىسىمۇ، يېزىلاردىكى ئاددىي- ئاددىي قۇرۇلۇشلارغا غوجايىنلىق قىلىپ......» نۇرئەخمەت ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. قىلىۋاتقىنى پەقەت قۇرۇق، شېرىنلا بىر خىيال ئىدى. شۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك قابىلىيەت، دەسمايىگە پۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. نۇرئەخمەتنىڭ خىيالى بىردىنلا ھېلىقى «چۇجاڭ»غا يۆتكەلدى. ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭ ئەمەلدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەمما، بايا كۆرگەنلىرىگە قاراپ، قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك باشلىق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. «تۇۋا، بۇ ئاجايىپ دۇنياكەن دېسە...... ئاۋۇ ئوغرىدەك باشلىقلارمۇ بىر ئېغىز گېپى، بىر تال تامغىسى بىلەن تالاي- تالاي نەپلەرنىڭ ساھىبى بولىدىكەن» دېگەن بىر خىيالمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

نۇرئەخمەت ئىشلەۋاتقان قۇرۇلۇش پۈتەي دەپ قالغانىدى. كۆڭلى ھېلىھەم ھېلىقى قىز بىلەن بەند ئىدى. تەقەززا بولغانسېرى قىز كۆرۈنمەيتتى. ھېلىقى ئاخشام قىز كىرىپ كەتكەن دەرۋازا ئالدىدىن كۈندە نەچچە ئۇياق- بۇياققا ئۆتۈپ كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنى، بىر سۆيۈك مۇكاپات ئالغىنى گويا بىر قېتىم كۆرۈپلا غايىب بولغان شېرىن چۈشتەك، ئۇنى قايتا ئۇچرىتالمايۋاتاتتى. ئەكسىچە، ھەر كېچىلىك شېرىن چۈشلىرىدە ئاشۇ قىزنىڭ قوينىدا تەرلەپ چىقاتتى.

ئۇ بىر كۈنى كەچ يەنە بىر قېتىم قىزنى ئىزدەپ چىقتى. كوچىمۇ كوچا كېزىپ ۋىۋىسكىلارغا قارايتتى. مەيخانا- ئىشرەتخانىلارغا دوقۇرۇپ باقاتتى. ئىشەنچ قىلالماي كەينىگە ياناتتى. ئاخىر تۆت ئەتراپىدا لاپ- لاپ چىرىغى بار بىر ۋىۋىسكىغا



كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭدا «ئايپەرى قەھۋەخانىسى» دېگەن خەت بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇراتتى. «چوقۇم مۇشۇ يەر، ئەمدى ئۇچرىشىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت بوسۇغا ئاتلاۋېتىپ.

ئۇ ئۈمىد بىلەن بىر ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. چاي ئىچكەچ قىزنى ئىزدەشكە باشلىدى. قەھۋەخانىدا ئادەم ئاز ئىدى. ئۆزىدىن باشقا ئىككىلا ئورۇندا ئىچىشىۋازلىق قىلىنىۋاتاتتى. «خەپ، ئىسمىنى سورىۋالمىغىنىم مېنىڭ...... بىرەرسىدىن سوراپ باقار ئىدىم» دەپ تىنىلدايتتى ئۇ. نۇرئەخمەت ئاچچىقىدا ئالتە سەرلىك «ئېرگۇتۇ»دىن بىرنى بۇيرۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ھاراق تولىمۇ ئاچچىق ئىدى. كەيپىنىڭ ئۇسساللىقىدىن ئاچچىقلىقى بىلىنمەيتتى. ئۇ بىر تەخسە كالا گۆشى قورۇمىسى بىلەن ھارىقىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

نۇرئەخمەت يېرىم كەيپىلىك ئىچىدە ئۈمىدسىزلىككە تولغان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. قۇرۇلۇش ئورنىغا بىر كوچا قالغانىدى. كېتىۋېتىپ ئۇدۇلدىكى ئېگىز بىنانى، سول تەرەپتىكى رېشاتكىلىق قارا دەرۋازىنى تونۇدى. بۇ ھېلىقى چاغدا كارىۋات ئەكىرىپ بەرگەن قورۇ ئىدى. نۇرئەخمەت نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ تۇراتتى، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى گەۋدىگە كۆزى چۈشتى. ئارىلىقلىرى خېلىلا يېقىنلاپ قالغانىدى. كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال ئىدى. ئەر قىزنى چىڭگىدە قولتۇقلىۋالغانىدى.

— غەم قىلماڭا ئاپپىقىم،- دېگەن ئۇنى چىقتى شۇ چاغدا ئەرنىڭ،— بۇ...... بۇ دېگەن مېنىڭ مەخسۇس ئۆيۈم. ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ بۇنى،— ئەر مەستتەك قىلاتتى. ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. دېگەنلىرى بىر- بىرىگە قولاشمايتتى. نۇرئەخمەت ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بولۇپ، شاپپىدە توختاپ

قالدى. ئۇ ئەرنى تونۇغاندەك قىلاتتى. «راست، ھېلىقى مەيخانىدا كۆرگەن قىزى ئوغرى شۇ. ئەمما...... قىز كىمدۇ؟» دېدى ئۇ دىققىتىنى يىغىپ ۋە ئۇ يان تەرەپتىكى دەرەخنىڭ يېنىغىراق ئۆتتى. سوقۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى كۆزەتتى. ئىككىسى «شىرت» قىلىپ ھېلىقى قورۇ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. نۇرئەخمەت ئىز بېسىپ كىردى.

— خالىسىڭىز بۇ ئۆينى سىزگە تۇتۇپ بېرىمەن،— بۇ قىزى باشلىقنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— تۇتۇپ بەرگەنلىرى بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ.

— قىزمۇ شۇكەن،- دېدى نۇرئەخمەت دەررۇ. ئارقىدىنلا ئەرنىڭ ئاۋازى چىقتى:

— نې......نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— ئۆينى مېنىڭ نامىمغا تامغىلىتىپ بېرىڭلا.

— تازا بىر بۇزۇق نېمە ئوخشىمامدۇ بۇ؟— دېدى نۇرئەخمەت ئىچىدە، چوكىكىدە بىرنى سۆيۈپ قويسا، ئىشقىدا سەۋدايى بولۇپ كېتىپتىمەن......

شۇ ئارىدا ئەر بىرنېمە دېۋىدى، نۇرئەخمەت كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئۇلار دەل ھېلىقى كارىۋات ئېلىپ كىرگەن ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. لەھزە ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ- يېپىلدى. نېمىدۇر بىرنەرسە تاراققىدە چۈشۈپ قالدى. نۇرئەخمەتتە پەيدا بولغان بىر قىزىقىش ئۇنى دەرھال شۇ يەرگە سۆرەپ كەلدى. يەرنى سىلاشتۇرۇپ چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تاپتى. ئۇ بىر يىپقا باغلانغان ئىككى دانە ئاچقۇچ ئىدى. نۇرئەخمەتنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال ھېلىقى مەيخانىدا غوجايىنىنىڭ تەخسىگە سېلىنغان ئاچقۇچنى قىزىغا تۇتقۇزاتقان ھالىتى كەلدى. ئۇ كىچىككىنە تۇرۇپ قىلىپ، ئاچقۇچلارنىڭ بىرىنى يېشىۋالدى. بىرىنى تۇتقۇچقا ئىلىپ



قويۇپ كوچىغا چىقتى.

نۇرئەخمەت شۇندىن كېيىن ھېلىقى سېخىي سۆيۈكىنىڭ ئىگىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇنى ئويلىمايدىغان، ئىزدىمەيدىغان بولدى. ياق، بەزىدە تاسادىپىيلا ئەسلەپ قالاتتى. ھېلىقى بىر سۆيۈك ئۇنىڭ خىياللىرىنى چوخچىلاپ قوياتتى. ئەمما، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا غايىبانە تىل سالاتتى. «ئەسلىدە كوچىغا چىقىپ كەتكەن بىرنېمىكەنغۇ. شۇڭا، ھېيىقماي سۆيۈپتۇ مېنى. ئىست، ساڭا بېقىپ ھەيرەتتە قالغان كۆزلىرىم......»

نۇرئەخمەتنى قىزدىن تەزدۈرگىنى ھېلىقى ئاخشامقى قىزى خوراز بىلەن ئۇچراپ قېلىشلا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆتكۈنچى مەپتۇنلۇقنى يەنە باشقا بىر خىيالمۇ سىقىپ چىقارغانىدى. ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى بىر تال ئاچقۇچنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان سىرلىق پىلانلار ئىدى. شۇڭا، قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تونۇشلۇق بولۇپ قېلىشنى، تەكتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىمايۋاتاتتى.

نۇرئەخمەت پات- پات ئاشۇ قورۇنى ئەگىيتتى. گاھ كۈندۈزى، گاھ ئاخشاملىرى، ئىشقىلىپ ۋاقىت تاپسىلا ھېلىقى ئۆينى كۆزىتەتتى. كۈندۈزى ئىشىكىگە، كېچىسى چىراغ يورۇقىنىڭ بار- يوقلۇقىغا دىققەت قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى جىق كۆزەتتى. ھەيران قالارلىقى، بىرەر قېتىممۇ ئادەم بارلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدى. گويا ئۇ ئۆيدە راستىتىنلا مۇقىم ئادەم ئولتۇرمايدىغاندەك، ئىگىسى بىراقلا تاشلىۋەتكەندەك، ھېچقانداق نەرسىنىڭ شەپىسىنى ئالغىلى بولمايتتى.

ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. قۇرۇلۇش ئۆتكۈزۈپ بېرىش باسقۇچىغا كەلگەنىدى. ئۇستىكارلار كېتىپ، ئىش يىغىلغان بولسىمۇ، نۇرئەخمەت يەنىلا شۇ يەردىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. نۇرئەخمەتنىڭ ئىچى ئەمدى باشقا بىر ئوت بىلەن

ھېلىقى بىر تال ئاچقۇچ سۈرەتلىك شەيتاننىڭ سالغان ۋەسۋەسىسى بىلەن يېنىپ كېلەتتى. ئاچقۇچقا ھەربىر باققىنىدا ئىچىگە تۈرلۈك ـ تۈمەن شېرىن خىياللار بورىنى بۆسۈپ كىرەتتى. ئەلۋەتتە بۇ قىياسەن ئىنتىلىش، تەلىيىنى سىناپ كۆرۈش قىزغىنلىقى ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى نۇرئەخمەت ئاستاغىنە ھېلىقى كوچىغا كەلدى. قورۇغا كىرىپ ھېلىقى ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى كۆزەتتى. شۇ ئۆيدىلا چىراغ يانمىغانىدى. «چوقۇم ئادەم يوق، بۈگۈن بىر سىناپ باقاي......» دەپ ئويلىدى ئۇ تەجرىبىسگە ئاساسەن.

ئۇ يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، غىپپىدە بىنا ئىچىگە كىردى. ئاچقۇچنى چىقىرىپ قۇلۇپقا سالدى. ئاستا ـ ئاستا تولغاپ، ئىشىكنى قىيا ئاچتى. قۇلىقىنى تۈتۈپ تىڭشىدى. ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. تەۋەككۈل قىلىپ بىرىنچى قەدىمىنى يۆتكىدى. سۈر بېسىپ كەينىگە ياندى. يەنە ئالغا سىلجىدى. ئۆي ئىچى تىمتاس ئىدى. ئالدى ـ ئارقىسىدىن چۈشكەن يول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۆي ئىچى خىرە يورۇپ تۇراتتى. ئۇ يېنىپ بېرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. تاقاق قۇلىقىنى بۇراپ قويۇپ، ئاختۇرۇشقا تەييارلاندى. مېھمانخانىمۇ، كارىۋات ئېلىپ كىرگەن ئۆيمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. باشقىلىرى يەنىلا قۇرۇق ئىدى. ئۇ ئىشكاپلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاچتى. ھەممىسى قۇپقۇرۇق، قولغا چىققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

كېيىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياتاق ئۆيگە كىردى. ئىختىيارسىز كارىۋات لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۈستىگە پومداقلاپلا قويغان يۇڭ ئەدىيالنىڭ يېنىدا بىرنەرسە ۋالىلداپ تۇراتتى. نۇرئەخمەت كاپ قىلىپ قولىغا ئالدى. ئالدى ـ يۇ، يەنە بىر قېتىم ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ئاياللارنىڭ چاچ قىسقۇچى ئىدى. «بۇ چوقۇم ھېلىقى بۇزۇقنىڭ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قېلىپ كەتكەن گەپ.» ئۇ شۇ



خىياللارنى قىلىۋېتىپ لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. كارىۋاتتىكى چۈشەكلەرنى چۆرۈۋېتىپ، قاپقىسىنى ئاچتى. قولچىراغنى قولى بىلەن يۆگەپ تۇرۇپ ئىچىگە تۇتتى. ئىچىدە بىر ـ ئىككىدەك يەشىك، بىرمۇنچە ھاراق ـ تاماكا قاپلىرى تىزىقلىق تۇراتتى.

نۇرئەخمەت ئاۋۋال يەشىكلەرگە قول سالدى. ئۇلارمۇ ھاراق ئىدى. «تويمىغۇر ئوغرى، نەگىلا قارىسا ھاراق ـ تاماكىدىن باشقا نېمە چىقمىغان......» دېدى نۇرئەخمەت بىر بولاق تاماكىنى ئېلىۋېتىپ. نۇرئەخمەت تاماكا قېپىنى ئېچىپلا چەكچىيىپ كەتتى. جاۋغىيىنىڭ بىر يېرى «لىك ـ لىك» قىلىپ قالدى. قاپنى دەرھال كارىۋات ئۈستىگە دۈم كۆمتۈردى. كۆرپىگە ئۈچ باغلام پۇل چۈشتى. ھەممىسى 100 يۈەنلىك ئىدى.

ئۇ بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ لېۋىگە تەگكۈزدى. بۇ غايىب خەزىنىنىڭ شادلىقى، مەمنۇنىيىتى ئىدى. ئۇ ئاشۇ خۇشلۇق ئىچىدە قالغان قاپلارنىمۇ پاراسلىتىپ سۆكۈشكە باشلىدى. دەرۋەقە، 11 دانە ھاراق قېپىدىن بوتۇلكا ئەمەس، باغلام ـ باغلام پۇل چىقتى. «150 مىڭ كوي!» شىۋىرلىدى نۇرئەخمەت ئىچىدە ۋە پۇللارنى قويۇنلىرىنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىگە تىقىپ كوچىغا چىقتى.

نۇرئەخمەت ئەمدى قاراۋۇلخانىدىن نېرى بارمايتتى. ئۇ قاراۋاتقان قۇرۇلۇشنى دەپ ئەمەس، كارىۋاتتىكى ئەسكى يوتقىنىنى دەپ شۇنداق قىلاتتى. قارىسا كۆڭۈل ئاينىيدىغان بۇ كونا يوتقان ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك گۆھىرى ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قۇرۇلۇش ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. نۇرئەخمەت «ئۇھ» دەپ يېنىككىنە تىنىپ قويدى.

— يەنە بىر يەردە ئىش باشلىدۇق، — دېدى ئىش بېشى، — بېرىپ ئىشلەمسەن يەنە؟

نۇرئەخمەت بېشىنى قاشلىدى.

— قوتۇر كاللاڭنى تاتىلايسەنغۇ؟ باراي دېسەڭ يەنە قاراۋۇل

بولسەن شۇ.

— ئۆيۈمگە بارمىغىلى توققۇز ئاي بولدى، ئاكا. ئاتا- ئانامنى بىر كۆرۈۋېلىپ كەلسەم بولاتتى.

— ھە، مەيلى. بارساڭ بار. ئەمما، ئىشلەيدىغان نىيىتىڭ بولسا ھايال بولما.

— ئوبدان، ئوبدان، ئىش بېشى.

نۇرئەخمەت قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ ئىشىكتىن چىقتى. كۆتۈلمىگەندە ھېلىقى شەيتان قىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا بىرنېمە دېگۈسى باردەك قىلاتتى. ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللىگۈچە نۇرئەخمەت تونۇمىغانغا سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. كېتىۋېتىپ كونا يارىلار تاتىلانغاندەكمۇ بولدى. ئۇ قىزنى نېمە دەپ باقمىسۇن، ئاشۇ ئاخشامقى بىر سۆيۈكنىڭ ئوتى يەنىلا يالىلداپ تۇراتتى.

ئەتىسى يېرىم كېچىدە شامالباغنىڭ شىمالىدىكى «يارتوغراق» دەپ ئاتىلىدىغان توغراقلىقتا بىر گەۋدە پەيدا بولدى. ئۇ يەر- بۇ يەرنى تىمىسقىلاپ يارنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. بۇ بىر- بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۈچ تۈپ توغراقنىڭ ئاستىدىكى خىلۋەت ئىدى. ئەتراپ خىرە يورۇپ تۇراتتى. يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن ئاي ئىككى پارچە بۇلۇتنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نۇرانە جامالىنى ئاشۇ بۇلۇتلار يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. يوچۇن گەۋدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولى بىلەن بىر يەرنى توختىماي كولايتتى. دەم- دەم بېلىنى رۇسلاپ، ئۆرە بولاتتى. كىچىككىنە دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە كولايتتى. كېيىن كولىغان يېرىگە بىرنەرسىنى ئاۋايلاپقىنە قويدى. يار لېۋىدىن بىر پارچە چالمىنى قومۇرۇپ كېلىپ ئۈستىدىن باستۇردى، ئاندىن قولى بىلەن قۇم توپىنى تارتىپ كۆمۈشكە باشلىدى. ئالاھازەل بىر سائەتلەردىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىزلارنى يوقاتتى. ئۈستىگە ئەخلەت چېچىپ نىقابلىدى، ئاندىن



كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ، يار ئىچىگە سىيرىلىپ چۈشتى. بۇ نۇرئەخمەت ئىدى.

تاڭ ئاتتى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. تاڭ بىلەن تەڭ ئويغانغان شامالباغنىڭ يېزا بازىرى جانلانماقتا ئىدى. تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان بىر ئاشخانىدىن ئاچچىق- چۈچۈك قورۇمىنىڭ ھىدى كېلەتتى. قارشى دوقمۇشتىكى ناۋايخانىنىڭ تونۇرىدىن قىزىق گۆشگىردە قومۇرۇلۇۋاتاتتى. دەل شۇ مىنۇتتا ناۋايخانا ئالدىغا نۇرئەخمەت پەيدا بولدى. پەشخۇن ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا جايلىشىپ، گۆشگىردىدىن ئىككىنى ئالدىغا تارتتى. گۆشگىردە قىزىق ئىدى. قولى بىلەن ئاغزى كۆيۈپ تۇراتتى. نۇرئەخمەت بىر گۆشگىردىنى چىنىدىكى سوغۇق سۇغا شۇڭغۇتۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ لەۋلىرىنى كۆيدۈرۈپ، قىزىق گۆشگىردە يەۋاتقان ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە ئائىلىسىدە قالغان تۆت جانمۇ ئەتىگەنلىك ناشتىغا جەم بولغانىدى. تائەتخان نۇرئابدۇللا بىلەن نۇرمەمەتنىڭ پىيالىلىرىگە چاي قۇيۇۋاتاتتى. سوپاخۇن پىيالىدىن چوڭراق بىر چىنىنى ئالدىغا تارتىپ، بىر پارچە زاغرىنى يەۋاتاتتى. تائەتخان ئالدىدىكى قۇتىدىن بىر چىمدىم پىننىنى ئېلىپ سوپاخۇننىڭ قاچىسىغا سەپتى. ئۈستىگە قىزىق چاينى قۇيۇپ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

باشقىلار ئۆز ناشتىسى بىلەن ھەلەك ئىدى. تائەتخان ئاغزىدىكى ناننى چايناۋېتىپ خىيالغا كەتتى. ئۇ نۇرئەخمەتنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنى ئويلىمايدىغان، ئەنسىرەپ غېمىنى يېمەيدىغان بىرمۇ كۈنى يوق ئىدى. خۇسۇسەن بۈگۈنكىدەك داستىخانغا جەم بولغانلىرىدا، مەززىلىك تائام ئېتىپ قاچىلارغا ئۇسۇۋاتقىنىدا ئۇنىڭ بولماي قالغىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى. بالام شۇ تائامنى يېگەنمىدۇ، ناشتىسىنى جايىدا قىلالىغانمىدۇ......دەپ سەدپارە

بولۇپ كېتەتتى.

— بىچارە بالام، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پىيالىسىگە تىكىپ ئولتۇرۇپ، — قۇرۇلۇشچىغا شاگىرت بولىمەن دەپ كەتكىنىگە نەۋاق. كەتكىنىدە باش باھار ئىدى. مانا، كەچ كۈزمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. بىر كەتكەنچە يا ئۆزى يوق، يا خەت ـ خەۋىرى......

دەرۋەقە، نۇرئەخمەتنىڭ كەتكىنىگە توققۇز ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئانىنىڭ ئۇنى ئويلىمايدىغان كۈنى يوق ئىدى. ھازىرلا ئەمەس، ئۇ كېتىپ نەچچە ئاي بولا ـ بولمايلا يۈرىكى بىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ كەلمىگەنسېرى، خەۋىرى بولمىغانسېرى شۇنچە ساراسىمىگە چۈشەتتى. سوپاخۇننى ھەيدەپ ئولتۇرغۇزمايتتى. «ھەي...... ئەجەب كۆزۈمدىن ئۇچتى بۇ بالا...... » ئانا خىيال قىلىۋېتىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— ھوي، ھوي! — سەگىتتى ئايالىنى سوپاخۇن، — چايلىرى سوۋۇپ كەتتى. سېلىپ قويغان نانلىرىمۇ ئېزىلىپ بولدى. نېمە تولا خىيال بۇ، ئەتىگەندە؟

— شۇ، بالىنى ئويلاپ بولمامدۇ؟ كەتكىلى نەۋاق. ئىزدەپ باقىلى، ئىزدەپ باقىلى دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ بولدى، — دېدى ئانا يىغلامسىراپ، — يا سىلى ئۆيدىن چىقىپ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ باقمىدىلا مۇنداق.

— دېدىمغۇ، ئۇ ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. چوپچوڭلا بولۇپ قالغان يىگىت ئۇ. ھۈنىرىمنى تازا پىششىقلاپ باراي دېگەندۇ. كېلىپ قالىدۇ، — سوپاخۇن شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۆزىمۇ قىسما ـ قىسما خىياللاردىن خالىي ئەمەس ئىدى.

— سىلى دائىم شۇنداق دەيلا. ئۇنىڭغا بىر ئىش بولدىمىكىن دەيمەن. ھايات بولسا......

— ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلىچۇ! ھايات بولماي نەگە



كېتىدىكەن؟

— سىلى، سىلى...... شۇنداق دېيىشىنلا بىلىلا، ـ ئانا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— ۋاي تۇۋايەي، — دېدى سوپاخۇن، — يىغلىمىسىلا بولدى. مەن باراي، ئەتىلا يولغا چىقاي.

سوپاخۇن ئەتىلا دېگىنى بىلەن، قوپۇپلا ئىشكتىن چىقالمايتتى. بازار كۈنى ئانچە ـ مۇنچە بىرنەرسىلەرنى سېتىپ 50 — 60 كوي پۇل غەملىشى كېرەك ئىدى. بازار كۈنىنى ساقلاپ ئىككى كۈن ئۆتتى. ئۈچىنچى كۈنى 10 توخۇ بىلەن بىر سېۋەت تۇخۇمنىڭ پۇلىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ بېلىنى باغلىدى. ھويلا بوسۇغىسىدىن ئاتلاۋېتىپ، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرسىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ ئۆي ئۇدۇلىدىكى ئېرىق كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئىككى قولىدا ئاللىقانداقتۇر خالتا ـ خۇلتىلارنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

سوپاخۇن كەلگۈچىنى تەئەججۈپ كۆزلىرىدىن ئۆتكۈزگەچ كېلىشىنى كۈتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەنىدە بولسا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. سىيرىتمىلىق بوغما چاپان، پادىچىلار ئىشتىنى كىيىپ، بېشىغا چىرايلىققىنە دوپپا قوندۇرۇۋالغان بۇ يىگىت نۇرئەخمەت ئىدى. ئۇ سوپاخۇنغا خېلىلا بوي تارتىپ قالغانىدەك، تەن قويۇپ تەمبەل بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدەك تۇيغۇ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ يۈز ـ كۆزىگە ئەت قونۇپ، چىرايى سۈزۈلۈپ قالغانىدى.

— ۋوي ـ ۋۇي، بايۋەچچە سودىگەرنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپتۇغۇ بىزنىڭ يىگىت! — سوپاخۇن غۇلاچلىرىنى كەڭ يايدى. نۇرئەخمەتمۇ قولىدىكى نەرسىلىرىنى قويۇپلا دادىسىنىڭ باغرىغا كىرىپ كەتتى.

— ۋايىيەي، كىم بىلەن گۇدۇڭلىشىدىكىن دېسەم، ئەسلىدە

دادا- بالا ئىكەن ئەمەسما؟- تائەتخاننىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. نۇرئەخمەت دادىسىنىڭ باغرىدىن چىقىپ ئانىنى قۇچاقلىدى، ئانا-بالا بىر تەن- بىر ۋۇجۇدقا ئايلاندى.

— ۋاي جېنىم بالام، ۋاي ئالتۇنۇم غوجام، ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ، يەردىن ئۈندىڭىزمۇ؟ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى غەم بىلەن ئېكەكلەپ، شۇنداقمۇ يىتىپ كېتەمسىز بالام؟......

تائەتخان ئوغلىنىڭ يۈز- كۆزىنى، يەلكىلىرىنى توختىماي سىلايتتى. ئانا قەلبىنىڭ مېھىر بۇلىقىدىن تاشقان شادلىق قىيانلىرى زىنىخ- زىنىخلىرىدا ئاقاتتى. تالادىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ نۇرمەمەت بىلەن نۇرئابدۇللالار چىقىشتى. قۇچاقلىشىش ئاكا- ئىنىلەرگە ئۆتتى. نۇرئەخمەت ئەزىز مېھماندەك كۈتۈۋېلىنىپ ئۆيگە باشلاندى. تائەتخان پولۇ ئۈچۈن سەۋزە كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ھۈنىرىڭ قانداقراق بالام؟— سورىدى سوپاخۇن داستىخاندا ئولتۇرۇپ،— ھەرنىمە بولسا بىزنىڭ ئائىلىدىنمۇ بىر ھۈنەرۋەن چىقىدىغان بولدى.

— ماڭا نەدىكى ھۈنەر دەيسىز، دادا؟ مەن بارغۇچە ھېلىقى ئۇستام ئالللىقاچان كېتىپ قاپتۇ. يەنە شۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا مەدىكارچىلىق قىلدىم. ئەمما، شۇ قېتىم بارغىنىممۇ ياخشى بولۇپتىكەن. كېيىن قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ مائاشلىق ئادىمى بولۇپ قالدىم.

— مۇقىم ئىش ئورنۇم بولدى دېگىنە؟

— ئىش ئورنىغۇ بار. قايتىپ بارسام يەنە شۇ يەردە خەقنىڭ چاپارمىنى بولۇپ ئىشلىسەم بولىدىكەن.

— چاپارمەن دەيسەنغۇ؟ مائاشلىق بولغاندىكىن بولمىدىمۇ؟

— مېنىڭ باشقىچىرەك ئويۇم بار، دادا، بىرئاز يولمۇ تاپتىم. ئەمدى ئۆز ئالدىمغا بىرەر ئىش قىلايمىكىن دەيمەن.

— نېمە ئىش؟



— ھۆددىگەرلىك قىلىمەن. قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى.

نۇرئەخمەت «ھۆددىگەر» دېگەن سۆزنى ناھايىتى ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇش ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى. بۇنىڭغا ھۈنەر كەتمەيتتى. يول تېپىپ قۇرۇلۇشنىلا ئېلىۋالسا، ئىشنى باشقىلار قىلاتتى. ئۇ بولسا قۇرۇلۇش پۇلىنى ئۆز ھېسابىغا ئاغدۇرۇپ، شۇ پۇلنى خەجلەپ بەرسىلا قۇرۇلۇش پۈتۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھەممەيلەن زور قىزىقىش ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۆيدىكىلەر قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكىنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىنى بىلىپ كەتمەيتتى. تائەتخان بىلەن ئىككى ئوغۇل ئۇنىڭ شېرىن خىياللارغا بۆلەنگەن چوڭ گەپلىرىگە قاراپ «خېلى ئىش بىلىپ قاپتۇ» دەپلا ئولتۇرۇشاتتى. سوپاخۇن بولسا گۇمانىي قاراشتا ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئىشنى ئاقتۇرالىشىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئەمما، ئۇنى توسۇشنىمۇ ئويلىمايتتى. «چوڭ بولدى. قېنى قىلىپ باقسۇن. ئوخشىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپمۇ ئويلايتتى.

شۇنداق قىلىپ، نۇرئەخمەت ئاشۇ ئۇلۇغۋار پىلانى بىلەن چۆرگۈلەپ يۈردى. ئۇ ناھىيە بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا توختىماي قاتنايتتى. كىملەرنىدۇ مېھمان قىلاتتى، كىملەرنىڭدۇر يانچۇقىغا پۇل سالاتتى. ئۆيلىرىگە گۈلە، ياڭاق، ئالما، ئانار ئېلىپ باراتتى. قىش ئۆتۈپ، ئەتىيازغا كەلگەندە نۇرئەخمەت راستتىنلا بىر قۇرۇلۇشنىڭ ھۆددىگەرلىكىگە ئېرىشتى. ئۇ بىر كەنت مەكتىپىنىڭ سەككىز ئېغىزلىق سىنىپ- ئىشخانا ئۆيلىرى ئىدى. ئۇ ياز ئوتتۇرىسىغىچە شۇ قۇرۇلۇشنىڭ كەينىدە يۈردى. ئۆيىگىمۇ ئانچە كەلمەيتتى. نەدە يېتىپ، نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى ئۆيدىكىلەر بىلمەيتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە نۇرئابدۇللامۇ تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدى. تائەتخاننىڭ ئۇنى

يەنە ئوقۇتقۇسى بار ئىدى. بىراق، نۇرئابدۇللا تاللاش دائىرىسىگە كىرەلمەي ئىمتىھان بېرەلمىدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلار ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ «تاللاش ئىمتىھانى»غا قاتنىششى كېرەك ئىدى. بۇ يەردىن لاياقەتلىك ئۆتكەنلىرى ئاندىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايتتى. نۇرئابدۇللا دەل ئالدىنقى تاللاشتا شاللىنىپ كەتكەنىدى.

سوپاخۇن نۇرئابدۇللانىڭ شاللىۋېتىلگىنىدىن ئانچە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۆت بولۇپ كەتكەنىدى. ئولتۇرسا- تۇرسا خىيالى بالىلارنىڭ بىرەرسىنى ئۆزۈمگە قول- قانات قىلىۋالسام، ئېتىز ئىشلىرىدا ھەمدەم بولسا دەپ كېلەتتى. شۇڭا، ئۈن- تىنسىزلا نۇرئابدۇللانى كەلگەن يېرىدىن ئۆزىگە ياندۇرۋالدى. ئەمدى مەكتەپتە پەقەت نۇرمەمەتلا قالغان بولۇپ، ئۇمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملاش ئىمتىھانىغا چۈشكەنىدى. نۇرئەخمەت بولسا دادىسىغا قول- قانات بولۇش ئەمەس، ھەتتا ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگە ئۆيگە يولاپمۇ قويمايتتى. دەيدىغان گېپى: «مەن ھۆددىگەر، قۇرۇلۇش قىلمىسام بولمايدۇ» دېگەننىڭ سىرتىغا چىقمايتتى.

شۇ يىلى كۈزدە نۇرمەمەت تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرغىچە ئوقۇغۇسى، ئىلىم- بىلىم بىلەن ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغۇسى، جۈملىدىن ئۆزىنى تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا بويۇن قىسىپ قالغان ئانا يۇرتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئاتىغۇسى بار ئىدى. «بولاپتۇ، ئېتىز ئىشلىرىغا يەنە ئۈچ جان قالغاندىكىن يېتىشەرمىز. نۇرئەخمەت ھۈنەر يولىنى تاللىغان بولسا، رايىغا قويىلى. يا قايىنامدىن چىقار، يا سايرامدىن. نۇرمەمەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېسە ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. كېيىنچە ئوقۇشنىڭ



نېمىنى تېپىپ يەپ قالسا ئەجەب ئەمەس......» دېيىشتى ئائىلە ئىگىلىكىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئاتا بىلەن ئانا.

مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرئەخمەت بىر قىزنى يېتىلەپ ئاتا- ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. 17—18 لەرگە كىرگەن بۇ قىز لەۋلىرىگە قېنىق لەۋ سۇرۇخ سۈرۈپ، چاچلىرىنى ساپسېرىق بويىۋالغانىدى. تاراقسىز، ئۆرۈكسىز چاچلىرى يەلكە ۋە دۈمبىلىرىدە يېيىلىپ تۇراتتى. سۆڭگىچىگە داپتەك كېرىلىپ تۇرغان تار ھەم قىسقا يوپكىسى يوتىلىرىنى ئاران- ئاران يۆگەپ تۇراتتى. ئاتىنىڭ ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالدى. ئانىنىڭ ئۇياتچان يۈزى« گۈپ» قىلىپ ئوت ئالدى.

— تۇۋا، تۇۋا، ماۋۇ قىز بالىنى...... — دەيتتى ئانا ئىچىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيىلىپ،— بېشىغا ياغلىق سالمىغاندىمۇ، ئاۋۇ يوتا- پاقالچاقلىرىنى يۆگىگۈدەك بىرنېمە كىيسە بولماسمىدى، ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ......

— سىلەرگە كېلىن ئېلىپ كەلدىم،— ئانىنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى نۇرئەخمەتنىڭ ئەيمەنمەيلا قىلىۋاتقان گەپلىرى،— ئىككىمىز پۈتۈشكەنتۇق، تويىمىزنى......

— تويۇڭلارنى قىلىپ بولدۇڭلىما؟— سورىدى سوپاخۇن تەئەددى بىلەن،— ئەجەب بىز بىلەپتىمىزغۇ؟

— ياق...... ياقەي، دادا. تويىنى...... تويىنى ئەمدى قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ......

— ۋاي جېنىم بالام، خوتۇن ئالىدىغان، كېلىن كىرگۈزىدىغان مۇنداق چوڭ ئىش دېگەننى بىز بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن قىلغۇلۇق ئەمەسما؟

— شۇنى دەيمەن،— سۆز قاتتى سوپاخۇن،— ئالىمەن، ئالدىم دەپلا، بازاردىن شاپتۇل ئالغاندەكلا ئالىدىغان نېمىما بۇ؟

— دادا، بۇ قايسى زامان؟— نۇرئەخمەت تېرىكىۋاتقاندەك

قىلاتتى،ـ مۇشۇنچىلىك ئىشلاردىمۇ يەنىلا ئاغزىڭلارغا قارايدىغان گەپما؟

— ھەي، بۇ...... بۇ...... — سوپاخۇن «بۇ ئىشەك سودىسىما؟» دېمەكچى ئىدى يۇ، سىلىقلاشتۇرۇپراق داۋام قىلدى،— بالام، توي، نىكاھ دېگەن ئۆمۈر ئىشى تۇرسا، ئاۋۋال بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلغۇلۇق ئەمەسما؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىڭىز سەمەتاخۇننىڭ قىزىغا چاي ئىچۈرۈپ قويغىلى نىكەم.

— ھىم!ـ ئورنىدىن دەسسىدە تۇردى قىز نۇرئەخمەتكە قەھرى بىلەن گۆلىيىپ،— مەن دىرىكتورى، لوبەنەي دەپ يۈرگەنلىرىڭىزدىن ئايلىناي، غوجام! ئەسلىدە ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان لىڭتاسىمكەنسىزغۇ؟! خەيرـ خوش لاتا غىلاپ! — قىز لېۋىگە تەگكۈزگەن ئالىقىنىنى نۇرئەخمەتكە شىلتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن نۇرئەخمەت يۈگۈردى. ئۇ ئاشۇ چىقىپ كەتكىنىچە بىر ئايدىن كېيىنكى بىر كەچلىكى بىر پۇت گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ خىرامان ئىدى. خۇددى ئاردا ھېچقانداق ئىش بولۇپ باقمىغاندەك ئادەتتىكىچە پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى قىز توغرىسىدىمۇ ھېچنېمە دېمەيتتى.

— قانداق بولۇشتۇڭلار؟— سورىدى تائەتخان بىتاقەت ھالدا.

— نېمىنى دەيسىز؟— ئۇ ئانىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەتەي سوراۋاتاتتى.

— ھېلىقى كېلىنىنچۇ؟

— ھە، ئۇ ئىشنى ئەمدى تىلغا ئالمايلى ئانا. ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە مېنىڭ قىلغان ئىشىم خاتاكەن. توختىشىپ قالدۇق.

— ئوبدان قىپسىز ئۇز بالام، ئوبدان قىپسىز. ئۇنىڭ



كېيىنىش ـ ياسىنىشلىرىدىنلا سىزگە خوتۇن بولالمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ؟

نۇرئەخمەت ئۈنچىقمىدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلغىنىچە كىگىزنىڭ چۇچىسىنى تىرناپ ئولتۇراتتى.

— دېمىسىمۇ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىڭىزدىن خېلىلا ئۆتۈپ كەتتى، بالام. ئەينى چاغدا دادىڭىز ئۆيلەپ قويايلى دېگەندە، ھۈنەر ئۆگىنىمەن، ھازىر ۋاقتى ئەمەس دېدىڭىز. ئەمدى ئۆيلەيلى دېسەك، يېقىنىنىڭياقى ئالدىراپلا يۈردىڭىز. گۇڭگۇرـ مۇڭگۇر پاراڭلىششقا ۋاقتىڭىز بولمىدى. كەچتە چاقىرتاي دەپ تۇراتتىم، مانا ئۆزىڭىز كېلىپ قالدىڭىز.

— نېمە، ئىشـ كۈش بارمىدى؟

— ئاخشام توختىكېرىماخۇنىنىڭ ئايىشخان كەپتىكەن، چايلىرىنى بەك ئۇزاق ساقلاپ كەتتۇق، ئىككى كۈندە بىر ئەلچى كېلىپ بېشىمىزنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. گەپنى ئۈزۈشۈۋەتسەك بولاتتى دەيدۇ. تويۇڭلارنى قىلىۋەتسەك بولامدىكىن بالام.

نۇرئەخمەتنىڭ كۆز ئالدىغا «لىپ» قىلىپ بىر سۈرەت كەلدى. زىلۋا، سەل بۇغداي ئۆڭ كەلگەن روشەنگۈل ئىسىملىك بۇ قىزنى ئوبدان بىلەتتى. ئۆزى مۇلايىم، نومۇسچان قىز ئىدى. بىرلا يېرى، چىرايـ ئۆڭىنىڭ سەل قارامتۇللۇقى نۇرئەخمەتكە ياقمايتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى كەينىگە سۈرىشىمۇ مۇشۇ سەۋەپتىن ئىدى. ھېلىقى مودا قىزدىن زەربە يېگەندىن كېيىن بولسا «پېشانىسىگە پۈتۈلگەن» ئاشۇ قىزنى ئويلاپ يۈرەتتى.

چۈنكى ئۇ بويتاقلىق تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. مۇشۇ كەملەردە كىملا بولمىسۇن تېززەك توي قىلىۋالغۇسى، ئۆيلۈكـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئىسسىق يەپ، ئىسسىق ياتقۇسى، ئوقەت كەينىدىنمۇ خاتىرجەم ماڭغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. نۇرئەخمەت توي ئىشى توغرىسىدا قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي

ئۆلتۈرغانىدى. مانا ئەمدى گەپنى ئانىسى ئېچىپ بەردى. ئۇلارغا ئۆيلەپ قويۇشلار دېيىشنىڭمۇ هاجىتى قالمىغاندەك تۇراتتى.
— ئىختىيارىڭلار، ئانا، — دېدى ئۇ ئىچىدىكىنى چىقارمايلا، — دادام بىلەن شۇ قارارغا كەلگەن بولساڭلار باشقا پىكرىم يوق.
— ھېلىقى ئىشقا باتناپ شۇنداق دەۋاتمايدىغانسىز؟
— ياقەي ئانا، مەن خاتا قىلغىنىمنى دېدىمىيا ئۇ ئىشتا؟
— ئەمسە، ئايشىخانغا جاۋابىنى بېرىۋېتىلى.
ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گېپى شۇ بولدى. ئارىدىن 15 كۈن ئۆتۈپ، سوپاخۇنلارنىڭ ھويلىسىغا توي قازىنى ئېسىلدى. سوپاخۇن ئالدىن ئويلاپ، ئۆينىڭ يېنىغا ئىككى ئېغىزلىقتىن قىلىپ ئىككى يۈرۈش ئۆي ئېتىپ قويغانىدى. تۇنجى كېلىنىنى شۇلارنىڭ بىرىگە كۆچۈرۈپ قويدى. يەنە بىرى نۇرئابدۇللاغا ئاتاپ قويۇلغانىدى.
نۇرئەخمەتنىڭ تويى بولۇپ ھەپتىدىن كېيىن نۇرمەمەت ھويلا ئىشىكىدىن ئۇچقان قۇشتەك قانات قېقىپ كىرىپ كەلدى. قولىدا بىر تال سېرىق كونۋېرت پۇلاڭلاپ تۇراتتى.
— دادا! ئانا! مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتىمەن. مانا، مانا چاقىرىق كەپتۇ!
تۇنجى بولۇپ ئانا ئورنىدىن تۇردى. سوپاخۇن «چاقىرىق»نىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىدىمىكىن، ئانچە ئېرەنشىمىگەندەك قىلاتتى.
— نېمە كەپتۇ دېدىڭ؟ نېمە نەرسىكەن ئۇ شۇنچە خۇش بولۇپ كەتكۈدەك؟
— چاقىرىق- مېنى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلغانلىق ئۇقتۇرۇشنامىسى، دادا!
— ھە... ئوقۇغىنە قېنى، نېمە دەپ يېزىپتۇ؟



نۇرمەمەت ئالدىرىماي ئۈزۈپ- ئۈزۈپ ئوقۇشقا باشلىدى:
«ساۋاقداش نۇرمەمەت سوپى، سىز شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىندىڭىز. 1998- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى. يىللىق ئوقۇش راسخوتىڭىز ئۈچۈن......» نۇرمەمەتنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
— توختاپ قالدىڭىزيا بالام؟ — دېدى تائەتخان نېمىنىدۇر تۇيغاندەك قىلىپ، — ئوقۇڭ، ئوقۇڭە، نېمە دەپتۇ يانا؟
نۇرمەمەت دادىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، پەسرەك ئاۋازدا داۋام قىلدى:
— يە...... يەنە 2800 يۈەن ئېلىپ كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇڭ دەپتۇ.
— نېمە، نېمە؟! — سوپاخۇن پېشايۋان سۇپىسىنىڭ قىرىدىن دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى، — 2800 كوي ئەكېلىڭ دەپتۇما؟ ۋاي ئانامەي...... بۇنچىلىك پۇل نېمىش قىلسۇن بىزدە؟ بولدى، بولدى غوجام. ئۇ نېمىڭىزنى شۇ يەردە قاتلاپ قويۇڭ.
— دېگىنىمدەك بولدى، — دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ئىچىدە، — ئەتىگەن مەنمۇ غەم قىلغانىدىم. ئائىلىمىز نەدىمۇ بۇنچىلىك پۇلغا چىقىش قىلالىسۇن؟ خۇشلۇقۇمغا پايلىماي يۈگۈرۈپ كەپتىمەن تېخى. مۇشۇ قۇرۇق خۇشلۇقلا قالىدىغان ئوخشايدۇ......
— ۋايىيەي...... — دېدى ئانا ئاتىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، — بىر گەپنى ئاڭلاپ بولغۇچە قايناپ كېتىدىكەنلا. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، بىر ئىلاجىنى تاپمايمىزمۇ، ئاڭغۇچە؟ نۇرئەخمەتاخۇن قۇرۇلۇش قىلىپ يۈرىيدۇ. ھال- كۈنى يامان ئەمەس بولغاندىكىن قاراپ تۇرماس مۇنداق.
ھەش-پەش دېگۈچە مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى. سوپاخۇن ھەرقانچە يىغىپ- يىغسىمۇ ئۈچتىن بىرىگىمۇ

چىقىشالمايتتى. نۇرئەخمەت بولسا «ئەنە- مانا» دەيتتى- يۇ، ماۋۇنى تاپتىم، دەپ 100 كوي تاشلىيالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، مەكتەپكە ماڭىدىغان پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى. نۇرمەمەتمۇ تەقدىرىگە تەن بېرىپ، ئېتىز ئىشلىرىغا قاتنىشىپ كەتتى.

نۇرئەخمەت ئۆز ئۆيىدە كۈزگىچە تۇردى. شۇ يىلى كەچ كۈزدە «يېزا بازىرىدىن ئۆي تاپتىم، ئىش ئورنۇمغا يېقىنراق يەردە ئولتۇراي» دەپ، خوتۇنىنى ئېلىپ كۆچۈپ كەتتى.

نۇرئابدۇللامۇ تەييار بولۇپ قالغانىدى. كېيىنكى يىلى ئۇنىمۇ پاتەمخان ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلەپ قويۇشتى. ئۇ سەمتاخۇن قاسساپنىڭ قىزى ئىدى. تويدىن كېيىنلا ھېلىقى ئىككى يۈرۈش ئۆيلەرنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بەردى.

نۇرئابدۇللا ئۈزۈم تاللىقىغا تۇتاش ئۆينى تاللىۋالدى. ئاردىن ئەمدىلا يېرىم يىل ئۆتكەنىدى. بىر كۈنى دادىسىنىڭ يېنىغا باش قاشلاپ كىرىپ كەلدى:

— قېينئاتام بازارغا كۆچۈپ كەتمەكچىكەن، — دەپ باشلىدى تۇنجى گېپىنى، — دۆڭ چاقاردىكى كونا قورۇ- جايىنى بىزگە بەردى. شۇ يەرگە كۆچۈپ چىقايلىمىكىن دېگەن......

— شۇنچە يىل سىغقان ئۆيلەرگە ئەمدى پاتمايۋاتامسىلەر، بالام؟- دېدى سوپاخۇن سەل كۆڭلى يېرىم بولغاندەك تاۋۇشتا، — ئاكاڭغۇ ئىشلەيدىغان يېرىم شۇ دەپ بازارغا چىقىۋالدى. سەن بولساڭمۇ يېنىمىزدا تۇرساڭ بولماسمىدى؟ يەرلىرىڭلار بۇ مەھەللىدە تۇرسا، نوپۇسىڭلارنىمۇ يۆتكەپ كېتەمسىلەر- يا، دۆڭ چاقارغا؟

— ياقەي، دادا. دۆڭ چاقار بىلەن ئوي چاقارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى 20—30 مىنۇتلۇق يولىيا؟ يەرلەرنى كېلىپ- كېتىپ يۈرۈپ تېرىپ كېتەرمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېينئاتام ئۆيۋاقلارنى زېمىنلاپ بېرىۋېتىدىكەن بىزگە. تەييار تۇرار جاي بولغاندىكىن......



— بېرىڭلار، بېرىڭلار بالام. بىز پەرزىنى ئادا قىلىپ ئۆيلەپ قويدۇق. قانداق ياشىغۇڭلار كەلسە، شۇنداق ياشاڭلار ئەمدى،- سوپاخۇن ئېغىر تىنىقلار ئىچىدە تۇرۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئوغۇل ئۆزلىرىگە 19— 20 يىلدىن بېرى ئىللىق ئۇۋا بولۇپ كەلگەن بۇ ماكاندىن بىر- بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئەمدى سوپاخۇننىڭ كونا تاملىق بولسىمۇ ئاۋاتچىلىق ئىچىدە شاۋقۇنلاپ تۇرىدىغان ئۆيىدە ئۈچلا ئادەم قالغانىدى.



## بەشىنچى باب

## بوزۇلغان چۈشلەر

### 1

تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. سوپاخۇن ئائىلىسىدىكى ئۈچ جان ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق تۆشەكلىرىدە تاڭ ئالدىدىكى شېرىن ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى. نۇرمەمەت يېنىك- يېنىك پۇشۇلدايتتى. سوپاخۇن ھەربىر نەپەسىدە گويا ئوت پۈۋلەۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ياتاتتى. ئېرىنىڭ يېنىدىكى تۆشەكتە سەل تۈگۈلۈپ ياتقان تائەتخان قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى. ياق، ئۇنى قارا بېسىپ قالغانىدى. قاراڭغۇ كېچىمۇ ياكى قارا بورانىنىڭ سۈرى ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن كۈندۈزمۇ، ئەيتاۋۇر، قانداقتۇر بىر گۇڭگىلىق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرەتتى. «ھەي، ئېزىپ قالمىسام بولاتتى، ئەجەب چوڭ يولنى تاپالمايۋاتىمەنا؟ نېمە بولۇپ بۇ جاڭگال يولغا كىرىپ قالغاندىمەن؟......» دەپ ئويلايدۇ ئايال ئىككى يېنىنى غۇچچىدە قومۇش قاپلاپ كەتكەن چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ.

شۇ ئەسنادا قومۇشلۇقلارنىڭ نەرىدىندۇر ھۇۋقۇشنىڭكىگىمۇ، توڭ قاغىنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە بىر ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. لەھزە ئۆتمەي قومۇشلۇقنى پۈتۈنلەي جاڭگال



قۇشلىرىنىڭ ئارىلاشما ئاۋازى قاپلاپ كەتتى. تائەتخاننىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئالدى- كەينىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئىككى ياندىن بىر توپ ياۋا توڭگۇز گۈرۈلدەپ چىقىپ يولنى توغرىسىغا توسۇۋالدى. ھەممىسى ئادەمگە ئوخشاش ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇراتتى. باشلىرىنى توختىماي گىلدىڭشىتىپ، خورتۇلدىشاتتى. بىر- بىرىدىن سەت، بەتبەشىرە ئىدى. تائەتخانغا قاراپ بىر قەدەم- بىر قەدەمدىن قىستاپ كېلىشەتتى.

تائەتخان قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ رىغبىتىدە «پۇر» قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. قومۇشلۇقمۇ، توڭگۇزلار توپىمۇ ئايىغى ئاستىدا قالدى. ئۇ ئۇچقان- لەيلىگەن پېتى تالاي- تالاي ئېكىنلەر، دەل- دەرەخلىكلەردىن ئۆتۈپ، ئۆز ھويلىسىغا چۈشتى. ھويلىدا ئادەم يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىشىكى يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ تۇراتتى، ئالەم قاراسلاپ سۇنغاندەك تولىمۇ دەھشەت بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا يەر سىلكىنگەندەك قىلىپ، ئايۋان ئۆينىڭ يان تېمى بىراقلا ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— ۋايجان! ۋايىيەي! بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟......— تائەتخان ئالاقزەدىلىك ئىچىدە تېپىرلاپ قالدى.

ئۆرۈلگەن تامنىڭ سىرتى قارلىق دالا ئىدى. دۆڭلۈكلەر، دەل- دەرەخلەر قېلىن قار تەكتىدە شۈمشىيىپ ياتاتتى. شىۋىرغان ۋىژىلدايتتى.

— ۋاي خۇدايىم، باللارنىڭ دادىسى يالاڭ چاپان بىلەنلا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. توڭلاپ قالارمۇ؟ ئۆينى تاپالماي تېنەپ يۈرەرمۇ؟......— تائەتخان يىقىلغان تام يوچۇقىدىن چىقىپ چاقىرىشقا باشلىدى،— دادىسى! سوپاخۇن! ئۆي مانا بۇ تەرەپتە!......

— نېمە بولدى، نېمە دەپ گۇڭۇرلايىلا؟— سوپاخۇن

تائەتخاننى يېنىك- يېنىك سىلكىشلەپ ئويغاتتى. تائەتخان ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل تېزلىك بىلەن يېرىم ئۆرە بولدى.

— نېمە بوللا؟ چۈشەكەۋاتاملا؟

— بىل...... بىلمىدىم...... قارىسىلا، ئۆيىنىڭ تېمى چۈشۈپ كەتتى.

— قايسى ئۆيىنىڭ؟— سوپاخۇن ئېرەنسىزلىك بىلەن تۆت تامغا قاراپ قويدى،— مانا ئۆي ساپساق تۇرامدۇ؟ سىلىنى قارا بېسىپ قاپتۇ- ھە؟

تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. ئۆي ئىچى خىرە- شىرە يورۇپ تۇراتتى. تائەتخان ماغدۇرسىزلىق ئىچىدە تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى. ئۇ كېچىچە كۆرۈپ چىققان قالايمىقان چۈشلەر ئىچىدە چارچاپ كەتكەنىدى. ئىككى چېكىسى توختاۋسىز زىڭىلدايتتى.

— ئەجەب بىر چۈشلەرنى كۆردۈما؟— دەيتتى تائەتخان ئىچىدە،— ئۆيىنىڭ تېمى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرسە ئوبدان ئەمەستى. خۇدا ساقلار، چۈشۈم تەتۈرىسىگە يېنىپ كېتەر.......- ئۇ ئالدىراپ- تېنەپ تاھارەت ئېلىپ جايىنامازغا چىقتى. بامداتنى ئادا قىلىپ، ئىككى رەكەت نەپلە نامىزى ئوقۇدى. دۇئانىڭ بېشىدىكى تىلەكلىرىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇزاقتىن- ئۇزاق تىنچ- ئامانلىق، گۇناھىكەبىرلىرىگە مەغپىرەت تىلىدى.

ئانىنىڭ ئەندىشىلىرى سەل پەسلىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىگە نېمىدۇر بىرنەرسە سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ نامازدىن كېيىن بىر تۇتام پاختا بىلەن بىر كاللەك تۇزنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى. يول بويىدىكى دەرەخلەرنى ئارىلاپ، پاختا بىلەن تۇزنى پەسرەك بىر دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا قىستۇرۇپ ياندى. بۇ ئانا كۆڭلىگە كىرىۋالغان بالا- قازا كىرىنىڭ كاپارىتى ئىدى. ئۇنى بىرەر ھاجەتمەن ئېلىپ كەتسە، ئۆزلىرىگە تېگىلەنگەن بالا- قازا دەپئى



بولۇپ كېتەتتى. بۇ ئاتا- ئانىلاردىن قالغان ئۇدۇم ئىدى.

ناشتىدىن كېيىن نۇرمەمەت سىرتقا ماڭدى. سوپاخۇن ماللىرىغا ئوت- چۆپ تاشلىۋېتىپ، ھارۋىسىنى قېتىشقا باشلىدى.

— نەگە باراي دەيلا؟

— ئىش بولمىغاندىكىن چىقىپ باقاي. يا بىرەر قوچاق شاخ- شۇمبا تاپارمەن، يا بىرەر- يېرىم تال كۆتەك كولارمەن.

— بۇنچە قىلىپ كەتمىسىلىمۇ، دۆۋىلىگەن ئوتۇنلار يېتىپ ئاشاتتى قىشتىن.

— بىكارنى خۇدا خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتۇق دۆلەتمۇ باشنى يارمايدۇ.

— سىلىگە گەپ توشمايدۇ زادى،- تائەتخان جىم بولدى.

سوپاخۇن ئېشىكىنى يېتىلەپ مېڭىۋىدى، نۇرمەمەتمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئەمما، ئۇ ئوغلىغا باشقا بىر ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ يالغۇز چىقىپ كەتتى.

پەسىل كەچ كۈزگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كۈن ھە دەپ قىسقىرىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ ھارارىتى بارغانسېرى سوۋۇپ، ئۈششۈك شامال ئەدەپ كەتكەنىدى. غازاڭلار تىرىسلاپ تۆكۈلەتتى. دەرەخلەر ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ياپرىقىنىمۇ ئىگە بولالماي قېلىشقانىدى. ئاشۇ ئۈششۈك شاماللار ھەممىسىنى تارتىۋېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ، ئېرىق- ئورەكلەرگە تىقاتتى. تام- توسۇقلار، چىت- قاشالار تۈۋىگە دۆۋىلەيتتى. مال- ۋارانلار ئايىغىدا پايخان قىلاتتى. ياپراقسىز شاخلار ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ بەستىدىن ئۇيالغاندەك توختىماي نالە قىلىپ ئىرغاڭلايتتى . ئۇياتچان جىسمىنى يوشۇرۇشقا جاي ئىزدەۋاتقاندەك شاراقلىشاتتى. ياز بويى ئۆز يېشىللىقى، رەڭمۇ رەڭ گۈل- چېچەكلىرى بىلەن مەغرۇر كۆرۈنىدىغان باغلار، دەل- دەرەخلەر ئەمدىلىكتە گۆش- ئەتلىرى قالمىغان ئىسكىلىتقىلا ئايلىنىپ قېلىشقانىدى.

شامال بىردىنلا ئەدەپ كەتتى. ئاۋۋال قۇرۇغان ياپراقلار، ئاندىن پاسار- چاۋارلار ئۇچۇشقا باشلىدى. لەھزە ئۆتۈپ قاياقتىندۇر قاپقارا تۇۋرۇكسىمان بىرنەرسە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سۈر- ھەيۋىسىدىن دەرەخ شاخلىرى شارقىراپ، نىمىلەردۇر غارقىراپ كەتتى. ئۇ قۇيۇن ئىدى. شامالدۇرغۇچنىڭ قانىتىغا ئوخشاش بىر يۆنىلىشكە قاراپ توختىماي پىرقىرايتتى. ئۇچۇرۇپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ھە دەپ قارنىغا تىقاتتى. قارنىدىن ئېلىپ دۈمبىسىگە ئاتاتتى. ئۇ ئاشۇ ھەيۋىسى بىلەن بىر پارچە بوزلۇقنىڭ ئاخىرىسىدىكى جىگدىلىككە تۇرتۇپ كىردى.

«يا پىرىم!» دېدى شۇ ئەسنادا جىگدىلەر ئارىسىدىن يېرىم ئۆرە بولغان سوپاخۇن يېنىدىكى شاخقا ئېلىپ قويغان چاپىنىنى ئېلىپ ۋە بېشىغا ئارتقىنىچە «گۈپ» قىلىپ ئۆزىنى ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئورەكنىڭ ئىچىدە ئىدى. قۇيۇننىڭ كېلىشمۇ، كېتىشمۇ تېز بولدى. كۆپ ئۆتمەي ئەتراپ جىمىپ قالدى. سوپاخۇنمۇ ئورنىدىن تۇردى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان قۇيۇنغا قاراپ- قاراپ قويۇپ، ئۈستىبېشىنى قاقتى. چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يۈز- كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ كەتمىنىنى ئالدى. كەتمەن تۈنجى چېپىلىشتا «دوك» قىلىپ يىلتىزغا تەگدى. تاقاشقان يىلتىزنى ئىككى بېشىدىن كېسىۋېتىپ يەنە كولاشقا باشلىدى.

ئۇ يەر ئاھادىسىنى بويلىتىپ تىكىلگەن ئاشۇ جىگدىلەر ئارىسىدا كېسىۋېلىنغان كۆتەكلىرىنى كولاۋاتاتتى. ئۆزى كولىغان ئورىغا چۈشۈۋېلىپ، بىردەم كەتمەن چاپسا، بىردەم پالتا چاپاتتى. كاسىسىنى ئورەكنىڭ بىر قىرىغا تىرىۋېلىپ، پۈتى بىلەن كۆتەكنى تىرەجەپ لىڭشىتاتتى. قولى بىلەن كولاپ تۈتۈۋالغان يىلتىزلارغا تىغ ئۇراتتى. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن كۆتەك يىقىلدى. ئۇنى ئورەكتىن چىقارماقمۇ بىر گەپ ئىدى. ئۇ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئورەكنىڭ بىر تەرىپىنى پەسلەتتى. ئاندىن،



كۆتەكنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇتۇپ ئاستا- ئاستا يۇقىرىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. بىر غېرىچ- بىر غېرىچتىن تۇرتۇپ يەر ئۈستىگە چىقاردى. بۇ ئەتىگەندىن بېرى كولانغان ئۈچىنچى كۆتىكى ئىدى.

ئۇ دېمىنى ئېلىۋالاي دەپ كۆتەككە ئولتۇرۇپ تۇراتتى، ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ خىرىلدىغان ئۈنى چىقتى:

— يار بويىدا كامار كولاپ يۈرگىنى كىمكىن دېسەم، سوپاخۇنكەنيا مانا؟

سوپاخۇن تاققىدە كەينىگە قارىدى. تۆت قەدەمچە نېرىدا ئۇزۇن بىر تال خادىنى دولىسىغا ئېلىۋالغان سېرىق چىراي، كوسا بىر ئادەم كۈلۈپ تۇراتتى. سوپاخۇن ئۇنى ئاۋازىدىنلا تونۇپ بولغانىدى.

— ھە، مۆڭگۈزۈم قىچىشىپ قوتۇر جىگدىگە سۈركەۋاتىمەن دېسىلە سەلىياخۇن!

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. بىرى «چاشقان»، بىرى «كالا» لەقەملىك بۇ ئىككى تونۇش بىر- بىرىنىڭ لەقەملىرىگە ئىما قىلىپ چاقچاقلىشىۋاتاتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟— دېدى سەلىياخۇن كۈلكە ئىچىدە،- قار ياغقۇچە ئۇۋۇلىرىغا جىگدە توشۇۋالاي دەۋاتقانلا ھە قاچان؟ قارىسىلا ئۈستىلىرىدىكى ئاۋۇ جىگدىلەرنى. خېنىمنىڭ بويىنىدىكى ياقۇتتەك تۇرمامدۇ يالتىراپ؟

— شۇڭا خادا ئېلىپ كېلىشلىرىكەن- ھە، ھەلەپلىك جۇغلىۋالاي دەپ؟ سىلىمۇ بوش ئادەم ئەمەس ماقىما!

ئارىدا يەنە بىر قېتىم كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سەلىياخۇن راستتىنلا ئاشۇ «ياقۇتتەك» جىگدىلەردە، ئۇنىڭ قاتتىق شىۋىرغانمۇ تۆكۈۋېتىشكە كۈچى يەتمىگەن ياپپېشىل ياپراقلىرىدا قوي بېقىۋېلىشنى كۆزلەپ كەلگەنىدى. ئىككىسى يەنە بىردەم

چاقچاقلاشقاچ، ئۇ يەر- بۇ يەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانمۇ بولار ئىدى، لېكىن سەلىياخۇننىڭ قويلىرى يەم تىمىسقىلاپ يىراقلاپ كەتكەچكە، مال كەينىدىن كەتتى. سوپاخۇننىڭمۇ ھاردۇقى بىر ئوبدانلا چىقىپ قالغانىدى.

— ئەمدى، ئاۋۇنى چىقىرىۋالسام بىر ھارۋىلىق بولىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بىر تەرىپىنى چاناپ ماۋۇ ئازگالغا تىقساملا، ئۇمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ......

بۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قىشنىڭ غېمى ئىدى، شۇنداقلا سوپاخۇننىڭ ئېتىز- ئېرىق ئىشى سېلىككەندىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان دائىملىق ئىشى ئىدى. ئۇ قولى ئائىلە ئىشىدىن بوشاپ قالسىلا كەتمىنى بىلەن پالتىسىنى ئېلىپ، كەنت ياقىسىغا چىقىپ كېتەتتى. دەرەخلىكمۇ دەرەخلىك ئايلىنىپ كۆتەك كولايتتى. بۇ ئەلۋەتتە كەنت ياقىسىدىكى «ئالا قۇملۇق»تىن ياكى دەريا ساھىلىنىڭ توۋىنىدىكى سايلىقتىن چېپىپ كېلىپ قالايدىغان ئاقتەسكەن، قارىغاتقا ئوخشاش چوغى چۈشمەيدىغان چاتقال ئوتۇنلىرىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. سوپاخۇن شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، ئاتىسى تاپشۇرۇپ كەتكەن ئىشلارنى تۈگەتكەن نۇرمەمەت ئۆز بېغى بىلەن قوشنا باغنىڭ چىتى تۈۋىدە قارشى تەرەپتىكى بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ جىنەستە ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، چاقىرىق قەغىزى تېخىچە كەلمىدى دەڭ؟- دەۋاتاتتى نۇرمەمەت.

— ئىمتىھاندىكى نەتىجەم بېكىتىشكەن نومۇر چېكىگە يەتمىگەن تۇرسا......- جاۋاب بەردى قىز مەيۈس ھالەتتە.

— ئاران يېرىم نومۇر ئازكەنغۇ شۇ؟ ئۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمەڭ. ئەتە- ئۆگۈن پوككىدە كېلىپ قالامدۇ تېخى.

— ھەي تاڭەي، نۇرمەمەت. چاقىرىقى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مېڭىپ بولغان تۇرسا. بۇ چاغقا دەرسلىرىنىمۇ باشلاپ



بولدى ھەقاچان.

— تازىمۇ بىر پېخسىق ئادەملەركەن بۇ، — دېدى نۇرمەمەت شىكايەت ئاھاڭىدا، — يېرىم نومۇر دېگەن قانچىلىك گەپ؟ بولاپتۇ دەپ چاقىرىق يېزىپ قويسا نېمە بولىدۇ؟

— تەقدىرىم شۇنداق ئوخشايدۇ. مەيلى، كېلەر يىلى يەنە قاتنىشارمەن.

— كېلەر يىلغىچە ئوقۇغانلىرىڭىز ئۇنتۇلۇپ بولمىغىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ. مەكتەپ تەكرارلاش سىنىپى ئاچماقچىكەن. بىر يىل قايتا ئوقۇيمەن. ھەي، سىزمۇ قاتنىشىڭ بولمىسا، بىرگە تەكرار قىلىلى.

— قويۇڭ جىنەستە، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز سىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرقانچە قاتناشقىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر ئوقۇش راسخوتىغا چىقنالمايمىز، — نۇرمەمەتنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۆتكەن يىلى ئۆكلەنگەن يۈرەكلىرى قايتىدىن تاتىلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ جىنەستىنىڭمۇ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. ئىككى قوشنا- ئىككى ساۋاقداش بىر- بىرىگە تەسەللى ئېيتىشىپ ئايرىلىشتى.

سوپاخۇن كۆتەك بېسىلغان ھارۋىسىنى غىچىرلىتىپ كىرىپ كەلگەندە تائەتخان پېشايۋان سۇپىسىدا كەچلىك تاماق ئۈچۈن ماش- لوۋىيا خىللاۋاتاتتى. ئۇ سوپاخۇننى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى:

— نەلەردىن كولاپ كەلگەنلا شۇنچە كۆتەكنى؟ يا بارىدىغان يەرلىرىنى دەپ قويمايدىكەنلا. رەجەپئاخۇن بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى مېنىڭ.

— نېمە بولاپتىكىن، رەجەپ ئاخۇنغا؟

— سىلىنى ئىزدەپ بولمامدۇ؟ غازاخۇن «تېپىپ كېلىڭ دەپتى» دەپ ئۈچ قېتىم كەلدى. كەتكەن يېرىنى دەپ بەرسىلە، دەيدۇ. يا بىلەلمىدىم بارغان يەرلىرىنى. — ئۇ شۇنداق دەپ

تۇراتتى، رەجەپ ئاخۇن كىرىپ كەلدى.

— ۋاي، تۇۋىيەي سوپىكا، ئەجەب بالاغا قالدىما مەن! بولۇڭا ئوبدان ئاكا، كەنت مۇدىرىنىڭ قېشىغا بىر بېرىڭ!

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراش ئىزدەيدىغاندۇ مېنى؟

— مەن نەدىن بىلەي؟ سوپاخۇننى تېپىپ كەل دەپ ھەيدىگىنى ھەيدىگەن.

سوپاخۇن ھارۋىسىنى ئالدىراپ بىكارلاپ ئېشكىنى چىقىرىپ، ئىغىل ئىشىكىدىن سولىۋېتىپلا غازى ئېلىنىڭكىگە كەلدى. غازى ئېلى شىپاڭلىق ئايۋىنىنىڭ سۇپىسىدا تاماق يەۋاتاتتى. ئۇ سوپاخۇننىڭ تۇزۇتلىرىگە قارىماي ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە غىزالانغاچ مۇددىئاسىنى ئېيتتى:

— قا شاڭجاڭ بەك تەقەززا قىلىپ كەتتى،— دەپ باشلىدى ئۇ تۇنجى گېپىنى،— تاللىرىنىڭ كۆزلۈك پۈتنقنى قىلىپ، كۆمۈش تەييارلىقنى قىلىدىغان ئىش ئوخشايدۇ. سوپاخۇنكام كەلمىسە بولمايتتى دەپ تولا تېلېفون قىلدى. ئەتە ئەتىگەندە يېزىغا بىر چىقساڭلا بولامدىكى.

سوپاخۇن ئۈندىمىدى، ئەمما غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. قاسىم ھوشۇرنىڭ بۇنداق ئىشلىرى ھەر يىلى بار ئىدى. ھويلىسىدىكى بار- يوق بىر باراڭ ئۈزۈم تېلىنىڭ يازلىق، كۆزلۈك پەرۋىشنى گويا سوپاخۇنغا ھۆددە قىلغاندەك، ھەر يىلى ئۇنىلا چاقىرتاتتى. چاقىرغانغا، ئىشقا سالغانغا يارىشا، يېگەن ئىككى ۋاقلىق تامىقىدىن باشقا «ماۋۇنى ئېلىپ قويسىلا، ئاكا» دەپ تەڭلەيدىغان پۇچۇق يارمىقى يوق ئىدى. بىچارە دېھقان بىر كۈن كەچكىچە ھېرىپ- تالچىقىپ ئىشلەپ، ئۆيىگە سالپايغان ۋۇجۇدىنى ئېلىپ كېتەتتى.

— ئىش- كۈشلىرىنى ئوبدان قىلىپ بېرىڭلا، شاڭجاڭنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن بىزدىن،— تەكىتلىدى ئۇ ماڭار چېغىدا،—



شاڭجاڭمۇ ئادەم تاپالماي دېمەيدۇ شۇ.

سوپاخۇن يەنە بايىقىدەكلا ئۈن- تىنسىز ئۇزاپ چىقتى.

سوپاخۇن باشلىقنىڭ بېغىدا ئىشلەۋاتقان شۇ كۈنى تائەتخان ھويلىسىدىكى تونۇر بېشىدا رەۋىخان بىلەن نان يېقىۋاتتى. كۈن ئەمدىلا چۈشكە ئىگىلەشكەنىدى. تائەتخان ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بىر خەۋەر زەربىسىدە تونۇر بېشىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئۇ ئېرىنىڭ قازاغا يولۇققانلىق توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر ئىدى. رەۋىخاننىڭ تونۇرغا ئۇزاتقان كاكچا خېمىرى قوقاس ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى. گەزنىسنى نەگىدۇر تاشلىۋېتىپ، تائەتخاننىڭ قېشىغا يۈگۈردى. ئۇ ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەنىدى. كۆپ ئۆتمەي نۇرمەمەت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئېتىزدىن كېلىشى ئىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپلا يەنە يېزىغا چاپتى.

دەرۋەقە، سوپاخۇننىڭ قازاغا يولۇققىنى راست ئىدى. ئۇنىڭ جېنىغا تال چىۋىقلىرىنىڭ ئارىسىغا چىرمىشىپ قالغان بىر تال يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى زامىن بولغانىدى. تال بارىڭىدىن 50—60 مېتىرچە نېرىدىكى ستولبىدىن تارتىلىپ، يېزا قورۇسىغا كىرىپ كەتكەن بۇ سىمنى قاچان، كىمنىڭ، نېمە ۋەجىدىن تارتقىنى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئېنىقى، سىمنىڭ بىر تېلى پەسلەپ تال چىۋىقلىرى ئارىسىغا چۈشۈپ قالغان. سوپاخۇن پۇتاق ئۇچۇن قايچا سالغاندا، قايچىسى سىمغا كىرىپ قېلىپ توك تۇتۇۋالغان- جېنىنى ئالغانىدى. قايچا تۇتقان قولى كۆيۈكتىن كۆسەيدەك بولۇپ قالغانىدى.

سوپاخۇننىڭ جەستى دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن ئېلىپ كېلىندى. ئۆي ئىچىنى ئانا- بالىنىڭ يىغا- زارى كۆتۈرۈپ قويتى. يېڭىلا ھوشىغا كەلگەن تائەتخان يەنە ھوشىدىن كەتتى. سوپاخۇننىڭ كۆيۈك قولى يىغىلىپ قالغان، چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى. ئاشۇ قارىداپ كەتكەن چېھرىدە نېمىگىدۇر

قىيماۋاتقاندەك بىر خىل ئەپسۇسلۇق ئالامىتى قېتىپ قالغانىدى. شۇنداق، سوپاخۇن ھاياتقا، ئائىلە، بالىچاقىلىرىغا قىيالماي كېتىپ قالغانىدى.

نۇرئەخمەت بىلەن نۇرئابدۇللالارمۇ نەلەردىندۇر پەيدا بولۇپ كېلىشتى. تائەتخان ھۇ تارتقىنىچە يۈگۈرۈپ تۇرۇپ، ئوغۇللىرى، كېلىنلىرىنىڭ باغرىغا تاشلاندى. بىر- بىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىلىشىپ، ئۆي ئىچىنى قايتىدىن يىغا قاپلىدى. بىرھازالىق يىغلىشىشلاردىن كېيىن كېلىنلەر ئانىنى ئاستاغىنە ئولتۇرغۇزۇشتى. تائەتخان بىردە ھوشىغا كېلىپ، بىردە ھوشىدىن كېتىپ تۇراتتى. ھوشىغا كېلىپلا مېيىت ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلايتتى. باشقىلار تەسەللى بېرىپ، خاتىرە ئېيتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى.

مېيىت ئۇزىتىلىپ نەچچە كۈنگىچە پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. يېزا كاتتىلىرىمۇ ئارقا- ئارقىدىن كېلىشىپ ئانىغا تەسەللى بېرىشەتتى. خۇسۇسەن، سوپاخۇننى ئىشقا سالغان ھېلىقى قاسىم ھوشۇرنىڭ ئارىدا پايپېتەك بولۇپ ھالى يوق ئىدى. بىردە بىر خالتا گۈرۈچ، ئىككى خالتا ئۇن، بىردە بىرەر باك سۇ ماي دېگەندەكلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. يېزىدىن «ھال سوراش» نامى بىلەن 1000 يۈەن نەق پۇل بەرگەنمۇ بولدى. نېمىلا قىلغىنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايتتى. كەتكىنى كەتكەنىدى.

ھەپتىدىن كېيىن ئۆي بىراقلا جىمىپ كەتتى. تائەتخان يېرىم ئەتتىن چۈشكەنىدى. ئاشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. قويغان- تۇتقىنىنى بىلمەي يۈرەتتى. قىلىۋاتقان ئىشىدىن، مېڭىۋاتقان يولىدىن ئېزىپ قالاتتى. ئاشخانىغا ماڭدىم دەپ ھويلىغا چىقىپ قالاتتى. نۇرمەمەتنى نۇرئەخمەت ياكى نۇرئابدۇللانى نۇرمەمەت دەپ چاقىرىپ سالاتتى.

سوپاخۇننىڭ قىرىق نەزىرى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى نۇرئەخمەت نۇرئابدۇللانى ئاستاغىنە ياقىغا تارتىپ پىچىرلىدى:



— دادىمىز ناھەق ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى كۆمۈپ قويۇپلا بولدى قىلساق بولماس؟

— سەن نېمە دېمەكچى ئاكا؟— نۇرئابدۇللا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىغاندەك چىرايىغا قارىدى.

— مەن دېمەكچى...... دادىمىز ئۆز ئەجىلىدە ئەمەس، باشقىلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتتى. شۇڭا، ئەرز قىلالايلىمىكىن دەيمەن.

— توۋا دېگىنە ئاكا. ئەرز قىلغان بىلەن دادىمىزنى تىرىلدۈرۈپ بېرەلەمتى؟

— بەك نادانكەنسەن، ئۇكام. تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدىغانلىقىغۇ راست. بىراق، تۆلەمچۇ؟

— ھە...... ئەمدى بىلدىم،— تۆلەم تەلەپ قىلالايلى دېمەكچىكەنسەن- ھە؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئەلەمنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ جىممىدە يۈرگەندىن، تۆلىمىنى بولسىمۇ ئېلىپ تۇرمايمىزمۇ؟

— قاملىشارما؟ خەقلەر«دادىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ساتتى» دەپ قالارمىكى......

— نېمە دېسە دېمەمدۇ؟ خۇن دەۋاسىنىڭچۇ، سورىقى كۈچلۈك.

— بىراق، ئانام نېمە دەركىن؟— نۇرئابدۇللا گەدىنىنى تاتىلىدى.

— ھاي، ھاي،— دېدى نۇرئەخمەت ھاپىلا- شاپىلا،— ئانىمىز نەتىجىسىنى ئاڭلىسا بولدى. ئۇنىڭغا دېگۈچى بولما.

نۇرئەخمەتنىڭ بۇ ئىشنى ئويلاپ كەلگىنىگە خېلى بولغانىدى. ئەمما، ئانىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىمۇ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۆزىلا بىلىپ، ئاستىرتىن ئىش ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئويلايتتى. يەنە تۇرۇپ كېيىنچە ئانىسى ئالدىدا يامان ئاتاققا قېلىشتىن

ھېيقمايمۇ قالمايتتى. ئاخىر نۇرئابدۇللانى چېتىپ قويۇش چارىسىنى تاپقاندى. نۇرئابدۇللا قارشى پىكىردە بولمىدى. ئەكسىچە، پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆلكىسى يۈزىگە تەپتى. نۇرئەخمەت قەتئىي قارارغا كەلگەندى.

ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن كەنجى ئىنىسىدىن خۇپپىيانە سۇنغان تۇنجى ئەرزى شۇ كۈنىلا «جاۋابكار»نىڭ قولىقىغا يەتكەندى. ئۇ شۇ ئاخشىمى نۇرئەخمەتنى ئۆيىگە چىللاتتى. بىر پىيالە چايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۆت باغلام پۇلنى قويدى.

— ئەسلىدە ئۆزۈممۇ سىلەرنى رازى قىلىۋېتىشنىڭ كويىدا يۈرەتتىم. پۇل جايلاپ بولغۇچە سوتلارغا بېرىپ يۈرۈشىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. ئاز بولسىمۇ تۇرمۇشۇڭلارغا ئىشلىتەرسىلە.

ئۇنىڭ «ئويلىماپتىمەن» دېگەن سۆزىدىن بىر خىل تەئەددى، رەنجىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. نۇرئەخمەت قاسىم ھوشۇرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاندەك، ئالدىدا سەل خىجىل بولغاندەكمۇ ھېس قىلدى. پۇلغا قاراپ ئۆز پىلانىدىن سۆيۈنمەيمۇ قالمىدى. ئۇ ئاشۇ ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ساختا قىياپەتتە چىققان بىر ئۇلۇغ- كىچىك تىنىقى ئاستىغا كۆمۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

نۇرئابدۇللا ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ھىم يېپىۋېتىپ پۇل ساناۋاتاتتى. قاتاڭغۇر بارماقلىرى قىپقىزىل قەغەزلەر ئارىسىدا قاشاڭلىق بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇ قولىغا نەچچە قېتىم تۈكۈرۈپ، 100 ۋاراق پۇلنى خېلى ئۇزاقتا ساناپ بولدى. ئۇ توپتوغرا 10 مىڭ يۈەن ئىدى. ئۇ شۇ يېشىغىچە بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى بىر قېتىمدا ساناپ باقمىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن قولىدىكى پۇلغا قاراپ كۆلۈمسىرەيتتى، ھاياجانلىناتتى. ئاكىسىنىڭ ئەقلىدىن، سېخىيلىقىدىن سۆيۈنەتتى. «ئاكام بىلەن تەڭ بۆلۈشتۇق» دەپ ئويلايتتى ئابدۇللا ئىچىدە، ئەمما ئۆزىگە



بېرىلگەن ئاشۇ «نېسىۋە» ئەسلىي «تاپاۋەت»نىڭ تۆتتىن بىرى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ يولاتمايتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، بۇ خۇپپىيانە سودىدىن ئانىسى بىلەن ئىنىسى ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى.

## 2

ھەش- پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ، كېيىنكى يىلنىڭ قىش مەۋسۇمى كېلىۋاتاتتى. كۈن- كۈنلەپ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قىشتا تەبىئەتمۇ، تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىمۇ سۈكۈناتقا پاتقاندەك، سوپاخۇن ئائىلىسىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەندى. ئۆيمۇ، ھويلا- ئاراملارمۇ كۆزلەرگە سوغۇق، خىرەلا كۆرۈنەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئانا بىلەن كەنجى ئوغۇلنىڭ كۆڭلىدىكى خىرەلىك ئىدى. چوڭ ئىككى ئوغۇل ئۆز ئۆيلىرىدە. ئۇلار ئۆز ئىشى، ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ھەلەك ئىدى. ئانا نۇرمەمەت بىلەنلا قالغانىدى.

تائەتخانىنىڭ ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىغا قارىغۇچىلىك مادارى قالمىغانىدى. ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران- ئاران چىقاتتى. ئەمدى ئائىلىسىنىڭ پۈتكۈل ئىشى نۇرمەمەتنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. ئۇزاققا سوزۇلغان قىش چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئەتىيازنىڭ شەپىسىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن غۇر- غۇر شاماللار توختىماستىن ئۇرۇپ تۇراتتى. بىر ئەتىگىنى ناشتىدىن كېيىن نۇرمەمەت دادىسىنىڭ كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— نېمىش قىلاي دەيسىز بالام، بۇ ئەتىگەندە؟— سورىدى ئانا تەئەججۈپتە.

— ئەتىياز كېلىۋاتىدۇ، راسلاپ قوياي.

ئانا ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

كەتمەن داتلىشىپ كەتكەنىدى. بىسىنىڭ قاچانلاردىدۇر تاشقا تەگكەن بىر يېرى ئۇتتۇر چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. نۇرمەمەت تاش ئۈستىدە قويۇپ كەكە چۈلدىسى بىلەن كومەكنى تۈزلىدى، چوغ ئۈستىدە قويۇپ داتلىرىنى كۆيدۈردى، شىنا قېقىپ سىپىنى چىڭىتتى. ھارۋىنىڭ، ساپانىنىڭ لاقا- لۇقلىرىنى يىغىپ تەخلەپ قويدى. بۇ دادىسىنىڭ ئۇدۇمى ئىدى. سوپاخۇن ھەر يىلى ئەتىيازنىڭ شەپىسىنى ئېلىش بىلەنلا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئاشۇنداق بالدۇرلا تەييارلاشقا كىرىشەتتى. ۋاقتى كەلگەندە ئالدى- ئارقىسغا قاراپ قالماي، قويغان يېرىدىن كۆتۈرۈپلا چىقىپ كېتەتتى.

ئۇزاققا بارماي كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى. قار قالدۇقلىرى ئېرىپ، بوزلۇقلارنىڭ يۈزى ئېچىلغانىدى. بەزى ئېتىزلارغا قوش- ساپانلار تىكلىنىۋاتاتتى. نۇرمەمەت خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ئاتا مىراس كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزغا ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ مۇستەقىل ھاياتقا ئېلىۋاتقان تۇنجى قەدىمى ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ھاياتى باشلىنىپ كەتتى. ئۇ دادىسى تۇتقان كەتمەننى ھەمراھ قىلىپ كۈنبويى ئېتىزدا ئىشلەيتتى. ئەتە- ئاخشاملاردا تەۋەررۈك پالتىسى بىلەن ئوتۇن ياراتتى. شاخ- شۇمبىلارنى كەسلەپ باساتتى. قوشقا قاتىدىغان ئۆكۈزى بىلەن ھارۋا سۆرەيدىغان ئېشىكىگە ھەلەپ ئېتەتتى. ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرىدىغان بۇ ئىككى جانىۋار ئانىسىدىن قالسىلا ئۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلىرى ئىدى. مانا شۇ قىسمەت بىلەن نۇرمەمەت ئۆيىنىڭ بىردىنبىر تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. شۇ يىلى ئۇ ئاران 20 ياشتا ئىدى. تولۇپ كېلىۋاتقان ياشلىق ۋۇجۇدى بىلەن بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن روزغارىنى يەلكىسىگە ئالغانىدى.

تائەتخان ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. سۈپۈرگىنى



قولىغا ئالدى. ھويلا- ئارامنى سۈپۈرۈۋېتىپ پېشايۋان سۇپىسىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى. ھاۋا ئوچۇق ئىدى. سۇپىغا كۈن نۇرى ئوبدانلا چۈشۈپ تۇراتتى. تائەتخاننىڭ قولىدا بىر يانچۇق پىچىقى تۇراتتى. ئۇنى نۇرمەمەت بايا قوتان ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئانا پىچاقنى پاختىلىق جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز جىلىتكىنىڭ پەشلىرىنى سىلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنىڭ ئىزناسىنى ئىزدىگەندەك ،ئۇ يەر- بۇ يېرىگە قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى.

ئۇنى ئالدىنقى كۈز سوپاخۇن يېزا بازىرىدىن ئالغاچ كەلگەنىدى.

— جىلىتكەم تۇرسا، نېمە قىلاردىلە ئارتۇقچە پۇل خەجلەپ. ئۆزلىرىگە بىرەر كۆڭلەك ئالسىلىچۇ بۇنىڭ پۇلىغا،— دېگەنىدى تائەتخان.

— كۆزۈمگە ئۇز كۆرۈنۈپ ئالدىم. ئىسسىقى قالمىغان جىلىتكىنى تاشلىۋېتىپ يېڭىسىنى كىيسىلە. قىرىغاندا بەدەننى ئىسسىق ساقلىمىسا بولمايدۇ.

— ۋىيەي، مەن قېرىپ قاپتىمەنما؟— دېگەنىدى تائەتخان چېقىشىپ،— كۆزلىرىگە موماي كۆرۈنۈۋاتامدىمەن؟

— تەن ئالمامدىلا؟

— ئالمايمەن.

— يۈزلىرىنى، كۆكسىلىرىنى سىلاپ باقسىلا.

چاقچاق باللارنىڭ قايسىدۇر بىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. تائەتخاننىڭ خىياللىرى بىردىنلا ياشلىق دەۋرلىرىگە ئۇزاپ كەتتى. نەدىندۇر بىر جۈپ دەمدارنىڭ زوق- شوق بىلەن بۇقۇلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆكتە بىر توپ كەپتەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. بىرىنىڭ بوينىدىكى غوڭغۇلدىقى توختىماي غوڭغۇلدايتتى. ئانا بۇلارنى سەزمەيتتى. پۈتۈن ئەس- يادى قىزلىق

قىرغاقلىرىنىڭ گۈزەل ساھىللىرىدا قانات قاقاتتى.

ئۇنىڭ 17 ياشتىن ئۆتكەن چاغلىرى ئىدى. تومۇز ئايلىرىنىڭ تازا قايناق چاغلىرى بولسا كېرەك، تائەتخان قويۇق سۆگەتلەر ئاستىدا سەگىدىگەچ پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇراتتى. بىركەمدە سۇغا چولتوككىدە قىلىپ بىرنەرسە چۈشتى. تائەتخان چاچرىغان سۇدىن ئەندىكىپ كەتتى. ئالدىدا پۇچقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان بىر يىگىت كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ تۇراتتى.

قىز ھۇپپىدە قىزاردى. ئۇنى تونۇيتتى. تونۇشلا ئەمەس، خېلى ئوبدانلا بىلەتتى. بايىقى قىزىرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئاشۇ يىگىتنىڭ «بەتمۇقام» لىقىغا چېتىشلىق ئىدى. يىگىت ئۇنى دائىم ئەگىيتتى. چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرەتتى. قاتتىق ـ يىرىك تېگىپ ئاچچىقلىتاتتى. بىر كۈنى ئۇلار قوناقلىق ئورىكىدە ئۇچرىشىپ قالدى. يىگىت سۇ تۇتۇۋاتاتتى. قىز ئوت ئېلىۋاتاتتى.

— ئاپلا...... — دېدى يىگىت قىزنىڭ يېنىدىكى كەندىر تۈۋىدىن ئۈسۈپ چىقىپ، — «تىرىس ـ تىرىس» قىلغىنى توشقان چېغى دەپ، بىر تۇتاي دېسەم، ئاپپاققىنە بىر كېپىنەك ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ھە، كېپىنەك بولسام نېمە بولاپتۇ، توشقان بولسامچۇ؟ — يەر ئاستىدىن جىلمايدى قىز.

— توشقان بولغان بولسىڭىز تۇتۇۋېلىپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەتتىم.

— ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— قەپەسكە سولاپ باقاتتىم.

— ۋىيەي، خۇدايىم سىزگە توشقان يولۇقتۇرمىسۇن. ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغۇدەك ئۇ.

ئىككىسى چاقچاقلىشىپ، يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا زوڭزايدى. قىز خىرامان ئولتۇراتتى. يىگىت قىزنىڭ ئېڭىكىدىن كاپپىدە



تۇتۇپ، «چوك ـ چوك» قىلىپ ئىككىنى سۆيۈۋالدى. قىز دەسلەپ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىگەندەك ھاڭۋېقىپ قالدى، كېيىن يۈزىنى تۇتقىنىچە ئوت دۆۋىسى ئۈستىگە موككىدە يېتىۋالدى.

قىز شۇ كۈندىن باشلاپ يىگىتنى كۆرسىلا ئوتقاشتەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇلار بىر كۆرۈشۈپ، ئىككى مۇڭدىشىپ، ئاخىر بىر ـ بىرىگە ئېجىل بولۇپ قېلىشتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ تويى بولدى. بۇ يىگىت دەل سوپاخۇن ئىدى......

تائەتخان ئۈستىدىكى ئاشۇ جىلتىكىنىلا ئەمەس، سوپاخۇننىڭ بەلبېغىغا چاغلىق نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەۋەررۈك بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىخىنىغا تەگكەن، ھىدى سىڭگەن كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر بوغجۇما قىلىپ ساقلاپ قويغان. ئۇنى سېغىنغان، ياد ئەتكەن مىنۇتلىرىدا ئاشۇ كىيىملەرنى چۇۋۇپ كۆزلىرىگە سۈرەتتى، بۇرنىغا تۇتۇپ ھىدلايتتى، باغرىغا بېسىپ ئىللىتىپ قوياتتى. ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقى ئۇنى مۇشۇنداق مەجنۇن قىلىۋەتكەنىدى. ۋاقىتسىز قازا ئۇنىڭ ھەممە، ھەممە نېمىسىنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

تائەتخان بۈگۈن تاڭ يورۇماستىلا تۇرۇپ كەتتى. يۇلتۇزلار ئەمدىلا تارقاۋاتاتتى. شەرق ئۇپۇقىدىن سۈبھىنىڭ خىرە ـ شىرە يورۇقى كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئالدىرىماي تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىغا ئولتۇردى. ناماز ئاخىرىدا ئۇزاققىچە دۇئا ـ تىلاۋەتتە بولدى، ئاندىن سوپاخۇننىڭ روھىغا ئاتاپ يەنە ئىككى رەكەت نەپلە نامىزىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قول ـ پۇت بوغۇملىرى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. نامازدا ئولتۇرۇش ـ قوپۇشتا قىينىلاتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، قىش كىرىشى بىلەنلا زىققە كېسىلى پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ھەر تىنىقىدا يۆتەل قىستاپ تۇراتتى.

ئانا ئاغزىنى يېپىپ كالتە ـ كالتە يۆتەلگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. نۇرمەمەت ئويغانمىغانىدى. يۈزىنى تام تەرەپكە قارىتىپ بىر

تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. تائەتخان ئوغلىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈرۈپ ئوچاققا ئوت ياقتى. چايغا چۆگۈن قويۇۋېتىپ قولىغا سۈپۈرگىنى ئالدى. ھويلا-ئارامىلارنى سۈپۈرۈۋېتىپ كىرگەندە نۇرمەمەت كىيىنىۋاتاتتى. چۆگۈن ۋاراقلاپ كەتكەنىدى.

ئۇ چۆگۈننى كۇلۇڭغىراق تارتىپ قويۇپ، گۈپپىدە بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى. ئوغلىنىڭ يۇيۇنۇشىغا سۇ قالمىغانىدى. قىش كىرگەندىن بۇيان مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇز چاناپ كېلىپ ئېرىتىپ ئىچەتتى. بىر قاچا، بىر يۇتۇم سۇ ياغدەك ئەتىۋار بولۇپ كەتكەنىدى. ئانا چېلەك بىلەن كىچىك پالتىنى ئېلىپ كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى. كېلىپلا كۆل بويىغا چوقچايدى. دېمىنى ئېلىۋېتىپ ئىختىيارسىز خىيالغا كېتىپ قالدى.

ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە تولا خىيالچان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇچمۇ ئۇچ بېسىپ كىرگەن ئۇلاشما خىياللارنىڭ قايىنىمىغا شۇڭغۇپ كېتەتتى. مانا مۇشۇ دەقىقىلەردىمۇ ئۇ كۆڭۈل شاخلىرىغا لىپپىدە قونغان بىر سىيما بىلەن ئەسرا-مۇلاقەتتە بولۇۋاتاتتى. كۆڭۈل قەسرىدىن كېچە-كۈندۈز چىقمايدىغان بۇ سىيما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇز چوقۇۋاتاتتى. ئۇنى «مەن بىلەن بىللە كەلدى، ماڭا مۇز چاناپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ بىلەتتى. دېمىسىمۇ، كۆيۈمچان قولدىشى، ئائىلىسىنىڭ بەردەم تۈۋرۈكى سوپاخۇن ئىدى.

تائەتخان كەينىدە شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىنى تۇيۇپ لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. بىر ئەر تاغار بىلەن پالتىسىنى قولتۇقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تائەتخانىنىڭ چېلىكىنىمۇ تولدۇرۇپ بېرىپ، ئىككىسى بىللە ياندى. ئانا چېلەكنى نەچچە يەردە قويۇپ تولىمۇ تەستە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يەنە دېمى سىقىلىپ كەتكەنىدى. توختىماي كالتە يۆتىلەتتى. تىنىقاندا ئىچىدىن« غىژ-غىژ» قىلىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى.



نۇرمەمەتنىڭ يۈرىكى پىژژىدە كۆيۈشكەندەك بولدى. ئاخشام كۆپرەك مۇز ئەكېلىپ قويمىغىنىغا ئۆكۈنگەن بويى تالاغا ماڭدى. ئانا ئېرىگەن سۇنى چۆگۈنگە ئېلىپ قويۇپ داستىخان راسلىدى. نۇرمەمەت كىرمەيۋاتاتتى. لەھزە ئۆتمەي بىر خالتا مۇزنى يۈدۈپ كىردى.

— ۋاي، جېنىم بالامەي...... — دېدى ئانا ئوغلىنى ئاياپ،— قاق پودا جاپا تارتمىسىڭىزمۇ، ناشتىدىن كېيىن ئەكىلەتتۇقيا ئۇنى. بولۇڭ، يۈز-كۆزىڭىزنى يۇيۇپ كىرىڭ.

ئانا كاساڭدا قالغان بىر كاكچىنى لىگەنگە سېلىپ كەلدى. ئۇ ھەپتە بېشىدا ياققان ئاخىرقى نان ئىدى. سۈيى قېچىپ، قېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ قورايدەك ئورۇق بارماقلىرى بىلەن نانىنى «تارس» قىلىپ ئوشتۇدى. نان نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى. بىر پارچىسى ئۇچۇپ داستىخان سىرتىغا چىقىپ كەتتى. نۇرمەمەت پىيالىسىغا چاي قۇيۇۋاتاتتى.

«بۇنى ئۇنىڭغا ئېلىپ قوياي» دېگەن بىر خىيال لىپپىدە ئۆتتى ئانىنىڭ كۆڭلىدىن، بىر پارچە نانىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. بۇ ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئادىتى ئىدى. نانىنى سوپاخۇنغا ئاتاۋاتاتتى. «چىلاپ يۇمشىتىپ قويايمىكىن يا؟ ياق، بولمىسا سەل توختاي. نېپىز نان بەك سۇ يەپ كەتسىمۇ خېمىرغا ئايلىنىپ يېگۈسى كەلمەي قالىدۇ. تايىنلىق ئۆزى كىرگەندە.......»

ئانىنىڭ يۈرەك-باغرى «پاژ» قىلىپ كۆيدى. بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، كانىيى «لىپ-لىپ »قىلىپ قالدى. كىرپىكلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش زىنىخلىرى ئۈستىدە ئېسىلىپ قالدى. لەۋلىرى پۈرۈلۈپ كىچىك بالىدەك ئۈمچەيدى....

— ياق،— دېدى لەھزە ئۆتۈپ،— ئەمدى تەن ئالماي

بولمايدۇ. ئۇ كەتتى. ناھايىتى يىراق جايغا-بارسا كەلمەس يەرگە كەتتى. كەتكىنىگە خېلى بولدى. ئەمدى......

— ئانا! — نۇرمەمەتنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى كەستى، - بەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزيا؟

— ھېچ...... ھېچ ئىش يوق بالام، — ئانا ئوپۇل- توپۇل كۆز ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن يوشۇردى، — بىر ئىشنى خىيال قىلىپ قاپتىمەن.

— مەن بىلىمەن ئانا. سىز دادامنى ئۇنتالمايسىز. سىزلا ئەمەس، بىزمۇ شۇنداق. بۇنداق ئازابقا پېتىۋالسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تۈگەشتۈرۈۋالىسىز. بىزگە سىزمۇ بولمىسىڭىز بىز...... — نۇرمەمەتنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. شۇ كۈنى ئەتىگەن ئانا- بالا ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز بىر ناشتىنى قىلىپ تۇرۇشۇپ كەتتى.

تائەتخانىنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى ئاز دەپ دەم سىقىش كېسىلى قوزغىلىپ قالغان. قىش كىرىش بىلەنلا تولا ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئىككى كۈن ساق بولسا، تۆت كۈن يېتىپ قالاتتى. تۇرۇپ- تۇرۇپ يۈز- كۆزلىرىگە ئىششىق پەيدا بولۇپ قالدى. ئاۋۋال يۈز- قاپاقلىرىدىن باشلانغان ئىششىق بارا- بارا كۆكسى، پاچاق- بىلەكلىرىگە كېڭەيدى. قىش ئاخىرلىشاي دېگەندە بىراقلا يېتىپ قالدى. دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىتىشقا پۇل يوق ئىدى. گاھ تاپقىنىغا، گاھ نېسىگە تېۋىپنىڭ دورىسىنى يەۋاتاتتى. پايدا قىلىدۇ دېگەنلىكى ئوت- چۆپ دورىلىرىنى ئىچىپ تۇراتتى.

— ئاكىلىرىڭىزنىڭ قېشىغا بىر بېرىپ كەلسىڭىز بولامدىكىن بالام، — دېدى بىر كۈنى ئانا، — كۆتۈپ- كۆتۈپ كۆزلىرىممۇ تېشىلەي دېدى. ھېچقايسىسى كېلىپ قويايمۇ دېمىدى. بېرىپ دېسىڭىز، مېنى دوختۇردا ياتقۇزۇپ باقساڭلار قانداق بولاركىن.

نۇرمەمەت يېزا بازىرىغا ئۇدا ئىككى كۈن چىقىپ چوڭ



ئاكىسىنى تاپالمىدى. ئەھۋالنى ئاڭلاپ يەڭگىسى 200 يۈەن تۇتقۇزۇپ، خوش دەپ قويدى. نۇرئابدۇللا ئاكىسىدەك پۇلدار بولمىسىمۇ، 300 يۈەن چىقىرىپ ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىشىپ بەردى. 500 يۈەن ئانىنى تەكشۈرتۈش بىلەن تۈگىگەنىدى. ياتاقتا ياتقىنىغا بىر كۈن بولا- بولماي دوختۇرخانا پۇل سۈيلەشكە باشلىدى. ئانا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى.

نۇرمەمەت ئۇيان ئويلاپ- بۇيان ئويلاپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئېغىلدىكى جانىۋارلارنى كۆزلەۋاتاتتى. ئاستاغىنە ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. چېتەندە ئىككى قوزىلىق قوي دۈگدىيىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىسى توسۇلغان يەنە بىر چېتەننىڭ بىرىدە ئۆكۈزى كۆشەپ ياتاتتى. ئېشىكى يەم تەمەسسىدە قارايتتى. ئېغىلدا بارنىڭ ھەممىسى شۇ ئىدى.

— قويلار يېڭىلا قوزىلىدى. ئېشەكنى دەللەك ئالىدىغانلار يوق، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ، — ئۆكۈزنى ساتاي. ئېتى بولغاندىكىن قاسساپلارنىڭ بىرىگە ياراپ قالار......

نۇرمەمەت ئۆكۈزنى سۆرەپ چىقىپ قاسساپنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئېتىغۇ يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدى قاسساپ خۇشياقمىغاندەك قاراپ، — چىشى سەل كونىدەك قىلامدۇ نېمە؟

— ئالتە چىشلىق بولدىمىكىن ئۇستام. تەڭلىك بولۇپ قالمىغان بولساق، بىزمۇ ساتمايتتۇق.

قاسساپ «تەڭلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ سەل قىزىقتى.

— نەچچىگە ساتارسەن ئۇكام؟

— ئۆزلىرى بازاردا بار ئادەم. قاراپ بېقىپ بودىيالايدىلا.

— ھە قېنى، ئۆزۈڭ دېگىنە.

— مىڭ كويغا ئالالا؟

— راستتىنلا ساتىدىغان مالتۇ بۇ؟ — قاسساپ كۆزلىرىنى

يوغان ئاچتى.
— ساتارمەن دەپ ئەكەلدىم.
— ئەمسە، ساتىدىغان يەرنى دېمەمسىلە، ئۆكام؟
— يۈز كوي كەمرەك بەرسىلە.
— بەش يۈزنى بەرسەم بولارما؟
— كەم بولا.
— كېمىنى خۇدايىم بېرە.
— ئۆزلىرىمۇ بىرئاز ئۆرلىمىسىلە......
— بەش يۈز ئەللىك بولارما؟

نۇرمەمەت باشباغنى تارتتى. قاسساپ قولنى كاپ تۇتتى. نۇرمەمەت دەل شۇنى كۆزلىگەنىدى. قاسساپ ئۇنىڭ قولىغا پاققىدە ئۇرۇپ «ئالتە يۈز!» دېدى. نۇرمەمەت «ئالسىلا» دېيىشىنىڭ ئورنىغا باشباغنى ئۇزاتتى. بىر قوينى 100 يۈەنگىمۇ تەستىرەك ساتقىلى بولىدىغان ئۇ كۈنلەردە 600 يۈەننى ئاز دېگىلى بولمايتتى. يارام ئۆي- كاللارنىڭ باھاسى 1000 يۈەندىن بەك ئاشمايتتى. نۇرمەمەت قىسىلغان چاغدا قولىغا ئۆتكىنىنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەلدى.

ئۇنىڭ بىر ئايىغى دوختۇرخانىدا، بىر ئايىغى ئۆيدە ئىدى. ئېشىكى بىلەن قويلىرىغا ئوت- سامان تۆكۈۋېتىپ، دەرھال ئانىسى يېنىغا باراتتى. يېنىدىن نېرى بارماي پۇت- قولىنى تۇتاتتى. ھاجەتكە ئاچىقاتتى. ئېسىلغان ئوكۇلى توختىۋالسا ۋەيا تۈگىسە سېسترا قېشىغا چاپاتتى. ئانا كېسەل يېتىپ توختىماي ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى:

— خۇدايىم كاتتا ئەجرى- ئەزىم بېرەر. دۆلىتىڭنى زىيادە قىلار ئوغلۇم. ماڭا ئوغۇلمۇ، قىزمۇ سەن بولدۇڭ. ھار ئالماي ھاجىتىمگە قاچا تۇتتۇڭ. ئاشۇ قوللىرىڭدا قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ كېتەر، ئىلاھىم!



نۇرئەخمەت كېيىنرەك بىر- ئىككى قېتىم يوقلاپ كەلدى. ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرى بىلەن 400—500 كوينى تاشلاپ بېرىپ بىر كەتكىنىچە يوقاپلا كەتتى. نۇرئابدۇللامۇ يات نەرخىدە يوقلاپ قوياتتى. بىرەر كۈن بولسىمۇ مەن خەۋەر تاپاي دېمەيتتى. ئانا 35 كۈن ياتتى. قىلغان داۋانىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى. بار ئەزاسى كۈپتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. نەپەس ئالغاندا گېلى «خىلىق- خىلىق» قىلىپ تۇراتتى. شۇ كۈنى كېچىدە كېسەل ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كېتىپ قالغانىدى.

7— 8 يىلنىڭ ئالدىدا سوپاخۇن ئائىلىسىدە ھايات شاۋقۇنلاپ تۇراتتى. چىرىغى بەش جاننىڭ كۆڭۈل پۈتۈنلۈكى بىلەن يالقۇن ئۇراتتى. قوي- ئۆچكىلىرىنىڭ مەرىشى، ئۆي- كالىسىنىڭ مۆرىشى، توخۇلىرىنىڭ قاقاقلىشى بىلەن ئاۋات ئىدى. ئاۋۋال ئىككى بالا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆي ئايرىپ كۆچۈپ كېتىشتى. كېيىن دادىسى كەتتى. دادا كېتىپ چىرىغى چېچەكلەشتىن، ئېتىزلار بەرق ئۇرۇپ كۆكلەشتىن قالدى. ئانا- بالا تۈتەپ قالغان چىراغقا ماي بولۇپ ياندۇرۇۋاتاتتى. مانا، ئانىنىڭ كېتىشى بىلەن ئۆيلەر بىراقلا خىرەلىشىپ قالدى. نۇرمەمەتنىڭ كۆزىگە ئۆيلا ئەمەس، پۈتۈن مەھەللىسى باشقىچە بىر خىل گۆڭگۈللۈق ئىچىگە غەرق بولغاندەك تۇيۇلاتتى. كۆزىگە ھەممە نەرسە سوغۇقلا كۆرۈنەتتى. ئۆيى شەپىلىك، سۈرلۈك بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئانىسى دەپنە قىلىنغان تۈنجى كېچىسى تۇپراق بېشىدا تۈنەپ بىلمەپتىكەن، كېيىنكى ئاخشىمى سۈر بېسىپ ئۆيىگە كىرەلمەي يۈردى. قىش سوغۇقى تېخى بار ئىدى. ئۆيگە كىرمەي، ئوت يېقىپ ئىسسىنماي بولمايتتى. «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. چىراغ يېقىپ ئوت قالىدى. ئوتۇننىڭ چاراس- چۇرۇسىدىن باشقا تىۋىش يوق ئىدى. خىيالىدا ئانىسىنىڭ

ئاۋازىنى، شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشىنى كۈتەتتى. ئۇنى بايىلا چىقىپ كەتكەندەك، قوشنىلارنىڭكىدە ھايالىشىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. پات- پات ئىشىككە قاراپ قوياتتى.

ئۇ ئاستا- ئاستا ئۆزىگە كەلدى. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇلۇغ- كىچىك تىنىدى. بۇ تەقدىرىگە تەن بەرگىنى، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىۋاتقىنى ئىدى. ئەمما، ھازىرچە كېيىنكى كۈنلىرىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭ يېگانىلىق ئالدىدا باشلانغان تۇنجى كېچىسى پۈتۈنلەي چۈش ئىلكىدە ئۆتتى. ھەممىسى خەيرلىك، ياخشى چۈشلەر ئىدى. ھەممىسىدە ئانىسى بىلەن دادىسى بار ئىدى. ئائىلىسىدە ھايات ئەسلىدىكىدەك قايناپ تۇراتتى. ئەتىگەن ئويغىنىپ ئۆزىنى يەنە يېگانىلىك ئىچىدە كۆردى. ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە ئېغىر سۈكۈنات، تۇيۇق سۇ كۆلچىكىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ھەر ھالدا ئانىسىنىڭ قىرىقىغىچە ئاكىلىرى ۋە يەڭگىلىرى ئانچە- مۇنچە يوقلاپمۇ تۇردى. نەزىردىن كېيىن ئاستا- ئاستا يېگانە تۇرمۇشى رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

— يېنىمىزغا ئەكەتسەكمىغۇ بولاتتى، ئۇكام،— دېدى چوڭ ئاكىسى تۇنجى بولۇپ،— يا نۇرئابدۇللا ئاكاڭنىڭكىدە، يا بىزنىڭكىدە تۇراردىڭ. شۇغىنىسى، ئاتا- ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويساق بولماس دەيمەن.

— راست دېدىڭ ئاكا،— دېدى نۇرئابدۇللا ئوپۇل- توپۇل سۆز قىستۇرۇپ،— سېنىڭكىدە تۇرسىمۇ، مېنىڭكىدە تۇرسىمۇ ئوخشاشتى. مەنمۇ ئويلايمەن، ئاتا- ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويساق زادى بولمايدۇ. نۇرمەمەتخان، چوڭ ئۆيدە تۇرغىن ئۇكام.

نۇرمەمەت ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما، يېتىملىكنىڭ تۇنجى دەقىقىلىرىنىڭ باشلىنىۋاتقانلىقىنى غۇۋاغىنە ھېس قىلىپ ئۆتتى. ئۇ



كىچىك بولسىمۇ، ئاكىلىرىنىڭ خۇي- پەيلىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار ئۆي ئايرىپ چىقىشقاندىن كېيىن، گويا ئۆزلىرىنى ئاتا- ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمەس، باشقا بىر يەردىن ئاپىرىدە بولۇپ قالغاندەك، ئەزەلدىن ئاتا- ئانىلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا چوڭ بولمىغاندەك، ئۇلارنى ئۇنتۇپلا كېتىشكەنىدى. ياق، پەقەت ئۇنتۇپ كەتتى دېگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ھېيت- ئايەملەردە بالىچاقىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، چوڭ ئۆينىڭ تۇنجى مېھمانلىرى بولۇپ ئالاھىدە پەتىلەپ كېلەتتى. ئۆز ئارا بىر- ئىككى قازاننى ئۆرۈگۈچە ئۆينى شاۋقۇنلۇق بازار تۈسىگە كىرگۈزۈشۈۋېتەتتى. ئايەمدىن ئۆتسە، پايى- قەدەملىرى قىسقىرىپ كېتەتتى.

ئانىسىنىڭ قىرىق نەزىرىدىن ھەپتە ئۆتۈپ، ئىككى ئاكىسى ھويلىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مەھەللىنىڭ كەكە ساقال، ئۇزۇنتۇرا ئىمامى بىلەن قوشنىلاردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى.

— مىراسلارنى بۆلۈۋېتىلى دېيىشتۇق،— دېدى چوڭ ئاكىسى نۇرمەمەتكە قاراپ،- شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى بىر ئۆزۈڭ ئىشلىتىپ بولالمايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىئەت بويىچە ئېيتقاندىمۇ، ئاتا- ئانىمىزدىن قالغان نەرسىلەردە ھەممىمىزنىڭ ھەققى بار.

ئۇلار بۇ ئۆيگە ئانچە كەلمىگىنى بىلەن، ئۆيدە بار نەرسىلەرنىڭ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ھەممىسىنى بىلەتتى. ئىمام پۈتۈپ ئۈلگۈرتىسىلا، ئۇلار دەپ ئۈلگۈرەتتى. چۈشكە قالماي بىر ئائىلىنىڭ بىساتى ئۈچ يەرگە دۆۋىلەندى. «ئۇلار يېشىمىزغا قاراپ بۆلگەن ئوخشايدۇ» دەپ قالدى نۇرمەمەت. چۈنكى، ئۆزىگە كۆرسىتىپ بەرگىنى ھەممىسىنىڭكىدىن ئاز تۇراتتى.

— ماڭا بۇ نەرسىلەرنى بەرمىسەڭلارمۇ مەيلى،— دېدى نۇرمەمەت ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك قىلىپ،— باغ بىلەن تاللىقنى مەن ئالىمەن!

— ۋۇي؟— دېدى ئوتتۇرانچى ئاكىسى،— ماۋۇ ئۆيۋاقلارمۇ ساڭا قالدىغۇ؟

— قورسىقىڭلار ئاغرىسا چۇۋۇپ ئەكېتىڭلار،— نۇرمەمەت سۈپىنىڭ قىرىغا تەئەددى بىلەن ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قېلىن بىر قەۋەت ياش پەردىسى قاپلىۋالغانىدى.

— تېخى ئەتە- ئۆگۈن ئۆزلىرىنى ئۆيلەپ قويىدىغان ئىشمۇ بىزنىڭ زىممىمىزگە كېلەر، غوجام؟- دېدى چوڭى.

— خاتىرجەم بولۇشسىلا،— دېدى نۇرمەمەت بىر خىل غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تەلەپپۇزىدا،— مېنىمۇ ئانىمىز ئەقىل ۋە ئىككى قولى بىلەن بىللە تۇغۇپتىكەن، ئىشلەپ تېپىپ ئالارمىز خوتۇننى......

ئۇلار ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، ئىمامنىڭ زورى بىلەن باغ بىلەن تالالىقنى نۇرمەمەتكە بېرىشتى. كېيىن ئىمام قىلىپ بەرگەن ھۆججەتكە تۇشمۇتۇشتىن قول قويۇشۇپ، بىردەمدىلا بىر نۇسخىدىن كۆپەيتىپ كېلىشتى، ئاندىن نەرسىلىرىنى بىردىن «سوپەك»كە بېسىپ غايىب بولۇشتى.

نۇرمەمەت يالغۇزلۇق ئىچىدە بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ بىر يىل ئۇنىڭغا بىر ئەسىردەك ئۇزاق تۇيۇلدى. ئۇ شۇ يىلى يەرلىرىگە ئىگە بولۇپ بىر ياز تېرىقچىلىق قىلدى. يالغۇزلۇقنى، ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايدىغانلىقنى ئويلاپ يېرىمنى تېرىغانىدى. شۇڭىدىمۇ جېنى ئاران قالدى. ئۇ بەكلا تالجىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قورسىقىنىمۇ جايىدا بېقىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇن- يېغى بولغىنى بىلەن، پىشۇرۇپ يېيىش بىر گەپ ئىدى. مانا شۇنداق يېگانە تۇرمۇش ھە دېگەندە جېنىغا مىخ بولۇپ پېتىۋاتاتتى. ئۆيىدىن چىقىپ جاھان كېزىپ باققۇسى كېلەتتى.

— تەلىيىمنى بىر سىناپ كۆرەي،— دەپ ئويلىدى بىر كۈنى ئۇ،— يا كۈنلۈكچى بولارمەن، يا ئۇنى- بۇنى ئېلىپ



ساتارمەن......

بۇ ئەتىياز كىرىپ كېلىۋاتقان چاغلار ئىدى. نۇرمەمەت يەرلىرىنى ئاق قالغۇچە دەپ يەرقوشنىلىرىغا ئورتاققا بەردى. ئېغىلدا ئاكىلىرى بىلەن مىراس بۆلۈشكەندە تەگكەن بىر قويى بار ئىدى. سېتىپ قۇتۇلدى. تارتىشىدىغان بېغى قالغانىدى. ئۇنى يان قوشنىسى ساۋۇت مۇئەللىمگە ھاۋالە قىلدى. ئۇ ئەمدى تامامەن يەڭگىللەپ قالغانىدى. خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى يول تەييارلىقنى تەخلەپ قويۇپ تۇپراق بېشىغا چىقتى. ئىككى قەبرە ئالدىدا ئايرىم- ئايرىم يۈكۈنۈپ ئاتا- ئانىسىنىڭ روھلىرى بىلەن خەيرلەشتى.

ئۇنىڭ قەلبى يەنە بىرسىگە تارتىشىپ تۇراتتى. يۈرەك بېغىشىدىن كۆكلەپ چىققان بىر تال يۇمران بىخ قوشنا ھويلىغا قاراپ سوزۇلاتتى. ئۇنىڭ كۆكلەپ چىققىنىغا، ئارمان ئېتىزىدىن سۇ ئىچىپ ياشناۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسى قەلب ئالىمىدە چاراقلاپ تۇرغان بىر ئوتلۇق قۇياشقا قاراپ تەلپۈنەتتى. ئۇ سېھىرلىك قۇياش ھەر كۈنى ئەتىگەن ئاشۇ ھويلىدىن كۆتۈرۈلەتتى. قۇياش ئاشۇ يۇمران بىخنىڭ ۋۇجۇدىغا باشقىچە بىر خىل ئوتلۇق ھارارەت بېغىشلاپ كېلەتتى. بىخ بولسا ئۇنىڭ ئىللىق ھارارىتى بىلەن باراقسانلىناتتى.

بۇ سېھىرلىك «قۇياش» دەل جىنەستە ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئۇنىڭغا خوش ئېيتماي جىممىدە كېتىپ قېلىشىغا كۆڭلى ئەسلا ئۇنىمايتتى. ئۇ ئۆيى ئالدىدىكى يولدا ئۇزاققىچە تۇردى. ئۇنى «ئىشقا ماڭغىلى چىقىپ قالدۇ» دەپ ئۇزاق كۈتتى. مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. كىتابخانىدىن مەخپىي قالمىغايكى، ئۇ يەنە بىر قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ كويىدا تەكرارلاش سىنىپىدا قايتا ئوقۇيمەن دەپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ قولىغا بىر خىزمەت

ئورنىنىڭ خەۋىرى يېتىپ قالدى. ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن ياشلاردىن خىزمەتچى تولۇقلىماقچى بولۇۋاتاتتى. ساۋۇت مۇئەللىم يۇقىرى- تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، جىنەستىگە ئۆز يېزىسىدىن خىزمەت تاپتى. ئەمما، قىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى.

— «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپتۇ قىزىم، — دېدى ئاتا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئازغىنە پېنسىيە مائاشىم بىلەن بىر ئائىلىنى ئاران- ئاران قامداۋاتىمىز. كېيىنچە ئوقۇش راسخوتىغا كەلگەندە يەنە بېشىمىز قاتىدىغان ئوخشايدۇ. تەييار خىزمەت بولغاندىكىن، ئىشلەپ قالسىڭىز بولارمىكى......

بۇ گەپ رەۋىخان ئانىغىمۇ خۇش كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئاتا- ئانىنىڭ رايى بىلەن جىنەستە نائىلاج مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. مانا شۇ ئىش تۈپەيلى باشلانغۇچتىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى ساۋاقداش، ئىككى دوستنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئۇچرىشىشلىرى بەكمۇ ئاز ئىدى. تاملىرى تۇتاش-ئۆيى بىر يەردە بولغىنى بىلەن، بىر- بىرىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان كۈنلىرى جىق ئىدى.

نۇرمەمەت ھويلىسىغا كىرىپ تامدىن بويۇنداپ يان ھويلىغا قارىدى. تامغا ئېسىلىپلا يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. كۈتكەن كىشىسى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكىدىن چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ تۇيغانمىكىن، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سۆگەت ئاستىغا كېلىپلا تاققىدە يانغا قارىدى. نۇرمەمەت تامدىن بويۇنداپ تۇراتتى. جىنەستە گۈلدەك ئېچىلدى. ئېچىلدى- يۇ، قەلب كۆزنىكىدىن ئىزتىراپ تۇمانلىرى بېسىپ كىردى. نۇرمەمەتنىڭ چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى. ۋەزنىدە قانداقتۇر بىر ئېغىرلىق بار ئىدى.

— نېمە بولدى، مىجەزىڭىز يوقما؟ — سورىدى ئۇ سالام- سەھەت ئورنىدا.



— مەن ماڭغىلى قوپقان، سىزگە خوش دەپ قوياي دەپ......

— شۇنداق قىلىپ ئاخىر كېتىدىغان بولۇپسىز- ھە؟

— يالغۇزلۇق جېنىمغا پاتتى. بىر مەزگىل ئايلىنىپ باقاي. كەيپىياتىم ئوڭشىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

جىنەستە تىكەندەكلا تەنھا قالغان بۇ تەلەيسىز يىگىتنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى. يېگانىلىكتىكى تۇرمۇشىغا ئېچىناتتى. بىلگىنى، چۈشەنگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىچىدە ھېسداشلىق قىلىپ كېلەتتى. قەلبىدە ئادەتتىكى دوستلۇق، ھېسداشلىقتىنمۇ ئوتلۇقراق بىر خىل سېزىمنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزەتتى. ئاشۇ سېزىم قانداقتۇر بىر سېھىرلىك زەنجىرگە ئوخشاش ئەس- يادىنى، ئېنىقراقى، يۈرەك شېخىنىڭ بىر تال بەرگىنى ئۇنىڭغا باغلاپ تۇراتتى.

— قاياقلارغا باراي دەيسىز؟ — سورىدى جىنەستە قىيماسلىق تەلەپپۇزىدا.

— قوشنا كەنتتىكى ئىككى بالا بىلەن ئازراق پاراڭلاشقان، ئۇلار ئېچكىرىنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. مېنىڭ ئۇنچە يىراق يەرلەرگە بارغۇم يوق. يېقىن ئەتراپتىراق توختاپ قالارمەنمىكىن؟

— ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلا ئىش بولغاندىكىن، بولسا يېقىنلاردىراق توختاپ قېلىڭ. ئىش دېگەن ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ.

— ئىمكان بار شۇنداق قىلىمەن.

— ئەمىسە، ئاق يول بولسۇن......

— ئامان بولۇڭ......

قىز كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. نۇرمەمەت قولىنى خەير ئىشارىسىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى .

نۇرمەمەتنىڭ يۇرتتىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى

ئەتىگىنى قاينام- تاشقىنلىققا چۆمگەن قەشقەر شەھىرىدە باشلاندى. يەكشەنبە بولغاچقىمىكىن، ھېيتگاھ ئەتراپىدىكى رەستىلەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. شۇ ياشلىرىغىچە ناھىيە بازىرىدىن باشقا چوڭراق شەھەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغان ئۈچ يىگىت قەدىمىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان كۆجۈم- كۆجۈم ئاھالىلەر ئۆيلىرى، ماگىزىنلار، ئاشپۇزۇل- ناۋايخانىلار، دوپپا- تۇماق، كىيىم- كېچەك، ئۆي جاھازلىرى، تۈرلۈك- تۈمەن نۇسخىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى دۇكانلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى. ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئويما نەقىشلىك تام، دەرۋازىلىرى، ئاي- يۇلتۇزلۇق ئېگىز مۇنارلىرىغا ھەۋەسلىنەتتى. ۋاقىتنىڭ قانداقسىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىشمەيتتى.

شۇ ئەسنادا ھېيتگاھ مۇنارىدىن سوزۇق، مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. بۇ پېشىن نامىزىنىڭ ئەزىنى ئىدى. نۇرمەمەت شۇ چاغدىلا ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى، قورسىقىنىڭمۇ سەل ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئىككى ھەمراھى ھە دەپ ئۇياق- بۇياققا قاراپ، بىر- بىرىگە نېمىلەرنىدۇر كۆرسىتىشىپ يۈرەتتى. نۇرمەمەت ئاستا ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ دېدى:

— قورسىقىڭلار ئاچمىدىمۇ ئاغىنىلەر؟

— ئاچماي قالامدۇ؟— جاۋاب بەردى بىرسى،— ئۇسساپ ئېغىزلىرىممۇ شىلىملىشىپ كەتتى دېسە......

— ئەمىسە، ئاۋۇ ناۋايخانا تەرەپكە ئۆتۈپ، بىرەر- يېرىمدىن ئىسسىق نان يېۋالمايلىمۇ؟

— يەنە نان يەيمىزمۇ؟— ئېتىرازلىق تەلەپپۇزدا دېدى ئىككىنچىسى،— بىرەر قاچىدىن لەڭمەنمۇ، پولۇمۇ، تېتىملىقراق بىر نېمە يېمەيمىزما؟

ئۈچەيلەن جامەنىڭ شىمالىي يېنىدىكى كوچىغا كىرىشتى. يېمەك- ئىچمەك دۇكانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ كوچىدا ئىدى.



ئىككى قاسنىقىنى زىنچىدە ئاشپۇزۇل- ناۋايخانىلار، كاۋاپچى، كالليپەز، ئۆپكە- ھېسىپچىلار قاپلاپ كەتكەنىدى. تەرەپ- تەرەپتىن مەززىلىك تائام- قورۇمىلار، كاۋاپ- سامسىلارنىڭ ھىدى ئۇرۇلاتتى. دۇكانلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىۋالغان پەشخۇنلاردىكى تونۇر كاۋىپى، بېلىق، توخۇ كاۋاپلىرى ئىشتىھانى غىدىقلاپ تۇراتتى. يىگىتلەر ئارىلاپ يۈرۈپ بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىشتى. زال ئىسكەتىدىكى خانىغا تىزىلغان رەت- رەت ئۈستەللەردە سانجاق- سانجاق ئادەملەر ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتاتتى. ئۇلار كىرىشىگىلا كۈتكۈچىلەردىن بىرى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئىشىك يېنىدا ئولتۇرۇپ پۇل يىغىۋاتقان غوجايىنىنىڭ يېنىدىكى كىچىكرەك بىر ئۈستەل بوش ئىدى.كۈتكۈچى ئۇلارنى شۇ يەرگە باشلاپ، ئۈستەلنى سۈرتكەچ سورىدى:

— يىگىتلەرگە نېمە قىپ بېرىمىز؟ پولۇ يەملا، لەڭمەنمۇ، مانتا يەملا، خوشاڭمۇ، ۋە يا بوسۇ- خۇيمەنمۇ، ھەممىسى بار دەيمەن!

— لەڭمەن يېسەك بولامدىكى،— نۇرمەمەت شۇنداق دەپ بولغۇچە كۈتكۈچى ۋارقىرىدى:

— ماۋۇ مېھمانلارغا ئۈچ تەخسە گويرۇ لەڭمەن!- بۇ دېگىنى گۆش قورۇمىلىق لەڭمەن ئىدى.

— ھاي...... ھاي...... — دەپ قالدى يىگىتلەرنىڭ بىرى قولىنى سوزۇپ. ئۇ «ئادەتتىكى قورۇما بىلەن» دېمەكچى ئىدى. ئەمما، كۈتكۈچى ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەنىدى. بىر ئوتلامدىن چاي ئىچكۈچە ئۈچ قاچا ئاق لەڭمەن بىلەن ئۈچ تەخسە گۆشلۈك قورۇما كېلىپ قالدى. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە: «ھەي، بۇ بىر ۋاق تامىقىمىز سەل قىممەت توختاپ قالىدىغان بولدى» دېگەن بىرلا تۇيغۇ بار ئىدى. يىگىتلەر ئۈن- تىنسىز ئولتۇرۇپ ئاشقا چوكا سېلىشتى. قاچىلىرىنى بىكارلاپ چاي ئىچىۋاتقاندا نۇرمەمەت پاراڭ

باشلىدى:
— بەربىر ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان، پۇل تاپىدىغان ئىش بولغاندىكىن، يۇرتقا يېقىنراق يەردە ئىشلىسەكمۇ بولاتتى، ئاغىنىلەر.
بۇ گەپ تۇنجى بولۇپ ئاشپۇزۇل غوجايىنىنىڭ قۇلىقىغا كىردى. غوجايىن باللارغا كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ دىققەتلەندى. قۇلىقىغا تۆۋەندىكى گەپلەر كىردى:
— بۇ يەرلەردە قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولىدۇ؟— قارشى چىقتى بىرسى،— ئىچكىرىگە دەپ چىققاندىكىن، مېڭىۋېرىلى.
— ئىچكىرىدىمۇ ئىشلىگەنگە بېرەر، ئېتەكلەپ تۆكۈپ بەرمەس؟
— ئۇرۇمچى، ياڭاقچى، كاۋاپچى باللارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ كۈنىگە مىڭلاپ- مىڭلاپ تاپىدىكەن.
— ئۇلار دېگەن تىجارەتچى. ئېلىپ- سېتىپ ئوقەت قىلىدىغانلار،— تەكىتلىدى نۇرمەمەت،— بىز دېگەن ئىككى قولىمىزنى ئېلىپ چىققان مەدىكارلار شۇ. ئىشلىمىسەك، پۇل تاپماقتا يوق، ئاچ قالىدىغان گەپ.
— بارغۇڭلار بولمىسا مەيلى غوجام،— سۆزلىگۈچى ئاستا ئورۇنىدىن تۇرۇپ يېنىنى كولاشقا باشلىدى. قالغانلارمۇ پۇل چىقىرىپ غوجايىننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. بۇ بىر ۋاقلىق غىزاسى 15 يۈەندىن چۈشكەنىدى.
— 15 يۈەنگە بىر كۈن قورساق باققىلى بولاتتى،— دىدى بىرسى.
ئىككى يىگىت بوسۇغىدىن ئاتلاۋاتاتتى، شۇ چاغدا غوجايىن نۇرمەمەتنى چاقىرىپ قالدى.
— توختىسىلا، ئۇكام.
نۇرمەمەت «پۇلنى كەم بېرىپ قويدۇممۇ نېمە؟» دېگەندەك



ئىستىهزا ئىچىدە قارىدى.
— يېنىمغا كەلسىلە، ھەرقايسىڭلار ئىشلەمچىلىككە چىققان باللار ئوخشىمامسىلەر؟
— ھەئە، ئىشلەپ كېلىلى دەپ چىققان.
— ئەمىسە، ماۋۇ ئاشخانىدا ئىشلەپ قالماملا غوجام؟ ھەمراھلىرىغىمۇ مۇشۇ شەھەردە ئىش تېپىلىدۇ.
— بۇ...... مەن، نېمىش قىلالارمەن بۇ ئاشخانىدا؟ ئاشپەزلىكنى بىلمىسەم......
— ئاشپەز بولۇش شەرت ئەمەس، ئۆزلىرىگىمۇ ئىش چىقىدا مۇۋاپىق. ئاۋۇ باللارنى كۆردىلىما؟- يەلكىسىگە بىردىن لۆڭگىنى تاشلىۋېلىپ، ئۇستەللەر ئارىسىدا چېپىپ يۈرگەن باللارنى ئىما قىلدى،— مېھمان كۈتىلا، تاماقخانا، ئۇستەللەرنى تازىلايلا...... دەپ كەلسەم ئىش دېگەن جىق بۇ يەردە. ئايلىقلىرىغا ھازىرچە 700—800 كويدىن ئاللا. چىقىشىپ قالساق 1000— 1500 گىمۇ چىقىرىپ بېرىدىغان گەپ.
نۇرمەمەت قىزىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، غوجايىن تېخىمۇ يېقىشلىق گەپلەرنى قىلاتتى:
— ئېۋۇ، ياتاق، تاماقلىرىمۇ ھەقسىز جۇما؟ ئىش ھەققىنى خاتىرجەم ئېلىپ، پۇللىرىنى جۇغلاۋەرسىلە بولىدا.
— ماقۇل ئۇستام، سىلى بۇنچىلىك دېگەندىكىن، ئىشلىسەم ئىشلەي،— شۇنداق قىلىپ نۇرمۇھەممەت ھەمراھلىرىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلدى.
ئۇنىڭ ھەممە تەئەللۇقاتى قولىدىكى قارا سومكىدا ئىدى. «نەرسىلىرىمنى جايلاپ كېلەي، ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ قوياي» دەيدىغان گېپى يوق ئىدى. غوجايىن ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىرىپ. بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ نۇرمەمەتنى باشلاپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئاۋۇ باللاردەك كۆك رەڭلىك ئىش كىيىمى كىيگەن،

ئالدىغا پەرتۇق تارتىلغان ھالدا ئېلىپ چىقتى. قىلىدىغان ئىشنى ئىچكىرىدە جېكىلەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى خىزمىتى تامىقى يېيىلىپ بولغان قاچا- قۇچىلارنى يۇيۇمخانىغا، يۇيۇلغانلىرىنى ئاشخانىغا توشۇش بىلەن باشلاندى.

ئۇنىڭ ئىشى ۋە يولى بىرلا ئىدى. ئۇستەللەردىكى قاچىلارنى يىغىپ، يۇيۇش ئۆيىگە ئېلىپ كىرەتتى. يۇيۇپ دەستىلەپ قويۇلغانلىرىنى ئاشخانىغا ئېلىپ چىقاتتى. ئۇ يەردىن يەنە ئۇستەللەرنىڭ يېنىغا ماڭاتتى. ئاشپۇزۇل چوڭ ھەم ئاۋات ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇستەللەر بوشىمايتتى. بىرى بوشىسا، ئىككىسى تولۇپ تۇراتتى. ئاشخانا ئۆيدە نەچچە قازان توختىماي قايناپ تۇراتتى. ساپلىقلار تارىكاڭلاشتىن توختىمايتتى. يان ئۆيدىن گۆش، كۆكتات قىڭراقلىرىنىڭ تاقىلدىشى ئۈزۈلمەيتتى. نۇرمەمەتنىڭ نەزىرىدە بۇ يەر گويا پىشۇرۇپ تۈگىتىلىدىغان، يەپ تۈگىتىلىدىغان بىر «زاۋۇت»قىلا ئوخشايتتى.

نۇرمەمەت ئۈچ ئاي 800 يۈەندىن ئىش ھەققى ئالدى. تۆتىنچى ئېيىغا كەلگەندە بىراقلا 1000 يۈەنگە ئۆستۈرۈپ بېرىلدى. مائاشقا يارىشا ئىش سالمىقىمۇ «ئۆسكەن»، ئۇستەل سۈرتۈش، چاي قۇيۇش، تاماق توشۇش...... دېگەندەك بىر تالاي ئىشلار قوشۇپ بېرىلگەنىدى. ئەمدى بىردەممۇ ئاراملىق يوق. توختىماي چاپمىسا، بىرىنى تۈگەتكۈچە كۈتۈپ تۇرغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى...... ئىشلارنىڭ يېنىغا بارمىسا بولمايتتى. ھەپتە ئۆتمەي تالچىقىشقا باشلىدى. پۇتلىرى تېلىپ ئولتۇرغۇسى كېلەتتى. گەجگىسىگە تۈگمەن تېشى ئارتىپ قويغاندەك، جىسمىنى بېسىپ تۇراتتى. كۈنىنىڭ تېزرەك كەچ بولۇشىنى، ئاشپۇزۇلنىڭ جىمىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. كەچ كىرەتتى- يۇ، يەنە يېڭى بىر ۋەزىپە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ياتار چاغقىچە پۈتكۈل تاماقخانىنى پاك- پاكىز تازىلاپ، ئۇستەللەرنى بىر قېتىم يۇيۇپ چىقىشى،



ئاندىن رەتمۇ- رەت تىزىپ سەرەمجانلاشتۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۇلا ئەمەس، بىللە ئىشلەيدىغان ھەممە خىزمەتچىلەر شۇنداق قىلاتتى.

— دادام رەھمەتلىكنىڭ: «پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە، بىر ئۇچى بىلەكتە» دېگىنى راستىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ بىر كۈنى، — پۇلنى ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىكەن. بىزدەك ئىككى بىلىكىدىن باشقا ھۈنىرى يوق مەدىكارلارغا تېخىمۇ شۇنداقكەن. يەنىلا دەسمايە سېلىپ ئۆز ئالدىڭغا تىجارەت قىلغانغا يەتمەيدىكەن. خەپ، جاپاغا ئۆلۈپ كەتمەسمەن. قانچىلىك جاپا تارتساممۇ چىداي. ئانچە- مۇنچە دەسمايىگە يەتكۈدەك پۇل تېپىۋالاي......

نۇرمەمەت كەچ كۈزگىچە چىشىنى چىشىغا قويۇپ ئىشلىدى. ئىشلىگەنگە يارىشا 6000 — 7000 كويچە پۇل يىغقانىدى. «خاتىرجەم ئىشلەڭلار، لازىم ۋاقتىدا ئۈلگۈچە بېرىمەن، — دېگەنىدى غوجايىن، — نەق پۇل دېگەن ئادەمگە دۈشمەن. يا يىتتۈرۈپ قويىسىلەر، يا بىلىپ- بىلمەي يامان يولغا كىرىپ قالىسىلەر. لازىم چاغدا بىراقلا ئېلىڭلار......»

«غوجايىنىنىڭ دېگىنىمۇ راست» دەپ ئويلىغان نۇرمەمەت باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋەردى. ئۇ ئۆيىنى سېغىنىۋاتاتتى. جىنەستىنىڭ سېغىنىشى ئۇنىڭدىنمۇ غالىب ئىدى. يەنە ئۇلارغا ھاۋالە قىلىپ كەلگەن باغباراڭنىڭ گۈلە- قېقى، ئۈزۈملىرىنى يىغمىسا، پۇل قىلىدىغىنىنى قولىدىن چىقىرىۋەتمىسە بولمايتتى.

— ئۆيۈمنى بىر يوقلاپ كېلەي دېگەن ئۇستام، — دېدى بىر كۈنى ئۇ.

— ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپ كەتتىم، دە. نەچچە كۈندە كېلەرسەن؟

— بىرەر ئايدا...... — ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدىلا قالدى.

— نېمە؟ بىرەر ئايدا؟ ئۇنداق ئۇزاق رۇخسەتنى بەرگىلى

بولمايدا! بىر ھەپتە بولسۇن.

— ئۇستام، بىر تەرەپ قىلىپ كېلىدىغان پىشكى ئىشلىرىم بار ئىدى. بۇ ۋاقىت يەتمەيتتى.

— گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. بولمايدا.

— ئەمسە، ھېسابلىشىپ بىر يولى كېتەي. جۇغلاشقان ھەققىمنى بېرىپ، خوش دەپ قويسىلا.

— نېمە؟ كېتەملا غوجام؟!— غوجايىن تەئەددى بىلەن سورىدى،— شىيداق ئۇستىخانلىرىغا گۆش تولاپ ئەتلىنىپ قالغان ئوخشاملا؟ ئىشلىگىلىرى بولمىسا، خۇدايىمغا ئامانەت! — ئۇ نۇرمەمەتنىڭ قولىدىن كاپپىدە تۇتۇپ رەستىگە ئېلىپ چىقتى،— ماڭا قايلىسىلا، مۇشۇ يولدىن ئۇدۇل ماڭسىلا بېكەتكە بارىلا.

— ئۇنداقمۇ قىپ كەتمىسىلە ئۇستام،— دېدى نۇرمەمەت چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ،— مەنمۇ كېتەي دېمىگەن. ئۆيۈمنى يوقلاپ كېلەي، رۇخسەت بەرسىلە دېسەم......

— ياق، غوجام. يا كۆت- پۆتلىرىنى يۇملاق قىسىپ، ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، يا بىراقلا كەتسىلە. شالتاق ئىش بىلەن خوشام يوق مېنىڭ.

— بولاپتۇ ئەمسە،— دېدى نۇرمەمەت ئۈمىدسىز قىياپەتتە،— جۇغلاشقان ئىش ھەققىمنى بېرىۋەتسىلە، مەن كېتەي.

— ئۇنچىۋالا جىق پۇلنى بىر يولى بېرىپ بولغىلى بولماسمىكىن؟ راست كېتىمەن دېسىلىرى يېرىمىنى بېرىپ تۇراي. قالغىنىغا ھۆججەت ئالغاچ كەتسىلە.

— ئۇنداق دېسىلە ماڭا ئۇۋال بولىدۇ، ئۇستام. ئۇ دېگەن مەن ئىشلەپ بېرىپ بولغان ھەققىم تۇرسا.

— مەن بەرمەيمەن دېمىدىمغۇ؟ قالدىسىنى يەنە كېلىپ ئالامسەن، ئاداش! — غوجايىن دەسسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ گويا



ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خېرىدارلار بىلەن بولۇپ كېتىۋاتاتتى. نۇرمەمەت ئىشلەپ يۈردى. ئۇ ئىشتىن چۈشەر ۋاقتىنى كۆزلەپ يۈرەتتى. «كەچتە ئاز- تولا ياخشى گەپ قىلىپ باقسام ئېرىپ قالار» دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئىشتىن چۈشۈپ يېنىغا بارغۇچە غوجايىن كۆرۈنمەي قويىدى. ئورنىدا باشقا بىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، نەگىدۇر چىقىپ كەتكەنىدى.

ئەتىگەن يەنە شۇ گەپ تەكرارلاندى. ئۇنىڭ بېرىدىغان جاۋابى شۇ بىرلا ئىدى.

— ئۇنىڭدىن پۇل ئالماق پېتىر ناندىن قىل سۇغارماقتىن تەسكە چۈشەمدۇ نېمە؟— دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ئۈمىدسىزلىنىپ،— ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلمايمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئاخىر ئۇنى دېيىشىپ، بۇنى دېيىشىپ 3000 كوينى ئالدىغا تاشلىدى. قالغان 4500 كوي ئۈچۈن بىر پارچە ئاق ھۆججەت يېزىپ بەردى.

— ئىشلەپ قالغۇڭ بولسا،— دېدى ئۇ ھۆججەتنى سۇنۇۋېتىپ،— تېزرەك قايتىپ كېلىپ، ئىشىڭنى قىلغاچ، قالغان پۇللىرىڭنى ئالارسەن، ئاداش.

— ئىشلەشكە كەلمىسەم، ئۇ پۇللارمۇ يوقكەن- دە؟— دېگەن بىر گۇمان لىپپىدە ئۆتتى نۇرمەمەتنىڭ بېشىدىن. ئۇ قېپقالغان ھەققىگە چىدىمايتتى شۇنداقلا بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشنىمۇ خالىماي تۇراتتى،— خەپ، باشتا نېمىشقىمۇ ھەر ئايلىقنى ئايدا بېرىشنى تەلەپ قىلمىغاندىمەن؟ بۇ خۇمسى ئوغرىغا دادامدەكلا ئىشىنىپ كېتىپتىمىنا زەپ؟ بۇ جاھاندا ياۋاشلارنىڭ جان باقمىقى ئانچە ئاسان ئەمەسكەن زادى......

ئۇ قولىدىكى ھۆججەتكە نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۇنى يېنىغا سالدى. دەرد- ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتتى. قېپقالغان پۇلغا

خىرە- شىرە ئۈمىد باغلاپ قەشقەردىن ئايرىلدى.

يۇرتتىكى ئىشلىرى بىر ئايغا قالماي بېسىققانىدى. نويابىرنىڭ بېشىدا يەنە جىنەستە بىلەن خەيرلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇنى شۇ بىرلا جىنەستىدىن باشقا كېتەردە خوش دەپ، قايتىپ كەلگەندە ئالدىغا چىقىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. قېرىنداش ئىككى ئاكىسى بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ «ئىنىمىز قانداقراق تۇردىكىن؟ نەگە بېرىپ، نەدىن كەلدىكىن؟» دېگەنلەرگە كۆڭۈلشىگۈدەك ۋاقتى، ئويلىغۇدەك خىياللىرى يوق ئىدى.

ئۇ تەۋەككۈلنى خۇداغا قىلىپ يەنە شامالباغدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭ قەشقەردە ھېلىقى يۇقىرى مائاشلىق ئاشپۇزۇلدا ئىشلىگۈسى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ پۇلنى سۈيلەپ يەنە باردى. غوجايىن ئىلاجسىز ئالدىغا 1000 كوي تاشلىدى.

— قارا، ماۋۇ ئاشخانىنى قايتىدىن بېزەتتۇق. بار- يوقنى ئىشلىتىپ بوپتۇق. مۇشۇنى ئېلىپ تۇر ئاداش، قالغىنىغا يەنە كېلەرسەن.

نۇرمەمەت بەرگەننگە رازى بولۇپ يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاتۇش تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باققۇسى بار ئىدى. يۇرتتا ئىشلەپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشاتتى. «مۇساپىرلارنى ئۇنداق ئانىي تېپىپ كەتمەيدۇ» دېيىشەتتى.

— بېرىپ باقاي، — دەپ يولغا چىقتى نۇرمەمەت، — ئىش ھەققى ئوبدان، پۇلنى نەقلەشتۈرۈپ ئالغىلى بولىدىغان يەرگە ئۇچرىشىپ قالسام، قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەرمەن......

ئۇ شۇ خىيال بىلەن چىقىپ، شامالباغلىق ئىككى يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار توپ مال كەلتۈرۈپ، توپ چىقىرىدىغان بىر شىركەتتە توختاملىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. نۇرمەمەتنى شۇ يەرگە ئالدۇرۇپ قويدى. ئىش يامان ئەمەس ئىدى. ئېيىغا 1000 يۈەندىن ئىش ھەققى نەق بېرىلەتتى.



ئىشچىلار كوللېكتىپ ياتاقتا تۇراتتى. تامىقى بازاردىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ سىرتتا كۆتۈۋالغان تۇنجى قىشى شۇ يەردە ئۆتتى.

# ئالتىنچى باب

## يېتىم قىزنىڭ تەقدىرى

### 1

بۇ يىلقى ياز باشقا يىللاردىكىگە ئوخشىماي قالدى. ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى قايناق ئىدى. تومۇز مەۋسۇمىنىڭ ئەمدىلا كىرىپ كېلىشۋاتقىنىغا قارىماي زېمىندىن تونۇر تەپتى كېلەتتى. چوققىدىن قۇياش، ئاستىدىن تۇپراق كۆيدۈرەتتى. ئاندا ـ ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان شاماللارمۇ ئوت يالقۇنىدەك ئۇرۇلاتتى.

باھارمۇ مۇشۇنداق بىر خىل ھارارەتتە كىرىپ كەلگەنىدى. يەرلەرگە بالدۇرلا ئۇرۇق چۈشكەنىدى. كىشىنى بىزار قىلىشۋېتىدىغان بوران ـ چاپقۇنلار بۇ يىل قاياقلاردىدۇر ئېلىنىپ قالغانىدى. باھار چېچەكلىرى ئامان ـ ئېسەن ئۆتتى. قارارسىز يېغىپ تاشلايدىغان يامغۇر ـ يېشىنلەر باغباراڭلارنىڭ چېچەكلىرى غورا بولغۇچە تەخىر قىلىشقانىدى.

شۇ ۋەجىدىن دېھقانلارغا باغلىرىدىن بەرىكەت ياغدى. ئىككى يىل ئالدىدا كەنت بويىچە بىر تۇتاش سورتلىرىنى يېڭىلىغان باغلار كۆزنىڭ يېغنى يەيتتى. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈتلەرنىڭ شاخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. جىنەستە گاھ ئۆز ئائىلىسىنىڭ، گاھ نۇرمەمەتنىڭ بېغىغا قاراپ زوقلىناتتى. ئىككى باغ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك،



شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي تۇرۇشاتتى. ئارىلاپ ئۆتكەن شاماللار بىرىنىڭ ھىدىنى بىرىگە قوشاتتى. نۇرمەمەتنىڭ باراڭلىرىدىكى ئۈزۈملەر يىپ بىلەن باغلاپ قويغاندەك ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. باراڭ لىملىرى ئېگىلىپ قالغانىدى. ساۋۇت مۇئەللىم بىرنەچچە يەرگە ئاچا تىكلەپ قويدى. ئادەم سېلىپ پۈتاتقۇزۇپ رەتلىدى.

— نېمانچە قىلىپ كېتىلا ھوي؟ — دېدى رەۋشىخان، — خۇددى ئۆزلىرىنىڭكىدەك قىلىپ......

— قولۇم ئۇيىراپ كەتمەيدۇ، — دەپ قويدى ئۇ، — ئىشنىپ بىزگە ھاۋالە قىلىپ كەتتى. قىلىپ قويىلى. ئادەمدىن ئادەمگە نەپ، دەپتىكەن.

جىنەستە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كۆڭۈل سۆيگەن ئادىمى ئۈچۈن دادىسىنىڭ شۇنچىلىك كۆيۈنۈپ قويغىنىدىن سۆيۈنۈۋاتاتتى. «ئەتە ـ ئۆگۈن قېقىپ گۈلە قۇرۇتۇپ قويارمىز، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بولمىسا تۆكۈلۈپ بىكار بولۇپ كېتىدۇ......»

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرمەمەتنىڭ بېغىدىن بىركىملەرنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى كەلدى. ساۋۇت مۇئەللىم شوتىغا دەسسەپ تامدىن ئېگىزلىنىپ قارىدى. بىرنەچچە ئادەم ئۆرۈكلەرگە قارىشىپ تۇراتتى. يەردە دۆۋە ـ دۆۋە يەشىكلەر تۇراتتى. ئۇلار ئۆرۈك ئۈزۈشكە كەلگەندەك تۇراتتى. ساۋۇت مۇئەللىم ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. نۇرئابدۇللا بىرسى بىلەن سودىلىشىپ تۇراتتى.

— كىلوسى تۆت يۈەن، — دەيتتى نۇرئابدۇللا.

— ئۈچ يۈەن، — دەيتتى يەنە بىرى.

— بۇ، بۇ نېمە گەپ ئۇكام؟ — نۇرئابدۇللاغا قارىدى ساۋۇت مۇئەللىم.

— ئۆرۈكلەرنى سودىلىشىۋاتىمىز.

— نۇرمەمەتخانچۇ؟ ئۇ قايتىپ كەلدىما؟
— كەلسە- كەلمىسە نېمە بولماقچىدى؟ مانا مەن تۇرۇپتىمەنيا؟
— سىز باشقا، نۇرمەمەتخان باشقا .
— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟- ئالايدى نۇرئابدۇللا،— ئىنىم بىلەن مەن قانداقىسىگە باشقا- باشقا ئادەم بولىدىكەنمەن؟ ئىسسىتمىداپ قالمىغانلا ئۆزلىرى؟
— ساقلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. ئەمما، ئىگىسى بولمىسا تەگكىلى بولمايدۇ بۇنىڭغا.
— باغنى بىزگە ھاۋالە قىلىپ كەتكەن! — نەدىنىدۇر جىنەستە پەيدا بولۇپ قالدى،— ئامانەتنى ساق تاپشۇرمىساق بولمايدۇ.
— ۋايىيەي...... قاچاندىن بېرى يەڭگە بولۇپ قالغاندۇ بۇ خېنىم ماڭا؟ بىز ھەر بىرلىرى بىلەن قۇدا بولغاندەك قىلمىدۇقيا تېخى؟
جىنەستە ئوتقاشتەك قىزاردى. ئەتراپتىكىلەردىن ئىزا تارتىپ يىغلىۋەتكۈدەك بولغانىدى. ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى تۇتتى.
— نېمە سېسىق گەپ قىلىسىز؟— مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىلىشىچە، سىلەر مىراس ھەققىڭلارنى ئاللىقاچان ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئۆيۋاقىدا، باغ- ئوتاقلارنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىدىمۇ ھەققىڭىز يوق سىزنىڭ! كەشىڭىزنى كۆتۈرۈپ چىقىڭ باغدىن!
نۇرئابدۇللا «سەن...... سىز......» دېگىنىچە دۇدۇقلاپ قالدى. ئاڭغىچە ساۋۇت مۇئەللىم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ئېغىز ئاچتى:
— ھەرقايسىلىرىغا دەپ قوياي، باغنىڭ ئىگىسى باشقا. ئالغۇلىرى بولسا نۇرمەمەتخاننىڭ ئۆزىنى تېپىپ سۆزلىشىشسىلە.



— ئاداش! باغ مېنىڭ دەۋاتاتتىڭلىغۇ؟— سورىدى بايا سودىلاشقان كىشى،— بىزگە يۇڭ ياماشتۇراي دەپسىلە- ھە؟ ئەتە- ئۆگۈن دەۋا- دەستۇرى چىقىدىغان ئىش ئوخشايدۇ بۇ. كۆتۈرۈڭلار باللار نەرسىلەرنى.
نۇر ئابدۇللا باشلاپ كىرگەن ئادەملەر نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. نۇرئابدۇللا بىر تاتىرىپ، بىر سارغىيىپ، ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— گەپ قىلماي تۇرسام، چۆپقەتلەرنى راستتىنلا قوغلاۋاتىدا ماۋۇ گاداي!؟ بۇ ئۆي-زېمىن، باغباراڭلارنى قىزىمنىڭ تويلۇقى قىلىمەن دەۋاتامسەن؟
— تۇفى، مۇناپىق! — ساۋۇت مۇئەللىم ئاچچىقىغا پايلىماي شالاققىدە تۈكۈردى،— سەن سوپاخۇننىڭ پۇشتىدىن بولماپتىكەنسەن.
— ماۋۇ ئوغرىنى،— نۇرئابدۇللا كاپ قىلىپ ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى،— تېخى، تېخى يۈزۈمگە تۈكۈرۈۋاتىسىنا؟ مانا ئەمسە! — ئۇ ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ قاڭشىرىغا گاچچىدە بىرنى قويدى.
جىنەستە «ۋاي» دېگىنىچە كەينىدىن ئېسىلىپ نۇرئابدۇللانىڭ دۈمبىسىگە بىر- ئىككىنى مۇشتلىغان بولدى. ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەنىدى. بۇرنىدىن كېلىۋاتقان قانغا قارىماي رەقىبىنىڭ گېلىنى بوغدى. نۇرئابدۇللا ياش، تۈرگۈن ئىدى. مۇئەللىمنى تۈرتۈپ- تۈرتۈپ كېلىپ كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ساۋۇت مۇئەللىم نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. بېشى ئارقىسىدىكى ئۆرۈككە ئۇرۇلدى. جىنەستە دادىسىغا تاشلاندى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى. بېشىدىن، بۇرنىدىن قان ساقىپ تۇراتتى.
نۇرئابدۇللاغا تىترەك ئولاشتى. يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ،

بىردەملىككە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. كېيىن ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. باغ ئالغىلى كەلگەنلەرمۇ ئۇلىشىپ كەلگەنىدى. ساۋۇت مۇئەللىمنى كۆتۈرگەن پېتى ماشىنىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى.

— ۋاقتىدا كەپسىلەر، — دېيىشتى دوختۇرلار تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، — ئەمما، مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ.

تەكشۈرۈشتىن كېيىنلا بېشىنى تېشىپ قان تارتىلدى. ساۋۇت مۇئەللىم يەنىلا ھوشسىز ئىدى. رەۋىخان بىلەن جىنەستە زار- زار قاقشىشاتتى. يۆلەنچۈكىدىن ئەنسىرەپ يۈرەكزادە بولاتتى. ۋەقەنى ئاڭلاپ نەدىندۇر يېتىپ كەلگەن نۇرئەخمەت نۇرئابدۇللاغا كايىپ تۇراتتى. توساتتىن ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى. ساقچىلارنى باغ ئېلىشقا كەلگەنلەر باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار: «زىيانلانغۇچىنىڭ ئەھۋالى تۇراقلاشقۇچە تۇتۇپ تۇرىمىز» دەپ نۇرئابدۇللانى ئېلىپ مېڭىۋىدى، دوختۇرخانا پۇل دەپ قالدى. نۇرئابدۇللا بىلەن نۇرئەخمەت يانلىرىنى كولىشىپ بارىنى ئېلىپ بەردى. نۇرئابدۇللا ئېلىپ كېتىلدى.

ئۇنىڭ مۇقىم كەسپى يوق ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى يېزا- بازارلاردا چاربازارچىلىق قىلىپ يۈرەتتى. قايسى نېمىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا شۇنى ئېلىپ ساتاتتى. پايدىسى تېگىدىغان، نېپى چىقىدىغانلىكى سودا بولسا ھەممىسىنى قىلىپ باقاتتى. يېقىندا ھەممىنى تاشلاپ قاسساپ بولۇۋالغانىدى. قايسى كۈنى بىرسى بىلەن قوي سودىسى قىلغىلى كېلىپ، باغنى تام سىرتىدىن كۆرگەن. ئۆرۈك، ئۈزۈملەرنىڭ بولۇق بولغىنىغا قاراپ ئىچىگە ئوت كەتكەنىدى. شۇ چاغدا بىرنەرسە ئۇنىڭ قوينىغا ئاستاغىنە كىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ، جىسمىمۇ پۇلغىلا ئوخشايتتى. مېھرى بەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ دەل شەيتان ئىدى. ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنى غىدىقلاۋاتاتتى. قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاپ



ۋەسۋەسىگە سالاتتى. بۈگۈن ئۇ ئاشۇ ۋەسۋەسىنىڭ كۈچى، ياق، ئوتى بىلەن بۇ يەرگە چىققانىدى. ئاشۇ نەرسىلەرنى سېتىپ بېۋالماقچى ئىدى. «ئىسست، 20—30 مىڭ كويغا يارايتتى- دە!» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

ئۆرۈكلەر قېقىپ گۈلە سالىدىغان ۋاقتىغا يېتىپ قالغانىدى. نۇرمەمەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ساۋۇت مۇئەللىملەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر شۇنداق قىلىپ قويماقچى ئىدى. بۇ ئىش بىلەن جىنەستە ئائىلىسىنىڭ تىنچلىقىمۇ بۇزۇلدى. مەي باغلاپ كەتكەن ئۆرۈكلەرمۇ شۇ پېتى قالدى. ئۈزۈملەرمۇ زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. جىنەستە كۆڭلىنىڭ بىر تەرىپىدە دادىسى ئۈچۈن سەدىپارە بولسا، بىر تەرىپىدە نۇرمەمەتنىڭ تېزرەك پەيدا بولۇشىنى، ئامانىتىنى قولىغا ئېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. يولغا قاراپ كۆزى تېشىلەي دېگەنىدى.

## 2

كۈن چۈشكە تىكلەشكەنىدى. تومۇز قۇياشى بازار ئىچىنى تونۇردەك لاۋۇلدىتىپ تۇراتتى. ئاندا- ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كىچىككىنە شامالمۇ ئوت يالقۇنىدەك ئۇرۇلاتتى. كوچا ياقىسىدىكى مەنزىرە سۆگەتلىرى كېسەل تەگكەندەك سولىشىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر يول ياقىسىدىكى سۆگەت سايىلىرىغا يىغىلىۋالغانىدى.

شۇ ئەسنادا قاتار سۆگەتلەر سايىسى بىلەن بىر ئايال ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. كىيىنىشلىرىدىن ئوقۇتقۇچىدەكمۇ، بىرەر ئورۇننىڭ خىزمەتچىسىدەكمۇ قىلاتتى. 5—6 ياشلاردىكى بىر قىزنى يېتىلىۋالغانىدى. يول بويىدىكى بوتكىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە قىز بىرنېمە دەپ خەقشىلىك قىلدى. ئايال بىر قۇتا مېۋە سۈيى ئېلىپ تۇتقۇزۇپ يەنە يولغا چىقتى. كېتىۋېتىپ سائىتىگە قاراپ- قاراپ

قوياتتى.

ئۇزۇن ماڭمايلا ئوڭ تەرەپتىكى بىر كوچىغا بۇرۇلدى. كوچا تارراق ئىدى. ئىككى قاسنىقى زىچچىدە ئۆيلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى قىزنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، توپىلىرىنى قاقتى، ئاندىن قىزنى يېتىلەپ، بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. دەرۋازا يېنىدا قارا رەڭلىك بىر «سانتانا» توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئىككى تەرىپىگە چاقچۇقلار يەملەنگەن يوغان تۆمۈر دەرۋازا قورۇغا سۆلەت بېرىپ تۇراتتى. بىر قانتى قىياغىنە يېپىلغانىدى. ئايال كىچىككىنە توختىۋېلىپ دەرۋازىنى بوش-بوش چەكتى. ئۇ نېمىدىنىدۇر قورۇنغاندەك قىلاتتى. خېلىغىچە بىركىم چىقمىدى. ئايال قاتتىقراق چەكتى. لەھزە ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، سېرىق چاچلىق بىر چوكاننىڭ بېشى كۆرۈندى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — چوكان كەلگۈچىنىڭ باش-ئايىغىغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى. ئايالنىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەلگەندەك قىلاتتى. قەددىنى رۇسلاپ چوكاننىڭ كۆمۈر پاتۇرۇپ قويغاندەك قارا كۆزلىرىگە قادالدى.

— نۇرئەخمەت سوپى بارمىدۇ؟ — ئايال «ئېرىڭىز» دېمەكچىدى، نېمىشقىدۇر دېگۈسى كەلمەي شۇنداق ئاتىدى.

— ئۇخلاۋاتىدۇ، — چوكان شۇنداق دەپلا كەينىگە يانماقچى بولۇۋىدى، ئايال بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

— خاپا بولماي چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز بولۇپتىكەن؟

— ئوھوش!...... ئۇخلاۋاتىدۇ دېدىمغۇ؟

— ئويغىتىپ قويۇڭا خېنىم، مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مېنىڭ كىملىكىم سىزگە بەرىبىرغۇ؟

— ئىسمىڭىزنى دېيەلمەي، ئېرىمنى ئىزدەيدىغان قانداق ئايالسىز؟ داپشاق......



— ئىززىتىنى بىلمەيدىغان چوكانكەنسىز، — دېدى ئايال تەئەددى بىلەن، — بىلمىگەن بولسىڭىز بىلىپ قويۇڭ. ئىسمىم گۈلنىسا، ئېرىڭىزنىڭ بۇرۇنقى ئايالى. يەنە سورايدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

شۇنداق، ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئايالى ئىدى. ئاجرىشىپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولغانىدى. ياش ئانا دادىسىز قالغان قىزىنى دەپ تۇل ئۆتۈۋاتاتتى. خېرىدار چىقماي ئەمەس، ئۆزى ئۇنىماي شۇنداق يۈرەتتى.

چوكان «جاڭ» قىلىپ ئىشىكنى ياپتى. ئايال ئېچىشۋەتتى. ئىككىسى ھەپىلىشىپ تۇرغاندا ئۆيدىن نۇرئەخمەت چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىچ ئىشتان، ئاسما مايكا بىلەن ئىدى. چۈشلۈك ئۇيقۇدا بولغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى پۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بوسۇغا تېشىدىكى قىز بىلەن ئايالنى كۆرۈپ سۆرەتتەك قېتىپ قالدى. ئازراقتىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. چوكان ئېرىگىمۇ، سىرتتىكىلەرگىمۇ يېۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھومىيىپ تۇراتتى.

— سىز، سىز...... نېمىدەپ كەلدىڭىز بۇ يەرگە؟

— قورقماڭ، — دېدى گۈلنىسا تەمكىنلىك بىلەن، — زىممىڭىزدىكى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمايۋاتقان بولسىڭىزمۇ، سىزدىن بىرنەرسە سوراپ كەلمىدىم. ئەمما، جانغا تاقىلىدىغان ئىشىم چىقىپ قالدى. ماۋۇ قىزىڭىز ئايگۈلدىن بىر مەزگىل خەۋەر ئالغاچ تۇرۇڭ.

— نې...... نېمە دەۋاتىسىز؟ بالىنى سىز باقىدىغان بولغانغۇ؟

— كېيىن ئۆزۈم باقىمەن. پەقەت بىر مەزگىل دەۋاتىمەن. ئانام راك كېسىلى بولۇپ قاپتۇ. داۋالاتقىلى ئۈرۈمچىگە ئاپارماقچىدىم. سىز بىلىسىز، دادامنىڭ كۆزى ئاجىز، بالىغا قارىيالمايدۇ.

— ئېلىپلا كەتسىڭىز بولمىدىمۇ؟

— بالا باقمىدىمۇ، ئانامنىڭ كېسىلىنىمۇ؟ نېمانداق چۈشەنمەيسىز گېپىمنى؟

— مېنىڭ بالىغا قاراشقۇدەك چولام يوق، — نۇرئەخمەت ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلنىسا بالىنى كىرگۈزۈۋېتىپ، دەرۋازىنى كۈچ بىلەن تارتتى. كىيىن قۇلۇپنىڭ «شاراق» قىلغان ئاۋازى ئىچىدە ئۇزاپ كەتتى. بالىنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى چىقىپ تۇراتتى. گۈلنىسانىڭ يۈرىكى شىلىنىپ كەتتى. ئىككى قېتىم توختاپ قېلىپ يەنە ماڭدى. ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق ئىدى. بالىنى دېسە ئانىسى، ئانىسىنى دېسە بالىسى تۇراتتى. ۋاقتىنچە بالىدىن كېچىپ تۇرماي، ۋاپاسىز ئېرىگە يېلىنماي باشقا يولى يوق ئىدى.

نۇرئەخمەت سىرتقا يۈگۈردى. گۈلنىسا ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئايگۈل كەينىدىن ئانا، ئانا! دېگىنىچە يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. نۇرئەخمەت قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزىنى تۇتۇۋالدى. قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. ئۇنىڭ ئاتىلىق ۋىجدانى ئۆزىنى تېپىۋاتاتتى. ئۇ قىزىنى پەپىلەۋاتقىنىدا، كۆز ئالدىغا يەنە ئىككى بالا كەلدى. ئۇلار تۇنجى ئايالىدىن بولغان باللار ئىدى. بويۇنلىرىنى قىسقىنىچە غەمكىنگىنە قارىشىپ تۇراتتى.

شۇنداق، نۇرئەخمەت خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. چىرايلىقىنى، «تىرناقتا توختايدىغىنى»نى قوغلىشاتتى. بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن يەنە بىرسىنىڭ جىلۋىسى كۆزىنى چاقاتتى. كونىسىنى چىقىرىپ، يېڭىسىنى كىرگۈزەتتى. شۇنداق قىلىپ، 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپ بولغانىدى. ئۆيىدىكىسى ئۈچىنچىسى ئىدى.



دەرۋەقە، ئۇنچىلىك بايمۇ بولۇپ كەتمىگەنىدى. قۇرۇلۇشچىلىق ئىشى بىر ئېقىپ، بىر ئاقساپ تۇراتتى. ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان رىقابەتچىلىرى بار ئىدى. بىرەر قۇرۇلۇشقا كۆز سېلىپ بولغۇچە، ئۇ يەردە ئاللىكىملەر ئىش باشلىۋەتكەن بولاتتى. چوڭلىرى، پۇلى ئاۋۇشلۇقلىرى تەگمەيتتى. شەخسىيلەرنىڭ، كىچىك- كىچىك ئورۇنلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن توكۇلداپ يۈرەتتى. بانكىدىكى دەسمايىسى ئالتە خانىلىق ساندىن ئاشمايتتى. ئەمما، تۇرمۇشتا شۇنداق چېچىلاڭغۇ ئىدى. پۇلنى كەلسە- كەلمەس خەجلەيتتى. ئۆزىگە سېخىي، باشقىلارغا بېخىل ئىدى. خوتۇنپۇرۇشلۇقى، شەھۋەتپەرەسلىكى ئۇنى بىر ئىزغا مىخلاپ قويغانىدى.

ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن تېرەك ئېلىپ ياغاچ توپلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياغاچلارنى كۆپلەپ يىغىۋالسا ئىشمۇ، پۇلمۇ ھېچ يەرگە قېچىپ كەتمەيتتى، ئىزدەيدىغانلار كۆپىيەتتى، پۇل ئۆزىچە كېلەتتى.

نۇرئەخمەت ئايگۈلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئايالى خۇيلىنىپ قالغانىدى. چىرايىدىن قار يېغىپ تۇراتتى. قاپاقلىرىدا غەزەپ ئەگىيتتى. نۇرئەخمەت بالىنى كارىۋاتقا قويدى. ئايالى دەسسىدە تۇرۇپ ئۇ ياقتىكى كارىۋاتقا ئۆتۈپ كەتتى. گەپ چىقىسلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. نۇرئەخمەت تاماكىسىغا ئوت ياقتى. كۈچەپ- كۈچەپ شورىغىنىچە ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇردى. قىزچاق گاھ دادىسىغا، گاھ چىرايى تۈتۈلۈپ قالغان چوكانغا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭدىن قورقۇپ دادىسىنىڭ بىقىنىغا سىغدىلاتتى.

بىرھازالىق سۈكۈناتتىن كېيىن نۇرئەخمەت كىيىملىرىنى كىيىپ ئايگۈلنى قۇچىقىغا ئالدى. تالاغا چىقىپلا ماشىنىسىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتتى. ئۇ ياغاچ ئامبىرىغا ماڭغانىدى. دەرۋازىدىن كىرىپلا چىرايىغا لىپپىدە كۈلكە يۈگۈردى. ئوتتۇرا مەكتەپتىن كەلگەن بىر

توپ بالا كارتىلدىتىپ ياغاچ ئاقلاۋاتاتتى. بەش- ئالتىدەك بالا چېلەك كۆتۈرۈۋالغان بىر قىزنىڭ ئالدىدا سۇ تالىشىۋاتاتتى. ئۇ «ئابلىز مۇئەللىم گېپىدە تۇرۇپتۇ، ھەر نېمە بولسا» دەپ شۈرلىغاچ ماشىنىدىن چۈشتى .

مەكتەپ دائىم ئوقۇغۇچىلارنى «قوشۇمچە كىرىم» نامى بىلەن ئىشقا سېلىپ تۇراتتى. يازدا بۇغداي ئورۇيتتى. كۈزدە قوناق چاپاتتى. كېۋەز تېرەتتى. ئىشلا بولسا كۆتۈرە ئېلىپ قىلىشۇرەتتى. شۇ يول بىلەن مەكتەپلەرنىڭ قوشۇمچە كىرىم ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايتتى. ئابلىز مۇئەللىم بىلەن ئالدىنقى كۈنى سۆزلەشكەن. ئەتە قىلدۇرۇپ بېرەي دېگەنىدى. ئۇ بولۇۋاتقان ئىسسىققا قارىماي بالىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئابلىز مۇئەللىم دۆۋىلەنگەن ياغاچ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بالىلارغا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئېھتىيات بىلەن ئىشلەڭلار، قوللىرىڭلارنى كېسىۋالماڭلار. ھەي ئەختەم، سۇنى تالاشماي ئىچسەڭلارچۇ!

نۇرئەخمەت قىزنى يەردە قويۇپ، ئابلىز مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كەلدى. تۆت چىشلىق كېۋەزدەك ھىجىيىپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغىنىنى ماختاپ كۆپ تەكەللۇپلار قىلدى. شۇ چاغدا ياغاچ ئامبىرىغا جىنەستە پەيدا بولۇپ قالدى. بالىلارنى ئىشقا جورۇۋاتقان بايىقى ياش مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىسقىغىنە بىرنەچچە ئېغىزدىن پاراڭلاشتى. مۇئەللىم نېمىگىدۇر ۋەدە قىلىپ مەيدە قاقتى. جىنەستە كەينىگە بۇرۇلۇۋاتاتتى، كۆڭلىگە تاققىدە بىر ئوي كەلگەن نۇرئەخمەت ئىككى چامداپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. نېرى- بېرىدىن تىنچلىق سوراپ قويۇپ، قىزنىڭ ئاتىسىنى تىلغا ئالدى:

— ھە راست، مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟— ئۇ ساۋۇت مۇئەللىمنى سوراۋاتاتتى.



قىز دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى. سەل...... سەل تاققا- تۇققا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئايىغىنىمۇ تىكلىيەلمەيدۇ. پالەچ بولۇپ قالامدىكىن دەپ قورقىمىز.

نۇرئەخمەت سورىغىنىغا سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئىنىسىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتاتتى. بىردەملىك ئىنجىقلاشتىن كېيىن ئەسلىي مۇددىئاسىغا ئۆتتى.

— سىز...... سىزدىن بىر ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى،— دەپ باشلىدى تۇنجى گېپىنى،— كونا قوشنىلىقنىڭ يۈزىدىن ماڭا بىر ياردەم قىلىشىۋەتسىڭىز بولاپتىكەن.

— نېمە ئىشتى، ئاكا؟

— قاراڭ،— بالىنى ئىما قىلدى ئۇ،— ئانىسىنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ ئېلىپ كەپتىكەن. شۇ، بۈگۈن مېنىڭمۇ ئىشىم بەك ئالدىراشتى. سىز كۈتۈپخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىگەندىكىن، قىزىمغا بىردەم قاراپ بېرەمدىكىن دەپ......

— ۋاي، شۇ گەپمىدى؟ ماقۇل، قاراپ بېرەي ئاكا.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم ئەمىسە. ھە راست، مەن ماشىنىدىلا ئاپىرىپ قوياي پونكىتقا.

نۇرئەخمەت جىنەستە بىلەن قىزنى ئاپىرىپ قويۇپلا، تۇختىماي چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى جىنەستە قىزچاققا تاكى ئىشتىن چۈشكەنگە قەدەر قاراپ بەردى. ئىسمىنىڭ ئايگۈل ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدى.

شەرق بىلەن غەرب ئۇپۇقى ئارىسىدىكى چەكسىز بوشلۇقتىن قۇياش يەتتە قېتىم ئۇزۇپ ئۆتتى. تولۇن ئاي يەتتە قېتىم تۈن سەيلىسىدە بولدى. قۇياش يەنە بىر كۈنلۈك سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە ئاز قالغانىدى. يېزا بازىرى سالقىنلاۋاتاتتى. يېمەك-

ئىچمەك ئوقەتچىلىرى كەچكى بازىرىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەنىدى. زىخ كاۋاپلىرى پىژىلداپ، قىزىق سامسىلار قومۇرۇلۇۋاتاتتى. خېرىدارلار كېلىپ- كېتىپ تۇراتتى. ئولتۇرۇپ يەۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

شۇ دەقىقىلەردە تام تۈۋىدىكى ستولىبىغا يۆلىنىپ تۇرغان بىر بالا كىشىلەر نەزىرىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ ئالتە ياشلاردىكى قىز بالا ئىدى. كىيىملىرى توپا، مەڭزى، بۇرۇن ئۇچىغا قارا يۇقۇپ قالغانىدى. بىگىز بارمىقىنى چىشلىگىنىچە مۆلۈلدەپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدىكى ئۆپكە- ھېسىپچىلارنىڭ قاچىلىرى، سامسا دۆۋىلەپ قويغان پەشخۇنلارغا قارايتتى. تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى. لەۋلىرىنى يالايتتى. ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەنىدى. چۈشتە يېگەن بىر بۇردا قاتتىق نان بىلەن ئىدى.

شۇ ئەسنادا بالىنىڭ كۆزىگە ئىسسىققىنە بىر چىراي كۆرۈندى. بۇ يېقىملىق چىراي ئىگىسى جىنەستە ئىدى. ئۇ سولياۋ خالتىغا سامسا قاچىلاۋاتاتتى. قىز بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قولىنى ئۇزىتىپ پېشىنى تۇتماقچى بولدى. نېمىدىندۇر ھېيىققاندەك قىلىپ قولىنى چۈشۈردى. قىز خالتىسىنى چىڭگىۋاتاتتى. يېنىدىن «ئاچا» دېگەن بوشقىنە بىر سادا چىقتى. ئارقىدىنلا بىر قول پېشىنى تۇتقاندەك قىلدى. جىنەستە تاققىدە يېنىغا بۇرۇلدى. بالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. بالىنىڭ ئۈستىبېشى مەينەت، ئىشتىنى لايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. تولا يىغلىغان بولسا كېرەك، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. جىنەستە ئۇزاق ئۆتمەي بالىنى تونۇدى.

— ۋۇي، ئايگۈل ئەمەسمۇ سىز؟— ئالدىدا زوڭزايدى ئۇنىڭ. سەبىي كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. لەۋلىرى پۈرۈلدى. ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

جىنەستە ئايگۈلنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ «ۋىيەي» دەپ



قالدى. ئارقىدىنلا پېشانىسىنى تۇتتى. ئايگۈل قىزىپ كەتكەنىدى. تىنىقلىرىدىن ئوت تەپتى كېلەتتى.

— بەك قىزىپ كېتىپسىز. نېمە قىلارسىز بۇ يەردە؟ مېڭىڭ ئۆيىڭىزگە كېتىلى، ئىزدەپ قالدۇ.

— دادام يوق......

— نەگە كەتتى؟— جىنەستە ئەتراپقا قارىغاچ داۋام قىلدى،— دۇكانلارنىڭ بىرەرسىگە كىرىپ كەتتىمۇ- يە؟

— بىلمەيمەن.

— ئۆيىڭىزدە ھېچكىم يوقما؟

— ئاچام بار ئىدى. مېنى تالادا ئوينا، دەپ قويۇپ كەتكەن،— ئۇ ئۆگەي ئاپىسىنى دەۋاتاتتى.

— قانداق گەپ بۇ،— دېدى جىنەستە بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ،- مۇشۇنداق ئوت- كاۋاپ تۇرغان بالىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ كېتىشىدىكىنا؟— جىنەستە نېمە قىلارىنى بىلمىگەندەك ئايگۈلگە قارىدى. ئۇ پەشخۇن تەرەپكە قاراپ لېۋىنى يالاۋاتاتتى.

جىنەستە ئۇنىڭ ئاچلىقىنى بىلدى. يۈز- كۆزىنى يۇيۇپ كېلىپ، قولىغا بىر سامسىنى تۇتقۇزدى. ئايگۈل يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. يۇتۇۋېتىپ ھېق تۇتتى. جىنەستە سۇ ئەكېلىپ ئىچۈردى. ئۇ ئۆيىگە ئالدىراپ تۇراتتى. ئايگۈلدىن قانداق ئايرىلىش ئۈستىدە ئويلىناتتى. «ئۆيۈمدە ھېچكىم يوق» دەپ تۇرغان ناتىۋانىنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشكە رايى بارمايتتى. يەنە قىزدىن سورىدى:

— ئۆيىڭىزنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— ئەمىسە ياخشى. تۇرۇڭ، مەن ئاپىرىپ قوياي.

ئۇ ئايگۈلنى قۇچىقىغا ئېلىۋىدى، قولىغا ھۆل ئۇرۇندى. ئۇ يەر- بۇ يېرىنى سىلاپ «ھەي......» دەپ قويدى. بالا ئىشتىنىغا

سىيىۋەتكەنىدى. شۇ ھالدا كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا تاقاق ئىدى. جىنەستە بىردەم كۈتتى. بىرەرسى كېلىپ قالسىدى دېگەن ئۈمىدتە كوچا تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى. ئارىدا بىرنەچچە ئادەم ئۇياققا، بىرنەچچىسى بۇياققا ئۆتتى.

جىنەستە ئالدىراپ قالدى. ئۆزىمۇ كەچ قالسا ئانىسى ئەنسىرەپ قالاتتى. ئايگۈل ئىلاجىسىز كەينىگە ياندى. بازار كوچىسىغا چىقىپ ئۇزاق تۇردى. ئايگۈلنى كۆرسە بىرىكىم كېلەرمىكىن دەپ دۇكانلارنىڭ ئالدىدىن ماڭدى. كېتىۋېتىپ بىر قاسساپقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. كۆڭلى پاللىدە يورۇپ، ئارقىدىنلا لاپپىدە ئۆچتى. ئۇ قاسساپ نۇرئابدۇللا ئىدى. جىنەستىنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇسى كەلمىدى. ئۇنى كۆرسە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. دىۋىنى، غالجىر ئىتنى كۆرگەندەك سەسكىنەتتى. ئۇ ئەسلىدە ئايگۈلنى شۇنىڭغا بېرىپ قويماقچى ئىدى- يۇ، كېلىپلا بۇ نىيىتىدىن يالتايدى.

كېيىن يېنىدىكى تونۇش ناۋايغا كۆزى چۈشۈپ، ئەھۋالنى قىسقىلا چۈشەندۈردى.

ــ ئاۋۇ تاغىسىغا بەرسەك بولىدىيا؟ــ دېدى ناۋاي يەنە نۇرئابدۇللانى ئىما قىلىپ.

ــ ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم يوقتى ئۇستام، سىلى دېگەن بولسىلا.

ــ ئۇقتۇم،ــ ناۋاي ئايگۈلنى نۇرئابدۇللانىڭ يېنىغا ئاپاردى.

ــ بالا باققىلى نەدىكى چولا ماڭا؟ــ نۇرئابدۇللا ئالدىغا كەلگەن خېرىدار بىلەن بولۇپ كەتتى. ناۋاي بىردەم تۇرۇپ بېقىپ، ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاداشەي! ماۋۇ قىزنىڭلار بەك قىزىپ كېتىپتۇ. ئۆيىدە ئادەم يوقكەن......

ــ قىزىپ كەتكەن بولسا، دوختۇرغا ئاپارمامدۇ؟ سودا



قىلىۋاتسام بۇ يەردە......

ــ كىم ئاپىرىدۇ؟

ــ كىم تېپىپ كەلگەن بولسا شۇنىڭغا بەرسىلە،ــ ئۇ بايا جىنەستىنى كۆرگەن، ناۋايغا دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، بۇ گېپىنى جىنەستىگە دارىتىملاپ دەۋاتاتتى.

جىنەستە ئىلاجىسىز ئايگۈلنى قايتۇرۇپ يەنە ھېلىقى ئۆيگە كەلدى. دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇراتتى. ئايگۈلنى ئېلىپ كىردى. مودا كىيىنگەن بىر چوكان ھويلىدا ئەينەككە قاراپ تۇراتتى. ئايگۈلنى كۆرۈپلا قولىدىكى تارغاقنى تاراققىدە تاشلىدى.

ــ بۇ شۇمنى نېمدەپ ئەكەلدىڭنە يەنە؟

ــ تېنەپ يۈرۈپتىكەن، ئاپىرىپ قوياي دەپ ئەكەلدىم.

ــ ماڭا زەللە لازىم ئەمەس. قەيەردىن تاپقان بولسىڭىز شۇ يەرگە ئاپىرىۋېتىڭە، چىقىڭ؟

ئايگۈل يېنىپ كېلىپ جىنەستىگە چاپلاشتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى چوكاندا ئىدى. دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتى. جىنەستە قىزچاقنىڭ بايىقى تېنەپ يۈرۈشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئاۋۇ قاپىقى يامان چوكاننىڭ ئۆگەي ئاپىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. «بىچارىنى قوغلاپ چىقىرىپتىكەن- دە؟ دادىسىنىڭمۇ كارى بولماپتۇ ئەجەب......» ئۇ ئاشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ چوكانغا نەپرەت بىلەن باقتى. گېلىنى قىرىپ قويۇپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ بالا بەك قىزىپ كېتىپتۇ. ۋاقتىدا......

ــ قىزىپ كەتكەن بولسا سۇغا پىشامىسىز ئېلىپ چىقىپ! ۋىتىلداۋېرىدىكىنا، چوڭ ئانامدەك......

ــ نېمە دەيلا؟ــ ھۇرپەيدى ئۇمۇ،ــ ئىچ ئاغرىتىپ قويغىنىم بالامىدى بېشىمغا؟ ئەكېلىپ قويدۇم. ئېپقالامسىز، ھەيدىۋېتەمسىز، نېمە كارىمتى مېنىڭ!- جىنەستە ئايگۈلنى قويۇپلا

چىقىپ كەتتى.

چوكان نەگىدۇر ئالدىراپ تۇراتتى. ئېرى ناھىيە بازىرىغا كەتكەنىدى. ئۇ ئايگۈلنىڭ قولىغا بىر پارچە ناننى تۇتقۇزدى. «داداڭ ھېلى كېلىدۇ» دەپ، ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ غايىب بولدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. چوكان كەتكەن يېرىدىن قايتىپ كەلدى. بالىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئېرەنسىزلا ئىشىكنى ئىتتەردى. ئۆيدە ئادەم بار دەپ گۇمان قىلغانىدى. ئىشىك ئېچىلمىدى. «دادىسى دېگەن ئەبگار كەلگەن بولسا قارنىنى تويغۇزغىلى كېتىشكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى چوكان ۋە ئىشىككە ئاچقۇچ سالدى.

شۇ كېچىسى جىنەستە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. خىيالى بىچارە بالا بىلەن تەلەتى يامان ئۆگەي ئانىدا ئىدى. بالا بىلەن ئانىنى ھەر خىل ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. مۇشۇ تاپتىكى تەسەۋۋۇرىدا ھېلىقى چوكان بالىنىڭ كوكۇلىسىدىن سۆرىگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىشىك جالاقلاپ ئېتىلدى. تالا قاراڭغۇ ئىدى. بالا يۇم- يۇم يىغلىغىنىچە ئىشىك يېنىغا قىسىلىپ تۇراتتى. ئۆگەي ئانا گويا بىر تال ئەسكى قەغەزنى سۇپۇرۇندى ئورنىدا تاشلىۋېتىپ كىرگەنىدەكلا غەمسىز ھالەتتە تېلىۋىزور كۆرۈپ ياتاتتى......

شۇنداق، چوكان ئەمەلىيەتتىمۇ ئورنىدا يېتىۋېلىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. كەچ سائەت ئوندىن ئۆتكەنىدى. بىركەمدە ئىشىك تاراقلاپ نۇرئەخمەت كىرىپ كەلدى. ئۇزى يالغۇز ئىدى. چوكان نېمىشقىدۇر يىنىككىنە تىنىپ قويدى. «ئانىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن چېغى» دەپ ئويلىغاچ توساتتىن نۇرئەخمەت سوراپ قالدى:

— ئايگۈلچۇ، قېنى ئۇ؟

— سىز...... سىز ئېلىپ كەتمىگەنمىدى؟



— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، مەن ناھىيەگە ماڭغاندا يېنىڭىزدا قالغان تۇرسا.

— نېمە؟ سىزنىڭ ھازىر كېلىشىڭىزما؟ مەن تېخى......

— ئىنىقراق دېگىنە، بالا قېنى زادى!؟

— بازارغا چىقاتتىم. ئىشىك تۈۋىدە قالغان. كەلسەم يوق. سىزنى كەلگەن بولسا بىرنەرسە ئېلىپ بەرگىلى ئەكەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ئاشۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ئايگۈل ئانىسى ئىشلەيدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆز ئانىسىنى سېغىنىپ كەلگەنىدى. ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى،ئۆزىنى دادىسى يېنىدا قويۇپ يىراق بىر يەرگە كەتكىنىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ مۇزدەك سوغۇق مۇئامىلە، ئادەمسىز ئۆيدىكى يالغۇزلۇق بالىنىڭ مەسۇم قەلبىنى مۇشۇ يەرگە سۆرەپ كەلگەنىدى. ئانىسىنىڭ ئاشۇ يەردىن چىقىپ كېلىپ ئۆزىنى باغرىغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، دەرۋازا ئېتىك ئىدى. ئەتراپ يىراقتىكى بىر تال چىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا گۇڭگىراپ تۇراتتى. بەش- ئالتە قەدەمچە نېرىدىن بىرسى بالىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى......

«دېسەم- دېمىسەم، ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان گەپ،— دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت،— بىچارە بالا يىغلاپ يۈرگەن بولسا قوشنىلارنىڭ بىرەرسى ئەكىرىپ قويىدىمىكىن يا......»

«يا»نىڭ كەينىدىكى ئەنسىز تەسەۋۋۇر نۇرئەخمەتنى بىردىنلا جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ھېلىلا ئاسقۇغا ئىلغان چاپىنىنى تارتىۋېلىپ چىقىپ كەتتى. كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ھەممە ئۆيگە بىردىن كىرىپ چىقتى. بازار ئىچىنى ئالا قويماي قېزىۋەتتى. دۇكانمۇ دۇكان كىرىپ باقتى. قىزى تېپىلمىدى. ئەلىياتقۇ بولغاندا نۇرئابدۇللادىن تېلېفون كەلدى.

— ئاڭلىسام قىزىڭنى ئىزدەپ يۈرۈپسەن،— دېدى ئۇ

تېلېفوندا، — كەچتە ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ قىزى «يولدا يىغلاپ قاپتۇ» دەپ كۆتۈرۈپ يۈرەتتى.

— ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ؟ ھېلىقى جىنەستەمنى دەمسەن؟

— ھە، دەل شۇ بىشەم قىز. مەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ دېگەن. سىلەر بىلەن ئۇچرىشالمىغان بولسا، شۇ قىز ئېلىپ كەتتى ئېھتىمال.

نۇرئەخمەت ماشىنىسنى قوزغاپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇ ئىككى تايىن بولۇۋاتاتتى.

«نۇرئابدۇللا خېلى ئىشەنچلىك گەپ قىلىۋاتىدۇ. شۇ قىزلا بولسا، ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەتىگەنچە قاراپ باقايمىكىن يا...... بۇ پىسسەندىلەر ئەجەبمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردا ماڭا؟......» ئۇ بىردە كونا ئايالىنى، بىردە ھازىرقىسىنى بىرنەچچە ئېغىزدىن تىللاپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۆزىمۇ ناھىيەدىن كېلىپلا چېپىپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۆيىگە كىرىپ ئېزىلىپلا يېتىپ قالدى. ئەتىسى نەدىدۇر كېسىلىۋاتقان چۆپقەتلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ ئالدىراپلا قايتىپ كەلدى.

ئايالى تېلېۋىزورنى ئېچىۋېلىپ گازىر چېقىپ ئولتۇراتتى. بالا كۆرۈنمەيتتى.

— بالىنى ئېلىپ كەلمىدىما؟

— كەلمىدى، — ئايالى تېلېۋىزوردىكى بىر كۆرۈنۈشكە ھىجايغىنىچە ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى.

نۇرئەخمەتنىڭ كۆڭلى كۆلچىكىگە «چولتوك» قىلىپ بىر تال تاش چۈشتى. يۈزىدە ئۈمىد شولىلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان تىنىق سۇ داۋالغۇپ كەتتى.

— زادى بىركىم كەلمىدىمۇ ئىزدەپ؟!

— نېمە ۋارقىرايسىز؟ كەلمىدى دېدىمغۇ؟



نۇرئەخمەت ئۆيىگە تىنچ كىرىپ، زەردە بىلەن چىقىپ كەتتى. ماشىنىسنى شامالباغ تەرەپكە قايرىپ بولۇپ، تېزلا يولنى ئۆزگەرتتى. ھايال ئۆتمەي يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ توختىدى. جىنەستە ئىشلەيدىغان كۇتۇپخانا تاقاق ئىدى. شۇ ئارىدا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ يەنە بىر خادىمى پەيدا بولدى.

— ناھىيەدىن ئىدارە باشلىقىمىز كەپتىكەن، يىغىن ئېچىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ «جىنەستەمنى ئىزدەيتتىم» دېگەن گېپىگە جاۋابەن.

نۇرئەخمەت چۈشكىچە شۇ يەردە ساقلىدى. پات- پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. ئۇزىمەي تاماكا چېكەتتى. ئولتۇرۇپ بولالماي ئۇيان- بۇيان ماڭاتتى. يىغىن تۈگىگۈچە ئۆتكەن ئىككى سائەت ئىككى ئايدەك بىلىندى. تاقەتلىرى تېشىپ كېتەي دېگەندە جىنەستە چىقىپ كەلدى. نۇرئەخمەت ئالدىغا يۈگۈردى.

— ۋۇي، — دېدى ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، — قىزىڭىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانغۇ؟

— سىز...... سىز ئېلىپ كەتمىگەنمىدى؟

— ياق؟ — قىز تەئەججۇپ ئىچىدە كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— قانداق گەپ بۇ...... نۇرئەخمەت بېشىنى قاشلاپ قويۇپ داۋام قىلدى، — بىرسى ئاپىرىپ قويىدۇم دېسە، بىرسى ھېچكىم كەلمىدى دېسە...... نەگە كەتكەندۇ بۇ بالا، كىم ئېلىپ كەتكەندۇ؟

نۇرئەخمەت سۇغا ملەنگەن قەغەزدەك بوشاپ يەنە ئۆيىگە كەلدى. ئايالى «مەن كۆرمىدىم، بىرسى بالىنى ئېلىپ كەلمىدى» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايتتى. ئېنىسى بولسا: «بالىنى جىنەستە كۆتۈرۈپ كەتكەن» دەيتتى. نۇرئەخمەت بالىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىدىن بەكرەك قورقۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھە دېمەيلا ياقىسىدىن ئېلىپ، «بالامنى تاپ» دەپ تويغۇزۇشىدىن

ئەنسرەيتتى.

ئۇ يەنە بىر كۈن ئىزدىدى. يېزا رادىيوسىدا ئېلانمۇ بەردى. بالىنى كۆرگەن، ئۇچراتقان ئادەمنىڭ دېرىكى بولمايۋاتاتتى.

— مېنىڭچە، جىنەستە دېگەن قىزنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، — دېدى نۇرئابدۇللا ئاكىسىنى قوزغىتىپ، — بالىنىڭ نەگە كەتكىنىنى ئاشۇ قىز بىلىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ تېخى مەن ئەكېلىپ بەرگەنەي، ئانىسى باركەنەي دەپ ماڭا دۆڭگەپ قوتۇلماقچى بولۇۋاتامدا؟ ساقچىغا مەلۇم قىلساق بىردەمدە تاپقۇزىدۇ ئۇنى. نېمە دەپ مەلۇم قىلمىز؟ — گۆلەيدى نۇرئەخمەت ئايالىغا، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئايگۈلنى ساڭا ئەكېلىپ بېرىپتىكەن. ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويغان گۇناھى ئۈچۈن ئەرز قىلمىزما؟!

— ئۇ گەپلەرگە گول بولما ئاكا، — ئېچىنىقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى نۇرئابدۇللا، — بۇ خەقنىڭ بىزدە ئۆچى بار، بالىنى چوقۇم بىر يەرگە تىقىپ قويغان گەپ.

— ھەممە ئىشنى تېرىغىنى سەن، — دېدى نۇرئەخمەت ئىنىسىگە تاپا قىلىپ، — سەن ساۋۇت مۇئەللىمنى يىقىتىپ قويمىغان بولساڭ، ئۇلارمۇ بىزگە غوم ساقلاپ يۈرمەيتتى.

— ھە...... ماقۇل، ماقۇل، — دېدى نۇرئابدۇللا تەنە قىلىپ، — گۇناھ مەندە. قىزىڭنى قانداق تاپساڭ، ئۆزۈڭ تاپارسەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

— مەلۇم قىلمايمۇ بولمىغۇدەك، — دەپ ئويلىدى نېمە قىلارنى بىلمىگەن نۇرئەخمەت ۋە ساقچىغا دېلو مەلۇم قىلدى.

ئايالى شۇلارنى دەپ دومسايدى.

ئاخىرى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىشتى. ئايگۈلنىڭ دېرىكىنى قىلىشتا جىنەستىدىن باشقا مەزمۇتراق تاياق يوق ئىدى. ساقچىلار قىزغا يېپىشىپلا ئالدى. ئىش كۆرۈپ باقمىغان مەسۇم قىز ئۇلارنىڭ



سۈرلۈك قىياپىتىدىن قورقۇپ تىترەپ تۇراتتى.

«قىزچاقنى نەگە ئاپاردىڭىز؟ نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭلار؟ بۇ دېگەن تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى بولىدۇ جۇمۇ؟» دېگەن قورقۇنچلۇق سوراقلاردىن چۆچۈپ كېتەتتى. دۇدۇقلاپ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. سۆزلىرىنىڭ ئورامى بىر- بىرىگە باغلانمايتتى. ھېلى دېگەن گېپىدىن ھېلى ئېزىپ قالاتتى. بۇقۇلداپ يىغلاپلا تۇراتتى. سىرتتا يۈرەكزادە بولۇپ تۇرۇشقان ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ھالى بەتتەر ئىدى.

جىنەستە ئۈستەلگە ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق بىلەن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. كېيىن بىر يېنىغا سىيرىلىپ- سىيرىلىپ ھوشىدىن كەتتى. ساقچىلار ئوپۇل- توپۇل ماشىنىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. جىنەستە شۇ كەلگىنىچە دوختۇرخانىدا ئىككى ھەپتە يېتىپ قالدى. ئۇ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئويغاق بولسىلا سۆزلەپ ياتاتتى. دەم تۇرۇپ ھېلىقى قىزچاق توغرىسىدا، دەم تۇرۇپ ئالىبىر ئىشلار توغرىسىدا بىرنېمىلەرنى دەيتتى. گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلايتتى.

— بىمارنىڭ ئەندىشىلىرى يوقاپ، روھىي جەھەتتىن تىنچلانمىسا داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ، — دېدى مەسئۇل دوختۇر، — ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تۇرۇڭلار.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايگۈلنىڭ ئۆز ئانىسى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ كەيپىياتى بوش، روھى سولغۇن ئىدى. ئۇ جىنەستىنىڭ ئىلىشىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كىرگەنىدى.

— مەن قىزىڭىزنى راستتىنلا ئۆگەي ئاپىسىغا بېرىپ كەلگەن، — دېدى ئۇ گۈلنىسانى كۆرۈپلا، — ئۇلار ماڭا ئۆۋال قىلىۋاتىدۇ. ياخشىلىقىمغا يامانلىق قىلىۋاتىدۇ.

— مەنمۇ سىزدىن كۆرمەيمەن، سىڭلىم، — دېدى گۈلنىسا تەسەللى بېرىپ، — گەپ شۇ بىرنېمىلەرنىڭ ئۆزىدە. قىزىمنى

سىغدۇرماي قوغلاپ چىقارغان گەپ. بىچارە بالا تىنەپ يۈرۈپ......— گۈلنىسانىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش كەتتى. ئۇنىڭمۇ باغرى يارا ئىدى. قىزنىڭ دەردىدە قويغان- تۇتقىنىنى بىلمەي يۈرەتتى. دەرۋەقە، قىزنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ جىنەستىگە دۆڭگىلىپ قالغىنىغىمۇ قوشۇلمايتتى. گۇناھ ئۆگەي ئانىدا دەپ قارايتتى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ،- داۋام قىلدى گۈلنىسا سۆزىنى،— قىزىم تېپىلدى. ئەمدى ھېچكىم سىزنى ئاۋارە قىلمايدۇ.

— راستما؟!

گۈلنىسا «ھەئە»، ئىشارىسىدە بېشىنى لىڭشىتتى. چاناقلىرىغا كەلگەن يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن، يوشۇردى. قىزىم تېپىلدى دېگىنى بىلەن يۈرىكى يىغلاپ تۇراتتى. جىنەستىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالداۋاتاتتى.

جىنەستىنىڭ يۈرىكى لىپپىدە كۆتۈرۈلدى. قاماللاپ تۇرغان قورقۇنچلۇق «دۆ»نىڭ چىرماقلىرى بوشىغاندەك قىلاتتى. ئاستا-ئاستا ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. تېنىگە كۈچ، چىرايىغا قان پەيدا بولۇپ، 15- كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققانىنىڭ ئەتىسى ساقچىخانىدىن چاقىرىپ يەنە ئادەم كەلدى. جىنەستىنىڭ چىرايى قايتىدىن ئۆڭدى.

— بالا...... بالا تېپىلىپتىكەنغۇ؟

— قىزنى ئىزدەۋاتىدۇ،— دېدى كەلگەن كىشى،— بۈگۈن پاكىت ئاڭلاش يىغىنى ئاچماقچىكەن. سىزنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسۇن دەيدۇ.

جىنەستە يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۆيدە ئادەم كۆپ



ئەمەس ئىدى. نۇرئەخمەت، ئۇنىڭ ھازىرقى ئايالى خانقىز، نۇرئابدۇللا ۋە قىزچاقنىڭ ئاپىسى گۈلنىسالار ئايرىم- ئايرىم ئورۇنلاردا ئولتۇرۇشاتتى. مۇنبەردە ساقچىخانا باشلىقى بىلەن ئۇ كۆرۈپ باقمىغان باشقا ئىككى ساقچى تۇراتتى. جىنەستە كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا جايلاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي سۆز بايان قىلىشلار باشلاندى. تۇنجى بولۇپ جىنەستە سۆز ئالدى:

— ئايگۈل يىغلاپ ئولتۇرۇپتىكەن،— دەپ باشلىدى ۋەقەنىڭ بېشىنى،— تولا يىغلاپ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتەك قىزىپ تۇراتتى. بالىنى تونۇغانلىقىم ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. باشتا ئۆيىدىن ئادەم تاپالمىدىم. كوچىدا ئۇزاق كۆتۈرۈپ يۈردۈم. كەچ كىرىۋاتاتتى. ئۆيىگە يەنە باردىم. ئاۋۇ ئايال بار ئىكەن، بالىنى ئالمىدى...

— قايسى ئايالنى دەيسىز؟— سورىدى مۇنبەردىكى ساقچىدىن بىرسى.

— كېيىن ئۇقسام ئىسمى خانقىزكەن. ئاۋۇ سېرىق باش خوتۇن شۇ.

— كىم سېرىق باشكەن؟ ئادەم سەتى پىستە كۆزنىڭ دەۋاتقان گېپىنى......

— جېدەل قىلماڭ! — ئەسكەرتتى بىر ساقچى،— نۆۋىتىڭىز كەلگەندە سۆزلەڭ! — ئۇ جىنەستىگە قارىدى،— ھە، داۋاملاشتۇرۇڭ سىڭلىم.

— كۆپ ئىركەشتۇق. قەيەردىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىۋەت دەپ، قارىماي كىرىپ كەتتى. ئارىدا بىرمۇنچە سېسىق گەپلەر بىلەن ئازار بەرگەنىدى. خاپا بولۇپ بالىنى كىرگۈزۈۋەتتىم.

— كېيىنچۇ؟

— دەرۋازىسنى يېپىۋېتىپ يېنىپ كەلدىم،— قىز توساتتىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئورنىدىن دەسسىدە تۇرۇپ

كەتتى،— تۇغرا! بىز تىركىشىۋاتقاندا بىر موماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. بىردەم توختاپ تۇردى. بالىنى كىرگۈزۈۋەتتىم. موماي ئۇ ياققا، مەن بۇ ياققا ياندۇق.

— شۇنداقمۇ خەلچىخان ئاچا؟

سوئالدىن كېيىن بىرەيلەننىڭ جاۋابى چىقتى.

— شۇنداق. قىزچاق كىرىپ كەتتى. بۇ قىزنىم يالغۇز قايتىپ كەتكەن،— بۇ جىنەستە شۇ كۆنى ئۆچراشقان موماي ئىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان! — خانقىز دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى،- جىنەستە دېگەن بۇ قىزنى بىرەر يەردە كۆرۈپ باققىنىمۇ يوق. ئاۋۇ مومايىنىڭ دېگەنلىرىمۇ قىپقىزىل يالغان. مېنىڭچە، ئاشۇ ئىككىسىدە بىر گەپ بار. ئۇلار تىلىنى بىر قىلىپ جاۋابكارلىقنى ماڭا يۈكلەپ قويماقچى.

— ئىسپات بىلەن سۆزلەڭ،— دېدى ساقچى خانقىزغا،— بىزگە تەسەۋۋۇر ئەمەس، ئىسپات كېرەك.

— مەن ئۇلار بىلەن بىللە يۈرمىگەن تۇرسام، قىلغان- ئەتكىنىنى نەدىن بىلەي؟ يا ئادەم بېدىكلىرىگە سېتىپ يېگەندۇ، يا يوشۇرۇپ قويۇپ پۇل تەلەپ قىلىشماقچى بولغاندۇ.

ئارىدا نۇرئابدۇللا سۆز ئالدى. ئۇمۇ جىنەستىنىڭ قىزچاقنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىنى، يەنە كۆتۈرۈپ كەتكىنىنى ئىسپاتلىدى. ئاخىرىدا قىزچاقنىڭ ئاپىسى گۈلنىسا جىنەستىنىڭ شۇ كۈنكى ياخشى كۆڭلىنىڭ تەرەپدارى بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ گېپىدىن جىنەستە ئۇنداق يامان ئىشنى قىلمايدۇ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ئاڭلاپ جىنەستىنىڭ ئاغقان يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەكمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنى يۇقىرىقى ئىككى ئادەم بىردەك قارىلاپ تۇراتتى. بولۇپمۇ خانقىزنىڭ «بالىنى سېتىۋەتتى، يا يوشۇرۇپ قويدى» دېگەن گەپلىرى تەقدىرىگە تىغ تەڭلەپ تۇراتتى.



نۇرئەخمەت ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا ھەممە كىشىنىڭ بايانى ئورۇنلۇقتەك، توغرىدەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرىدا كېلىپ قىزنىڭ قانداقلارچە يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قايمۇقاتتى. ئىسپات ئاڭلاش شۇ يەردە ئاياغلاشتى. ساقچىلار قىزنى داۋاملىق ئىزدەيدىغانلىقنى بىلدۈرۈشتى.

## 3

جىنەستىنىڭ شۇ كېچىسى پۈتۈنلەي ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ توختىماي خىيال سۈرەتتى. خىياللىرى بىر- بىرىدىن قورقۇنچلۇق ئىدى. «نېمىشقىمۇ ماڭا ئۆچراپ قالغان بولغىيدى شۇ بالا؟ مېنىڭ تۇغقىنىم بولمىغاندىكىن، يولۇمغا كېتىۋەرسەم بولماسمىدى؟ خەقكە كۆيىمەن دەپ، جىنايەتچى بولۇپ قالغىلىۋاتىمەن. ئاۋۇ سېرىق چاچ خوتۇننىڭ بالىنى سېتىۋەتتى، يوشۇرۇپ قويدى، دېگىنى ئېنىقلا مېنى جىنايەتچى دېگىنى ئەمەسمۇ؟ توۋا، بەزى ئادەملەر نېمانداق قارا كۆڭۈل، قارا يۈزدۇ؟ قاراپ تۇرۇپ: بالىنى مەن كۆرمىدىم. ئۆيگە ھېچكىم كەلگىنى يوق دەۋاتامدۇ؟ مۇبادا بالا تېپىلمايلا قالسا، قىلغان ياخشىلىقىم بەدىلىگە تۈرمىدە ياتىدىغان ئوخشايمەن. كىشىلەر تۈرمىنى بەك قورقۇنچلۇق دېيىشىدىكەن. ئادەمنى قاراڭغۇ ئۆيگە بىر سولىۋەتسە كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرسەتمەسمىش.قورققۇم كەلسە قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئاران بىر ئېرىشكەن ئارزۇلۇق خىزمىتىممۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدىغان بولدى ئەمدى» دەيتتى ئۇ ئۆز- ئۆزىنى ئەيىبلەپ. ئۇ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ چۈش كۆردى

ئۇ چۈشىدە قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. خۇددى بۇگۈنكىدەكلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئايسىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تولىمۇ شالاڭ كۆرۈنەتتى. بۇككىدە دەل-

دەرەخلەر ئارىسىغا چۆمكەلگەن مەھەللە يولى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى.

«ئۆيگە بەك كەچ قالدىم، ئانام ئىشىكنى تاقىۋەتكەنمىدۇ؟ چاقىراي دېسەم ئۈنۈم چىقمىسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەرمەن؟...» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ كېتىۋاتقان بۇكلۇك يول بىردىنلا قانداقتۇر بىر تار كوچىغا ئۆزگىرىپ قالدى. كوچا ئىككى قاسناقتىكى تۇتاش كەتكەن ئۆيلەر بىلەن قورۇقدىلىپ تۇراتتى. نەدىندۇر مۈشۈكلەرنىڭ تالىشىپ بېغىلداشقان، نېمىنىڭدۇر ئىسكەنجىسىدە قالغان بىر توخۇنىڭ قاتتىق ۋاتىلدىغان ئاۋازى كېلەتتى.

ئۇنى سۈر باستى. ۋۇجۇدىغا دەھشەت بىر قورقۇنچ بۆسۈپ كىردى. يۈرىكى ئېغىزىغا قاپلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. دەل شۇ چاغدا نەدىندۇر بىر قارا ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ قاۋىمايتتى. پەقەت چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرقىراپلا تۇراتتى. ئىككى كۆزىدە ئىككى تال چوغ پىلدىرلاپ تۇراتتى. جىنەستە قاچماقچى بولدى، ئەمما پۇتلىرىنى ئىزنىغا مىخلاپ قويۇلغاندەك قېمىرلىتالمايتتى. تۇۋلاي دېسە ئاۋازى چىقمايتتى. شۇ ئەسنادا ئىت بىر سەكرەپلا ئالدى پۇتلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېسىلدى. خىرىلداپ تۇرغان ئىت بىردە سېرىق چاچلىق بىر ئايالغا، بىردە يەنە ئۆز ئەسلىگە ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئايال سىيماسى بولسا دەل ئايگۈلنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئىدى. لەھزە ئۆتمەي ئىت يەنە ئۆزىگە ئايلاندى. «ھاۋ» قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىن ئالماقچى بولدى.

جىنەستىنىڭ تىلىغا تۈنجى بولۇپ «ئا...نا» دېگەن بىر نىدا كەلدى. ئەمما، ئاۋازى ھەلقۇمىنىڭ سىرتىغا چىقمىدى. كېيىن كۆچەپ چىرقىرىدى. شۇ چىرقىراق ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنى قارا باسقانىدى. بايىقى تۇۋلاق- چىرقىراقلىرى سىرتىغا چىقمىغان



بولسا كېرەك. ئۆيدىكىلەر بىر خىلدا مىسلىدىشىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

ئەتىسى جىنەستە تولىمۇ ئېغىر بىر خامۇشلۇق ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى. خىزمەتكە مېڭىش ۋاقتىدىن خېلىلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كۈنگە قاراپ بىردەم ئىككى تايىن بولدى. ئەمما، بارماسلىققا، خىزمەت تاشلاشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئىشقا ئالدىرىغان جىنەستە ناشتىسىزلا ئىشىكتىن چىقتى. ئۆيى ئالدىدىن ئەگىپ يېزا يولىغا چىقىپ تۇراتتى. يېنىغىلا بىر موتوسىكلىت كېلىپ توختىدى. ئۈستىدە ئاقپىشماققىنە بىر بالا ھىجىيىپ تۇراتتى. ئۇ يۈسۈپ ئىدى. «يەنە پۇتلاشتى بۇ بىزەڭ» دەپ شىۋىرلىدى جىنەستە ئىچىدە ۋە قارىمايلا ماڭدى. يۈسۈپ ئىككى قەدەم ئالدىغا ئۆتۈپ يولنى توغرىسىغىلا توستى.

— ئۇنداق قىلمىساڭچۇ جىنەستە. ھەرقانچە يۈگۈرسەڭمۇ كېچىكىپ قالىسەن بۈگۈن. كېلە، كەينىمگە ئولتۇرۇۋال.

— كېچىكسەممۇ ئولتۇرمايمەن.

— پۇتۇڭغا ئارام بولىدۇ دەيمەن.

— پۇتۇم ئۆزۈمنىڭ.

— يائاللا، يائاللا! نېمانچە بوينى قاتتىقلىق قىلىدىغانسەن؟ يولىمىز بىر بولغاندىكىن بىللە ماڭساق نېمە بولىدۇ؟ كېلە، بىر قېتىم بولسىمۇ ئولتۇرۇپ قوي.

ئىككىسى خېلى تارتىشتى. ئەمەلىيەتتە ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. جىنەستە كېچىكمەسلىك ئۈچۈنلا ئۆز خاھىشىغا خىلاپلىق قىلدى. ئۇ يۈسۈپنى باشلانغۇچتىكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا يامان كۆرەتتى. نۇرمەمەتنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئەكسىچە، يۈسۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپلا ئەتراپىدىن ئەگىپلا يۈرەتتى. بىر ئامال قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى ئويلايتتى.

لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا نۇرمەمەت بار ئىدى. ھەرقانچە

ئەگەر ئۇ جىنەستىگە يېقىن يولىيالمايتتى. ئۇلار قايسى كۈنى مەكتەپتىن ئايرىلدى، يۈسۈپ شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭ كەينىدە پەيدا بولدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئانىسمۇ ئىككى قېتىم ئەلچى باشلاپ كېلىپ، ئۇنى كېلىنلىككە سورىغان. قىزنىڭ يۈسۈپكە ئۆچلۈكىنى بىلگەن ئانا يالغاندىن: «باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ قويۇپتىكەنمىز، رەنجىشمىسىلە» دەپ يولغا سالغان. يۈسۈپ بولسا: «ئۇلارنىڭ دېگىنى يالغان، جىنەستە نۇرمەمەت دېگەن يالاڭ تۆشكە ساقلاپ شۇنداق دېگۈزۈۋاتىدۇ» دەپ ئانىسىنى يەنە بېرىشقا زورلايتتى. غازى ئېلى ئائىلىسىلا ئەمەس، جىنەستىنى كېلىنلىككە سوراۋاتقان ئائىلىلەردىن يەنە ئىككى- ئۈچى بار ئىدى. جىنەستىنىڭ چوڭ ھەدىسىمۇ ئۇنى ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرسىگە «سايە» قىلىپ تۇراتتى. جىنەستە بولسا ھەممىسىگە ياق، ياقلا دەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ نۇرمەمەتكە ساقلايتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، يۈسۈپنىڭ جىنەستىنى قوغلىشىپلا يۈرگىنى يۈرگەن ئىدى. جىنەستە قاچاتتى. يۈسۈپ يېپىشىۋالاتتى. گاھى ئۆيى يېنىدا، گاھى يېرىم يولدا يېتىپ كېلىپ يېزا بازىرىغا چىقىدىغان ھېچقانداق ئىشى بولمىسىمۇ ئەتەيگە موتوسىكلىتىمدا ئولتۇرۇۋال، دەپ تۇرۇۋالاتتى. جىنەستە ئۇدا رەت قىلىپ كېلەتتى. بۈگۈن بولسا يۈسۈپنىڭ تەلپىگە تۇنجى قېتىم قوشۇلۇشى ئىدى. جىنەستە موتوسىكلىتقا ئولتۇردى- يۇ، يول بويى بەدىنى تىكەنلىشىپ ماڭدى. جىنەستە يۈسۈپنىڭ موتوسىكلىتىدىن پونكىت ئالدىدىلا چۈشۈپ قالدى. دەرۋازا ئالدىدا ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن ئۇچراشتى. بىرى- بىرى سالاملىشىپ، ئۇ كۈتۈپخانىسىغا، خىزمەتداشلىرى سىرتقا ماڭدى. ئۇلار نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا باشقىچە بىر غەلىتە نەزەر بىلەن قارىغاندەك قىلاتتى. جىنەستە ئىزىدا كىچىككىنە تۇرۇپ قالدى. خىزمەتداشلىرى نەچچە قەدەم ماڭا- ماڭماي كەينىگە قايرىلىپ،



بىرنېمىلەرنى دېيىشكىنىچە يىراقلاپ كەتتى. جىنەستە دەسلەپ ئۆزىنىڭ يۈسۈپ بىلەن بىللە كەلگىنىنى سۆز- چۆچەك قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلدى، كېيىن بولسا ھېلىقى ھالەتلەرنىڭ تەكتىگە يەتتى. ئۇلارلا ئەمەس، كۈتۈپخانىغا كىرگەن، ماتېرىيال كۆرۈۋاتقانلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق يوچۇن بىر نەزەردە قارىشاتتى. ئىككى يىگىت ئۇنى خۇپىيانە ئىما قىلىشىپ، بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلىشاتتى.

بۇ يوچۇن قارىشىش، كۇسۇرلىششلارنىڭ ۋەجى چۈشتە ئايان بولدى. جىنەستە چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئاشپۇزۇلغا كىرىپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ئارقىسىدىكى ئۈستەلدە تاماق يەۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ كۇس- كۇسلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— ۋۇي، راست دەۋاتامىلا يا...... ؟ — دەۋاتاتتى بىرسى.

— راست بولماي ئەمىسە، — دېدى ئىككىنچىسى، — ھېلىقى قىزچاقنى ئادەم بېدىكلىرىگە سېتىۋەتكەنلىكى ئاشكارا بولۇپتىمىش.

— ۋىيەي، بۇ خېنىمنى بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك جۇمۇسلا......

جىنەستە كەچكىچە ئاران چىدىدى. كەچتە ئۆيىگە كېلىپ شۇ ياتقىنىچە نەچچە كۈنگىچە تۆشەكتىن چىقمىدى. بېشىنى گاھ يوتقاندا، گاھ ئاللىبىر كىيىم- كېچەكلىرىدە چۈمكەپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. كېيىن ئۆيدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن خىزمىتىگە بېرىپ يۈردى. ئەمما، بەختىگە يارىشا ساقچىخانىنىڭ چاقىرتىشلىرى چىپپىدە توختاپ قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىنەستىلەرنىڭ ئۆيىگە غازى ئېلىنىڭ خوتۇنى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ يېقىنقى بىر- ئىككى ئاي ئىچىدە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك بىر توپ مېھمانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمەس، ئۆزى يالغۇز كەلگەنىدى.

«يەنە ئەلچىلىككە كەلدى، بۇ رودۇپايلاردىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ نېمە؟ ئۆيدىكىلەر پوسۇققىدە ‹ماقۇل› دېۋەتمىگىدى» دەپ ئويلىدى جىنەستە ئىچىدە.

## 4

كۈنلەر ھەپتىلەپ، ئايلاپ ئۆتمەكتە. ئايگۈلنى ساقچىلارمۇ، ئاتا-ئانىلىرىمۇ توختىماي ئىزدىمەكتە ئىدى. يا تىرىكى، يا ئۆلۈكىدىن خەۋەر بولمايۋاتاتتى. گويا قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك تىنىپ كەتكەن. «پۇر» قىلىپ ئەرشكە، توپ-توپ يۇلتۇزلار ئارىسىغا چىقىپ كەتكەندەكلا ئىدى. ياز ئۆزىدى. مەۋسۇم كۈز ئىلكىگە ئۆتتى. گۈلنىساخاننىڭ كۆز ياشلىرىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇلاقلار تۈۋىدە بىر يېقىملىق سادا ئاڭلاندى. بۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەلگەن خەۋەر ئىدى. «ئىچكىرىدىن بىر بۆلۈك ئالداپ سېتىلغان باللار ئېلىپ كېلىندى، ئارىسىدا بىرنەچچە قىزمۇ بار. ئاتا-ئانىلار كېلىپ تونۇپ باقسۇن» دېيىلگەنىدى.

گۈلنىسا بىلەن نۇرئەخمەتلەر ئالدىراپ باردى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايگۈل بار ئىدى. ئۇ ئورۇقلاپ، قارىداپ كەتكەنىدى. نۇرسىز كۆزلىرى ئۆچەي دەپ قالغان جىنچىراغدەك سۇس پىلىلدايتتى. ئانا قىزنى باغرىغا باستى. جىسمىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇدى. نۇرئەخمەت پۇشايمان نەزىرى بىلەن قىزىغا ئىنتىلىپ تۇراتتى. بىراق، بېرىپ ئانىنىڭ قۇچىقىدىن قىزىنى ئېلىشقا پېتىنالمايتتى. ئاچچىقلىنىشىدىن، سىلكىۋېتىشىدىن تەپ تارتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئانىدىن كۆپ لەت ئاڭلىغان، ئاچچىق-ئاچچىق تاپا-تەنىلىرى، سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك كىنايىلىك



ئەيىبلەشلىرى ئالدىدا تىك باققۇدەك يۈزى قالمىغانىدى. شۇنىسى نامەلۇم ئىدىكى، قىزچاقنى كىمنىڭ ئېلىپ قاچقىنى، قانداق بولۇپ ئىچكىرىگە بېرىپ قالغىنى سىرتقىمۇ، بالىنىڭ ئىلگىرىگىمۇ تېخى بىر سىر ئىدى. ھايات ئىزىغا چۈشكەنىدى. ئەمما، نۇرئەخمەتنىڭ ھايات سەھنىسىدىكى قەدەملىرى كەينىگە كېتىۋاتاتتى. يۈگۈرگەنسېرى ئىشلىرى ئاقمايتتى. «كەسىپ»تىن نان تەگمەيۋاتاتتى. ئۇنى «غوجايىن»، «نۇرئەخمەتجان» دەيدىغانلارمۇ ئازلاپ قالغانىدى. ئىچى پۇشۇپ ھاراق ئىچەتتى. قاچقان تەلەيىنى قىماردىن ئىزدەپ كېچە-كېچە تاۋكادىن كەلمەيتتى، ئۇتاتتى، ئۇتتۇراتتى. بىر كۈنلەردە يېنى پومپىيىپ قالاتتى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ قويىنى ئەمەس، ھەمىيىنىمۇ سولىشىپ قالاتتى.

باشئوتاقنىڭ يېزا بازىرى شەھەر تۈسىنى ئېلىشقا باشلىغانىدى. كوچىلار تۈزەشتۈرۈلۈۋاتاتتى. بىرچاغلاردىكى رەتسىز بوتكىلار، چەللە-ساتمىلار ئورنىغا خىش-كاھىشلىق ئىجارە دۇكانلىرى سېلىنغانىدى. كۆپىنچىسى ئاشپۇزۇل، كاۋاپخانا، چايخانا، لەڭپۇڭخانا، ھاراق-تاماكا دۇكانلىرى ئىدى. ئىشىكلىرىنىڭ بېشىغا رەڭدار چىراغلىق ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان ئېلېكترونلۇق ئويۇنخانىلارمۇ پەيدا بولغانىدى. بىرنەچچە خىل قورۇمىسى بىلەن «رېستوران» ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قاۋاقلار قىزىپ تۇراتتى. «ئاشىق-مەشۇقلار ئارامگاھى» دەپ ئاتالغان بىر خىلۋەت ياش باللارنىڭ ئويۇن-كۈلكىلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. ئىشىك تۈۋىدىكى بىر جۈپ ياڭراتقۇسى توختىماي ئۈنلەپ تۇراتتى. ئىچىدىن جاز مۇزىكىسى ئاستىدىكى گۈلدۈر-گۈپ ئۈزۈلمەيتتى.

بازار ئاخشام ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ھېلىقى بىرنەچچە «ئالاھىدە» دۇكانىنىڭ كەچكى سودىسى قىزىپ كەتكەنىدى. مانا شۇ مىنۇتتا، ئىشىكىگە چىغ پەردە تارتىغان بىر خىلۋەتخانىدا

نسپيي جىملىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ «ئويۇنخانا» ئىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئىككى رەت ئۈستەل، بىر تەرىپىگە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئالتە ئۈستەلنى بىر تۈپتىن ئادەم چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. باللار ئويۇنچۇقلىرىنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. ھەممىسىنىڭ دىققىتى قوللىرىدىكى نەرسىلىرىدە ئىدى. قوللاردىكى تاماكىلاردىن پۇرقىراپ ئىس چىقاتتى. ئۆي ئىچى كۆپكۆك ئىسقا تولغانىدى. ئىسقا قوشۇلۇپ ھەربىر كۆزنىڭ ئالدىدا قىزىل، يېشىل، قارامتۇل ۋاراقچىلار لەيلىشىپ يۈرەتتى. ياشقا چوڭراقلىرى قارتا بىلەن ماجاڭدا، باللار ئېلېكترونلۇق ماشىنىدا «ئۇتتۇشماق» ئوينايتتى. «ئۇتۇشماق» دېگىنى قىمارنىڭ ئەڭ چىرايلىق نامى ئىدى.

ئۇدۇلدىكى تام سائىتى 10:25 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى ماجاڭ ئۈستىلىنىڭ بىر مەيدانى ئاخىرلىشىشىغىلا بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ نۇرئەخمەت ئىدى. روھى چۈشكۈن، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئىچىنى بىرنەچچە مۈشۈك بىرلىشىپ تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ ئامىتى قاچقانىدى. ئارقىمۇئارقا ئۇتتۇرۇۋاتقىنىغا نەچچە ئاخشام بولغانىدى. «ئەمدى بۈگۈن ئۇتىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ يېنىغا پۇل سېلىۋېتىپ، — كەتكەن پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ كېلىمەن......» دەرۋەقە، ئارىلاپ- ئارىلاپ بىرەر قېتىم ئامەتمۇ كېلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ زورى بىلەن يەنە ئويناپتتى. ئاخىرىغا بارغاندا ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ شۈمشىيىپ قالاتتى. بۈگۈنمۇ دەل شۇنداق بولدى. باشتا ئارقىمۇئارقا ئىككى قول ئۇتتى. كېيىن ئامىتى قېچىشقا باشلىدى. ئۇتقىنىمۇ، ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگىنىنىڭمۇ ھەممىسى كەتتى. ئەمدى تىكىشكە پۇل يوق ئىدى. پۇلى بولمىسا قاتاردا ئولتۇرالمايتتى.

ئۇ شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۈستەلدىن ئاستاغىنە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.



— نۇرئەخمەتجان! قوللىرىنى يىغىپلا تۇرۇۋاتىلىغۇ؟— دېدى شۇ چاغدا ئۈلپەتلىرىدىن بىرى، — ئۇتتۇرغان پۇلنى تاشلىۋېتىپ ماڭالا؟

— بۈگۈن يېنىم قۇرۇقدىلىپ كەتتى. ئەته بىز بارىيا ئاداش؟- نۇرئەخمەت يېلىنىش نەزىرىدە قارىدى.

— ئاداشلىرىنىڭ نېسىدىن تەلىيى يوق، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن، — قۇلىقىمغا قۇرۇق ساتار چالماي، پۇل ئالسىلا!

— ناھايىتى 500 كويغۇ شۇ؟

— 500 كوي پۇل ئەمەسمىكەن؟

نۇرئەخمەت بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، قولىدىكى سائەت بىلەن تېلېفونىنى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ماۋۇنى ئېلىپ تۇرۇڭلار، كېمى بولسا يەنە مەن بار.

ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ كوچىغا چىقتى. قەدىمىلا ئەمەس، گەۋدىسىنىمۇ تەستە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىچى مۇج سۈيى قۇيۇۋەتكەندەك ئېچىشاتتى. قولىدىن ئارقىمۇئارقا چىقىپ كەتكەن پۇللارنىڭ ھەر ۋارىقى بىردىن زىخ بولۇپ باغرىغا قادىلاتتى. گۈلخانىغا ئايلىنىپ جىسمىنى ئۆرتەيتتى. ئاشۇ ئەلەم، ئاشۇ تولغىنىشتا قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەيتتى. چۈشتىن تارتىپ شۇ چاغقىچە تائام يېمىگىنى ئۇنتۇلۇپلا كەتكەنىدى.

تۇرۇپلا ئۇنىڭ ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدىكى بارلىق ئاچچىقلىرىنى ھاراقنىڭ ئاچچىقى بىلەن باسماقچى بولۇۋاتاتتى. يولدا تۇرۇپ بىرنەچچە دۇكاننىڭ دېرىزىسىگە قاراپ باقتى. شۇلارنىڭ بىرەرسىگە چۆكۈپ بىردەم ئولتۇرغۇسى كەلدى. پۇتى قۇرۇپ كەتكەن ھەمىيىنىغا باغلاغلىق ئىدى. دۇكان تەرەپكە قايرىلغاندەك قىلاتتى- يۇ، پۇتى ئىزىدىن قىمىرلىيالمايتتى.

شۇ ئارىدا خاتىرىسىگە «ئالمىگۈل» دېگەن بىر ئىسىم لىپپىدە قوندى. كۆز ئالدىدا ئوتتۇرا ياشلاردىكى كېلىشكەن بىر چوكاننىڭ

سيماسى گەۋدىلەندى. ئۇ دەل «ئالمىگۈل رېستورانى» نامىدىكى قاۋاقنىڭ غوجايىنى ئىدى. ئۆزىدىن 10 ياشلارچە چوڭ بولغان ئاشۇ قېرى چوكان بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. مېھمان تاپسا شۇ يەردە ئۈزىتاتتى. بارسا- كەلسە قىزغىن كۈتۈۋېلىناتتى. كېيىنرەك چوكان باشقىچە بىر خىل يېقىنلىقتا مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەركىلەپ سۆۋىناتتى. قۇچاقلاپ قوياتتى،ئانچە- مۇنچە قوندۇرۇپمۇ تۇراتتى. چوكان ئوچۇق چىراي ئاچقىنى، شۇنداق مۇئامىلىدە بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاشنا ھېسابلايتتى.

نۇرئەخمەت ئۇدۇل شۇ يەرگە باردى. بىرنەچچە ئۈستەلدە ھاراق ئىچىلىۋاتاتتى. كۈتكۈچىلەر، ھەمراھ قىزلار يورغىلىشىپ يۈرەتتى. پوكەيدە ئادەم يوق ئىدى. ئۇ بوش شىرەلەرنىڭ بىرىگە كەلدى. ھايال ئۆتمەي ئالمىگۈل ئىچكىرىدىن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. «بىرسى بىلەن ئېغىناپ چىقتى ھەقاچان» دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت كۈنداشلىق ئورنىغا. ھازىر رەشك تارتقۇدەك، قىزغىنىپ ئولتۇرغۇدەك مىجەزى يوق ئىدى. بار خىيالى بىر بوتۇلكا ھاراقتا ئىدى.

— ئىككى كۈن بولدى ئەجەب يوقاپ كەتتۇقا؟— دېگىنىچە كەلدى چوكان قاش- كۆزىنى ئوينىتىپ.

— تولا گەپ قىلماي، ھاراق بېرىڭلا ماڭا.

— ۋىيەي، بىركىملەردىن دەككىسىنى يەپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ بۇ ياق؟ نېمە بولدۇق؟

— ئىچىم قايناپ تۇرىدۇ دېسە...... — نۇرئەخمەت بىر تال تاماكىنى زەردە بىلەن سۇغۇرۇۋالدى..

— ھەي ئانارگۈل،- دېدى چوكان تۇرۇۋېتىپ،- ھاراق بىلەن قورۇما ئەكېلە بۇ يەرگە!

نۇرئەخمەت ئۇلاپ- ئۇلاپ ئۈچ رومكا كۆتۈردى. تەخسىنى



قولىغا ئېلىۋېلىپ، قورۇمىنى تاماق يېگەندەك تۈرتۈپ- تۈرتۈپ يېرىمىنى يېۋەتتى. ئاغزىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ يەنە ئىچىشكە باشلىدى. بىر رومكىچە ھاراق قالغانىدى. ئالمىگۈل غىپپىدە كېلىپ يېنىغا سىغدالدى.

— ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول چىقىپ قالدى. ھەمراھ بولۇپ بېرىشىپ بېرىڭلا.

— نېمە ئىشتى ئۇ؟

— مال ئەكېلىدىغان ئىش.

— ناھايىتى ھاراق- تاماكىدۇ شۇ. بۇ چاغقىچە ناھىيەدىن ئەكېلەتتۇققۇ؟

— بۇ قېتىمقىسى باشقا مال.

«ئىلاھىم ئاق ئەكىلىدىغان ئىش بولمىغىدى......» نۇرئەخمەتنىڭ بېشىغا «لىپ» قىلىپ شۇ گۇمان قوندى. ئارقىدىنلا خىيال قۇشى تۆت ئايچە ئىلگىرىكى بىر ۋەقە ئۈستىگە قاراپ ئۇچتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ ئالمىگۈلنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىدىن «مال» ئېلىپ كېلىشكە بارغانىدى. شۇ ئاخشىمى شىمالىي بېكەتكە ئانچە يىراق بولمىغان بىر نامسىز مېھمانخانىغا چۈشتى. بۇ يەرنى مېڭىش ئالدىدا ئالمىگۈل كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

تاق كىشىلىك، قوش كىشىلىك ياتاقلار توشۇپ كەتكەنىدى. مۇلازىم ئۇيان قاتراپ بۇيان قاتراپ، تۆت كىشىلىك ياتاقتىن بىر كارىۋات تېپىپ بەردى. ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلغانىدى، بىركەمدە ئىشىك قاتتىق داقىلداپ كەتتى. بىرسى تۇرۇپ ئېچىپ بەردى بولغاي، بىر توپ ئاياغ تىۋىشى دۈكۈرلەپ كىردى. ئارقىدىنلا« تارس» قىلىپ چىراغ يېقىلدى. ئىشىك ئالدىدا ئۈچ ساقچى قاراپ تۇراتتى.

— ھېچقايىسىڭلار قىمىرلىماڭلار!- دېدى بىرسى.

قالغان ئىككىسى قونغۇچىلارنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. لەھزە ئۆتمەي بىر ساقچى تۆردىكى كارىۋات ئاستىدىن ئىككى دانە سولياۋ چېلەكنى تارتىپ چىقاردى. ئېغىزى پېچەتلىنىپ، سىرتى چىرايلىق ئورالغانىدى. ئوراق ئۈستىدە «ئەلا سۈپەتلىك سارماي» دېگەن مەھسۇلات نامى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سارماي، ئۇكا، سارماي، — دېدى ئورنىدىن ئاللىبۇرۇن تۇرۇۋالغان بىرسى، — ئەتىگەن ئالغان. يۇرتقا ئالغاچ كېتەي دېدىم. باللار تورتخانا ئاچاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى چېلەكلەرنى تارتىۋالغان ساقچى، — كۆرۈپ باقساق بولار؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پېچەتنى سويۇپ قاپقىنى ئاچتى. بىر گەزچە بار چوكا تۆمۈر بىلەن پاسىلدىتىپ سانجىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۇتقۇسىدا بىر تال قىزىل چېكىت لىپىلداپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىنچى چېلەككە سانجىشقا باشلىغاندا، ھېلىقى تۆمۈر چوكا بىردىنلا تىرىلداپ كەتتى. ساقچى چېلەكنى پول ئۈستىگە كوپپىدە كۆمتۈردى. ئىچىدىكى نەرسىنى ئاستا- ئاستا تۆكۈپ چېلەكنى قويدى. ئۇنىڭ ئازراق قىسمى ماي ئىدى. قالغىنى خالتىغا ئورالغان ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسە ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە ئاللىقاندەك- ئاللىقاندەك خالتىلار چىقىشقا باشلىدى.

— بۇ نېمە؟! — تەئەددى بىلەن سورىدى ساقچى.

— بۇ......بۇ...... — «سارماي» ئىگىسى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئاڭغۇچە قولىغا شاراق- شۇرۇق قىلىپ كويزا چۈشتى. سوئالغا ساقچىنىڭ ئۆزى جاۋاب بەردى:

— بۇ دېگەن زەھەر — خىروئىن!

«ۋاي خۇدايىم، ماڭا مال بېرىدىغان ئادەم شۇ بولۇپ قالمىغدى؟ ھەر نېمە بولسىمۇ تونۇشۇشتىن بۇرۇن بولۇپتۇ بۇ



ئىشلار. ناۋادا ئۇ بىرنېمە مېنىڭ قولۇمغا ئۆتكەندە بولغان بولسا......» دەپ قالدى نۇرئەخمەت ئىچىدە. نۇرئەخمەت ئۇنىڭ نېرىسىنى قىياسلاشقا پېتىنالمىدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلى دەككە- دۈككىدە ئىدى. يۈرىكى ئات چاپقاندەك دۈكۈلدەپ تۇراتتى. بايىقى ئادەم ھېلىلا ساقچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ: «مەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەم مۇشۇ. مالنى مۇشۇنىڭغا ئەكەلگەن» دەپ تۇتۇپ بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاشۇ قورقۇنچ ئىچىدە تاڭغىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا بېكەتكە كەلدى. ئۇ يېنىپ كەتمەكچى ئىدى. بېلەت ئېلىش كۆزنىكىگە بېرىپ بولۇپ يەنە ئىككىلىنىشكە باشلىدى. دەرۋەقە، ئۇ قۇرۇق قول قايتالمايتتى. ئالدىمۇ، كەينىمۇ ئوت بىلەن تۇسۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەپتە لاغايلاپ يۈرۈپ مالنى تاپتى. غوجايىنى تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ماشىنا تېپىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ساق- سالامەت كېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن زەھەر دېسە تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ئەكېلىدىغان نەرسە يەنە شۇ ئاق......

ئايال «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتتى.

— پەسرەك گەپ قىلىڭلا. نېمە ئۇ ئاق- پاق دېگەن؟ زادى بارامسىلە- بارمامسىلە؟

ئايال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھاكاۋۇرلارچە تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا «ئۆزۈڭنى چاغلاپ بىرنېمە دە» دېگەندەك بىر خىل يوشۇرۇن مەنە بار ئىدى. نۇرئەخمەت ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىدا يالىلداپ تۇرغان ئىككى تال نۇرغا قاراپ جىم بولدى. ئۇ كۆيۈۋاتقان سەرەڭگە تاللىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يوچۇن ئوتنىڭ كۈچى غايەت زور ئىدى. ئۆزىگە تۇتاشتۇرۇۋېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى.

ئۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار ئىدى: يېنىكرەك بولسا، قىمارغا

دەسمايە سېلىپ بېرىپ كېلىۋاتقان مۇنۇ بايلىق ئىلاھىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئېغىرراق بولغاندا، تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى، مېڭىسىدىن ئىس چىقىپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئىدى. نۇرئەخمەت كېيىنكىسىدىن بەكرەك قورقۇيتتى. ئۇنىڭ ۋەجى پەقەت «بايلىق ئىلاھى» بىلەن ئۆزىگىلا ئايان ئىدى.

— ئۇ ئىشتىن مەن بەك قورقىدىكەنمەن ئاچا......

— ئاغزىڭغا پوق! — دېدى ئايال قولاق تۈۋىگە يېقىن كېلىپ، — ھەي كالۋا، ئەمدى ئاچاڭدەك كۆرۈنۈۋاتىمەنما؟

— ھە، ياق...... سىز دېگەن...... ۋاي، خاپا بولمىڭا. ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ھېلىقى سودىدىن ئادەم بەك ئەنسىرەيدىكەن. ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالسا باش كېتىدۇ دەڭا.

— شۇڭا دەۋاتىمەن، بۇ قېتىم يالغۇز بارمايسەن. ئىككىمىز بىللە بارىمىز.

— ھە، ماقۇل، ماقۇل، — نۇرئەخمەت بوتۇلكىغا قول سوزۇۋىدى، ئايال كاپ قىلىپ قولىنى تۇتتى.

— بولدى، ئىچىۋەرمەڭلا ئەمدى. بۇگۈنچە، يېنىمدا قونۇپ قېلىڭلا. سەھەرلەپ ئاپتوبۇسقا ئۆلگۈرمىسەك بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سودىسىمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى. يۇرتقا ئامان- ئېسەن كېلىۋالدى. شۇ كۈنلەردە ئالمىگۈلنىڭ ئىس- تۈتەكلەر ئارىسىدا بولۇۋاتقان سىرلىق سودىسى ساقچىلارنىڭ نەزەر ئەيىنىكىگە چۈشۈپ قالغانىدى. «ئارامگاھ»قا بۇرۇن كېلىپ باقمايدىغان يېڭى- يېڭى مېھمانلار پات- پات پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئالمىگۈل دەسلەپ «سودام ئېقىش تېپىۋاتىدۇ» دەپ پەخىرلەندى، كېيىن قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر ئوغرى شامال قۇلىقىغا ئاستاغىنە پىچىرلاپ قويدى:

— سىزنى بىرنەچچە كۆز پايلاپ يۈرىدۇ......



— نېمە دەپ ئەمدى؟

— ئۇقمىدىم. خېرىدارلىرىڭىزنىڭ بىرەرسى سېسىق ئۇسۇرۇپ قويغانمىكىن؟

نەچچە كۈن ئۆتۈپ« ئارامگاھ»قا يېڭى غوجايىن پەيدا بولدى. ئالمىگۈل دۇكىنىنى يەڭ ئىچىدىلا سېتىپ، نەگىدۇر كېتىپ قالغانىدى. بۇ يەرلىكلەر ئۇنىڭ تەكتىنى بىلمەيتتى، پەقەت سىرتتىن كېلىپ دۇكان ئېچىۋاتىدۇ دەپلا بىلەتتى. شۇنداق، ئۇ يىلتىزسىز قامغاقتەك دوملاپلا يۈرىدىغان ئايال ئىدى. مەيلى نەگىلا بارمىسۇن، قاۋاقخانا، ھاراق- تاماكا دۇكىنى، «ئارامگاھ» دېگەندەكلەرگىلا چۆكۈۋالاتتى. تاپىدىغان پۇلنى شۇ يەردە تېپىپ، شاملى چىققان ھامان دەرھال تىكىۋېتەتتى.

نۇرئەخمەتنىڭ دەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. بايلىق ئىلاھىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى، كېيىن ئۆزىنىڭ قىلمىش- ئەتمىشلىرى ئېسىدىن كەچكىنىدە بولسا بىردىنلا خۇش بولۇپ قالدى.



# يەتتىنچى باب

## هايات غەلۋىرى

### 1

ئەتىياز كېلىۋاتاتتى. ئاتۇشنىڭ غۇر- غۇر شاماللىق كۈنلىرى باشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرمەمەت باشقا يۇرتلۇق ئىككى ئىشلەمچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىپ تىجارەت قىلىشقا تەييارلىنىپ يۈرگەنلەر ئىدى. ئۇلار نۇرمەمەتنىڭمۇ سىرتتىن كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى ئۇققاندىن كېيىن دېيىشتى:

— ئىچكىرىگە كېتەيلى، بىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا تىجارەت قىلىپ باقايلى. ئۇ يەرلەردە شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم، ياڭاق، چىلانلىرىنىڭ سودىسى بەك ئاقىدۇ دەيدۇ.

نۇرمەمەتنىڭمۇ مۇستەقىل بىر تىجارەت يولىغا كىرىپ باققۇسى بار ئىدى. ھېلىقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قوشۇلۇۋالغۇسى كېلىپمۇ تۇراتتى.

— بىراق،- دېدى ئۇ سەل ئىككى تايىن بولۇپ،— ئۇ يەرگە ماشىنىلاپ مال ئېلىپ كىرگۈدەك مەبلىغىمىز بولمىسا......

— بار پۇللىرىمىزنى ئېلىپلا ماڭىمىز،— دېدى بىرسى،— ئۇ يەردىمۇ توپ تارقىتىش ئورۇنلىرى بار. توپ ئېلىپ، پارچە ساتساق بولىدۇ. پۇلىمىز كۆپەيگەنسېرى بىر گەپ بولامدۇ؟



نۇرمەمەت ئىككىلەندى. كېيىن بىردىنلا مۇستەقىل تىجارەت قىلىپ بېقىش ئويى غالىب كەلدى. «بوپتۇ» دەپ، قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ، ھېلىقىلار بىلەن ئۈرۈمچىنى نىشانلاپ يولغا چىقتى.

گۈزەل ئۈرۈمچىنىڭ بۈگۈنكى ئەتىگىنى خېلىلا ئوچۇق ئىدى. تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان ۋوگزالى شاۋقۇنلاپ كەتكەنىدى. ئالدىراپ كىرىپ كېلىۋاتقان، ئېغىر- يېنىك بوپىلار بېسىلغان غالتەكلەرنى سۆرىشىپ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پويىزلار سوزۇلۇپ- سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان گۈدۈك ئاۋازلىرى ئىچىدە كېلىپ- كېتىپ تۇراتتى. يۈزلىگەن- مىڭلىغان ئادەملەر ئېقىمىنىڭ سەل سىرتىدىراق ئىككى يىگىت ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئەپتىدىن سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاشۇ مېڭىشىدا ھەممە نېمىگە قىزىقىش، ھەيرانلىق، تەئەججۈپلەر ئىچىدە قارىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ بىرى دەل نۇرمەمەت، يېنىدىكىسى يولدا تونۇشقان ھەمسەپىرى ئىدى. تەۋەككۈل تەقدىرى ئۇچراشتۇرغان بۇ تونۇشلار ئوخشاش مەقسەتتە، ئوخشاش بىر جايغا قاراپ مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى.

شۇنداق، ئۇلارنى ئۆز ناھىيەلىرىدە ئۇچراشقان بىر «يول باشلىغۇچى» ئىچكىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئېنىقراقى، ئىچكىرىدىكى «پۇل كانلىرى»دىن ئىش تېپىپ بېرىشكە ئېلىپ چىققانىدى. ئۇلار ئالتە كىشى ئىدى. ئارىسىدا 14 ۋە 16 ياشلىق ئىككى بالىمۇ بار ئىدى. قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەرمۇ، ئىككى ئۆسمۈرمۇ «كۈنىگە 200—300 كويدىن پۇلغا ئىشلىگىلى بولىدىغان» ئاجايىپ بىر شەھەرگە قىزىققۇچىلار ئىدى. ھەممىسى ئۆز بەختىنى سىناپ باقماقچى، تەلەي قۇشىنى قوشلاپ باقماقچى ئىدى. بۇ ئالتە دانە دانىنى ھاياتنىڭ تۇنجى غەلۋىرى ئەنە شۇ

ۋوگزالدا تاسقاپ يۇرەتتى. «يولباشچى»سى ئۇلارنى غەلۋىرىگە سېلىپ قويۇپ، بېلەت ئۇقۇشۇشقا كىرىپ كەتكەنىدى.

نۇرمەمەت ھەمسەپەرلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرىگە دۇچ كەلدى. ئۆزلىرىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا تەڭ دېمەتلىك بىر يىگىت كىشلەر كىرىپ چىقىۋاتقان زال ئىشىكىنىڭ يېنىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆزىنى تامغا قويۇۋېتىپ، ئىككى پۇتىنى ئالدىغا سۇنۇۋالغانىدى. قانسىز چىرايى تامدەك تاتىراڭغۇ، ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. مەڭز سۆڭەكلىرى ياڭاقتەكلا چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرى زىندانىدا قاينايتتى. نۇرسىز قارىچۇقلىرى جىنچىراغدەك پىلىلداپ تۇراتتى.

— ئاغرىق ئوخشايدۇ،— دېدى نۇرمەمەت ھەمراھىغا كۆرسىتىپ،— دىۋانىمۇ يا؟ بۇ يەردىغۇ ساپلا دىۋانە كۆپكەن.

— ئىشقىلىپ، نان- پان يېمىگىلى نەچچە كۈن بولغاندەك كۆرۈنىدىكەن ئەپتى،- دېدى ھەمراھى.

بۇ گەپ بىلەن نۇرمەمەتنىڭ يۈرىكى پىژژىدە كۆيگەندەك بولدى. «راست، ئاچلىق شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ بىچارىنى» دەپ تەخمىنلىدى ئۇ ۋە بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قوينىغا قول سېلىپ بەش يۈەن ئېلىپ، يوتىسى ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئارقىدىنلا «ھەي...... نان ئېلىپ بەرسەممۇ بولغانىكەن» دەپ قالدى.

— رەھمەت، رەھمەت ئاكا،— دەپ سادا كەلدى ئۇنىڭدىن. ئاۋازىمۇ شۇنچە زەئىپ ئىدى.

«ياشقا مەندىن چوڭراقتەك قىلىدۇ- يۇ، ئاكا دەيدا؟» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ۋە نېمىشقىدۇر سوراپ باققۇسى كەلدى:

— ئىگە- چاقىڭىز يوقما؟

— بار، بار ئىدى...... يۇرتۇمدا......



— نەلىك سىز؟

— يىراق سەھرادىن،— ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر يۇرتىنى ئېنىق دېگۈسى يوقتەك قىلاتتى.

— نېمە بولۇپ بۇ ھالدا ئولتۇرىسىز بۇ يەردە؟

ئۇ ئىككى يېنىغا قىمىرلاپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن......ئىچكىرىگە قىزىققانلىقنىڭ دەردى ئاكىلار.

— نېمە؟ ئىچكىرىگە قىزىققانلىقنىڭ دەمسىز؟

— توغرا...... توغرا......سىلەرگە دېسەم، بىرسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن پۇل تاپقىلى، ھە......كاۋاپچىلارغا ئىمكار بولغىلى ئىچكىرىگە كىرگەن. نەدىن بىلەي، ئىمكار دەپ قويۇپ بىزنى سېتىۋېتىپتۇ. ئىچكىرى دېگەندە ئادەم بېدىكلىرى بەك تولىكەن. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىگىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىكەن. ئۆزلىرىنى «مەن تىجارەتچى» دەپ يۈرگەنلەرنىڭ نەچچىسى ئىچكىرىگە يېڭى كەلگەن، ئىش كۆرمىگەن باللارنى ئالداپلا سېتىۋېتىدىكەن. مانا مەن شۇنداق بولغان، ئاكىلار. سېتىۋالغانلارنىڭ ئىلكىدە، كۈندۈزى كەينىمىزدە پايلاقچى، گاھ ئوغرىلىق قىلساق، گاھ نەلەرگىدۇر يوچۇن- يوچۇن بىرنېمىلەرنى يەتكۈزىمىز. ئۇنىڭ ئاق تاماكا...... خىروئىن ئىكەنلىكىنى ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىلا بىلدىم. تۇنجى قېتىملىق تۇتۇلۇشۇمدا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قويۇۋېتىلدىم. قاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا غوجايىنلارنىڭ پايلاقچىلىرى يەنە تۇتۇۋالدى. كېچىسى ئۆيگە سولىنىپ ياتىمەن. كۈندۈزى يەنە شۇ يامان ئىشلار. قىلمىغان ئىشىم، يېمىگەن تايىقىم قالمىدى. ئاچلىق بىلەن جازالاشلىرىغا ئۆلۈپ قالمىدىم. ئىشقىلىپ، مەن كىرىپ باقمىغان گۆر، يەپ باقمىغان نىجاسەتلا قالدى. قېچىشنى ئويلىمايدىغان بىر مىنۇتۇممۇ يوق ئىدى. ئۈچ يىل بولغان. ئاخىر قېچىپ قۇتۇلدۇم.

مانا مۇشۇ ئۈرۈمچىگە توۋت ئايدا ئاران كەپتىمەن. يول كىراسىغا يەتكۈدەك پۇلغا ئىگە بولسامىلا يۇرتۇمغا، ئاتا- ئانامنىڭ قېشىغا ماڭىمەن. ھالىم شۇ ئاكىلار مېنىڭ.

— نۇرمەمتاخۇن! — دېدى شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەمسەپىرى، — ئىچكىرى بولمايدىغان يەردەك قىلىدۇ ماقىما؟ بىزمۇ بېرىش- بارماسلىقنى ئوبدانراق ئويلىشىپ باقساق بولغۇدەك.

— ۋۇي، سى...... سىلەرمۇ شۇ يەرگە بارامسىلەر؟ ئەپتىڭلاردىن قارىغاندا، ئىشلەمچىلىككە ماڭغان باللاردەك قىلىسىلەر. مەن دېسەم ئاكىلار...... دەسمايەڭلار بولۇپ تىجارەت قىلىمىز دېسەڭلار بىر نۆرى، ئەمما قۇرۇق قول بىلەن پۇل تېپىش خام خىيالدا چىققان بولساڭلار نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار. ماڭا ئوخشاش بىرەرسى باشچى بولۇپ ئېلىپ ماڭىدىغان بولسا تېخىمۇ خەتەرلىك. دەرھال جېنىڭلارنى جايلاپ قاچىڭلار تۈزۈك...... ھېچ...... ھېچقاچان مەندەك بولۇپ قالماڭلار، ئاكىلار......

ئىككىيلەن بىر- بىرىگە قارىشىپ قالدى. دەماللىققا ھېچقايسىسى بىرنېمە دېيىشكە ئاجىزدەك تۇراتتى. نۇرمەمەت ئىككىلەندى. ئاتا- ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان بۇ يېتىم قوزا تەتۈر قىسمەتلەرنىڭ بۇ خىل قاراڭغۇ پىنھانلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. تىنچ، ئازادە، قۇدرىتى بىلەن رىزقىنى تېپىپ يېيىشنى ئىستەيتتى. ئىككى تايىن بولۇۋاتقىنىنى ھەمراھلىرىغا دەي، دەي دېدى- يۇ، دادىسىنىڭ: «سىنىمىغان ئۇلاغنىڭ بېشىنى تۇتماڭ» دەيدىغان تەمسىلىنى ئېسىگە ئېلىپ، تىنىقلىرىنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتتى. لەھزە ئۆتمەي ئىشتانبېغىنى سىلاشتۇرۇپ، «ھاجەتخانا نەدىدۇ؟» دېگىنىچە كىشىلەر توپى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇدۇل ئاپتوبۇس بېكەتتىگە كېلىپ، ئاتۇشقا بېلەت سېتىۋالدى. ئەپسۇس، ئۇ ئاتۇشتا ئىشلىگەن ھېلىقى شىركەت ئۇنى تونۇماي قويدى.



— بىز كېلىپ كېتەر ئادەملەرنى ئىشلىتەلمەيمىز، — دېدى ئىش بېشى، — سىز خالىسىڭىز كېلىپ، خالىسىڭىز كېتىپ يۈرىدىغان تۇتامسىز يىگىتكەنسىز. بۇنداق ئادەملەرگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. نۇرمەمەت سالپايغىنىچە يېنىپ چىقتى.

ئۇ كەيىنگە - يۇرتىغا ۋە يا قەشقەرگە ئەمەس، يەنە ئالدىغا ماڭدى. ئۇنىڭ ئاقسۇغا كېلىپ توختىغىنىغا بەش كۈن بولغانىدى. گاھ بېكەتتە، گاھ كوناشەھەردىكى مەدىكار بازىرىدا ئىش ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۆزىگە ئوخشاش ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىپ يۈرگەنلەردىن ئەھۋال ئۇقۇشاتتى. «تارىم تەرەپلەردە ئىش تولىكەن، ئىش ھەققىمۇ خېلى ئۈستۈنمىش......» — دەپ ئاڭلايتتى بەزىلەردىن. ئەمما، شۇ يەرگە ماڭدۇق دەپ باشلاپ ماڭىدىغانلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇچرىمايۋاتاتتى.

— ئاتۇش تەرەپلەرگە كەتسەم بولغۇدەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ بىر كۈنى، — يۇرتقىمۇ يېقىن. مەھەللىدىن شۇ يەردە ئىشلەپ يۈرگەنلەردىنمۇ نەچچىسى بار. قايتىپ شۇلارنى تاپايمىكىن؟......

ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتۈپ، تەرەپىباللا بىرەيلەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ تارىم تەرەپتىكى بىر مەيدانىغا ئادەم ئىزدەپ يۈرەتتى.

— ئىشلىگۈڭلا بولسا مانا مەن ئاپىراي، — دېدى ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن، — دېيىشىپ قويغان بىر يەر بار. شارائىتىمۇ، ئىش ھەققىمۇ ئوبدان.

— چاتاق ئىشقۇ بولماس؟ — دېدى نۇرمەمەت ئەندىشىلىرىنى پۇرىتىپ.

— چاتاق- پاتاق يوق يەر ئۇ! — مەيدىسىگە ئۇردى ھېلىقى ئادەم، — مانا مەن كېپىل بولۇپ ئاپىرىمەن. كۆرۈپ بېقىپ، چاغلاپ بېقىپ، گېپىڭلا بولسا دەيسىلە. ياقمىسا ئىختىيار ئۆزۈڭلىنىڭ ئەمەسما؟ بىر سىلىلا ئەمەس، بېرىشقا تەييارلىنىپ

تۇرغانلاردىن يەنە بار. ئەنە، ئاۋۇ يوۋاك- تاق ئۈستىدە ئولتۇرۇشقانلارنى كۆردۈڭلىمۇ؟ ئاشۇلار بىلەن بىللە ماڭسىلە. ئاپىرىدىغان ھەقسىز ماشىنىمۇ بار تېخى.

— بولاپتۇ، باراي. نۇرمەمەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بايا كۆرسەتكەن كىشلەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

تەكلىماكان گىرۋىكىگە تۇتاشقان قىزغۇچ توپىلىق بىر دالا قىرتاقلىشىپ كەتكەن چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى يېپىنىپ ياتاتتى. سېخىي تەبىئەت ھەر ھالدا ئۆز مۆجىزاتىدىن يارالغان ئاشۇ كىمخابلار بىلەن ئۈستىبېشىنى ئانچە- مۇنچە تۈزەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ پايانى يوق ئىدى. رەڭدار كۆكسىنى قاچانلاردىدۇر ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بىر كاتاڭ يول ئۇزۇنىدىن- ئۇزۇنغا تىلىپ كەتكەنىدى. ئاخىرقى ئۇچى جۇلالاپ تۇرغان بىر پارچە يېشىلىققا قاراپ كىرىپ كېتەتتى. ئۇ قەدىمىي توغراقلىق قۇچىقىدا يارالغان بوستانلىق ئىدى.

چۈشلۈك قۇياش زېمىن كۆكسىگە تىككىدە قادالغانىدى. ھېلىقى كاتاڭ يولدا كونا بىر مىنىبۇس ئېگىز- پەس چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. بوش ئورۇندۇقلار توختىماي جالاقلايتتى. تەكتىدىن توپا-چاڭ بۇقسۇيتتى. ئادەملەر چايقىلىش، قېقىلىپ- سوقۇلۇش ئىچىدە تويتەك ئۆرلەپ، تاشتەك چۈشەتتى. بۇ ئەبجەق ماشىنىدىنمۇ، ئاستىدىكى قوتۇر يولدىنمۇ جاق تويۇشقانىدى. كۆپلىرى ئولتۇرۇشتىن قورقۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئارىدىكى بىر يىگىت كاسىلىرىنى ئايىغان بولسا كېرەك، ئورۇندۇق ئۈستىگە تەتۈر سىگە زوڭزىيىۋالغانىدى. يۆلەنچۈكنىڭ ئىككى يېنىدىن قۇچاقلىغىنىچە مەيدىسىنى چاپلاپ ئولتۇراتتى. پات- پات ئالدى تەرەپكە قايرىلىپ، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بوستانلىققا قارايتتى. چېھرىدىن مەنزىلگە تېزرەك يېتىش تەقەززالىقى چىقىپ تۇراتتى. ھېچبولمىغاندا، چايقىلىش- سوقۇلۇشنىڭ قىيىنىقىدىن قۇتۇلۇشنى



تىلەيتتى. ئۇ نۇرمەمەت ئىدى.

20 ئورۇنلۇق بۇ ماشىنىدا بار- يوق بەش ئەر، ئىككى ئايال يەتتە ئادەم بار ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك نامراتلىق دەستىدە يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىپ چىققان دېھقان ئىشلەمچىلەر ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ قارا كۈچى بىلەن پۇل تېپىپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈمىدىدە ئېقىپ يۈرگەن بۇ كىشلەرنى بىر ۋاستىچى ئىش ئورنىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

كۆپ ئۆتمەي ماشىنا پايانسىز ئېكىنزارنىڭ لېۋىگە سېلىنغان بىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ توختىدى.

قورۇ كەڭ، ئازادە ئىدى. بىر تېمى قوتان بولۇپ، ئالدىدىكى لاپاسلارنىڭ ئاستى- ئۈستى ئوت- خەسلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. يەنە بىر تېمى خاس ئامبار بولسا كېرەك، يوغان- يوغان ئىككى ئىشىك ھاڭغىرقاي ئېچىۋېتىلگەنىدى. قورۇنىڭ يەنە بىر تېمىدىكى لاپاس ئاستىدا چوڭ- كىچىك تىراكتور، يېنىك تېپتىكى يۈك-تۇرمۇش ماشىنىسى، يەنە قانداقتۇر دېھقانچىلىق ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرى تۇراتتى.

— بۇ بىر قورۇق ئىگىسىنىڭ قورۇسى ئوخشايدۇ، — دەپ تەخمىنلىدى نۇرمەمەت تۇنجى قاراشتىلا، — ماشىنا- ئۈسكۈنىلىرىگە قارىغاندا، خېلىلا كۆپ يەرنىڭ ئىگىسى بولسا كېرەك. ئەگەر ئىش ھەققى ئوبدانلا بولۇپ بەرسە، مۇشۇ يەردىلا ئىشلەپ قالساممۇ بولغۇدەك......

ئەتراپتا سوزۇلۇپ ياتقان ئېكىنلىكنىڭ چەك- چېكى كۆرۈنمەيتتى. ھەيران قالارلىقى، ئېكىنلىكنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدە چوقچىيىپ تۇرغان تارقاق- تارقاق بىرنەچچە ئۆيدىن باشقا، كۆجۈمرەك كەنت- مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. يەرلىرى تاۋارنىڭ گۈلدەك چاقناپ تۇراتتى- يۇ، چاپراس كەتكەن تومۇر- تومۇر سېمونت ئېرىقلاردا بىر تامچىمۇ سۇ يوق ئىدى.

ماشىنىدىكىلەر چۈشكۈچە دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيدىن بىرەيلەن ئالدىراپلا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. گويا يىراق يەردىن يېقىن تۇغقانلىرى كەلگەنىدەك قوللىرىنى كەرگىنىچە كېلىپ، ئاۋۋال شوپۇر بىلەن (ئۇ ماشىنىدىكىلەرنىڭ ۋاستىچىسى ئىدى) قول ئېلىشتى. گاھ دولىسىغا شاپىلاقلاپ، گاھ قولىنى قايتىدىن سىقىپ- سىلكىشلەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن كەلگەنلەر بىلەنمۇ شۇنداق يېقىنچىلىق بىلەن بىر- بىرلەپ كۆرۈشتى. نەرسە-كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈشۈپ، غەربىي تامدىكى بىر ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بۇ «نەرسىلىرىڭلارنى شۇ يەرگە ئەكىرىڭلار» دېگىنى ئىدى. كەلگەنلەر نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. قورۇق ئىگىسى ۋاستىچىنى ئېلىپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئېچىپ بېرىلگەن ئۆي كالا قوتىنىدەك يوغان ئىدى. ئىككى تامنى بويلىتىپ ئۇزۇنىدىن- ئۇزۇنغا تاختايلىق سۇپا چىقىرىپ قويۇلغانىدى. ئەرلەر بىر تەرەپكە، ئاياللار بىر تەرەپكە نەرسىلىرىنى تاشلىدى. ياتىدىغان جايلىرىنى تاللىشىپ، بىرلىرى يۆيۈنغىلى، بىرلىرى ھاجەتكە چىقىپ كېتىشتى. ئەتىدىن بېرى ئەرلەردىن ھېيىقماي كەلگەن ئىككى ئايالنىڭ نېمىشقىدۇر ئۆيگە كىرىپلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىشكە باشلىغانىدى.

— تاجىخان،— دېدى ئۇتتۇرا بوي، قاڭشارلىق كەلگەن بۇغداي ئۆڭ چوكان ھەمراھىغا قاراپ،— مۇشۇ ئەر خەقنىڭ ئارىسىدا ياتقۇزىدىغان ئوخشىمامدۇ بىزنى؟

— قالاپ تۇرۇپ ئۇنداقمۇ قىلماس؟— ئىشەنچسىزرەك جاۋاب بەردى كۆزلىرى يوغان، دوغىلاق چوكان،— سىلىنىڭغۇ ئەرلىرى باركەن. مەن قانداق قىلارمەن؟

— ۋاي، جېنىم ئوغالخان، ئېرىم بار دەپ، خەق ئارىسىدا بىر تۆشەكتە ياتقىلى بولماس؟ ئايرىم ئۆي بېرىلىك دەرمىز مۇنداق.



— شۇنداق دەيلى. يورۇق جاھاندىن تۇرىدىغان يېرىمىزنىڭ ئېپىنى قىلىۋاللىلى.

ئاياللار سىرتقا چىققاندا، ئۈچ ئەر قورۇ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويغان تاش تۇلۇقلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. نۇرمەمەت لاپاس ئاستىدىكى ئورۇش ماشىنىلىرىنى سىلاشتۇرۇپ يۈرەتتى.

كۆپ ئۆتمەي ۋاستىچى بىلەن غوجايىن چىقىپ كېلىشتى. ۋاستىچى نېمىگىدۇر مەمنۇن، خۇشال كۆرۈنەتتى. غوجايىن بولسا ئۇنىڭدىنمۇ خۇش ئىدى.

— ئاۋۇ ئاداش تاپان ھەققىنى خېلى ئوبدان ئاپتۇ- ھە، باللا؟- دېدى بىرەيلەن يېنىدىكىنى نوقۇشلاپ.

— ئالدۇ- دە ئەلۋەتتە،— جاۋاب بەردى ئۇ،— بۇنداق چەت، ياقا يەرلەرگە ئىشلەمچى تاپمىقى تەس. خەقلەر ئۇنىمايدۇ كەلگىلى.

— ھەي...... بىزمۇ ئامال يوق كېلىپ قالدۇق- تە. بازار- ئۇچۇرى بار يەرلەرگە نەچچە پوتەي كېلىدىكەن بۇ يەر.

— شۇنداق قىلىپ، بىزنى سېتىۋەتتى- دە، ئۇ.

— نېمىنى سېتىۋېتىدۇ؟— گەپ قوشتى ئۈچىنچىسى،— بازىمانغىچە ئىش ھەققىنى دېيىشىدىغان گەپ. كۆڭۈلگە ياقتۇرۇپ بەرسە ئىشلەرمىز. خوپ كەلمىسە...... — ئۇ نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ھەر نېمە دېگىنى بىلەن، ئىش تېپىلغىنىغا شۈكرى دەپ ئىشلەپ تۇرمايمۇ بولمايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تىندى. ياتاقلىرى تەلەپ بويىچە ئايرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەرلىك ئاياللىرىمۇ، تەنھا چوكانلىرىمۇ ئەندىشىلىرى تۈگىدى. ئىش ھەققىلىرىمۇ يېقىشتى. بۇ يەردىكى ئېتىز ئىشلىرى پەرۋىش مەزگىلىدە بولۇپ، ئاساسەن سۇ تۇتۇش ئىشلىرىنى قىلىپ بەرسە بولاتتى. يەرلەر كۈزگىچە ھۆددىگە بېرىلىپ، ھەر موسىغا 600 يۈەندىن ئىش ھەققى ھېسابلىناتتى.

كىم قانچىلىك يەرنى باشقۇرۇپ كېتەلىسە، ئىش ھەققىنىمۇ شۇنچىلىك ئالالايتتى. تۇرمۇشىدىنمۇ ئەنسىرەش كەتمەيتتى. ئۇن، گۈرۈچ، گۆش- يېغى قەرز ھېسابىغا بېرىلگەندىن باشقا، يېقىلغۇ، كۆكتات، ياتاقلىرى ھەقسىز ئىدى.

— قىلىدىغان ئىشىمىزغۇ سۇ تۇتۇشكەن، — دېدى نۇرمەمەت سەل خەۋپسىرەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈزگىچە مانچە قېتىمدىن سۇ ئېلىپ بولۇشىمىز كېرەككەن. لېكىن، بۇ يەردە ئېقىۋاتقان بىرەر ئېرىق سۇمۇ كۆرمىدىم. ئىچىشىمىزمۇ ئاۋۇ باسما قۇدۇقنىڭ سۈيىكەن......

— ھاي...... نېمىدىن غەم قىلىسىلە ئاداش؟— دېدى بىرسى، — بۇ يەردىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدۇ. كېيىن كۆرىسىلە، ئېتىز بېشىنىڭ ھەر 100 — 200 مېتىرىدا بىردىن ماشىنىلاشقان قۇدۇقى بار. لازىم بولغاندا «تارس» قىلىپ توكىنى بېسىپ قويساق، شارىلداپ سۇ چىقىدىغان گەپ. كالىلىسىنى ئېتىزغا باشلاپ قويۇپ، ئېچىقىنى ئېچىپ- ئېتىپ بەرسەك بولۇۋېرىدۇ.

— سىلى ئىشلەپ باققانما؟

— بۇ يەردە ئەمەس، باشقا مەيدانلاردا. ئەمما ھەممىسىنىڭ ئىشى ئوخشاپ كېتىدۇ.

— باشتا بىزنى خۇش قىلىپ تازا ئىشلىتىۋېلىپ، ھېسابلىشار چاغدا كەملىتىۋالماس- ھە؟— نۇرمەمەت ئىشلەمچىلىككە تۇنجى چىقىۋاتقاچقا، غوجايىن ۋەدە قىلغان يۇقىرى ئىش ھەققىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى.

— ھەددى ئەمەس، — دېدى بايىقى قۇدۇق توغرىسىدا سۆزلىگىنى، — ئالدىن توختام پۈتۈپ قول بېسىشىدىغان گەپ. ئېگىز- پەس بولۇپ قالسا ئەرز قىلىمىز، ھۆكۈمەت بىردەمدە ساقايتىپ قويىدۇ ئۇنى. مانا مەن ئىشلەپ باققانىيا؟



— ۋايىيەي...... بۇ يەرنىڭ پاشىسى نېمانچە يامان؟— دېدى بىرەيلەن بىلەكلىرىنى كارتىلدىتىپ.

— راست، بەك يامانكەن، — ياندىشتى نۇرمەمەت، — مانا، بىردەمنىڭ ئىچىدە يۈز- بويۇنلىرىم ھۆررەك- ھۆررەك بولاپ كەتتى دېسە...... — ئۇ پېشانىسىگە پاققىدە قويۇپ بىر پاشىنى سىيرىپ ئالدى، — ۋوججون...... نېمانچە چوڭ بۇ؟ چېۋىندەك تۇرىدۇيا؟

— چېۋىن ئەمەس، چۈمۈلىدەك دېسەڭ بولارمىكى ئۇكام، — پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىرسى: «بۇ يەردە سۆڭەكلىك پاشا بار» دېسە، بىرسى: «چېۋىن تۇتۇپ يەيدىغانلىرىمۇ بار» دېيىشىپ ياتىقىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ ھازىرچە قىلىدىغان ئىشى غوزەكلەر ئېچىلغۇچە كېۋەزلىكنى ئوتاش، ھارام شاخلارنى پۇتاپ- چاتاپ شالاڭلاشتۇرۇش، دورا چېچىش دېگەندەك پەرۋىش ئىشلىرى ئىدى. تۇنجى ئەتىگەنكى ناشتىلىقنى غوجايىننىڭ ئايالى تەييارلاپ بەردى. بۇ يېڭى ئىشلەمچىلەرنى كۆندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئالاھىدە ئىلتىپاتى ئىدى. ناشتىدىن كېيىن ئېتىزلىققا باشلاپ كېلىپ، ھەر بىرىگە باشقۇرۇپ بولالايمەن دېگىنىچە يەرلەرنى بۆلۈپ بەردى. بۇ كېۋەزلەر ئېچىلىپ، پاختا يىغىۋېلىشقا چۈشكۈچە ئارىلىقتا قىلىدىغان ھۆددىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەكمۇيەك ھالدا ئۆز ئىشلىرىنى باشلىۋېتىشتى.

ھازىرچە قىلىدىغان ئىشى ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئىسسىق، كېۋەزلىك ئارىسىدىكى دىمىق ھاۋا جانغا تېگەتتى. بۇ پايانسىز ئېكىنزارنىڭ ئانچە- مۇنچە غىر- غىر شامىلىمۇ بار ئىدى- يۇ، مەشغۇلاتى كېۋەزلىك ئارىسىدا ئۆملەپ يۈرۈپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، يەنىلا دىمىقچىلىق ئىدى. نەم، دىمىق ھاۋادا چىلىق- چىلىق تەرگە چىلىشىپ ئىشلەيدىغان گەپ ئىدى. ئۇنى ئاز

دىگەندەك، پاشا بىلەن كۈمۈتا ئارام بەرمەيتتى.

نۇرمەمەت تۇنجى كۈنى پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. پۇشايمان قىلاتتى- يۇ، ئىشلەيمەن دەپ چىققاندىن كېيىن چىدىمىسا، تۇتقان ئىشنى بىر باشقا چىقارمىسا بولمايتتى. «ھېچقانداق ئىشنىڭ يېنىكى، جاپاسىزى يوق، ھايات، تۇرمۇش دېگەننىڭ راھىتى جاپانىڭ، ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ كەينىدە بولىدۇ، دەيدىغان دادام. دېمىسىمۇ شۇنداققۇ؟ جاپاسىنى تارتمىسا، نان بىلەن پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ مانا مۇشۇ شۇرىلداپ ئېقىۋاتقان تەر بەدىلىگە كەلمەمدۇ؟......» دەپ مەدەت بەردى ئۆز- ئۆزىگە.

ئۇ بىردەم تاپ ئارىسىغا شۇڭغۇپ يۈرۈپ ئىشلىسە، بىردەم ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ شامالدايتتى. ئەلۋەتتە، بىر تۇرۇۋالغىنىچە تۇرۇۋەرگىلىمۇ بولمايتتى. ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ئېتىزنى ئوت، پۈتاقتىن چىقىرىپ ئىككىنچى ئېتىزغا يۆتكەلمىسە، ئىشنى تۈگىتەلمەيتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ بۇ يەرنىڭ شارائىتى، ھاۋاسى ۋە جاپاسىغا كۆنۈپ كەتتى. ئەمما، پاشىغا ئامال يوق ئىدى. ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ چېقىۋېرەتتى. ئۇنىڭ يۈز- كۆزلىرى قاپارتما دەستىدىن مۇدۇر- مۇدۇر بولۇپ كەتتى. قاپارتمىلار ئاۋۇغانچە يۈز، ماڭلاي تېرىلىرى چەمدەك قېتىپ كەتتى.

ئۇلا ئەمەس، باشقا ھەمراھلىرىمۇ پاشا دەردىدىن تويۇپ كەتكەنىدى. ئېغىزلىرىدىن پاشا شىكايىتى چۈشمەيتتى. 15 كۈن بولا- بولماي ئۈچ كىشى پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. ئەمدى نۇرمەمەت، ئوغالخان ئىسىملىك ياش چوكان ۋە بىر جۈپ ئەر- خوتۇندىن ئىبارەت تۆتلا ئىشلەمچى قالغانىدى. ئۇلار ھېلىھەم جاپا بىلەن ئېلىشىپ ئىشلەۋاتاتتى.

بىزار بولغانلار كېتىپ نەچچە كۈندىن كېيىن غوجايىن شەھەردىن بىر سومكا «سىقماق» (مەلھەم) دورا كۆتۈرۈپ كەلدى.



ئۇ «پۇل بېرىمەن» دەپلا ئىشلەمچىلىرىنىڭ ھالىغا يەتمىسە، پاشىغا ئامال قىلمىسا ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئىشلەمچى قىس بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە كىشىلەرنى ئوبدان تۇتۇپ تۇرماي بولمايتتى.

— بۇ مايىنى سۈركىۋالساڭلار پاشا كېلەلمەيدۇ،— دەپ چۈشەندۈردى ئۇ مايىنى ئالىقىنىغا چىقىرىپ ۋە تۇنجى بولۇپ نۇرمەمەتنىڭ يۈز، بىلەكلىرىنى مايلاپ قويدى،— مانا مۇشۇنداق قىلىسىلەر. ھەر كۈنى ئەتىگەندە سۈركىۋېلىڭلار. ئاخشىمى يۇيۇۋەتسەڭلار بولىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ مەخسۇس پاشا قوغلايدىغان مەلھەم ئىدى. ئۇنىڭ سەل غەيرىيراق بىر خىل سېسىق پۇرىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۈنۈمى راستتىنلا ياخشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پاشىنىڭ ئازابىمۇ سەل يەڭگىللىگەندەك بولدى. قېپقالغان تۆت ئىشلەمچى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە باشلىدى.

ئۇلار گويا بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىدەك كۆنۈپ كەتكەنىدى. بۆلۈشۈۋالغان ئىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرمۇشتا سېنىڭ، مېنىڭ دېيىشىپ كەتمەيتتى. ئاياللار قازان بېشىغا بارسا، ئەرلەر ئوچاققا ئوت قالايتتى، ئوتۇن ياراتتى. كىرلىرىنى ئاياللار يۇيۇپ بېرەتتى. كۆپ ئۆتمەي نۇرمەمەت بىلەن ئوغالخانمۇ جۈپتەكلەردەك بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئەر- خوتۇن ھەمراھلىرىنىڭ ئىشى بىر ئىدى. ئىككى بويتاق بولسا ئۆز يەرلىرىدە يالغۇز ئىشلەيتتى. گۇڭگۇر- مۇڭگۇر قىلىشىدىغانغا كىشى بولمىغاچقا، كۈنلىرى زېرىكىشلىك، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى.

— ئىككىمىز بىللە ئىشلىسەك بولارمۇ نۇرمەمەت؟— دەپ قالدى بىر كۈنى ئوغالخان،— مەنمۇ سىز بىلەن تەڭ ئىشلىيەلەيمەن، بوشاڭلىق قىلمايمەن.

— شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز ئىشلەيلى بىللە،— قوشۇلدى

نۇرمەمەت، — ئەمما گەپ - سۆز بولۇپ قالارمىكى؟

— بۇ يەردە سۆز - چۆچەك قىلغۇدەك كىملەر بار ئىدى؟ تاجىخان بىلەن تۇرداخۇنمۇ شۇ مەسلىھەتنى بەرگەن ماڭا. سىزمۇ ياۋاش، ئىنىمدەكلا مۇلايىم يىگىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرالايمىزغۇ؟

نۇرمەمەت ئۈنچىقمىدى. بۇ قوشۇلغىنى ئىدى. شۇ مەسلىھەتلەردىن كېيىن ئىككىسى ھۆددىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىللە ئىشلەپ يۈرۈشتى. باشتا دېگەندەك، بۇ نورمال مۇناسىۋەتتىكى يېقىنچىلىق ئىدى، «چەكلەنگەن رايون»نىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشتىن ھەر ئىككىسى قاتتىق ئېھتىياتتا ئىدى.

كېيىن غوجايىن نەلەردىندۇر يەنە بىر توپ ئىشلەمچىنى تېپىپ كەلدى. ئادەم ئاۋۇدى. ئىككى جۈپ كونا ئىشلەمچى يەنىلا بىر ئۆيدە - بۇرۇنقى تۇرالغۇلىرىدا ئىدى. غوجايىنمۇ كونىلارغا ئالاھىدە قاراۋاتقاندەك، يېڭى كەلگەنلەرنى ئايرىم ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

ئادەم كۆپ بولغاچقىمىكىن، ئىشتىن چۈشكەن چاغدىكى ھايات ھەر ھالدا شاۋقۇنلاپ تۇردى. كەلگەنلەر ئىچىدە دۇتارچى- تەمبۇرچىلار، غەزەلچى- ئۇسسۇلچىلارمۇ بار ئىدى. ئاخشاملىرى ئانچە- مۇنچە كالتە مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىشلارمۇ بولۇپ تۇردى. ساز- ناۋا، ئويۇن- كۈلكىلەر ھارغىنلىقنى يەڭگىللىتىدىغان بىر ياخشى «دورا» ئىدى. ئۇنى تونجى بولۇپ نۇرمەمەت ھېس قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپلا قالغان، ئىشەنچى مۇقىملىشىپ بېرىۋاتقانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇردى بىلەن تاجىخان ئۇيناق- بۇياقلارنى كۆرۈپ كېلىلى دەپ شەھەرگە كىرىپ كېتىشتى. ياتاقتا نۇرمەمەت بىلەن ئوغالخانلا قالغانىدى. كۈندۈزى تەڭسىلىشمىگەن ئىككىيلەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى.



نۇرمەمەتمۇ، ئوغالخانمۇ ئاللىقانداقتۇر بىر ئوي- خىياللار بىلەن بەند ئىدى. مەيلى كىم نېمىنى ئويلىمىسۇن، بىرلا نۇقتىدا ئورتاقلىقى بار ئىدى. «بىر ئەر، بىر ئايال، يەنە كېلىپ بويتاق بىلەن تۇل بىر ئۆيدە ياتساق قانداق بولار؟» دەپ ئويلىشاتتى بىردەك. بۇ ئاشۇ ساددا، ئەمما پاك قەلبلىك سەھرا كىشىلىرىنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق، پەردىشەپنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

— مەن لاپاستا ياتاي، — دېدى نۇرمەمەت ئۇخلار چاغ بولغاندا، — ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياتساق بولماس.

— مېنىڭ قورققۇم كەلمەمدۇ؟ قانداق ياتىمەن يالغۇز؟

— ئۇخلىۋالسىڭىزلا ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى قوغداپ ياتىمەنيا ئىشىك يېنىدا؟ — ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى نۇرمەمەت.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن مېنىڭ بەك قورققۇم كېلىدۇ. كېچىدە چاشقان كىتىرلىسىمۇ قورقۇپ ئۇخلىيالمايمەن.

— ۋاي- ۋۇي...... — دېدى نۇرمەمەت چاقچاق ئارىلاش، — ئەرلىك ۋاقتىڭىزدىمۇ پەقەت يالغۇز تۈنەپ باقمىغانمىدىڭىز؟

— ئۇ بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، — كۈلدى ئوغالخان، — قاراڭا، بۇ ئۆينىڭ يوغان، قاراڭغۇلۇقىغا؟ كېچىسى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئادەمنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك، جىن- ئالۋاستىلار بوغۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. سىزنىڭ ئورنىڭىز ئۇ تەرەپتە، مېنىڭكى بۇ تەرەپتە بولغاندىكىن يېتىۋېرەيلىيا.

نۇرمەمەتنىڭ ئۇنداق ياتقۇسى يوق ئىدى. لېكىن، چوكاننىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاپ ماقۇل بولدى. نېمىشقىكىن، ھەرقاچان تاماقتىن كېيىن لايدەك ئۇخلاپ كېتىدىغان ياش يىگىتنىڭ بۈگۈن ئۇيقۇسى نەلەرگىدۇر قېچىپ كەتكەنىدى. «ئۇخلاي، ئۇخلاپ قالاي» دەپ

ئويلايتتى يىگىت ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلاپ. ئەمما، ياتا- ياتمايلا كۆڭلىگە بۆسۈپ كىرگەن بىر تالاي خىياللارنىڭ چوقۇلاپ تۇرۇشى ئۇيقۇ سەنەملىرىنى هە دەپ قوغلاپ تۇراتتى. كۆزىنى هەرقانچە يۇمغىنى، ئىچىشىپ تۇرغان كۆزلەرگە ئۇيقۇ تىلىگىنى بىكار ئىدى. گاهىدا كەلمەيۋاتقان ئۇيقۇنى تىللاپ، ئىچىدە غۇدۇراپمۇ قوياتتى. پات- پات ئالدى تامدىكى كىچىك- كىچىك روجەكلەرگە قاراپ قوياتتى. ئۇيقۇسى كەلمىسىمۇ مەيلى، تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىغا تەقەززا بولاتتى.

چوكاننىڭ ئەهۋالى ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىدى. نەدىن كەلدىكىن تاڭ، كۆڭۈل قەسرىگە يامراپ كىرگەن قانداقتۇر بىر تاتلىق، شېرىن هېسسىياتنىڭ بارماقلىرى قەلب دىۋارلىرىنى بوش- بوش تاتىلاپ تۇراتتى. ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توكۇلدىتىپ چېكەتتى. قەلب تارلىرىنى بىر يېقىملىق كۈي، گۈزەل بىر سىمفونىيە ئاهاڭىغا چىرتەتتى. ئۇ ئاهاڭ، ئۇ كۈيلەر چوكان قەلبىگە ئارام ئەمەس، تولىمۇ سىقىلىشلىق بىر خىل تىنچسىزلىقنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

چوكان تەنها تۆشىكىنى ئىختىيارسىز سىلاپ قويدى. سىلىدى- يۇ، ئۆزىچە سەل ئۇيالغاندەك بولدى، ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئۇ يېنىدىن بۇ يېنىغا ئۆرۈلدى. قۇلىقىنى ياستۇقتىن سەل كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى تىڭشىدى. ياق، ئەمەلىيەتتە يىگىتنى تىڭشىدى. ئۇنىڭدىن نە خورەك، نە ئۇنلۇكرەك پۇشۇلداشنىمۇ سېزەلمىدى. يەنە ياتتى. كۆزلىرىنى زورىغا يۇمدى. ئەمما، هېلىقى تاتلىق هېسلار، مىڭ يىللىق ئۇيقۇدىكى دىۋىنى بىر سىلاپلا ئويغىتىۋېتىدىغان گۈزەل سىمفونىيە ئۇيقۇلىرىنى يەپ كېتىۋاتاتتى.

چوكاننىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر غەيۇر كۈچ ئاستاغىنە قول سالدى. ئۇ شۇنچە قەتئىي، شۇنچە قارام ئىدى. كۈچ ئۇنىڭ



بىلەكلىرىگە ئۆتتى. يوتقىنىنى ئاستاغىنە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى سىرتىغا چىقاردى. ئاياغلىرىغا قۇۋۋەت بېرىپ، يىگىت قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ياق، يىگىت ئويغاق ئىدى. ئۇمۇ چوكانغا ئوخشاش ئۆز كۆيىنىڭ لىرىك دۇنياسىدا ئەللەيلىنەتتى. ئۇ ئەللەي تولىمۇ تىنچسىز، كەپسىز ئىدى. يىگىتنىڭ ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىنى چىمداپ تارتاتتى. ئەركەكلىك تومۇرىنى، تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانلىرىنى ئۆركەشلىتەتتى. ئۇ باش تەرىپىدە يېنىك- يېنىك شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىنى سەزدى. سېزىش بىلەن تەڭ يۈرىكى باشبېغىنى ئۈزۈپ چىققان ئاتتەك چاپچىشقا باشلىدى. بۇ چاپچىشقا ئۆز هېسلىرىنى تۇتالماي قىلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭمۇ، مەيلىگە قويۇۋېتىشىنىڭ تەۋەككۇللىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. يەنە تۇرۇپ: «ياق، ياق، مەهرەمنىڭ سىرتىغا چىقسام بولمايدۇ. بۇ دېگەن قىلىقسىزلىق، گۇناھ.......» دەپ شىۋىرلايتتى كۆڭلىدە.

ئۇنىڭ خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە، يوتقىنىنىڭ بىر پېشى قىمىر - قىمىر قىلىپ قالدى. پۈتكۈل خىياللىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، نېرۋىلىرىغا ئۈنسىز بىر تورمۇز چۈشتى. ئەمدى ئۇ هېچ نەرسىنى ئويلىيالمايتتى. يوتقىنى هېلىهەم قىمىرلاۋاتاتتى. لەهزە ئۆتۈپ بەدىنىگە تولىمۇ قىزىق بىر تال چوغ پىژژىدە يېقىلدى. يىگىت دىڭگىدە چۆچۈپ يېرىم ئۆرە بولدى.

— نېمە چۆچۈيسىز؟ بۇ مەن....... — چوكاننىڭ ئوتتەك تىنىقلىرى گۈپ قىلىپ ئۇرۇلدى. بۇ تىنىقلاردا مەست ئەتكۈچى مەينىڭ، هوشسىزلاندۇرۇش دورىسىنىڭ كۈچىدەك بىر خىل سېهىر بار ئىدى. يىگىت چۈشەكەۋاتقاندەك گۈڭۈرلىدى:

— سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن. لېكىن، بۇنداق...... بۇنداق قىلساق ......

— هېچكىم قىلمىغان، قىلمايدىغان ئىش ئەمەسىيا بۇ؟

نۇرمەمەت ئىرغىپلا تۇرۇپ پەسكە چۈشتى.

— بۇنداق...... بۇنداق قىلساق قاملاشمايدۇ.

چوكاننىڭ ھېسسىياتى قاتتىق ئازار يېدى. ئۇ ئىزا ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. ئارىنى سۈكۈت باستى. ئۇمۇ، چوكانمۇ ئۈنسىز، پەقەت ئېگىز- پەس، ئاستا- ئىتتىك تىنىقلارلا جىملىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. خېلىدىن كېيىن چوكاننىڭ خىرتىلدىغان ئاۋازى چىقتى. ئۇ ياستۇققا دۈم يېتىۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى.

— بولدى، بولدى، خاپا بولماڭ. يىغلىماڭ، — نۇرمەمەت ئاستا كېلىپ يەلكىسىنى تۇتتى ئۇنىڭ. ئۇ شۇنداق قىلسام، كۆڭۈل قويسام جايىغا كېتىپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما، چوكان كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. ئۇ يېرىم يالىڭاچ ئىدى. يۇمشاق ئېتى، قىزىق ھارارىتى بىردەمدىلا نۇرمەمەتنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىۋاتاتتى. كېيىن ئىككى تەننىڭ قانداقلارچە چىرمىشىپ كەتكىنىنى ھېچكىم سەزمەي قالدى.....

**2**

ياز شۇ يەردە كېۋەزلەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇزاپ كەتتى. يازنىڭ سالقىن چاغلىرىدا بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر تومۇز جەريانىدا ئىشلەمچىلەرگە ئۆزىنى ئوبدانلا كۆرسىتىپ قويىدى. ھەر نېمە دېگەنبىلەن دالا يەنىلا دالالىقىنى كۆرسىتەتتى. يامغۇرى، ئاندا- ساندا بورانلىرىمۇ سوقۇپ تۇراتتى. ئاپتاپلىق كۈنلەردە تەكتىدىن دىمىق، ئۈستىدىن كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپنىڭ قىينىقى ئىشلەمچىلەرنىڭ جانلىرىنى ئېكەكلەپ كېلەتتى. چىرايلار، بولۇپمۇ پېشانىلەر قىزىق تونۇردا تۇرۇپ قالغان ناننىڭ ئۈلدەك قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. لەۋلەر يېگىلەپ يېرىلغان، مەڭزىلەرگە چاك



چۈشكەن، كۆزلەر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ھەممىدىن بەك ئىككى ئايالغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

نۇرمەمەتنىڭ كۆزلىرى گاھىدا كۆك بولۇپ كېتەتتى. ۋاقتىنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىگە، ھۆددىلەشكەن مۇددەتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا تەقەززا بولاتتى. سەۋر قاچىسى تاشاي- تاشاي دەپ قالغانىدى. ھەرقانچە تەقەززا بولسىمۇ، كېۋەزلەر ئەمدىلا چېچەكلىگەنىدى. غوزىلار تولۇپ پاختا بولۇشقا، ئېچىلىپ يىغىۋېلىشقا خېلىلا ۋاقىت بار ئىدى. چىدىمىدىم دەپ، ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ كېتەلمەيتتى. ئەتىيازدا تۈزۈشكەن توختام، توختام قۇچاقلاپ ياتقان ئىش ھەققى گويا ئۈزۈۋەتكىلى بولمايدىغان زەنجىردەك بويۇنلىرىغا مەھكەم يۆگىشىپ تۇراتتى.

نۇرمەمەت مىڭبىر مۇشەققەتتە كۈزنى كۈتۈۋالدى. كېۋەزلەر بەس- بەستە ئېچىلماقتا ئىدى. نۇرمەمەتلەر ئەمدى بىردىن خالتىنى بويىنىغا ئېسىپ، ھەر كۈنى دوڭغىيىپ يۈرۈپ پاختا يىغاتتى. ئېگىلىپ يۈرۈشتىن بەللىرى ئۈزۈلۈپ چۈشكۈدەك، بەللىرىلا ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ بۇرۇندىن تارتسا دۈم چۈشكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئىلگىرىكى ئىشلىرىمىز ھېچنېمە ئەمەسكەن بۇنىڭ ئالدىدا، — دەپ ئويلايتتى نۇرمەمەت غوللىرىنى كېرىپ تۇرۇپ، — ھېلىمۇ ياخشى، پاختا يىغىشنىڭ ھۆددىسى يوق. تەرگىنىمىزگە پۇل ئالىدىغان گەپ. بەك بولالمىسام ئىشنى تاشلاپ كېتەرمەن.

ئۇ شۇنداق ئويلايتتى- يۇ، تېرىۋېلىنغان بىر كىلو پاختا ئۈچۈن ئالىدىغان 8 موچەننى ئويلىغىنىدا، «ئىشلەي، پاختا تۆككۈچە تۇراي» دەيتتى. دېمىسىمۇ، پاختىنىڭ پۇلى ئوبدان ئىدى. ھەر كۈنى 50 — 60 كىلو تېرىپ بولاتتى. بۇ دېگەن كۈنلۈكى 40 — 48 كوي پۇل دېگەن گەپ ئىدى. يەپ- ئىچكىنىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، ئايلىق ئىش ھەققى 1200 — 1300 كويغا

توختايتتى. يېزىدا ئۆز ئېتىزلىرىغا ئىشلەپ ئۈنچىلىك پۇل تاپالمايتتى.

نۇرمەمەت ئاشۇ ھېسابىنىڭ تۆرتكىسىدە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىشلىدى. يىغقان پۇلىمۇ خېلى بار ئىدى. ئەمما، شۇ كۈنلەردە ئۇنى بىرنەرسە تولىمۇ سېغىندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. خىيالىنى، قەلبىنى ماگىنىتتەك تارتىپلا تۇراتتى. كېچىسى چۈشىدىن، كۈندۈزى خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئۆيى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھىد ـ بۇيى تارقىمىغان مۇقەددەس ئۇۋىسى ئىدى.

كۆڭۈل يىپىنى ھە دەپ تارتقۇچلاۋاتقىنى بۇلا ئەمەس، يەنە بىر چىراي، بىر مېھىر، بىر جۈپ قارا كۆز ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. شۇنداق، بىر چىراي— بىر تال ئەتىرگۈل يىراقلاردىكى ئۇپۇق لېۋىدە يالتىراپ تۇراتتى. بىر ئىللىق مېھىر شاماللارغا ئەگىشىپ كېلىپ، يۈرىكىگە تۆكۈلەتتى. بىر جۈپ قارا كۆز ئوقچۇغان بۇلاقتەك نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى ئۆزىدىن تۆكۈلگەن سۆزۈك قەترىلەرنىڭ پايانىدا داد ـ پەرياد قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ كۆز، ئۇ مېھىر، ئۇ چىراي نۇرمەمەتنى غەمكىنلىك ئىچىدە ئۈزۈتىپ قالغان جىنەستىننىڭ ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ ئىككى نەرسىگە تەلپۈنەتتى. مانا بۇ مۇھەببەت، ئوتتىنمۇ ئۆتە قىزىق مۇھەببەت ئىدى. ئۇ ئانا ئۇۋىسىغىمۇ، كۆڭۈل بەرگەن نىگارىغىمۇ ئورتاق سۆيگۈ تۇيغۇسى ئىدى.

ئاخىر ھەممىدىنمۇ قەدىرلىك بولغان ئاشۇ ئىككى مەپتۇنكار پەرى ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى جاھانكەزدىلىك تۇپرىقىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىشنى يىغىپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى، غوجايىن چىدىماي قالدى. ھەمراھلىرى تارتىشتى. ئۇنىڭدەك ياۋاش، ۋايىسمايدىغان، ماشىنىدەكلا ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيدىغان ئوچۇق ـ يورۇق بۇ يىگىتنى ھەممىسىنىڭ قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى.



— مەنمۇ كېتەي، — دېدى ئۇ ھېسابلىشىۋاتقان كۈنى ئوغالخان، — ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇم كەلمەيدۇ.

— ۋۇي، نېمە دەپ ئەمدى؟ — كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى نۇرمەمەت، — سىز تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلەپ، سىڭلىڭىزنىڭ ئوقۇش راسخوتىنى غەملىمەكچىدىڭىزىيا؟

— غەملەيمەن، ھېلىمۇ غەملەيمەن، — دېدى چوكان كۆزلىرىگە لىپپىدە ياش ئېلىپ، — ئۆيۈمگە بارسام بەلكىم بىر ئىشلار ئۇنتۇلۇپمۇ قالار. كۆڭلۈم تەسكىن تاپقاندا يەنە كېلەرمەن.

يىگىت ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك قىلدى. بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ، ھېسداشلىقى قوزغالدى. ئەمما، بۇ يىگىتتىكى ئۆتكۈنچى ھېسسىيات ئىدى. ھەرقانچە ھېسداشلىقى تۇتسىمۇ، چوكانغا تەسكىن بولغۇدەك، رازى تاپقۇزغۇدەك ياردەمنى بېرەلمەيتتى. ئېنىقراقى، چوكاننى ئەگەشتۈرگەن، تەلپۈندۈرۈپ ئۈمىد كۈتكۈزۈۋاتقان نەرسىنىڭ دەل ئۆزىنى بېرەلمەيتتى.

— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز، — دېدى نۇرمەمەت بايىقى تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ، — كېتىمەن دېسىڭىز ھەمراھ بولاي.

— ھەئە، سىز ھەمراھ بولالايسىز، — دېدى چوكان مەنىلىك قىلىپ، — مەن بۇنى بىلىمەن. كىم مېنى سىزدىن ئىككى يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالسۇن دەپتۇ؟ يەنە ئاللىبۇرۇن ياتلىق بولۇۋالسۇن دەپتۇ؟!

— ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتمىسىڭىزچۇ، ئوغالخان؟ — نۇرمەمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مېنىڭ ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق، پەقەت شۇ......

— كۆڭلىڭىزدىكى ئادىمىڭىز بار، شۇنداققۇ؟ ھايات دېگەن شۇنداق بولىدىكەن. بولۇپمۇ تۇنجى مۇھەببەت دەڭا؟ تۇنجىسىدىن ۋاز كەچمەك تەس. ۋاز كېچىمەن دېگىنىڭىز بىلەنمۇ كېچەلمەيسىز. چۈنكى، ئۇنىڭ يىلتىزى بەك چوڭقۇر.

نۇرمەمەت ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان گەپلىرىگە بىردىنلا ھەيران قالدى. بۇ نەچچە ئاي بىللە ئىشلەش، بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر ئىدى. چوكانمۇ ئۇنچىلىك ھېسسىياتلىق، سۆزمەن بىلىنمىگەنىدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدا پەقەت ئاددىي سەھرا ئاياللىرىنىڭ گەپ - سۆزى، ھېسسىياتىلا قالغانىدى. تۇۋا...... ماۋۇ چوكان ئۆزىگە ئوخشىماي قالدىيا بۈگۈن؟

— سىز...... سىز...... قانچىلىك ئوقۇغان؟ ئەجەب بۇ گەپنى دېيىشمەپتىكەنمىزا بىز؟ خۇددى شېئىر ئوقۇغاندەكلا......

چوكان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مېنى شائىرغا ئوخشاتقىنىڭىزدىن بەك سۆيۈندۈم. سىزگە دېسەم، شائىرە بولغۇم بار ئىدى. شۇڭا، تولۇقسىزدىن تولۇقچىچە دەرسلەر ئىچىدە ئەدەبىياتقا بەكرەك ئامراق ئىدىم. نەتىجەممۇ ئەدەبىياتتا يۇقىرى ئىدى، — چوكان چېھرىدىكى خۇشاللىقلار ئورنىغا ئەپسۇسلۇق، مەيۈسلۈك ئىزنالىرى تەپچىپ چىقتى، — بىراق، ئالىي مەكتەپكە بارالمىدىم.

— نېمە دەپ ئەمدى؟ نەتىجىلىرىڭىز ياخشى مېڭىپتىكەنىيا؟

— ئىككى ئىش سەۋەب بولدى. بىرى، ئوقۇش راسخوتىمىز سەل كەمچىل ئىدى. ئۇنى جايلاپمۇ كېتەر ئىدۇق. توساتتىن چوڭ بىر ئەلچى كېلىپ ئولتۇردى.

— ھەرقانچە بولسىمۇ پادىشاھ بولمىغىدى ئۇ؟

— پادىشاھقۇ ئەمەس، بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ. «ئوقۇمىسىمۇ خىزمەت قىلسا بولار؟ خىزمەتكە ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرۇۋالىلى. قىزنى بىزگە بەرسىلە» دېيىشتى ئۇلار ئۆيدىكىلەرگە. ئۆيدىكىلەرگە بۇ گەپلەر يېقىپلا قالدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋالاي دەپ يېلىنىشلىرىمغا باقماي تويۇمنى قىلىپ بېرىشتى.



— ئەجەب تېزلا ئاجرىشىپ كېتىپسىلەرغۇ؟

— ئاجراشماي نە ئامال؟ ئېرىم ھاراقكەش بولغىنىنىڭ ئۈستىگە قىمارۋازكەن. ئىچسىغۇ، ئوينىسىغۇ مەيلىدى، ھەر كۈنى ئورۇنسىزلا دۇمبالايدۇ. قاش - قاپىقىمدىن كۆك، بەدەنلىرىمدىن تاياق ئىزى كەتمىدى. ئۇنداق تۇرمۇشنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نەرى بار؟ - چوكان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ توختىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى. ئۇنىڭغا نە تەسەللى بېرىش، نە كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشقا قۇربى ئاجىزلىق قىلىپ تۇراتتى.

ئۇلار بىللە يولغا چىقتى. بىر ئاپتۇبۇستا ئولتۇرۇپ، يول بويى بىر- بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. چوكان نۇرمەمەتتەك بىر ھامىيسى بولغىنىدىن مەمنۇن ئىدى. ھەمراھلىق، ھەمسەپەرلىك كۈنلەر تېزلا ئاخىرلاشتى. چوكان ئۆز مەھەللىسىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانىدى. چوكان ئاپتۇبۇستىن چۈشتى. ئەمما، ئەس- يادى، يۈرىكى نۇرمەمەتنىڭ يېنىدا قالدى. يىگىت بۇنى چوكانىنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ئاپتۇبۇس قوزغىلىپ كەتكۈچە پۇلاڭلاپ تۇرغان قوللىرىدىن ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭمۇ ئىچىدىن تولىمۇ ئوتلۇق بىر تىنىق چىقىپ كەتتى. ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا قولىنى« خەير» ئىپادىسىدە سىلكىپ- سىلكىپ ئۇزاپ كەتتى.

چوكانىنىڭ تارتىملىق سىماسى، تولغان جىسمى بارغانسېرى كىچىكلەپ چېكىتتەك كۆرۈندى. ئاخىر كۆز ئۇچىدىن بىراقلا غايىب بولدى. ئۇ كۆز ئۆڭىدىنلا ئەمەس، تۇيغۇلىرىنىڭ قېتىدىنمۇ ئاستا- ئاستا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى يىگىتنىڭ يۈرەك يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىققان بىر تۈپ گۈل، ئېچىلاي دەپ قالغان بىر تال غۇنچە سىقىپ چىقاردى. سىقىپ چىقىرىۋېتىش ھەققى بار ئىدى شۇ غۇنچىنىڭ! چۈنكى، غۇنچە بىلەن يۈرەكنىڭ ئەھدە- پەيمان يىلتىزى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ناھايىتى كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ

بىلىپ- بىلمەي تۇگۇلۇشكە باشلىغانىدى. گۈل رەسىدىسى، بۇلبۇل بالاغىتىدىن كېيىن بولسا، ھەقىقىي مۇھەببەت مالائىكىسىنىڭ ساخاۋەتلىك قوللىرى بىلەن قايتىدىن تۇگۇلۇپ، مەڭگۈلۈك ئەھدە- پەيمان يىپى بىلەن مەھكەملەنگەنىدى. قەلبلەر ئاشۇ ئەھدە- پەيمان، شامال ئۆتمەس ئەقىدىلەر بىلەن توشۇق ئىدى. بىر- بىرىدىن ئۆزگە ئۇچىنچى بىر كۆلەڭگىنى سىغدۇرالمايتتى.

نۇرمەمەتنىڭ قۇلىقىغا يان تېلېفونىنىڭ ئاۋازى كىرگەندەك قىلدى. ئۇ توختىماي سايراۋاتاتتى. نۇرمەمەت ئېرەنسىمىدى. ياق، «تووۋلىتىۋەرگۈچە ئالسا بولماسمىدى!» دەپ غۇدۇرىدى ئىچىدە. ئاۋاز ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى خىياللىرىغا بەرھەم بېرىۋاتاتتى. غۇنچە بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىشلىرىغا كاشىلا سېلىۋاتاتتى. تېلېفون بىر ئۈزۈلۈپ يەنە زۇۋانغا كىردى. نۇرمەمەتنىڭ ھەپىسلىسى قاچتى. شۇ چاغدا يېنىدىكى كىشى ئۇنى بوشقىنە جەينەكلىدى.

— سىزنىڭ تېلېفونىڭىز!

— مېنىڭ؟ مەندە تېلېفون بولمىسا يا؟

— ئەنە، سومكىڭىزدىن ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ ئۆزىڭىز ئاپتوبۇستىمۇ- يا، ئالىبىركىمنىڭ يېنىدىمۇ؟- مىيىقىدا كۈلدى سۆزلىگۈچى.

تېلېفون ھېلىھەم سايراپ تۇراتتى. نۇرمەمەت بۇ قېتىم ئاۋازنىڭ راستتىنلا ئۆز سومكىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. تۇيدى- يۇ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سومكىنى ئاچتى. «خۇدايا تووۋا! بۇ...... بۇ نەرسە قانداق بولۇپ مېنىڭ سومكامدا بولۇپ قالدۇ؟ باشقا بىرىنىڭ سومكىسىنى ئېلىۋالدىممۇ يا؟» دەپ پىچىرلىغىنىچە سومكىنى ئۇياق- بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ كەتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ سومكىسى ئىدى. تېلېفوندىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىدى. ئۇ تەئەججۇپ ئىچىدە تېلېفوننى قولىغا



ئالدى. بايىلا ئۈزۈلگەن ئاۋاز يەنە ياڭرىدى.

— ۋە...... ۋەي...... — تەمتىرەش ئىلكىدە ئېغىز ئاچتى ئۇ.

— بۇ مەن! — ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ كەتكەن بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى.

— يا پىرىم! بۇ ئوغۇلخاننىڭ ئۈنىغۇ؟!— شىۋىرلىدى ئىچكى تۇيغۇلىرى نۇرمەمەتنىڭ.

— گەپ قىلىڭ، گەپ قىلىڭە، نۇرمەمەت! — سۆيلىدى چوكان،— قەيەرگىرەك باردىڭىز؟ ئۆيىڭىزگە ئاز قالدىمۇ؟

— يەنە بىر كۆنلۈكتەك مۇساپە بارغۇ دەيمەن. بۇ...... بۇنى سىز سېلىپ قويۇپسىز- ھە؟

— قانداق، قىلغىنىم بولماپتۇما؟

— ھەرقانچە بولسىمۇ ماڭا دەپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى- دە؟

— دەپ قويسام قوبۇل قىلارمىدىڭىز؟ رەت قىلمىغانىدىمۇ، ئېلىشنى خالاپ كەتمەيتتىڭىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمە دەپ سوۋغا قىلدىڭىز دېمەڭ. بىرىنچىدىن، تونۇشلۇقىمىزنىڭ يالدامىسى بولۇپ قالسۇن دېدىم. ئىككىنچىدىن، سېغىنغان چاغلىرىمدا ئاۋازىڭىزنى بولسىمۇ ئاڭلاي دېدىم.

— ئويلىرىڭىزغۇ توغرا. كىمنىڭ قانداق ئويدا بولۇشى ئۆزىنىڭ ئەركىدە. ئەمما، بۇنداق قىلمىغۇلۇق ئىدى. سىز بىلىسىز...... — نۇرمەمەت ماشىنىدىكىلەردىن تەپ تارتىپ گېپىنى يۇتۇپ كەتتى.

— دېمەكچىمۇ بىلىمەن،— جاۋاب كەلدى قارشى تەرەپتىن،— سىزنىڭ جىنەستىڭىز بار. كۆڭلىڭىز شۇنىڭ بىلەن توشۇق. شۇنىڭ نامى بىلەن پۈتۈن، ئۇنىڭغا ھېچكىم سىغمايدۇ. مەن بولسام سىغدىلىشقىمۇ ئامالسىزمەن. ئەمما، ئۆزۈم بىلگەنچە

ئويلىسام، ئەسلەپ يادلىسام كۆڭۈل پۈتۈنلۈكىڭىزگە دەخلىسى بولمايدۇ دەيمەن. ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، پەقەت، پەقەتلا خالىغانچە ئەسلىشىمگە، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇشۇمغا ئىجازەت بېرەرسىز-ھە؟

— بۇنداق دەپ كەتمەڭ. بىز...... بىز دېگەن تۇغقاندەك بولۇپ قالغان تۇرساق. قارا يۈزلۈك قىلماسمەن ئۇنداق.

— ماڭا مۇشۇ گېپىڭىزلا كۇپايە، — ئارقىدىنلا باشقا بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، تېلېفون ئۈزۈلۈپ كەتتى.

نۇرمەمەتنىڭ خىياللىرى بىردەملىككە داۋالغۇپ، نەچچە ئايلىق كەچمىش-كەچۈرمىشلەر ساھىلىغا كېتىپ قالدى. خىيال قۇشلىرى خاھىشىغا بويسۇنمايتتى. نەگە ئۇچقۇسى كەلسە، شۇ يەرگە ئۇچاتتى. قايسى دەرەخ، قايسى قونداققا قونغۇسى كەلسە، شۇ يەردە توختايتتى. قۇشلار ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىپ-سىلكىنىپ توختىشى بىلەن نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئاپتوبۇس توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتاتتى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. كۆپ ئۆتمەي گۈگۈم چۈشتى. ماشىنا ئىچى خىرەلەشتى. يولۇچىلارنىڭ تولىسى بۇرۇنلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نۇرمەمەت خىياللىرىنى يىغىپ كەينىگە تاشلانىدى......

ئۇ باش تەرىپىدىكى كارىۋاتتىن چىققان قاتتىق چۈشكۈرۈكتىن چۆچۈپ كەتتى. بىر تاتلىق ئۇيقۇسى ۋاقىتسىز بۇزۇلغانىدى. ئىچىدە ئاچچىقىنە غۇدۇراپ قويۇپ كۆزىنى يۇمدى. لېكىن، ئۇيقۇسى ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى. كىچىككىنە يېتىپ بېقىپ كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى. ئاپتوبۇس بىر خىلدا غىڭىلداپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس ئىچىدىكى بۇزۇلغان ھاۋا كىشى كۆڭلىنى ئېلىشتۇرەتتى. ئۇ يۈزىنى كۆزنەك تەرەپكە قارىتىپ، بارمىقى بىلەن پەردىنى بوشقىنە قايرىدى. ئەينەكنى سۈرمەكچى بولۇپ، ئۇيۇق لېۋىگە قاراپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭ



خامۇش تۈيغۇلىرى ئىچىدە نازلىنىپ ياتقان تاڭ پەرىسى ئاخىرقى چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ ئېغىر-ئېغىر پۇشقۇرۇپ توختىشىدىن ئۇنىڭ تاڭ ئالدىدىكى تۈيغۇلىرى چالغىتىلىپ كەتتى. چالغىتىلدى-يۇ، قەلبىگە شۇررىدە قىلىپ بىر ئىللىق سېزىم ئېقىپ كىردى. ئۇ مەنزىلىنىڭ تۇنجى بوسۇغىسىغا يەتكەنىدى. كۆز ئالدىدا ھېلىراقتىكى ئاق ئەسنەك شەپىسىدىن جانلىنىشقا باشلىغان يول بويىدىكى يېگانە ئۆتەڭ، ئۇنىڭ باغرىدىكى كىچىككىنە بوستانلىق نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ ياتاتتى. نۇرمەمەت ئورنىدىن قانداقسىگە تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيمايدۇ. ئاشۇ شادلىق، ئاشۇ تەلپۈنۈش ئىچىدە ئاپتوبۇستىن تۇنجى بولۇپ چۈشكىنىمۇ ئۇ بولدى.



# سەككىزىنچى باب

## زەينەپسىز كاككۇك

**1**

پەسىل كۈز مەۋسۈمىنىڭ ئاخىرقى چارەكلىرىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. باغباراڭلار يازدىكى يېشىل تونلىرىنى ئاستا- ئاستا ئالتۇن رەڭ سەرپايلارغا ئالماشتۇرۇۋاتاتتى. سەھرا باغلىرىنىڭ كۆزدە ئۈزۈۋېلىنىدىغان ئالما، ئانار، ئۈزۈم، ئەششاپتۇل ۋە قىشلىق قوغۇنلىرى قىيامىغا تولماقتا ئىدى. جەنۇب ياقتىن توختىماي ئۇرۇپ تۇرغان ئىزغىرىن شاماللىق ئاشۇ ئەتىگىنى شامالباغ كەنتىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا بىر يىگىت پەيدا بولدى. 22—23 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز، قويۇق قاش، قاڭشارلىق كەلگەن بۇ يىگىت ئۈچىگە نېمىلەردۇر تىقىلغان بىر ئوغۇت خالتىسىنى يەلكىسىگە توغرىسىغىلا قويۇۋالغانىدى. ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن چىرايى، ياڭاقتەكلا چىقىپ قالغان مەڭىز سۆڭەكلىرىدىن جاپانى بوش تارتمىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

ئۇ ھېلىراقتا كەنتنى يانداپ ئۆتىدىغان تاشيولدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالغانىدى. كۆتۈرۈۋالغان يۈكى ئانچە ئېغىر بولمىسا كېرەك. بىر قولىدا خالتىنىڭ بوغۇلغان يېرىدىن تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىنى يېنىك- يېنىك سالغىنىچە لوڭۇلداپ كېلىۋاتاتتى. كېلىۋېتىپ تارغىنە شېغىللىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى



بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېگىزلىقلار، «چاپىنى» سارغايغان قوناقلىقلار، ئالتۇن رەڭ لىباس كىيگەن باغباراڭلارغا ئاجايىپ بىر خىل سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قاراپ كېلەتتى. چوڭ- چوڭ ئېلىشۋاتقان قەدەملىرىدىن مەنزىلگە ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرىدىن يەنە نېمىنىلەرگىدۇر بولغان ئىنتىزارلىق تەقەززاسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

شۇنداق، ئۇ مەھەللىسىگە، ئۆز ئۆيىگە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئۆز ئۆيىدىن كۆرە، ھەممىدىن بەك  يان قوشنىسىنىڭ پاكار تاملىق ھويلىسىغا تەشنا ئىدى. ئۇ ھويلىدا چىرايى ئاق سېرىققا مايىل، تال چىۋىقتەك زىلۋا قامەت، كۈلكە تېشىپ تۇرىدىغان مۆلايىم كۆزلەرنىڭ ساھىبى بار ئىدى. بۇ ساھىبجامال يىگىتنىڭ نەزىرىدە ئۆز قەلبىگە چۈشكەن بىر تال چوغ ئىدى. ئاشۇ چوغنىڭ ھىجران كۈنلىرىدىكى تەپتى بېشىغا تۈگمەس بىر بالايىئەزىمنىڭ غوۋغاسىنى سالدى. چوغ ھە دەپ يالقۇنلايتتى. يىگىتنىڭ ئىچمۇ، تېشىمۇ كۆيەتتى، يىگىت بولسا تولغىناتتى. خىلۋەتلەرگە بېرىۋېلىپ، مەيدىسىنى نەم يەرگە باساتتى. ئەمما، سەگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆيۈك ئازابى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۆزىنى باغرى چاك- چاك يېرىلغان بىر پارچە قۇرغاق ئېتىزغا، ياپراق- يىلتىزلىرى ئاللىقاچان كۆيۈپ تۈگىگەن بىر تۈپ قاقشال توغراققا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە ئەنە شۇ «چوغ قىسمىتى»نى بەخشەندە ئەتكەن ئىشق مالائىكىسىنىڭ مۇلاقىتىگە ئالدىرايتتى.

يىگىتنىڭ مەھەللىدىن، ئاشۇ ئاتەشدان يېنىدىن ئايرىلغىنىغا توپتوغرا ئالتە ئاي بولغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ ئىللىق ماكاندىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ھىجران يۈكىنى زورمۇ زور يۈدۈپ، مۇنچە ئۇزاق قىينالغۇسى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئەمما، تۇرمۇش، ئارزۇ- ئىستەك ۋە ئاشۇ ئىستەكلەرگە يېتىشنىڭ تەقەززاسى ئۇنى سىرتلارغا

چىقىپ ئۆزىنى غەملەشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلماي، ئاشۇ دەريانىڭ تەۋەككۈل كېمىسىگە چىقماي بولمايتتى. چۈنكى، ئۇنى ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانغا خىزىر سۈپەت دادىسى، پەرىشتە سۈپەت ئانىسى ۋەيا جان كۆيەر بىرەر كىشىسىمۇ يوق ئىدى. ئۆز بېشىنى ئۆزى قاشلىمىسا، راۋىبىنى ئۆزىلا چالمىسا بولمايتتى.

مەھەللىگە ئاز قالغانىدى. نۇرمەمەت مەھەللە يولىنى توغرىسىغا كېسىپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ كۆۋرۈكگە كېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. كۆۋرۈكنىڭ باش تەرىپىدىكى تاقاقتىن قايدۇرۇلغان بىر ئېرىق سۇ مەھەللە تەرەپكە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتاتتى. «باغدىكى دەل- دەرەخلەر قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇسساپ قاغجىراپ كەتتىمىكىن، يا قوشنىلار ئانچە- مۇنچە سۇ باشلاپ قويدىمىكىن؟ ئۆي ئالدىغا يېڭى سالغان تاللىرىم قۇرۇپ كەتمىگەن بولسىلا بولاتتىغۇ ھەممىدىن......» — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ.

نۇرمەمەت شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزىۋېتىپ، گۈپپىدە ھېلىقى «چوغ»نى ئېسىگە ئالدى: «ۋاي خۇدايىم، بېغىمنىڭ، ھويلا- ئارانىمنىڭ ھەلەكچىلىكى ئەسلىي خىياللىرىمنى ئوغرىلاپ قويۇپتۇ- دە؟ راست، قانداقراق تۇرغانسەن؟ مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنسەنمۇ، يا ئەسلەپ تۇرغانسەنمۇ؟ مېنىڭ يوقلۇقۇمنى غەنىيمەت بىلىپ، ‹پۇر› قىلىپلا ئۆچۈپ كەتمىگەنسەن- ھە؟ خاپا بولما جىنەستە، سېنى ئۇنتۇمىدىم ۋە ئۇنتۇمايمەن. سېنى خىيال قەپىسىمدىن قاچۇرۇپ قويۇپ ئۆتكەن كۈن كۈنمۇ ماڭا؟ بىلسەڭ ئىدىڭ، شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنىڭ ئارزۇ- ئىستىكىڭنىڭ ھىمايىسىدە ياشاپ كېلىۋاتقىنىمنى! راست، ئۇ چاغلاردا ھەر ئىككىمىز كىچىك ئىدۇق. بىللە ئوقۇپ، بىللە ئوينايتتۇق. بىللە ئوت ئېلىپ، بىللە قوي باقاتتۇق. ئالغان ئوتلىرىمىزنى سېنىڭ، مېنىڭ دېمەي، قايسى



قوتاندىكى ماللارنىڭ ئالدىدا ئوت ئۆكسۈپ قالغان بولسا، شۇنىڭغا تاشلايتتۇق. قىلقىلىرىمىزغا قاراپ ئاتا- ئانىلىرىمىزنىڭ مەستلىكى كېلىپ كېتەتتى. كېيىن تەڭلا چوڭ بولدۇق. قەلبىمدە ئەمدى ساڭا نىسبەتەن ئۆزۈممۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمىگۈدەك باشقىچە بىر خىل ھېسسىياتنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. سېنى كۆرگۈم، مەن بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپلا تۇراتتى. چوڭ بولغانسېرى ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر لەنىتى ھاڭ پەيدا بولدى. سەن ھە دېسىلا مەندىن قاچاتتىڭ. ساردىن قورققان چۈجىدەك ئۈركۈيتتىڭ. ئۇنى دېسە، ئۆزۈمدىمۇ يەتكۈچە بار ئىدى. نېمىشقىكىن، يېنىڭغا يېقىنلىشىشتىن، سۆزلىشىشتىن ئەيمىنەتتىم. تاسادىپىي سېنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئوغرىدەك ئالدى- كەينىمگە قاراپ قالاتتىم. شۇ چاغلاردا زور ھىممەت بىلەن كۈچ بېرىپ ئىككى قېتىم ئىما- ئىشارەتلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلسام، ئۇقماسقا سېلىۋالدىڭمىكىن، يا جاۋاب بەرگۈڭ كەلمىدىمىكىن، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپلا قېچىپ كەتتىڭ. بىر تۇرۇپ سېنىڭ بوينۇڭنى شۇنداق قاتتىق، نەزىرىڭنى شۇنداق ئۈستۈنلەپ كەتتىمىكىن، مېنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالغانمىكىن دەپمۇ يۈردۈم. بىر تۇرۇپ، پۈتۈشۈۋالغان ئادىمى بولسا، ئاشكارا ئېيتىشتىن ئۇيىلىپ، ئۆزىنى ئاشۇ كۈلكىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ يۈرەمدىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. ئىشقىلىپ،سېنى زادى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتاتتىم.»

نۇرمەمەت شۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، بىرچاغلاردا جىنەستىنىڭ دوستى شاتۇتگۈلنىڭ دېگەن بىر گېپىنى ئەسلەپ قالدى.

— ئەجەب مىس- مىس نېمىكەنسەنوي، نۇرمەمەت، — دېگەنىدى شۇ چاغدا شاتۇتگۈل، — خېلى- خېلى ۋاقىتلار بولدى، جىنەستىنى ئەگىيسەن، پىچىرلاپ يېنىدىن كېتەلمەيسەن. يا ئىندەككە كەلتۈرەلمەيسەن. ئوغۇل بالا بولغاندىكىن جانلىقراق، قارامراق بولمامسەن مۇنداق؟ ئېۋۇ، بېغىڭدىكى ئالمىلىرىڭغا قاراپ

باقە، شاخ ئۇچىدىكى ئالمىدىن كەچكىچە كۆزۈڭنى ئۈزمەي، ئاسمانغا بېقىپ تۇرغىنىڭ بىكار دەيمەن.

— ئەمسە قانداق قىلىمەن؟

— ۋىيەي! مەن ئۆگىتىپ قويامتىم ساڭا؟

— مەن...... مەنمۇ بىلمىدىم، نېمىشقىكىن......- نۇرمەمەت گەدىنىنى قاشلىدى.

— قويە سېنى؟— دېدى شاتۇتگۈل ئۇنىڭ يېنىغا سەل يېقىنلاپ،- ئويلاپ باقە، يالتىراپ تۇرغان ئالمىنىڭ شېخىنى كاپپىدە تۇتۇپ كۈچ بىلەن ئەگمىسەڭ، ئالدىڭغا چۈشەمدۇ ئۆزى؟ ساڭا بىر سىرنى دەپ بېرەي، قىزلارچۇ، يىگەن- ئىچكەندەك، سوقا- سەندەلدەك، يۈرىكى چوڭ، قاتتىق قول، ھە...... بۇ دېگىنىم، ئوتىمۇ، سۈيىمۇ بار يىگىتلەرنى ياقتۇرىدۇ.

— ئۇنى...... ئۇنى بۇلىسام بولماس؟

— ھەي، ئەخمەق تاز،— شاتۇتگۈل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى،— ئۇنى بۇلا دېمىدىم، گەپ- سۆزۈڭدە جانلىقراق، جۈرئەتلىكرەك بول، مەقسىتىڭنى ئوچۇق دە، دەۋاتىمەن.

«راست، ئۆزۈممۇ بەك تارتىنچاقلىق قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن، بۇ قېتىم ئەمدى تارتىنىش- تەمتىرەشلەرنى بىر يانغا قايرىۋېتىپ، كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتىمەن. ھېلىمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. خەقلەر: ‹پىشقان قوغۇن ساپىقىدا تۇرمايدۇ، ئۇچۇرما بولغان قۇش ئۇۋىسىدا› دېيىشىدۇ. بۇ كاساپەتنىڭمۇ ئۇچار چېغى بولۇپ قالدى. بىر كۈنلەر كېلىپ پۇررىدە بىر ئۇچسا تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ- دە. ئۇ چاغدىكى نادامەتكە ھېچنېمە توغرا كەلمەي قالىدىغان گەپ......» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت خىياللىرىدىن كېيىن.

نۇرمەمەت گويا جىنەستىنى ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدىغاندەك بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى. خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ ماڭاي



دەپ تۇراتتى، يان تەرەپتىكى ئەگىم يولدىن بىر باغلام شاخ- شۇمبىنى يۈدۈۋالغان بىر موماي چىقىپ كەلدى. يۈدۈۋالغان تەمچى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بەللىرى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەندى. بىر گەزچە كېلىدىغان كۆك تاياققا تايىنىپ پايپاسلاپ كېلەتتى.

«ۋاي خۇدايىم، بىچارە مومايغا نېمە كۈن بۇ؟ ئۆزىمۇ تۈزۈكرەك ماڭالمايدىغان ھالىغا شاخ يۈدۈپ......» دېدى ۋە دەرھال خالتىنى قويۇپ، مومايىنىڭ ئالدىغا باردى. موماي ئۇنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ۋۇي، ئاغىچىخان ئانامكەنلىغۇ سىلى؟ ئەكەلسىلە، ئەكەلسىلە مەن ئېلىۋالاي.

— نۇرمەمەتخانمۇ سەن؟ ھارمىغىن بالام، قاچان پەيدا بولدۇڭ مەلىگە؟

— ھازىر، ھازىرلا كېلىشىم.

— ۋاي جېنىم بالامەي...... نېمانچە كۆيۈپ كەتكەنسەن؟ خۇددى ئاپتاپقا سالغان گۈلدەك دەيمەن.

— شۇ...... سىرتتا، يەنە كېلىپ ئىتىزدىلا يۈرگەندىكىن، بىر تەرەپتىن قاقرام، بىر تەرەپتىن شامال يالاپ شۇنداق قىلىۋېتىدىكەن دېسىلە ئادەمنى.

نۇرمەمەت بىر دولىسىغا خالتىسىنى يۈدۈپ، بىر قولتۇقىغا مومايىنىڭ تەمەچلىرىنى قىستۇرۇپ يولغا چۈشتى. ئەمدى ئۇ مومايىنىڭ مېڭىشىغا بېقىپ ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن كېلەتتى. نەچچە قەدەم ماڭا- ماڭماي موماي گەپ كوچىلىغىلى تۇردى.

— ھە، نېمە كارىلارنى قىلدىڭ بالام؟

— شۇ، كېۋەزگە چىگىت تىكتىم، ئۈنگەندىن كېيىن ئوتاق- سۇلۇقىنى كۆتۈرە ئېلىپ پەرۋىشلىدىم، تاكى پاختىسىنى يىغقۇچە شۇ يەردە ئىشلىدىم.

— ۋايىيەي...... يىللىقتا تۇرغاندەك دېگىنە؟ پۇلىنىمۇ خېلى

تاپقانسەن ئەمسە؟

— ئىشقىلىپ، خۇدانىڭ بەرگىنىنى ئېلىپ كەلدىم.

ئۇ ئەسلىدە 37 مىڭ كوي بىلەن كەلدىم دېمەكچى ئىدى، نېمىشقىدۇر مۇجمەللا قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەي......تىرىكچىلىك قىلماق مۇشكۇل- دە، ئادەمگە. ھەر نېمە بولسا ساق- سالامەت كەپسەن مانا.

موماي تاكى ئۇ ئۆز ئىشكى ئالدىغا بارغۇچە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ ماڭدى. نۇرمەمەت تەمەچلەرنى ئۇنىڭ ھويلىسىغىچە ئەكىرىپ بېرىپ، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە ياندى.

ئۇ ئۆز ئۆيىگە قايرىلىدىغان تار كوچا ئېغىزىغا يەتكەندە كۈن مەھەللىنىڭ غەربىي يېقىدىكى تېرەكلەر بېشىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ پەسلەپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ- قاراپ قويۇپ كوچا ئىچىگە كىردى. ئىككى قاسناقتىكى ئۆيلەردىن بىرنەچچىسنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئالدى تەرىپى جىگدە شېخى بىلەن قاشالانغان بىر ھويلا ئالدىدا توختىدى. بۇ ئۇنىڭ ھويلىسى — ئاتا مىراس ماكانى ئىدى.

نۇرمەمەت ئۆشنىسىدىكى خالتىنى چىت تۈۋىگە تاشلاپ، بېلىنى ئۆرە قىلدى. قاشانىڭ ئىچ تەرىپىگە دادىسى ئۆز قولى بىلەن سېلىپ قويغان ئۈچ تۈپ جانانە ئۆرۈكنىڭ قاشا ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشكەن شاخلىرى يول تەرەپكە قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ قەددىنى رۇسلاۋېتىپ، ئاپتاپ بىلەن شامال- يامغۇر يالاپ قىزارتىۋەتكەن جىگدە قاشاسىغا، يەنە شۇ شاخ- شۇمبىلار بىلەن توقۇلۇپ، يان سوقمىسىغا سىم بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئاددىيغىنە ئەگمە ئىشىكىگە سېغىنىش، مەمنۇنلۇق ئىلكىدە قاراپ ميىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆز ئالدىدىكى بۇ قاشا تام، ئەگمە ئىشىكلىك دېھقان ھويلىسى يوغان دەرۋازىسى بار خىش- كاھىشلىق، ھەشەمەتلىك قەسىرگە ئوخشايتتى. ئۇنى



قورشاپ تۇرغان ھەربىر تال شاخ، شاخلارغا يامىشىپ ئۆسكەن يۆگىمەچ، يەنە ئاللىقانداق ئوت- چۆپلەر، قاشا ئاراچلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان لاي تاملىق پاكار ئۆيلەردىن ئىنتىزارلىق قەلبىنىڭ تەقەززاسىنى باسقۇچى بىر خىل ئىللىق سېزىم چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاشۇ تەقەززالىقى ئىچىدە ئەگمە ئىشىكىگە قول سۇندى. لېكىن، قوللىرى ئىشىكنى چىگىپ قويغان سىم ئۈستىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن باشقا بىر ئىش كەچكەنىدى. ئۇ ئاشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسى، ياق، ئۆزىگە تارتىشى بىلەن ئۆز ئۆيىگە كىرىشنى قايرىپ قويۇپ، ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزىدىن تېخىمۇ ئۇچقان، ئۆز ھويلىسىدىنمۇ قەدىرلىكرەك يەنە بىر ھويلا بار ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن شۇ ھويلىنى تاۋاپ قىلىشى، شۇ ھويلىدا ھۆسن ئاچقان ھېلىقى گۈزەل ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى بىلەن ھاردۇقىنى چىقىرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يول بويى مۇشۇنىڭغا تەلپۈنۈپ كەلگەنىدى. نۇرمەمەت ئۆيىنىڭ يېنىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ شاخلىرى ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ شاققىدە توختاپ قالدى. ئۇ كۆزلەپ كەلگەن ھويلا ئىشكى ئالدىدا بىر يوچۇن گەۋدە قۇلۇپ بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. جىددىيلەشكىنىدىنمىكىن، قۇلۇپنى گاھ سىلكىپ، گاھ قايرىيتتى. بىر ئاچقۇچنى تارتىۋېلىپ، يەنە بىرىنى سالاتتى. نېمىگىدۇر تىتىلداۋاتقاندەك قىلاتتى.

«ئوغرى، چوقۇم ئوغرى. خەپ توختا......» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت كۆڭلىدە. نۇرمەمەت ئۆزىنى شاققىدە سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئۇ ئوغرىنى «مېلى بىلەن» تۇتماقچى ئىدى. «ئوغرى» كۆپ ھايالشمايلا قۇلۇپنى ئېچىپ، ھويلىغا بوراندەك كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا نۇرمەمەتمۇ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. قۇلۇپ دەرۋازا ئىلگىكە ئېسىپ قويۇلغانىدى. نۇرمەمەت قۇلۇپنى

قانداق تېز ئالغان بولسا، ئىلگەكنى شۇنداق تېزلىك بىلەن ئىلىپ قۇلۇپنى باستى، ئاندىن نېمىندۇر ئويلىغاندەك قىلىپ كىچىككىنە تۈرغاندىن كېيىن يېنىپلا كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ بېشىدىمۇ، ئاخىرىدىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا يولدىن بىرەر كىملەرنىڭ ئۆتۈپ قېلىشىغا، قايسىدۇر بىر ھويلىدىن ئاللىكىمنىڭ چىقىپ قېلىشىغا ـ ئۆزى بىلەن ھەمدەم بولۇپ ئوغرىنى تۇتۇشۇپ بېرىشىگە شۇنچە تەشنا ئىدى.

ئۈچ مىنۇت، تۆت مىنۇت، بەش مىنۇت ئۆتتى. نۇرمەمەت تېپىرلايتتى. ئۇن قويۇپ بىرەرسىنى تۈۋلاي، كىرىپ چاقىرىپ چىقاي دېسە، ئارىدا ئۇنىڭ تۇيۇپ قېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئاخىر نائىلاج دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئىشىك توختىماي جالاقلاۋاتاتتى. «ئوغرى» كىمنىدۇر ئەسەبىيلەرچە تىللاپ دەرۋازىغا مۇشتلايتتى.

«مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەنى مۇشۇ-دە! — دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت كىنايە بىلەن ئاچچىقلىنىپ،- يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ يەنە ۋارقىرايدا تېخى؟ خەپ توختا، ھەرقانچە توققۇز كۆۋرۈكنىڭ بۇلاڭچىسى بولۇپ كەتسەڭمۇ تۇتارمەن سېنى......

نۇرمەمەت يان تامغا يامىشىپلا ھويلىغا تاشلاندى. بايا سىرتتا كۆرگەن يوچۇن ئەر ئىشىك ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك قالغاندى. يەردە ئارغامچا بىلەن قوپالغىنە تېڭىلغان يوتقان- كۆرپە، ياغلىققا چىگىلگەن ئاللىقانداق نەرسىلەر تۇراتتى. ھېلىقى يوچۇن ئەر بولسا دەم ھەيران بولۇۋاتقاندەك، دەم غەزەپلىنىۋاتقاندەك نۇرمەمەتكە ھۈرپىيىپ تۇراتتى. نۇرمەمەت يەرگە دوڭغىيىپلا تام تۈۋىدىكى شاخ- شۇمبىلار ئارىسىدىن بىر تال ئوتۇننى سۇغۇرۇۋالدى. يوچۇن ئەر- ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «ئوغرى» ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا كەينىگە بىر قەدەم داجىپ توختىدى- دە،



كەينىدىنلا ئۆزىنى ئوڭشاپ، «شارت» قىلىپ يېنىدىن يوغان بىر پىچاقنى چىقاردى:

— ھۇ، مۇناپىق قارا كۆتەك! — تۈنجى بولۇپ تىل سالدى ئوغرى ئۇنىڭغا،- يۈرۈڭ قىزارماي ئۆز قوشناڭنى بۇلاي دەمسەن؟!

— ۋۇي؟ ئوغرى! ئوغرىنى تۇت دەپتۇ، دېگەندەك گەپ قىلىدا ماۋۇ كاساڭ يۈز؟ خىيالىڭدا سەن ئۆزۈڭنى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، مېنىڭ قوشنام دەۋاتامسەن؟ بۇ دېگەن ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ، رەۋىخان ئايالمنىڭ ئۆيى. مەن دېگەن دەل سەندەك كۈندۈز ئوغرىسىنى تۇتقىلى كىرگەن ئادەم مانا.

— نېمە بولساڭ بولماسەن؟ ئالدىراپ جان چىققىلىۋاتقاندا كاشىلا قىلىپ...... ئىشىگنى قىلە ماڭ چىقىپ! — «ئوغرى» يەردىكى نەرسىلەرگە قول سۇنۇپ بولۇپ تاققىدە نۇرمەمەتكە قارىدى،— بايا دەرۋازىنى ئېتىپ سالغىنى سەن ئەبگاركەنسەن-ھە؟ بولدى، سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشاي،— ئۇ كەينىگە يېنىپ، بايا نۇرمەمەت سىيرىلىپ چۈشكەن تامغا ياماشتى. نۇرمەمەت ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ سىيرىلدۇرۇۋەتتى، ئاندىن ياقىسىغا قول ئۇزىتاي دەپ تۇراتتى، ئاستىدىن ئۇچۇپ چىققان بىر مۇشت ياڭىقىغا زەرب بىلەن تەگدى. نۇرمەمەت «غاچ» قىلىپ تىلىنى چىشلىۋالدى. ئاڭغۇچە گەدىنىگە تەگكەن يەنە بىر مۇشت بىلەن ئۆز ئىزىغا گولۇپپىدە چۈشتى.

نۇرمەمەت ئېسىنى تاپقاندا، بايا شۇڭغۇپ كىرگەن سۆگەت ئاستىدا دۈم ياتاتتى. ئېغىز- بۇرنى غىچچىدە قان ئارىلاش لاي بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. چاينىۋالغان تىلى ئىششىپ-يوغىناپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاغزىدا لىققىدە بىرنەرسە باردەك سېزىلەتتى. ئۇ مىڭ تەستە ئۆرە بولۇپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ئېغىز ـ بۇرنىدىكى لايلارنى تازىلىدى. تىلى ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشاتتى. يۈز مۇسكۇللىرى كىچىككىنە قىمىرلاپ قالسىمۇ جېنى

قاقشاپ كېتەتتى.

— قولى قورۇپ كەتكۈر پېسەندى، ئەجەب قاتتىق ئۇرۇۋەتتىا؟— دېدى نۇرمەمەت ئىچىدە،— ئوغرى- بۇلاڭچى دېگەنىنىڭغۇ مال- مۈلۈكلا ئەمەس، خەقنىڭ جېنى بىلەنمۇ كارى يوق ئەسلى...... راست، نېمىلەرنى بۇلاپ كەتكەندۇ ئۆيدىن؟ ئۆيدىكىلەر نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟— نۇرمەمەت سۆگەتكە تايىنىپ تەستە ئۆرە بولدى. يەنە نېمە ئىش بولدىكىن دېگەندەك دەرۋازىغا كۆز سالدى. ئىشىككە بايا ئۆزى بېسۋەتكەن سېرىق تۈچ قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ قۇلۇپلۇق دەرۋازىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ، ئاستاغىنە كەينىگە بۇرۇلدى.

نۇرمەمەتنىڭ هاردۇقىغا يەنە بىر زەربە- بايىقى تاياقنىڭ زەربىسى قوشۇلغانىدى. ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى تەستە سۆرەپ، يەنە هويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەگمە ئىشىك بۇندىن ئالتە ئاي ئىلگىرى يان سوقمىغا ئۆزى سىم بىلەن تېڭىۋەتكەن پېتىچە تۇراتتى. ئىشىك تاڭغان سىم داتلاپ قىپقىزىل رەڭگە كىرىپ قالغانىدى. ئاياغ تەگمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئىشىك، قاشا- چىت تۈۋلىرىنى ساپلا لويلا، قومۇش، قامغاقلار قاپلاپ كەتكەنىدى. «تالا بولغاندىكىن هېچقىسى يوق، ئەتىگىچە قىرىپ ئاقلىۋېتەرمەن......» دەپ قويدى نۇرمەمەت ئۆزىگە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ.

نۇرمەمەت ئىشىك ئولغىمىچىنى قولى بىلەن ياندۇرۇپ هويلىغا كىردى. كىردى - يۇ، هويلا ئىچىگە قاراپ يەنە بىر قېتىم تۇرۇپلا قالدى. قاشا تام بىلەن ئۆي تېمى ئارىلىقىدىكى ئۈستى ئوچۇق سەينانىمۇ غۇچچىدە ئوت- چۆپ بېسىپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ پېشايۋانىسىز قانىتىدىكى تاملىرىنى بويلىتىپ، بىرسى ئاتايىن ئۇرۇق چېچىپ قويغاندەكلا قومۇش بىلەن سۈپۈرگە قاپلاپ كەتكەنىدى. قومۇشلارنىڭ ئۇچى ئۆگزىگە يېتەتتى. يەر يۈزىنى ئاز كۆرگەندەك،



تاملاردىنمۇ بىرنەچچە تۈپ قومۇش، قامغاق تېشىپ چىققانىدى. بوسۇغا ئاستىنى چۈمۈلىلەر ماكان ئەتكەن بولسا كېرەك، بىر توپ چۈمۈلە كامارلارغا توختىماستىن كىرىپ- چىقىپ تۇراتتى. ئەتراپنى توپ- توپ قارا چۈمۈلە قاپلاپ كەتكەنىدى. نۇرمەمەتنىڭ بايا تېپىۋالغان كۆڭۈل غەشلىكىگە يەنە بىر غەشلىك قوشۇلدى.

— ۋۇي پېسلەر، ۋۇي قورۇپ كەتكۈرلەر! — نىدا قىلدى نۇرمەمەتنىڭ ئازارلىق دىلى،— مېنى ئۆلدىگە، مەڭگۈلۈك يوقالغانغا چىقىرىۋېتىشكەن ئوخشاشامسەن؟ يوقال، يوقىلىش!!

ئۇ سەۋدايىلارچە چېچاڭشىپ، چۈمۈلىلەرنى چەيلەشكە، دەسسەشكە باشلىدى. ئۇ تاپىلداپ چۈمۈلە دەسسەۋاتقاندا، تام تۈۋىدىكى سۈپۈرگىلەر ئارىسىدىن بىر قارا چاشقان چىقىپ، هويلا قاشاسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. نۇرمەمەت ئۇ كۈنى تالا ئەمەس، ئۆي ئىچىنى تازىلاپ تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. پەقەت، پېشايۋان ئاستىنى نېرى- بېرى سۈپۈرۈپ- تۈزەپلا ئۆزىنى تۆشەككە تاشلىدى.

**2**

مەهەللە خورازلىرى بەس- بەستە چىللىشىپ، يېڭى بىر تاڭدىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى. نۇرمەمەت ياڭراق بىر چىللاقتىن چۆچۈپ ئويغاندى. شەرق ئۇپۇقىدا خىرە- شىرە يورۇقلۇق پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى كۆتۈرگۈچە بايىقى خوراز ئۈنى يەنە بىر قېتىم جېنىغا تەگدى. ئۇ قايىسىبىر قوشنىسىنىڭ ئېزىپ كىرىپ قالغان خورىزى بولۇپ، ئۆزى ياتقان سۇپىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپلا چىللاۋاتاتتى.

— تاخە، ئەبگا! — دېدى نۇرمەمەت ئاچچىقىدا. ئەمما،

ئارقىدىنلا «ۋايىەي» دېگىنىچە ئاغزىنى كاپپىدە تۇتتى. تۇتۇش بىلەن تەڭ ئاغرىق يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. ئۇنىڭ تىلى ئەمدى مىدىرلىسا بولمايتتى. كىچىككىنە قىمىرلاپ كەتسە، ئاغرىقى مېڭىسىگە تېپەتتى. «قارىغاندا، ئاش- نانمۇ يېيەلمەيدىغان ئوخشايمەن تېخى، خەپ، ئوغرىنى بوش چاغلاپ قاپتىمەن، قولۇمدا يوغان بىر تال ئوتۇن بولغاندىكىن، كوم، كوم قويۇپ يىقىتىپ، ئاندىن نېمە بالا كەلسە بىر يولى كۆرسەم بولماسمىدى؟ قاراپ تۇرۇپ جىنەستىنىڭ نەرسىلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدىم- دە» دەپ ئويلىدى ئۇ قوۋۇزلىرىنى ئاستا- ئاستا سىلاشتۇرۇۋېتىپ.

نۇرمەمەت بايىقى ئاغرىق بىلەن كىرگەن خىياللار قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقىپ، بىر چۆگۈن سۇنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆرۈكلەر ئاستىغا زوڭزايدى. ئالدىرىماي تاھارەت ئېلىپ، پېشايۋانغا جايناماز سالدى. ئەسلىدە ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى بامداتنى مەھەللە مەسچىتىگە چىقىپ ئوقۇغاچ، مەھەللىدىكىلەر بىلەن سالام- ساھەتلىشىۋېلىش ئويى بار ئىدى. ئەمما، ئېغىز- بۇرنىدىكى ئىششىقتىن نومۇس قىلىپ، بامدات نامىزىنى ئۆيىدىلا ئادا قىلدى.

نۇرمەمەتنىڭ نامازدىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى يۈز- كۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈپ بېقىش بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھۆپپىدە ئىششىپ، كۆزلىرىمۇ پۈتۈپ قالاي دېگەنىدى. ئۇ ئاغزىنى ناھايىتى تەستە ئېچىپ، تىلىنىڭ ئۇچىنى كىچىككىنە چىقاردى- دە، چۆچۈپ كەتتى. تىلىنىڭ ئەينەكتىن كۆرۈنگەن قىسمى خۇددى ئاغزىغا بىر پارچە كۆمۈرنى سېلىۋالغاندەك قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. تىلىلا ئەمەس، لەۋلىرىمۇ قوغۇشۇندەك كۆك ئىدى. تىلىنىڭ مۇچ سۆركەپ قويغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىشىدىن جان- جېنى قاقشاپ تۇراتتى. ئىككى چېكىسى چىڭقىلىپ، باشلىرىمۇ زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

ئۇ ئەينەك ئالدىدىن قايتىپ، سۇپا لېۋىگە كەلدى.



ئولتۇرماقچى بولۇپ يەنە تۇرۇپ كەتتى ۋە بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ھويلىسىنىڭ شەرق تېمىدىكى پاكار تام ئالدىغا كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا مۇشۇ ھويلىغا دائىم تىكىلىنىپ قارايدىغان «قورۇلى» ئىدى. ئۇ تام ئىچىنى، ئېنىقراقى، تام ئىچىدىكى «ئەتىرگۈل» نى مۇشۇ مۇقەددەس جايدا تۇرۇپ كۆزىتەتتى. مۇشۇ جايدا تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپمۇ ئالاتتى. ئىسىت، تۈنۈگۈن كەچ نېمىشقىمۇ ئاۋۋال مۇشۇ يەردىن قاراپ باقمىغان بولغىيدى؟ شۇنداق قىلغان بولسا، ھېلىقى نېسى تاياقنىمۇ يەپ كەتمىگەن بولار ئىدىمىكىن؟ ياق، ئۇنىڭ بۇ يەردىن ماراپ يۈرۈش ئەمەس، چوڭ ئىشىكتىن مەردانە كىرىپ، ئۇنى كۆز ئالدىدىن كۆرۈش، تىنىقلىرىنى يېقىن ئارىدىن ھىدلاش ئويى غالىب ئىدى. ئالتە ئاي ھىجراندا قاناپ چىققان يۈرەك شۇنداق قىلىشقا تەشنا ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنى ئاشۇ قارغىش تەگكۈر قىسمەت كۈتۈۋالدى.

نۇرمەمەت پۈت ئۇچى بىلەن ئېگىزلىنىپ پاسىل تام ئارقىسىدىكى ھويلىغا سەپسالدى. قۇلىقىنى سىڭار يان قىلىپ تىۋىش ئىزدىدى. بىرەر كىمنى چىقىپ قالارمىكىن دېگەندەك قىلىپ ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ھويلىدىن بىرەرسىنىڭ قارىسى ئەمەس، «تىرىق» قىلغان تىۋىشمۇ ئاڭلانمايتتى. بۇ ئاخشام تاياق يېگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ھويلا — جىنەستىنىڭ قورۇسى ئىدى. «ئۇلار پەيدا بولمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا بىرەر ئۈن- تىۋىش بولسىمۇ چىقار ئىدى. ھەي...... ئۆيىدە بولغان ئىشلاردىن خەۋىرى يوق- تە، بىچارىلەرنىڭ. نېمىلىرىنىڭ يوقلىپ، نېمىلىرىنىڭ قالغىنىنىمۇ بىلىشمەيدۇ ھەقاچان......» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت.

نۇرمەمەت ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئارقىسىغا ياندى. ياندى- يۇ، ئىختىيارسىز تالاغا چىقىپ، ئارقا ھويلىغا بۇرۇلدى. دەرۋازا ھېلىھەم

تاقاق، سىرىق تۇچ قۇلۇپ ئاخشام ئېتىلگەن پېتىچە پارقىراپ تۇراتتى. نۇرمەمەت ئەھۋالنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە قانداقتۇر بىر خىل تارتىش كۈچىنىڭ زورى بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. تۇچ قۇلۇپنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىنى سىلاپ ئۇزاققىچە تۇردى. شۇ ئەسنادا يول تەرەپتىن كىمنىڭدۇر يۆتەلگەن، ئاندىن بىركىملەرنىڭ گودۇڭلاشقان تىۋىشى ئاڭلاندى. ئاۋاز بىلەن تەڭ نۇرمەمەت ئىچىگە كىرىپ كەلگەن غايىبانە بىر خىل خۇدۈكسىرەش تۇيغۇسىنىڭ زورى بىلەن ئويۇل- توپۇل كەينىگە يېنىپ يول ئۈستىگە چىقتى. ئېشەك ھارۋىلىق ئىككى ئادەم ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يولنىڭ ئىككى بېشىغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاستاغىنە ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

نۇرمەمەت ئاغزىنىڭ ئاغرىشىدىن قورقۇپ خېلىغىچە ناشتا قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي يۈردى. كېيىن زورىغا تۇرۇپ چاي قايناتتى. بىر پارچە ناننى كورىغا چىلاپ ئۇزاق دۈملىدى. قوشۇق بىلەن مىجىپ ئۇماچتەك قىلدى. بىر يۇتۇم- بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ قورسىقىنى ئازراق بولسىمۇ ئەستەرلىدى. ئۇنىڭ ياتقۇسى، ئارام ئالغۇسى بار ئىدى. ئاغرىقى يېنىنى يەرگە سۆرەپلا تۇراتتى. ئۇ ھويلىسىدىكى «جاڭگىلىستان» لىققا قاراپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. كەتمىنىنى ئېلىپ چىقىپ، تام بويلاپ ئۆسۈپ كەتكەن ھېلىقى قومۇش، سۈپۈرگىلەرنى بىر- بىرلەپ قىرىپ يىقىتتى. ئۆي، ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچتى. ئەمدى ئاخشامقى چۈمۈللەر كارۋىنىمۇ بوسۇغا ئاستىدىكى لەڭگىرىنى تاشلاپ، نەلەرگىدۇر تاراپ كېتىشكەنىدى. پەقەت كېچە سىرتتا تۈنەپ قالغان بىرنەچچە ئازغۇن چۈمۈلە يېڭىلا سۇ چېچىلغان نەم توپا ئۈستىدە ھەيرانلىق بىلەن تېڭىرقىشىپ يۈرەتتى.

نۇرمەمەت بۇ ھاللارغا ئانچە سىنەكىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ئويىدا مەھەللىدىكىلەردىن ساۋۇت مۇئەللىملەرنىڭ ئىز-



دىرىكىنى سوراپ بېقىش، ئاندىن ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش خىيالى قوزغىلىۋاتاتتى. ئۇ چۈشكە يېقىن ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئۇقۇشتى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر يان قوشنىسىنىڭ «مۇئەللىم تۈگەپ كەتكىلى ئىككى ئاي بولدى. قالغانلار يېزا بازىرىغا كەتتىمىكىن» دېگەن بىر ئېغىز گېپىدىن باشقا ھېچكىم ئۇلار توغرىسىدا ئېنىق بىرنېمە دەپ بېرەلمىدى. نۇرمەمەت تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ «مۇئەللىم تۈگەپ كەتتى» دېگەن گەپكە ئىشەنمەيۋاتاتتى.

— تەندۇرۇس بىر ئادەم قانداقلارچە تۈگەپ كېتىدۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ يە؟

— ھە، شۇنداق. مۇئەللىم ئۇ...... ئۇ......تۈگەپ كەتتى،— ئۇ «ئاكاڭنىڭ كاشىلىسىدىن ئۆلۈپ كەتتى» دېمەكچى ئىدى، لېكىن شۇنداقلا دەپ توختىۋالدى.

— مەرھۇمنىڭ جايى جەننەتتە بولار! — دېدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئىككى ئالىقىنىنى يۈزىگە سۈۋاپ قويۇپ كەينىگە ياندى.

ئۇ توپىلىق مەھەللە يولىدىن يېڭىلا شېغىل يېيىتىلغان يولغا چىقىپ خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتاتتى. نەچچە قەدەم كەينىگە كېلىپ قالغان ماشىنا ئۈنىگە دىققەت قىلمىغان چېغى، تاتىلداپ چىققان سىگنال ئاۋازىدىن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى ۋە تەمتىرىگىنىدىن ئۆڭ يېنىغا داجىدى. داجىش بىلەن تەڭ چىر...... رىدە قىلغان بىر ئاۋازدىن كېيىن بىرنەرسە كېلىپ ساغرىسىغا دوققىدە ئۇسىدى. نۇرمەمەت يان تەرەپتىكى كارىز ئىچىگە دومىلاپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئوڭسۈلى ئۆچكەن بىر تاقىر باش ماشىنىدىن چىقىپ ئۇنى يۆلەپ چىقاردى. سوتكا ئىچىدە ئارقا- ئارقىدىن ئىككى قېتىم تالاپەت يېگەن نۇرمەھەممەت ھودۇققىنىدىن ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— ۋوي- ۋۇي...... سەن...... سەن نۇرمەمەتقۇ؟ ۋاي،

جېنىم ئۇكام، قاچانلاردا پەيدا بولغانتىڭ؟ ھەر نېمە بولسىمۇ يات ئادەم چىقىپ قالمىدىڭ دېگىنە؟ پۇت- قولۇڭ ساقتۇ؟ بىرەر يېرىڭ...... — بۇ نۇرمەمەتنىڭ چوڭ ئاكىسى نۇرئەخمەت ئىدى.

— بولدى، غەم يېمە ئاكا. ھېچنېمە بولمىدىم. بىرئاز قورقۇپ كېتىپتىمەن شۇ،— نۇرمەمەت ھېلىھەم شامال سوققان ياپراقتەك دىرىلداۋاتاتتى. يۈرىكى ئات چاپچىغاندەك دۈكۈرلەيتتى.

— ۋاي خۇدايىم،— نۇرئەخمەت ئىنىسىنىڭ ئىششىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قاراپ پېشانىسىگە پاققىدە ئۇردى،— تاش- پاشقا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ئۇكام؟ كۆزۈمگە...... كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامسەن يا؟ بول ئۇكام، ماشىنىغا چىق. دوختۇرغا ئاپىراي سېنى.

— ياقەي ئاكا، نېمە بولغانغا بارارمىز دوختۇرخانىغا؟ ناھايىتى شۇ قورقۇپ كېتىپتىمەن، ئوڭشىلىپ قالىمەن.

— ياق- ياق، سەل قارىساق چاتىقى چىقىدۇ كېيىن. ماڭ، ماڭ ماشىنىغا چىق.

نۇرئەخمەت ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي نۇرمەمەتنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ماشىنىغا چىقاردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا جىنەستىلەرنى تېپىپ، ئۆيىنىڭ ئوغرىلىنىش ئەھۋالىدىن بالدۇرراق خەۋەردار قىلىشتىنمۇ ئارتۇقراق ئالدىراشچىلىقى يوق ئىدى. ئۆزى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارسىمۇ، بارمىسىمۇ بەرىبىر ئىدى. لېكىن، شۇ تاپتىكى ئالدىراشچىلىقى، كۆڭلىدىكى مەقسىتىنى ئاكىسىغا ئېيتىشنى خالىمايتتى. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر ئىدى.

نۇرمەمەت دوختۇرخانا بىناسىنىڭ كارىدورىدا كېتىۋېتىپ، تۈنۈگۈنكى ياپىلاق يۈز ئوغرىنى غىل- پاللا كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئامبۇلاتورىيەدىن بالنىست بىناسىغا ئۆتىدىغان ئارقا ئىشىكتىن بالنىست تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھېلىقى ئوغرىنى



تۇتۇۋېلىپ، جىنەستىلەرنىڭ مال- مۈلۈكلىرىنى ئورنىغا كەلتۈرۈشنىلا ئويلايتتى. تىلىنىڭ ئوت قۇيغاندەك كۆيۈشۈپ ئاغرىشىنىمۇ، ئاكىسىنىڭ بۇ يەرگە «يالاپ» ئەكىلىشلىرىنىمۇ تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ خىيالنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇدۇللا ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. نۇرئەخمەت كەينىدىن«ھاي، ھاي»لىغىنىچە قولىنى سوزۇپ قالدى.

— قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنىڭ،— دېدى نۇرئەخمەت ئىچىدە دوق قىلىپ،— نەدىنمۇ پۇتلاشتى بۇ پېشكەل؟ يولدا ھاڭۋاقتىدەك مېڭىپ، چاتاق تېپىپ بەرگىنى ئاز كەلگەندەك، نەگە بارىدىغاندۇر ئەمدى؟

ئۇ نومۇر قەغىزىنى ئېلىپلا ئىنىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. بالنىست بىناسىنىڭ ئارقا قورۇسىغا يەتكەندە، ئىنىسى بىرەيلەن بىلەن ياقىلىشىپ جېدەللىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۇياققا، نۇرمەمەت بۇياققا تارتاتتى. تۈرتۈشۈپ يېنىدىكى رېشاتكىغا تاقىلاتتى.

— ھاي، ھاي، نېمە ئىش بۇ؟ قولۇڭلارنى تارتىش! — نۇرئەخمەت تووۋلىغىنىچە ئىككىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىنىسىنى رېشاتكىغا تاقاپ تۇرغان گەزنە يۈزنى بىر مۇشت بىلەنلا ئېرىتىۋېتىشكە تەييار ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپلا قايىسىغا كايىپ، قايىسىنى ئەدەپلەشنى بىلەلمىگەندەك لەھزە تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن ئارىغا ئۆزىنى ئۇرۇپلا ئىككىسىنى ئىككى ياققا ئايرىۋېتىپ، ئىنىسىنىڭ رەقىبىگە قارىدى:

— نېمە ئىش بولدى تۇراخۇن، بىر- بىرىڭلارنىڭ قېنىنى ئىچكۈدەك بوغۇشۇپ؟

— ماۋۇ ساراڭدىن سورىمامسىلە؟

— ساراڭ دېگەن سەن، ھۇ، نومۇسسىز بۇلاڭچى!- نۇرمەمەت ئۇنىڭ ياقىسىدىن كاپپىدە ئالدى،— تۈنۈگۈن بوش كەپتىمەن ساڭا، ئەمدى قېچىپ باقە؟ ئاكا، بۇ دېگەن ئوغرى.

رەۋىخان ئايلىنىڭ......

— نېمە دەيسەنوي ئۇكام؟ قويۇۋەت، قويۇۋەت ئۇنى! تۇراخۇن قانداقمۇ ئوغرى بولسۇن؟

— شۇنى دېمەمسەن؟ بۇ...... بۇ...... ئەجەبمۇ چاپلاشقاق بىرنېمىكەن دېسە...... — تۇراخۇن دېگىنى نۇرئەخمەتكە ئەرز نەزىرىدە قارىدى،— ھۆددەس...... غىلتاڭلا تەلۋىكەن ئۇ، تەلۋە......

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، تۇراخۇن،— ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى نۇرئەخمەت،— ئاراڭلاردا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمىدىم، ئەمما نۇرمەمەت مېنىڭ بىر قورساق ئىنىم ئەمەسمۇ؟!

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ ئىنىم دەمسىنا ئۇنى؟— تۇراخۇننىڭ كۆزلىرى جامدەك كېرىلدى،— راست...... راست ئىنىڭما ئۇ؟ قارىسام، چىرايىڭلامۇ بىرئاز ئوخشاپ تۇرىدۇ.......

— شۇ ئەمەسمۇ؟

— تۇۋا خۇدايىم، ئۇنىڭ خۇي- پەيلى ئەجەب سىلەرگە ئوخشىمايدىكىنا؟ قارىمامسەن، ھاماچام بالىنىستىتا يېتىپ قاپتىكەن. تۈنۈگۈن ئۆيىگە بىرنەرسىلەرنى ئەكەلگىلى بارغانىدىم. «ئالدىرىساڭ ماڭا باق» دېگەندەك، بۇ ئىنىڭ ھېلى دەرۋازىنى ئېتىپ سالسا، ھېلى تامدىن چۈشكەن ئوغرىدەك چۆرەمدە كالتەك پىرقىرىتىپ يۈرىدۇ. بىر سائەت ۋاقتىمنى بىكار قىلدى دېگىنە، شۇ يەردە.

نۇرمەمەت «ھاماچامنىڭكىگە» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، سەل تېگىرقىغاندەك بولدى.

— نېمە دەيسىز؟ سىز...... سىزنىڭ ھاماچام دېگىنىڭىز......

— رەۋىخان ئايلىنى دەيدۇ شۇ، ئۇلار دېگەن تۇغقان،— لوقما سالدى نۇرئەخمەت،— سەن خاتا گۇمان قىلىپ قاپسەن



ئۇكام. ئىشقىلىپ، سىلەرنىڭ تونۇشمىغىنىڭلارنىڭ كاشىلىسىدىن بولۇپتۇ بۇ ئىشلار. بىرىڭلار مېنىڭ ئىنىم، بىرىڭلار بىر ھۆپىگەر تىجارەتچى. ئەجەب تەڭلىكتە قويدۇڭلارغۇ مېنى.

نۇرئەخمەت ئاشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، تۇراخۇننىڭ خاتىرىسىگە بىر سۈرەت لىپپىدە قىلىپ قوندى. ئۇ ھويلىدا چەيلىنىپ ياتقان ئاۋۇ بالىنى سۆرىگىنىچە سىرتقا ئېلىپ چىقىۋاتقىنىدا ئاغزىدىن قان سىرغىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسى قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا تۇراخۇن بۇلارغا پىسەنتمۇ قىلمايتتى. ۋۇجۇدىنى ئوراپ تۇرغان بىر خىل غەزەپ ۋە ئاچچىق كۈچىدىن ئۇنى سۆرىگەنچە چىقىپ سۆگەت ئاستىغا تاشلاپلا كېتىپ قالغانىدى.

— ئۇكام...... نۇر...... نۇرمەمەتخان، بىرەر- يېرىم چىشىڭ...

— چىشىم ئەمەس، تىلىمنى چايناۋالدىم،— دېدى نۇرمەمەت تەئەددى ئارىلاش،— مانا، يۈزۈمدىكى ماۋۇ ئىششىقلارنى كۆردىڭىزمۇ؟ سىزمۇ تازا بىر مۇتتەھەم......

— ۋاي- ۋۇي...... تىللاۋەرمىسەڭچۇ، ئۇكام، ئۇ چاغدا......

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، ھوي؟— نۇرئەخمەت ئارىدىكى گەپلەرنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك، بىردە تۇراخۇنغا، بىردە نۇرمەمەتكە قاراپ كەتتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ يۈزىدىكى ئىششىقنى ماشىنام ئۈسۈۋەتكەندە بىرنېمە بوپتۇ، دەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى بولسا ئۇلار باشقىچە گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. نۇرئەخمەت شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋاتقىنىدا تۇراخۇن نۇرمەمەتنى تارتقۇچلاۋاتاتتى.

— خاپا بولما ئۇكام، ئاكاڭ دېگەندەك تونۇشمىغانلىقىمىزنىڭ كاساپىتى بولۇپتۇ بۇ. ماڭ، سېنى ئۆزۈم داۋالىتاي!

— بولدى، بولدى ساڭا ئۇششۇقلۇق قىلغىلى كەلمىدۇق

بىز،— دېدى نۇرئەخمەت چاقچاق ئارىلاش،— سىنىڭسىزمۇ ئۆزۈم دوختۇرغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەلگەن ئۇنى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم ئىگە بولمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەن داۋالىتاي.

ئۇلار ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، دوختۇر قېشىغا بىللە كىرىشتى. نۇرمەمەتنىڭ تىل يارىسى خېلىلا ئېغىر ئىدى. دوختۇر ئۇنى تىكمىسە، يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بالنىستتا يېتىش قەغىزى كەستى.

«تازا بىر ئىش بولدى- دە بۇ،— دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت سەل نارازى بولغاندەك قىلىپ،— ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ دېگەندەك، جىنەستىلەرنى ئىزدەپ چىقىپ، بالنىستتا ياتىدىغان بولۇپ قالدىمغۇ ئەمدى؟» ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاۋېتىپ لاپ قىلىپ تۇراخۇنغا قارىدى:

— سىز بايا رەۋىخان ئايلامنى بالنىستتا دېدىڭىزما؟

— شۇنداق، ئۇ مۇشۇ يەردە. ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مەن...... مەن ئۇلارنى...... — نۇرمەمەتنىڭ ئېغىزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك نېمىشقىدۇر تىللىرى گەپكە قولاشمايۋاتاتتى. ئاغزىنى ھەربىر ئۆمەللىگەندە تىلىنىڭ ئاغرىقى بىلەن ئېچىشىشى جېنىغا تېگىپ قاقشاتاتتى. «ۋاي خۇدايىم، تىللىرىم بىردەمدىلا گەپكە كەلمەيۋاتىدۇيا؟ تەكشۈرىمەن دەپ، ئۇيان- بۇيان قايرىپ بىرنېمە قىلىپ قويدىمۇ ئەمدى. نېمانچە...... نېمانچە يوغىناپ......» ئۇنىڭ خىياللىرىنى نۇرئەخمەت بۆلدى:

— ۋۇي، جاۋغىيىڭدىن قان سىرغىۋاتىدۇيا، ئۇكام!؟ بول- بول!

نۇرمەمەتنىڭ جېنى ھەرقانچە قاقشاپ تۇرسىمۇ، كۆڭلى ھېلىھەم رەۋىخان ئايلىدا، توغرىسى جىنەستىدە ئىدى. ئۇنىڭچە



بولغاندا ئۆزىنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ئالدى بىلەن ئۆزى سېغىنغان، ئىنتىزارلىق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان كىشىسىنىڭ قېشىغا كىرگۈسى، ۋىسال دەقىقىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا چۆمگۈسى بار ئىدى. ئۇنى ئۇزاققا سوزۇلغان ھىجران سەۋداسى شۇنداق قىلىۋەتكەنىدى. ئەپسۇس، كۆيمىگەنلەر، كۆيۈكى يوقلار ئاشىقنىڭ ھالىنى نە بىلسۇن؟ نۇرئەخمەت ئۇنى يېتىلىگىنىچە تەكشۈرۈش بۆلۈمى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

## 3

نۇرمەمەت دوختۇرخانىغا كېتىۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە يېزا بازىرىدىن غولتوغىراق كەنتىگە قايرىلىدىغان شېغىللىق يولدا بىر ئېشەك ھارۋىسى غىچىرلاپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋا ھەيدەۋاتقان 23- 24 ياشلار چامىسىدىكى يىگىتنىڭ كەينىدە 50 ياشلاردىن ئاشقان ئورۇقچىنە بىر موماي ۋە ئوتتۇرا ياشلادىن ئۆتكەن يەنە بىر ئايال بىلەن 20 ياشلاردىكى چىرايلىق بىر قىز يانمۇيان ئولتۇراتتى.

موماي تولىمۇ ماغدۇرسىز، مەجۇن كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرا ياش ئايال بىلەن قىز ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىدىن مومايىنى قورۇقدىۋالغانىدى. يىگىت پات- پات يان تەرىپىگە قايرىلىپ، قىزغا خۇپپىيانە كۆز تاشلايتتى. ئۇنىڭ تولغان ئالمىدەك بەستى، تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قاش- كىرپىكى، يەنە ياشلىق گۈزەللىكىنىڭ نۇرلىرى بالقىپ تۇرىدىغان چېھرىدىن زوق ئالماقچى بولاتتى. لېكىن، ھارۋا ھەيدەش ئىشى ئىمكان بەرمىگەچ، ئۆز- ئۆزىدىن خۇيلىنىپ قالغانىدى.

قىز بۇنىڭدىن بىنەزەر، ئۆز خىيالى، ئۆز تەشۋىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. كۆزلىرىنى ھارۋا كەينىگە ئاستا- ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان شېغىللىق يولغا تىككىنىچە بىر سىيما، بىر گەۋدىنى

خىيال قىلاتتى. دىلى بىر ئىسمنى زىكىر قىلاتتى. كۆڭلى ئۆيىگە، ئۆيىگە تۇتاش ئۆرۈكلۈك ھويلىغا تەلپۈنەتتى. ئەپسۇس، بۇ ھويلىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قاتمۇقات قورشاۋ شاخلار ئوتتۇرىسىدا غېرىبسىنىپ تۇرىدىغان ئەگمە ئىشىكى ھامان ئېتىكلىك ئىدى. تاقىلىپ قالغىنىغا، ئېچىلىپ باقمىغىنىغا يىگىرمە يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ ئاشۇ ئەگمە ئىشىكنىڭ ئېچىلغان- ئېچىلمىغىنى، كۆز قارىچۇقلىرىغا ئۇيۇپ قالغان ئاشۇ بوغداي ئۆڭ چىراي ئىگىسىنىڭ مەھەللىگە پەيدا بولغان- بولمىغىنىنى بىلەلمەي رەللە ئىدى.

— ئاچامۇ تازا بىر چاغدا چاپلىشۋالدى ئانامغا، — دەپ نارازى بولاتتى ئېچىدە، — ساقلىقى مۇشۇنچىلىك ئەسلىگە كەلگەندىكىن، ئۆزۈممۇ قاراپ كېتەلەيتتىم ئەمەسمۇ، ئانامغا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرمەمەتنىڭمۇ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان. بىر قېتىملىق تېلېفونىدا «كۈز ئاخىرىغا قالماي يېنىپ كېلىمەن» دېگەن. مانا ئەمدى بىز كېتىۋاتىمىز. ھامىمام: «قىشنىمۇ بىزنىڭكىدە ئۆتكۈزسىلەر» دەيدۇ تېخى. بۇنىڭغا ئانامۇ ئۇنىمايدۇ ھەرقاچان......

قىز ئاشۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا يىگىت ئاستاغىنە يېنىغا قايرىلىپ، قىزغا يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىدى. شۇ چاغدا غۇر قىلىپ ئۆتكەن بىر شامال قىزنىڭ چېككە چاچلىرىنى تال- تال قىلىپ چاچتى. دىماقلىرىغا گۈپ قىلىپ قىزنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۇرۇلدى. يىگىت بىر پىيالە شېرىن شەربەت يۇتقاندەك لەززەتلەندى.

ئۇ ئەمدى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاي دېگەنىدى. بىقىنىغا تاياق سانجىلىشتىن خالىي قالغان ئېشەك ئالدىغا ئۇچرىغان قانداقتۇر بىرنەرسىنى پۇراپ توختاپ قالدى. يىگىت بۇنى سەزمەيتتى. بىردەملىك تۇرۇشتىن كېيىن خاسىيەتخان يېنىغا قارىدى.

— رۇسۇلاخۇن بالام، ئېشىكىڭىز......



يىگىت دىڭگىدە چۆچۈپ ئېشەككە «كوم» قىلىپ بىر تاياق سالدى. ئېشەك بېلىنى قىتىررىدە تولغاپ قويۇپ ئىزىغا چۈشتى. يىگىتنى ئۆزىگە شۇنچە مەپتۇن قىلىۋالغان بۇ قىز دەل نۇرمەمەتنى سەۋدالىق ئىلكىگە تاشلاپ قويۇپ، ئىزسىز يوقاپ كەتكەن مەشۇقى جىنەستە، موماي بولسا رەۋىخان ئايلا، ئوتتۇرا ياشلىق ئايال جىنەستىنىڭ چوڭ ئاچىسى خاسىيەتخان ئىدى. ئۇ رەۋىخان ئايلىنى دوختۇرخانىدىن چىقىرىپ، ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

رەۋىخان ئايلا ئانا- بالىنىڭ غولتوغراقتا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. ئارىدىكى بۇ قىسقىغىنە يەتتە كۈن جىنەستىگە يەتتە ئاينىڭ تەقىبىنى كۆرسەتتى. يۈرىكى سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋاقىت كىرىپچىلىرى ئارىسىدا توختىماي قىسىلاتتى. كاللىسىغا «قايتساق، قايتساق بولاتتى» دېگەن بىرلا ئارزۇ ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پونكىتتىن ئالغان رۇخسەت ۋاقتىمۇ توشۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ ئۇزاق- ئۇزاق ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن بىرەر سادا — قايتىش توغرىسىدا ئىنكاس چىقىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى. لېكىن، بۇ يېتىش رەۋىخانغا خۇشىيېقىپ قېلىۋاتقاندەك جىم- جىملا ئۆتۈۋاتاتتى.

— ئانا، — دېدى جىنەستە 10- كۈنى خالىي قالغان بىر پۇرسەتتە، - ئەجەب ئۆيىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، قايتىلىمۇ دېمەيسىزا؟ تۇرۇۋېرىمىزمۇ بۇ يەردە؟

— بۇ يەردە دەيسىزا بالام؟ بۇمۇ ئوخشاشلا ئاچىڭىزنىڭ ئۆيى جۇمۇڭ!

— ۋايىيەي، ئانا. ئۇنىغۇ بىلىمەن، نېمە دەپ قايتىشنىڭ گېپىنى قىلمايسىز، دەيمەن.

— دېدىم، نەچچە دېدىم. ئاچىڭىز ئۇنىمايۋاتسا قانداق قىلىمەن؟

— ئۇنىمدى، دەپ تۇرۇۋەرسەكمۇ بولماس، ئانا. مەن...... مەن سىقىلىشتىن ئۆلەي دېدىم. خىزمىتىممۇ تاشلىنىپ قېلىۋەردى. بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن گەپكە كىرگۈزۈڭ ئاچامنى.

— ماقۇل، مەن دەي. مەنمۇ بەك سېغىنىپ كەتتىم ئۆينى.

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقاندا، دالاندىن خاسىيەتخاننىڭ كىملەرگىدۇر «ۋاي، كېلىشسىلە، كېلىشسىلە. قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت......» دېگەن تەكەللۇپلۇق سۆزلىرى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەي ئۆيگە قولتۇقلىرىغا بىردىن داستىخاننى قىسقان ئۈچ ئايال كىرىپ كەلدى. جىنەستە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەننى تونۇدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ ئېرىگە تۇغقان كېلىدىغان ھاۋاخان ئىسىملىك ئايال بولۇپ، تېخى يېقىندىلا دوختۇرخانىدا ئانىسىنى يوقلاپ كەتكەنىدى. «يەنە ئانامنى كۆرگىلى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى جىنەستە ۋە كۆرپىلەرنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ بېرىپ سىرتقا مېڭىۋىدى، ئاچىسى كەينىدىن چىقتى.

— شاققىدە ئۇچاققا ئوت يېقىڭا، سىڭلىم.

— چاي قويىمەنمۇ، يا......

— بىرەر تەخسىدىن ھالۋا قىلايلىمىكىن.

جىنەستە قازاننى قىزىتقۇچە ئاچىسى ياغ بىلەن قەنتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. قول- قولدىن تۇتۇشۇپ بىردەمدىلا ھالۋىنى تەييار قىلىشىپ داستىخان سېلىشتى. جىنەستىنىڭ تائام ئۈستىدە ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاستاغىنە پېشايۋانغا چىقىپ كەتتى. سۇپىغا چىقىپ، باللارنىڭ قالايمىقان چېچىۋەتكەن ئوقۇشلۇقلىرىنى يىغىشتۇرغاچ بىر كىتابنى قولىغا ئالدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەنىدى. جىنەستە ھېلىھەم شۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بىركەمدە ھېلىقى ھاۋاخاننىڭ تولىمۇ سىپايە، تەكەللۇپلار بىلەن چىقىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.



— ئالدىلىرىدا داملاپ قويغىنىم ئەمەس، قىزىم تولىمۇ ئەدەپلىك، يۇسۇنلۇق چوڭ بولاپتۇ. ئەسلىدە ئۆيلىرىگە- ئالدىلىرىغا بېرىپ دېسەم بولىتتى. تەخىر قىلالمىدىم. ئوچۇقىنى دېسەم، قىزىمنى باشقا باغلارغا ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ ئالدىرىدىم......

— قايسى قىزنى دەيدىكىنە بۇ خوتۇن؟— دەپ ئويلىدى جىنەستە،— ئەجەب قىزنىڭ گېپىنى بۇ يەردە قىلىپ قاپتا؟ بىرسىگە خېرىدارلىق قىلاي دېدىمۇ- يا؟......

ئۇنىڭ ئويىنى ھاۋاخاننىڭ گېپى ئۈزدى.

— شۇنداق قىلىپ، جىنەستەمنى قىز قىلىۋالسام دەپ كېلىۋىدىم. ئىلتىپات قىلالامسىكىن؟

جىنەستىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ھازىرلا كىرىپ: «ياق، ياق! مېنىڭ ئادىمىم بار!!» — دېۋەتمەكچىدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تۇردى- يۇ، ئۆيگە ئەمەس، باغ تەرەپكە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان، يۈرەك خاھىشىنى چاناپ لەختە قىلىدىغان ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. ئاڭلىغۇسىلا ئەمەس، ئەھدە- پەيمانلىرىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭمۇ، قەلب قەسرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاشىقىنىڭمۇ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى بەربات قىلىشنى خالىمايتتى.

نېمە دەپ ئۆزۈم بىلمەيدىغان، كۆرۈپ- ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىرسىگە ياتلىق بولغۇدەكمەن؟ نۇرمەمەتكە نېمە دەيمەن؟ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟...... تېخى بازارغا سودا قىلىشقا كەلگەندەك، خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قىز سوراشلىرىنى نېمە دەي ئەمدى......

خەپ، ئانام ئاشۇ ياغلىما چۆپلەرنىڭ گەپلىرىگە ئېرىپ كېتىپ، ماقۇللۇق بېرىۋەتمىگىدى. ياق، «توغاننى سۇ كەلگۈچە تۇت» دەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىش ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندا ئۆزۈمنى مىڭ- مىڭ كاچاتلىغىنىم بىكار. گەپنى ئاڭلاپ قالغاندىكىن، ئانام

بىرنېمە دەپ بولغۇچە ئۆزۈملا جاۋابىنى بېرىۋېتەي....
جىنەستە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆيگە ئالدىراپلا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جىددىيلىكى، ئەلپازىنىڭ يامانلىقىغا قاراپ، ئۆيدىكىلەر داڭ قېتىپ قېلىشتى. ھەممىدىن بەك ھېلىقى ھاۋاخاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالغانىدى. تۇيغۇن ئانا ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەنىدەك بولدى. ئاچىسى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— نېمە بولدۇڭ ؟بىرنەرسىدىن قورقۇپ كەتتىڭمۇ، يا بىرسى چىشىڭغا تەگدىمۇ؟
— ھېچقايسىسى ئەمەس!
— ئەمىسە......
— مەن بۇ ئىشقا قوشۇلمايمەن! — جىنەستە شۇنداق دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.
— ۋىيەي،— دېدى ھاۋاخان تۇنجى بولۇپ،— ئەلپازى بەك يامانغۇ ئۇنىڭ. نېمە بولغاندۇ زادى؟
— باياتىندىن بېرىقى گەپ - سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ،— دېدى مېھمان ئاياللاردىن بىرى.
— ئاڭلىسا ئاڭلىمامدۇ؟ بالا دېگەن ئاتا- ئانىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەۋىخاچامغۇ ياق، دېگىنى يوققۇ تېخى؟— ھاۋاخان شۇلارنى دەپ لىۋىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى.
ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى. ھەممىسى رەۋىخان ئايىلغا قارايتتى. رەۋىخان بولسا نېمە دېيىشىنى بىلمىگەندەك سۈكۈتكە پاتقانىدى.
— ئۆزلىرى بىرنېمە دەپ باقسىلا، رەۋىخان ئاچا،— سۆيلىدى مېھمان ئاياللاردىن بىرى،— بايا دېگىنىمدەك، ئالدىلىرىغا زور ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن كەپتىمىز، خېنىمنى كېلىن قىلىۋالساق بولارمۇ؟



— مەنچىغۇ، بولمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، ئەمما قاراپ باقسام، بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقمايمۇ بولمىغۇدەك. مەسلىھەتلىشىپ جاۋابىنى بەرسەكمىكىن.
قىز سوراش، قۇدىلىششىنىڭ رەسمى شۇنداق ئىدى. ھەممە ئىشنى بىر قېتىمدا پۈتكۈزۈپ كەتكىلى بولمايتتى. مېھمانلار «جاۋابلىرىنى كۈتىمىز ئەمىسە» دېيىشىپ قوزغىلىشتى. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن خاسىيەتخان گەپ ئاچتى:
— جىنەستە ئەجەب چىچاڭشىپ كەتتىيا، يېنىڭىزغا باشقا بىركىملەرمۇ كەلگەنمىدى- يا؟
— ۋايىيەي، كەلمەي قالامدۇ؟ كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىدىكىلەر نەچچە كېلىپ بولدى. باشقا يەرلەردىنمۇ كەلدى.ئەمما ئۇنى ئاشۇ نۇرمەمەت چۆرگۈلىتىپ يۈرەمدىكىن دەيمەن.
— قايسى نۇرمەمەت ئۇ؟
— تام قوشىنىمىزچۇ؟
— ئەشۇ...... ئاشۇ ساۋۇت دادامنىڭ قاتىللىرىما؟! ئۇيالماي، يۈزلىرى قىزارماي سىڭلىمغا كۆز تىكەمدىكەن؟!— ئۇ تىتىلداپ كەتكەنىدى.
— مېنىڭمۇ ئۆچلۈكۈم بوش ئەمەس ئۇلارغا،— دېدى رەۋىخان،— رەھمەتلىكنىڭ ئۆلۈمىنى ئويلىساملا مېنىڭمۇ قۇيقا چېچىم تىك بولىدۇ.
— ئەمما تىكەننى كىرگەن يېرىدىن ئالمىساقمۇ بولمايدۇ،- بۇ جىنەستىنىڭ ئاۋازى ئىدى. سىرتتا تۇرۇپ گەپكە ئارىلىشىۋاتاتتى،— گۇناھ ئاكىسىدا، نۇرئابدۇللا دېگەن دۆيۈزدە! ھەممىنى قاپساپ ئەسكىگە چىقىرىۋەتسە ئادىللىق بولامدا؟
— ئۇنىڭ رايى شۇ تۇرسا،— دېدى رەۋىخان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك،— لېكىن شۇ...... ماڭىمۇ خوپ كەلمەيدۇ ئۇلار.
— راست دەيسىز ئانا، نۇرمەمەت دېگەن ئۇچ ۋاقلىقنى

مەدىكارچىلىقتىن تېپىپ يەيدىغان داڭ كوتا تۇرسا، ئۇنى نېمىسگە تاپىنىپ ئالدۇ؟

— تويلۇقىغۇ بىر گەپ، كېيىنكى تۇرمۇشنى دېگىنە؟ مەنمۇ تايانچىم يوق تۇل قالدىم، كۆزلەيدىغىنىم، بىرگىمۇ يېتىك بولالايدىغان كۈيئوغۇل بولسىكەن دەيمەن.

— ئويلىغىنىڭىزمۇ راست، ئانا. مېنىڭچە، ھاۋاخانلار بولۇپ قالارمىكىن. قول ئىلكىمۇ خېلى ئۇزۇن ئۇلارنىڭ.

— بۇ جاھىل ھېلىتىن بايىقىدەك قىلىپ يۈرسە، نېمىمۇ دېيىشىمىزكىن تاڭ.

— ئۇنىڭغا ئۆزۈم چۈشەندۈرىمەن- مانا. ھەراست، نەگە ماڭغاندۇ ئۇ؟

خاسىيەتخان شۇنداق دەپلا تالاغا ماڭدى. ئۇنى بىر- ئىككى قېتىم چاقىرىپ باققا ئۆتتى. باغدىن يېنىپ ئۆگزىگە، يەنە ئاللا بىر يەرلەرگە قارىدى. ئۇنىڭ يا ئۆزى، يا ئاۋازى يوق ئىدى. رەۋشخان سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— بالام، ئۇ...... ئۇ، بولمىغۇر ئىشتىن بىرەرنى قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە؟

— ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەس؟

— ھەر ھالدا ھېزى بولمىساق بولمايدۇ. مەن ئۆزۈم چىقاي،- ئانا ئورنىدىن قوزغالدى.



## توققۇزىنچى باب

# كېلىن تاللىش

### 1

نۇرمەمەت مۇنداقلا بىر تەكشۈرۈپ، ئانچە- مۇنچە دورىلارنى يېزىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تىلىنى كۆرگەن ياش دوختۇر بالا پايپېتەك بولۇپ كەتتى. بالىنىستقا دېسە، بالىنىستقا دەپ، ئۆزى بىللە بېرىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىپ قايتتى. نۇرمەمەت دوختۇرخانىغا شۇ كىرگىنىچە 25 كۈن ياتتى. ئۇنىڭسىزمۇ باشتا ئانچە بىلىنمىگەن ئاغرىق كېيىن ئۆزىنى تازا كۆرسەتتى. 10 كۈنگىچە پەقەت گۈرۈچ شورپىسى، قۇۋۋەت ئوكۇللىرى بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزدى.

مۇشۇ يېشىغىچە بىرەر كۈنمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ باقمىغان بۇ يىگىتكە ھە دېگەندە بۇ يېتىش تولىمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. كۈن- تۈنلەر ئەمەس، كېسەل كارىۋىتى ئۈستىدىكى ھەربىر دەقىقىلىرىمۇ شۇنچە ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، كۈن- تۈنلەرنىڭ پايانى سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىچى تىتىلداپ، بۇ بۇرۇقتۇملۇق ماكانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىغانسېرى يارىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى شۇنچە ئاستا بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا پەقەت جىنەستە بىلەن بىللە يۈرۈپ كۆرۈپ تۇرىدىغان شېرىن چۈشلىرى، ۋىسال ئارزۇسىنىڭ ئوتى بىلەن

يۇغۇرۇلغان يالقۇنلۇق ئارزۇ- ئارمانلىرى، سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئاچچىق- تاتلىق ئەسلىمىلىرىلا تەسەللى ۋە مۇڭداش بولۇپ كېلەتتى. ئەنە شۇ خىيال ۋە ئەسلىمىلەر بىزە بولسىمۇ ئاشۇ زېرىكىشلىك ۋاقىت پايانىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۇنتۇلدۇراتتى.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئاكىسى نۇرئەخمەتنىڭ تەقەززاسى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. «قاياقتىن كېلىپ پۇتلاشتى بۇ لامزەللە ماشىنامنىڭ ئالدىغا! ئۇنى باقمەن، ئاش- تائام توشۇيمەن دەپ، كۈندە بىرمۇنچە ۋاقتىم كېتىۋاتىدۇ. پىلانلىغان ئىشلىرىم نەدە قالدى ئەمدى؟ ۋاقتىنىڭ ئۆزى پۇل ئەمەسمىدى ماڭا؟.......» دەپ تېرىكەتتى ئۇ.

نۇرمەمەت ئاكىسىنىڭ بۇ ئويلىرىنى بىلمەيتتى. ئەكسىچە، دادام رەھمەتلىك: «بىر تۇغقان دېگەننىڭ بېغى مەھكەم كېلىدۇ» دەيدىغان. ئاكامنىڭ ساق ۋاقتىمدا كارى بولمىغاندەك، قارىمىغاندەك قىلغىنى بىلەن، يەنىلا تۇغقانلىق مېھرى باركەن. مانا، ئاغرىپ يېتىپ قېلىۋىدىم، تاشلىنىپ قېلىشىمغا چىدىمىدى. مېنى دەپ ھەر كۈنى پايپېتەك بولۇۋاتىدۇ، ساقايسام ئۇنىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، دەپ ئويلايتتى.

شۇنداق قىلىپ نۇرمەمەت 25- كۈنى كەچتە ياتاقتىن چىقتى. دوختۇرلارنىڭ رايى بويىچە ئەمەس، ئاكىسىنىڭ «ئەمدى ئۆزۈم قارىۋالاي» دەپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن چىقتى. ئاكىسى بۇ قېتىم كۆمۈش رەڭلىك يېپيېڭى بىر ماشىنا بىلەن كەلگەنىدى.

— ماشىنىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋالغان ئوخشىمامسىز، ئاكا؟— سورىدى نۇرمەمەت،— ئۆتكەنكىسىمۇ......

— قويە ئۇ ماشىنىنى! — دېدى ئاكىسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ،— ھېلىمۇ ئۇزاق مىنىپ كەتتىم ئۇ قوتۇر ئېشەككە. ماشىنا بىلەن خو...... — ئۇ «خوتۇننى» دېمەكچى ئىدى، نېمىشقىدۇر گېپىنى ئوڭشىۋالدى،— ھە، بىر ماشىنىنى بارغۇ ئۇزاق ئىشلىتىپ



كەتسىمۇ ياراشمايدۇ ئادەمگە.

نۇرمەمەت جىممىدە بولۇپ قالدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى تۇيۇپ قالغانىدى. تۇيۇپ قالدىلا ئەمەس، ئەمەلدە قىلغانلىرىنىڭ تېگى- تەكتىنىمۇ يەتكەندەك قىلاتتى. شۇ گەپتىن كېيىن نۇرمەمەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئاكىسىنىڭ ئاتىسى ھايات چاغدا ئۆيلەپ قويغان تۇنجى ئايالىنى ئىككى بالا بىلەن زار قاقشىتىپ قويۇۋەتكەن چاغدىكى مەنزىرە گەۋدىلەندى.

شۇ كۈنى نۇرمەمەت نېمە ئىش بىلەندۇر ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. ئۇ نەق جېدەلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى. ھويلىدا بىرمۇنچە ئايالچە كىيىم- كېچەكلەر، ئاللىقانداقتۇر تۈگۈچ- بوغچىلار، ئىككى چامادان قاتارلىق نەرسىلەر قالايمىقان تاشلانغانىدى. ئايالى ئىككى بالىسىنى ئىككى يېنىغا ئالغىنىچە ياش تۆكۈپ تۇراتتى. نۇرمەمەت دەرۋازىدىن كىرىپلا چىپپىدە توختاپ قالدى.

— يەنە ئالدىغان نېمەڭ بار؟ نېمەڭ بار؟! — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى ئاكىسى. ئايالى بولسا:

— مېنى دېمىسىڭىزمۇ، ماۋۇ باللارنىڭ يۈزىگە قاراڭ، بىر ئۆيلۈك بولۇپ بۇنچە بولغاندا سورۇقچىلىق تارتىپ يۈرسەك قوشنىلار نېمە دەيدۇ بىزنى؟ — دەيتتى.

— خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن نېمە كارىڭ سېنىڭ؟ تولا پوتلا- ماڭقاڭنى ئېقىتىپ ئىچىمنى پۇشۇرماي، يىتكىنە ماڭ كۆزۈمدىن!

دەرۋازا ھويلىنىڭ يان تەرىپىدە بولغاچقا، ھېچقايسىسى نۇرمەمەتنى كۆرمەيتتى. نۇرمەمەت ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئارىغا كەلدى.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئاكا؟ روشەنگۈل ئاچام سىز ھەيدىۋەتكۈدەك نېمە گۇناھ قىلدى؟ گەپ بولسا چىرايلىق

دېيىشسەڭلار بولىدىغۇ؟

— ئىشىڭنى قىل، ماڭ! ئۆتۈپ- تېشىپ ماڭا ۋەزخانلىق قىلمىغان سەن قالدىڭما ئەمدى؟

— مەنغۇ سىزگە تەربىيە قىلغۇدەك ئادەممۇ ئەمەس، ئاكا، لېكىن ئاراڭلاردىكى بالىنىڭ......

— بالا، بالا دەپ، ھەممىڭ مۇشۇ ماڭقىلارنى دەستەك قىلامسەن ماڭا! خالىسا مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن، خالىمىسا، ئانىسى بىلەن مايماق كەشلىرىنى كۆتۈرۈشسۇن.

— بولدى قىزىم، — كەينى تەرەپتىن بىر ئەرنىڭ ئاۋازى چىقتى، — ئانىڭىز بىلەن بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بۇ نائەھلىنىڭ ئالدىدا خار قىلمايمىز سىزنى، — ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ قېينئاتىسى ئىدى. روشەنگۈل دەسلەپكى ئاۋازدىن دىڭگىدە چۆچۈپ قالدى. كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىغان پېتى ئاتىسىغا تاشلاندى. ئارقىدىنلا ئىككى بالا يېپىشتى. قېينئاتا بولغۇچى ياۋاش، مۇلايىم ئادەم ئىدى. ئارتۇق- تۆشۈك جېدەللىشىشنى غورۇرى كۆتۈرمىدى بولغاي، قىزى بىلەن نەۋرىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى.

كېيىن نۇرئەخمەت ئارقا- ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئۆيلەندى. ھەر ئىككىلىسى ياش قىزلار ئىدى. ئوتتۇرىدىكىسى ئىككى يېرىم يىل ئولتۇردى. كېيىنكىسىمۇ بىر يىلچە ئولتۇردى. نۇرمەمەت يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، كېيىنكىسىنى بار ھېسابلايتتى. ئۇ تاكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. پەقەت ماشىنىدىن چۈشكەندە:

— رەھمەت ئاكا، — دېدى چۈشكۈنگىنە بىر ئاھاڭدا.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئۇكام! — نۇرئەخمەت تەكەللۇپ ئورنىغا سوزۇپقىنە شۇنداق دەپ قويدى. ئاشۇ سوزۇلما تاۋۇشنىڭ يۇغۇرۇندىسىدا نۇرئەخمەتنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى غۇدۇراش،



چىكىلداشلىرىنىڭ ۋەجىنى ئىپادىلىگۈچى نۇرغۇن تەئەددىلەر، دوق- تەنىلەرنىڭ بارلىقى نۇرمەمەتكە دەماللىققا سېزىلمەي قالدى. نۇرمەمەتنىڭ بۇلارنى ئويلايدىغانغا كۆڭلى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پىكىر- يادى جىنەستىدە — ئۇنىڭ بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشتا ئىدى.

— ئاپلا...... — دەپ قالدى نۇرمەمەت ماشىنىدىن چۈشۈپلا، — بايا نېمىشقىمۇ ئۇقۇشۇپ باقماي يانغاندىمەن، ئۇلارنى؟ رەۋىخان ئايلام چىققانمىدۇ- چىقمىغانمىدۇ ئۇ يەردىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغ بولغاندا دوقۇرۇپ كىرەلمىسەم- يا، ئەستا...... — نۇرمەمەت بېشىنى قاشلىغىنىچە ھويلىسىغا كىردى. كىرگەن يېرىدىن سول تەرەپتىكى پاكار تامغا مەيدىسىنى تىرەپ، پەسكە بويۇندىدى. زاۋال چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەس ھويلىنىڭ تام تۈۋىگە تىكىلگەن سۆگەتنىڭ سالپايغان شاخلىرى ئارىسىدىن بىرنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. نۇرمەمەتنىڭ قۇلاقلىرىغا ھېچقانداق تىۋىشمۇ ئاڭلانمىدى. بۇ ھالدا ئادەم بار- يوقلۇقىغا جەزم قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ئىلاجىسىز دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

نۇرمەمەت شۇ كېچىسى تۈننى تاڭغا تولىمۇ تەستە ئۇلىدى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا قىلغان تۇنجى ئىشى قوشنا ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراش بولدى. ئۇنىڭغا تونۇش دەرۋازا قۇلۇپسىز بولسىلا كۇپايە ئىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ تېخى تەڭشىلىپ ئۈلگۈرمىگەن مىجەزىگە ئەتتىگەندىلا «تارس» قىلىپ بىر پاي ئوق تەگدى. ئۇ دەرۋازىغا ئېسىلىپ تۇرغان قارا مۈشۈكنىڭ بېشىدەك يوغان قارا قۇلۇپنىڭ سوغۇق سۈرىدىن چىققان ئوق ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ ۋۇجۇدى سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك لاسسىدە بوشاپ قالدى. بوشاشتى- يۇ، كەينىگە يېنىپلا دوختۇرخانىغا چاپتى.

بىراق، كېسەللەر ياتىقىنى نەچچە قېتىمدىن ئارىلاپمۇ ھېچقايسىسىدا رەۋىخان ئايىلىنى تاپالمىدى. ئۇنى بىلىدىغانلار «ئۆيىگە كەتتى» دەپلا جاۋاب بېرىشەتتى. قەيەرگە، كىمنىڭ ئۆيىگە كەتكىنىنى بىلمەيتتى. نۇرمەمەت دوختۇرخانىغا قانداق بارغان بولسا يەنە شۇنداق قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭسىزمۇ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى، كۆڭلىگە پۈككەن چوڭ- چوڭ غايىلىرى بار ئىدى. ئۇ نەچچە ئاي ياز خەقنىڭ كېۋەزلىكىدە ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى دەسمايە قىلىپ- دوملىتىپ پۇل تاپمىسا، بىرنى ئىككى قىلىپ كۆپەيتمىسە بولمايتتى. ئۇ مەھەللىگە شۇ نىيەت بىلەن قايتقانىدى. ئۇنى مۇھەببەتتىن باشقا يەنە بىرنەرسە ئۆزىگە قاتتىق تارتىپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ كەنتتىكى ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇن نامرات ئائىلىلەرنىڭ چايچىلىق ئىگىلىكى بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك بىر رېئاللىققا يۈزلىنىپ بېقىش ئويى ئىدى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «چاي» ئەسلىدە مۇشۇ كەنتنىڭ تاغ- داللىرىدا ئۆسىدىغان ئاددىيلا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كىشىلەر ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ چېچەكلىرىنىڭ چاي ئورنىدا دەملەپ ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، رەڭگىنىڭ زەپىراندەك چىرايلىق دەملىنىدىغانلىقى بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. نەچچە يىل ئالدىدا ھېلىقى ئەكرەمجان دېگەن ياش سېكرېتارنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆزلىرىمۇ كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىغان. بازارغا بىر چىقىرىلىپلا، ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەنىدى. داڭقىلا ئەمەس، تېرىغانلارنىڭ قوۋۇرغىسىغىمۇ خېلىلا ماي تۇتۇپ قالغانىدى.

— تېرىساق بولغۇدەك، — دېيىشكەن شۇ چاغدا نۇرغۇن ئائىلىلەر.

— كىم بىلىدۇ، — دەيتتى بىرلىرى، — بۇ يىل مۇنچە پۇلغا ئالغىنى بىلەن كېلەر يىلى قاراپ قويىدىغانغا ئادەم چىقمايمۇ



قالامدۇ تېخى. ئۇنى ئاش ئورنىدا يېگىلى بولمىسا يا.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ پەرۋىشى، تېرىم- يىغىمى تولىمۇ قول تۇتىدىغان، ئاۋارىچىلىكى كۆپ ئىش ئىدى. بۇغداي - قوناقتەك تېرىپلا ئانچە- مۇنچە ئوتاپ- سۇلاپ قويغانغا ئۇنى بولۇققا كىرگۈزگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ باھاسىغا قىزىقىپ قالغانلار كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا بەل باغلاپ تېرىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار ئاز ئىدى. نۇرمەمەت شۇلارنى ئەسلەپ، بۇ ئىشقا بەل باغلاۋاتاتتى.

— مەن بىر جېنىمغا تېرىپ- باشقۇرۇپ بولالمايمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — تېرىغانلاردىن ئېلىپ، يۆتكەپ ساتىمەن.

ئۇ ئۈرۈمچى، ئاقسۇلاردا بولغان كۈنلىرىدە بۇ خىل چاينىڭ يۆتكەپ ئەكەلگەنلەرنىڭ قولىدا ئۆز يۇرتىنىڭ باھاسىدىن بەش ھەسسە يۇقىرى باھادا پۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم كۆڭلىگە بىرمۇنچە پىلانلارنى تۈگۈپ كەلگەنىدى. شۇڭا، پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا، كۈز ئاخىرىسىغىچە پۇللىرىنى دوملىتىپ ئوقەت قىلىۋالمىسا بولمايتتى.

نۇرمەمەت ئاشۇ خىيالىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەنت ئىچىدە نەچچە كۈن چۆرگۈلۈپ يۈردى. قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار تەلەپلىكتىن ئەمەس، چايزارلارنى كۆرۈش، تەييارچاي ۋە يەر كۆكىنىڭ باھالىرىنى ئۇقۇپ- چاغلاپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئېتىزمۇ ئېتىز ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆرەتتى. ئۇچراشقان، مۇڭداشقانلاردىن چاينىڭ نۆۋەتتە كېتىۋاتقان باھاسىنى ئۇقۇشاتتى. كۆكىنى سېتىشنى خىياللاۋاتقانلار بىلەن چېقىشىپ باقاتتى. كۆڭلىگە ئاللىقانداق پىلانلارنى تىزىپ قوياتتى.

بۇ دەل چاي چېچەكلىرىنىڭ ئۈزۈپ ئۈلگۈرمەي ئېچىلىدىغان ۋاقتى ئىدى. بۈگۈن چېچەكلىرى پاك- پاكىز ئۈزۈۋېلىنغان بىر پارچە يەرگە ئۆگۈنى قارىساڭ، يەنە ھۆپپىدە ئالتۇن رەڭ چېچەكلىك قاپلاپ كەتكەن بولاتتى.

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يېنىدا قالغان بار- يوق 5000 يۈەن پۇلنى سېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇنىڭ مەنزىلى يۇقىرىقى مەھەللىلىكلەرنىڭ چايزارلىقى ئىدى. تەلىيىنى تۇنجى قېتىم سىناپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى. كۆتۈلمىگەندە يولدا ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىرەيلەن بىلەن قېتىلىپ قالدى. ئەپتىدىن بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلاتتى. ھەر ئىككىيلەن كەنتنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ نۇرمەمەتكە ياندىشىپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۆزىچە گەپ ئېچىپ قالدى:

— ئۆزىڭىز مۇشۇ يەرلىكما ئۇكام؟

— تۆۋەنكى مەھەللىدىن.

— ئىشقىلىپ مۇشۇ كەنتتىن دەڭ.

— ھەئە.

— دېھقانغۇ دەيمەن؟ قانداق، چاي- پاي تېرىدۇقمۇ- يا......

«چاي سودىگىرى» دەپ تەخمىنلىدى نۇرمەمەت شۇ ھامانلا ۋە ھودۇقمايلا جاۋاب بەردى:

— قانداق، ئالاي دەمدىلا؟ كىلومۇ، تونىمۇ؟— ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي پو ئېتىۋاتاتتى. ھەمراھى ئۇنىڭ گەپلىرىدىن بىردە ئەيمىنىپ، بىردە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك باش- ئايىقىغا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ھە، ياق. پارچە ئەمەس، ئېپىدە كېلىپ قالسا بىرنەچچە مو يەرنىڭ كۆكىنى ئالايمىكىن دەۋاتاتتىم. ئەمما، ھازىر باشقا بىر ئىش بىلەن كېتىۋاتقان. كۆزىتىشىمچە، مۇشۇ كەنتتە ئۆسكەن چاينىڭ سودىسى خېلى ئوبدان ماڭىدىغاندەك قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، بەش- ئون مو ئېلىپ قويايمىكىن دەۋاتىمەنغۇ.

— قارىسام، خىزمەتچىدەكمۇ تۇرىدىلا، بۇنچە يەرنى باشقۇرۇپ بولالماسلىمىكىن؟



— ئادەم سېلىپ قويمايمىزمۇ مۇنداق.

— ھە...... مۇنداق قىلىمەن دېسىلە، بىزنىڭمىغۇ بىر- ئىككى مودەك يەردە بار، لېكىن شۇ...... نۇرمەمەت ئىچىدە گەپ ياساۋاتاتتى،- چېچىكى تازا ئوخشىماي قويدى. لازىم بولسا، سىلىگە مانا مەن تېپىپ بېرەي. گەپلىرى چىن- پىششىق بولسا، توختاملىشىلى. ئازراق زاكالەت بېرىپ قويسىلا. دېگەنلىرىنى تەييارلاپ قويىمەن.

— مولىقىنى قانچە پۇلدىن ئالغىلى بولار؟

— ھازىرچىغۇ 20 مىڭدىن 25 مىڭ كويغىچە ئېقىۋاتىدۇ. ئالىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى ئېشىۋالارمىكىن.

ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرى تەخمىنىي گەپلەر ئىدى. ھەمراھى دەماللىققا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ كېتىۋاتقان توپىلىق يولغا تىكىلگىنىچە ئۈنسىز كېتىۋاتاتتى. سەزگۈر يىگىت ئۇنىڭ ئىچىدە بىرنەرسىنىڭ ھېسابىنى قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى- دە، ئۆزىمۇ جىممىدە بولۇپ قالدى. «چوڭ گەپ قىلىپ قويۇپ، ھەممە باھانى بىلىدىغان بىر قاغدالما سودىگەرگە ئۇچرىشىپ قالدىممۇ نېمە؟ دەيتتى نۇرمەمەت مەيدە قاققىنىغا پۇشايمان قىلىپ. ئەسلىدە مېنىڭ تۈكۈمنى تارتىپ باقماقچىكەن- دە، بۇ......»

— قارا ئۇكام، توختام تۈزۈپ قويساقمۇ قويىلى بولاپتۇ. مولىقى 20 مىڭدىن بولسا قانداق؟ 10مىڭ كوي زاكالەت بېرىمەن.

نۇرمەمەت ئۇنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقى ياكى يەنە ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىغا بىرنېمە دېيەلمەي، ئىككىنچى قېتىم مەيدىسىنى قاقتى

— بولاپتۇ ئاكا، دېگەنلىرى بولسۇن. سىلى ئۈچۈن بىر يول مېڭىپ قوياي.

يولدا كېتىۋېتىپ دېيىشكەن گەپ چىڭىغا چىقتى. ئىككىيلەن بىر تۈپ جىگدىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاددىيغىنە توختام پۈتۈپ

قول قويۇشتى. ھەمراھىنىڭ ئىسمى ئىمىنجان ئىدى. ئۇ لەۋزى بويىچە نەق مەيداندا 10 مىڭ يۈەننى ساناپ بېرىپ، تىلخەت ئالدى. ئۇستىلەپ نۇرمەمەتنىڭ كىملىكىنىمۇ ئالدى. ئەتە چىڭقىچۇش بىلەن كەنت مەكتىپىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىدىغان بولۇشۇپ ئايرىلىشتى.

نۇرمەمەتنىڭ تۇنجى قەدىمى خەيرلىك بېسىلغانىدى. ئۇنىڭ ئالتە ئاي ياز سىرتتا ئىشلەپ ئاران تاپقان پۇلىغا قوشۇلغان 10 مىڭ يۈەن يۈرىكىنى يەنەبىر دەرىجە يوغىناتقانىدى. ئۇ ئىمىنجاندىن ئايرىلىپ، توختىماي قوشنا مەھەللە دېھقانلىرىنىڭ چايزارلىقىغا كەلدى. ئۇ يەردە بىر پارچە، بۇ يەردە بىر پارچىدىن تاۋلىنىپ ياتقان چاي ئېتىزلىرى ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

نۇرمەمەت بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ كۆلىمى نىسبەتەن چوڭراق بولغان بىر ئېتىزلىققا كەلدى. ئېتىزدا قېرى- ياشلاردىن تارتىپ قولى ئىشقا يارىغۇدەك باللارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ چاي چېچىكى ئۈزۈۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — نۇرمەمەت قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە ئېتىزلىققا كىردى. ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ گەپ باشلىدى:

— چايلار خېلى ئوخشاپتۇ- ھە؟ نەچچە قېتىمدىن ئۈزۈلۈپ بولغانلا؟

— مۇشۇ ئىككىنچى سەپەر ئۈزۈشىمىز.

— چېچەك سودىسى خېلى بەلەندۇ- ھە؟ سايىدا قۇرۇتۇلغىنىنىڭ كىلوسىنى 50 — 60 يۈەندىن ئېلىۋېتىپتۇ.

— بولۇشىنغۇ بولىدىكەن غوجام، جاپاسى بەك يامان نېمكەنيا بۇ. قارىماسىز مانا، ياتتى- قوپتىلارنىڭ ھەممىسى جۇغلىشىپ كۈن چىقاردىن كۈن پاتارغىچە ئۈمىلىسە، ئىككى قىرنى ئۈزۈپ بولغىلى بولمىغان. بىر كۈن كەچكىچە تەرگەن نېمەڭدە بىر



تاغار تولمىغان. ھەي...... ئاشلىقلا تېرىپ ئۆتۈپ كەتسەكچۇ شۇ يەرلەرگە.

— كۆكنى سېتىۋېتىپلا قۇتۇلمامدىلا بولمىسا؟— گەپ تەشتى نۇرمەمەت مۇددىئاسىغا يېقىنلىشىپ.

— ساتايلىغۇ دېگەن، مۇشۇ باللار ئۇناشماي......

— جاپا تارتىپ تېرىپتىمىز. ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىر كۆرۈپ باقمايمىزمۇ، دادا، — دېدى يىگىرمە ياشلاردا بار بىر يىگىت تەئەددى قىلغاندەك.

— «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دەپتىكەن، يېنىمىزدىكى توختاخۇنلارمۇ كۆكنى سېتىپ قۇتۇلساق بولاتتى، دېيىشىپ يۈرىيدۇ ئەينا.

نۇرمەمەت بوۋاينىڭ كېيىنكى گېپىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، نۆۋەتتىكى گەپكە ئۆتتى.

— قۇرۇتقانلىرىدىن باردۇ؟ ماڭا بىر ئاز لازىمتى.

— قانچىلىك چىقار باللار؟

— مەن جىڭلاپ كۆرگەن، — دېدى بايىقى يىگىت جاۋابەن، — 31 يېرىم كىلو بار. نەچچە پۇلدىن ئاللا؟

— ئۆزلىرى دەپ باقسىلا قېنى، قانچىدىن ساتالا؟— قايتۇرۇپ سورىدى نۇرمەمەت.

— سايىتكامغۇ 65 كويدىن ساتتۇق دەۋاتقان.

نۇرمەمەت ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان سانغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك ياندۇرۇپ سورىدى:

— نەچچە پۇل دېدىلە؟

— 65كوي، — جاۋاپ بەردى يىگىت پەسرەك تاۋۇشتا. ئۇ كۆپ دەۋەتكەن ئوخشايمەن دەپ قالغانىدى. نۇرمەمەتتىن ئۇنىڭ ئەكسىچە باھا چىقتى:

— مانا مەن ساقمۇ ساق 70 يۈەندىن ئالاي، قانداق؟

— ئالسىلا، ئالسىلا ئۇكام، — جاۋابىنى بوۋاي بەردى. يىگىتنىڭ چېھرىدە كۈلكە ئىزنالىرى جىلۋىلەندى. نۇرمەمەت چېچەكلەرنى تەكشۈرۈپ جىڭلىۋېلىپ، 2170 يۈەننى ساناپ بەردى. تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ تاشلاپ قويۇپ، بايا ئۇچۇرىنى ئاڭلىغان توختاخۇننىڭ ئېتىزىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئىككى بالىسىنىڭ بولۇپ ئۈچ يەردە 11 مو گۈلچايلىقى بار ئىدى. ئەمما، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولغاچقا، ئۈچ ئائىلىدىن يىغىلغان ئالتە ئادەم بىر پارچە يەردە قىمىرلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار نۇرمەمەتنىڭ كېلىش ۋەجىنى ئۇققۇپلا، چايزارلىقنىڭ كۆكىنى سېتىپ بېرىدىغان بولۇشتى. باھانى ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ، ھەر مولىقىنى 10 مىڭ يۈەندىن 110 مىڭ يۈەنگە كېلىشتى. نۇرمەمەت يان تەرەپتىن ئىككى دېھقاننى گۇۋاھلىققا ئەكېلىپ، يېنىدا قالغان 12 مىڭ يۈەننى زاكالەت ئورنىدا ساناپ بەردى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىشنى قوشۇپ بېجىرىۋالغۇسى بار ئىدى. بۇنىڭ يەرنى قولىدىن ئۆتكۈزۈشكىمۇ پايدىسى بار ئىدى. ئۇ توختاخۇننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ قولىغا ئىككى يۈز يۈەننى تۇتقۇزۇپ دېدى:

— خاپا بولماي، كەنت تەشكىلىدىن بىر پارچە خەت ئېلىپ بەرگەن بولساڭ ئاكا. بىزنىڭ پىكرىمىز يوق، سېتىشقا قوشۇلىمىز دېگەن مەزمۇندا.

— ئاسان گەپكەن بۇ، — دېدى ئۇ پۇلنى يېنىغا سېلىپ، — كەنت تەشكىلىمۇ بىزنى تېرىڭلار، پۇل تېپىپ باي بولۇڭلار دېگەنىيا؟ ماڭسىلا ئۇكام، مەن ھازىر ئېلىپ بېرەي.

نۇرمەمەت شۇ كۈنى كېچىسى ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدى. تېخى ھەقىقىي سودىنىڭ پۇلى قولىدىن- قولىغا تولۇق ئۆتۈپ بولمىغان بولسىمۇ، ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىشىگە ئىشەنچى بار ئىدى. دېگەندەك، ھەممە ئىش ئۆز جايىدا ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشتى. ئۇ ئىمىنجاندىن 210 مىڭ يۈەننى سانىۋېلىپ،



كەنتتىن ئالغان ھېلىقى ئىسپاتنىمۇ قوشۇپ بېرىۋىدى، ئىمىنجان يەنە بىر قېتىم مەمنۇنلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ قوللىرىنى قاتتىق قىستى. ئاندىن ئىلكىگە ئۆتكەن چايزارلىقنى بىر قۇر ئايلىنىپ، ئەمدى چېچەك تەرگىلى ئادەم ئۇققۇشاي دەپ خەيرلەشتى. نۇرمەمەت توختاخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغان پۇلنى تاشلىدى.

ئۆمرىدە بۇنچىلىك جىق پۇلنى ساناپ باقمىغان دېھقاننىڭ ئالىقىنى ھە دېگەندە تىترەپ كېتىپ، سانىقىدىن ئېزىپ قالاتتى. بىر سانىغاننى قايتۇرۇپ يەنە سانايتتى. نۇرمەمەتنىڭ خۇشلۇقى ئۇنىڭدىن ئۆتە ئىدى. چۈنكى، دېھقاننى سانىقىدىن ئازدۇرۇۋاتقان ئاشۇ 100 مىڭ يۈەننىڭ يەنە بىرسى ئۇنىڭ پايدىسىغا قالغانىدى. نۇرمەمەت ئاشۇ يۇسۇنداچاي سودىسى قىلىپ يۈردى، پايدىسىنىمۇ خېلى ئوبدان كۆردى. بىر قاراشقا پۈتۈن ئەس-يادى سودا، تاپاۋەت بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى يەنىلا رەۋىخان ئايلىنىڭ دەرۋازىسىدىن نېرى بولمايتتى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشىنى، تەشنا بولغان ۋىسال كاككۇكىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كېلەتتى. ئەپسۇس، دەرۋازىغا ئېسىلغان ھېلىقى قۇلۇپ بىر ئايغىچە ئېچىلمىدى. قاچانلا قارىسا ئۇنىڭ ئىشىك ھالقىسىغا ئېسىلىپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

نۇرمەمەت ھە دېگەندە ئۇھ تارتاتتى، ئەپسۇسلىناتتى. ئۇنى ئۈچرىتالمايلا يەنە نەلەرگىدۇر كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يىغىۋالغان چايلىرىمۇ بىر تونىنىغا يېتەي دەپ قالغانىدى. يىغىلغان مالنى ئېلىپ پۈتۈشكەن جايغا مېڭىشنىڭمۇ ۋاقتى قىستاپ قالغانىدى. شاقلا يولغا چىقاي دېسە جىنەستىگە تارتىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەۋىخاننىڭ ئالدىغا تەمتىرەپ، تىرناق تاتلاپ قالمايلا قىز سوراپ كىرگۈدەك تويلۇق پۇلىغىمۇ ئېرىشىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

## 2

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە نۇرمەمەت بىر سودا ئىشى بىلەن شەھەرگە كىرىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. شەھەردىن قايتىپ ھويلىسىغا كىرىپلا تام كەينىدىن رەۋىخان ئايلىنىڭ يۆتەل ئۈنىنى ئاڭلاپ قالدى- دە، يۈرىكى بىردىنلا دۈكۈلدەپ كەتتى. چۈنكى، رەۋىخان ئايلىنىڭ تىۋىشى ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يىتتۈرۈپ قويغان كاككۇكىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك بىشارىتى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ھامان تامدىن سىيرىلىپلا كاككۇك ئۇۋىسىغا چۈشكۈسى، ئۇنى ئۆز ئۇۋىسىدىلا باغرىغا باسقۇسى كەلدى-يۇ، باللارچە خىياللىرىغا كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى. چۈنكى، تامدىن سەكرىمەيمۇ 10—15 قەدەمچە ئۇيانغا ئۆتسىلا كۇپايە، دەرۋازا مۇشۇ تامنىڭ يېنىدىلا ئىدى.

نۇرمەمەت شۇ خىياللارنى قىلىپ تۇراتتى، گويا كۆكتىن چۈشكەن ئاق مونچاقتەك يارقىنلا بىر سىيما سۆگەت ئاستىغا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ نۇرمەمەتنى تەلپۈندۈرۈپ تۇرغان ئارزۇلۇق كاككۇكىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. نۇرمەمەت چاقىرىش ئورنىغا ئۈنلۈككىنە بىر يۆتىلىپ قويدى. كاككۇك دىڭگىدە چۆچۈپ، تام ئۈستىگە قارىدى. ئىككى جۈپ تەشنا كۆز بىر- بىرىگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قالدى. كۆزلەر بىر-بىرىنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇماقتا، بىر- بىرىنى ئاچ كۆزلەرچە يېمەكتە ئىدى. ئىككى جان ئۇزاققىچە ئۆز تۇيغۇلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقىشالماي قالدى. كۆزلەردىن تۆكۈلۈۋاتقان تالاي- تالاي ئۈنسىز نىدالار كاككۇك ئۇۋىسىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى.

— سىز...... سىز بارمۇ بۇ دۇنيادا؟— تۇنجى بولۇپ شىۋىرلىدى جىنەستە. نېمانچە...... نېمانچە ئۇزاق يىتىپ



كېتىسىز؟!

— مېنى دېمەي، ئۆزىڭىزنى دەڭە جىنەستە؟ قۇرۇق ھويلىڭىزنى ئەگىپ يۈرگىنىمگە بىر ئايدىن ئاشتى. ئۆزىڭىز نەگە كەتتىڭىز زادى؟

— ئانام يېتىپ قالغانىدى، ئاۋۋال دوختۇرخانىدا بولدۇق. كېيىن ئاچام مېنىڭكىدە تۇرۇڭلار دەپ ئېلىپ كېتىپ......

— ھېلىمۇ كۆچۈپلا كەتمەپتىكەنسىلەر ياخشى.

— تاپا قىلىۋەرمىسىڭىزچۇ ئەمدى؟ سىزنىمۇ تېخى قايتمىدى دەپ ئويلاپتىمەن. بۇنى بىلسەم، باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايتتىم ئۇ يەردە.

نۇرمەمەت:« قىزنى كۈلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سېغىنغان ئوماق كۈلكىلىرىنى ئاڭلايمەن، تېلىقىپ كۈلگەنىدە تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىدىغان خۇمار كۆزلىرىنى كۆرىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە قىز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۇھ تارتىپ جىمىپ قالدى.

— نېمە بولدى، مەندىن رەنجىۋاتامسىز؟ مەنمۇ تېززەك قايتارمەن دېگەن. ئەمما شۇ......

— بىلىمەن. كۆپرەك پۇل تېپىپ باراي دېدىڭىز. لېكىن، لېكىن.....

— لېكىن، نېمە ئىش بولدى؟

قىز جاۋاب ئورنىغا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. نۇرمەمەتنىڭ يۈرىكى پىژژىدە كۆيدى.

— بولدى جىنەستە، سىزنىڭ يېشىڭىز ئاقسا يۈرىكىمگە تىغ پاتىدۇ مېنىڭ. مانا مەنمۇ كەلدىم، ئۆزىڭىزمۇ كەپسىز، ئەمدى ياخشى بولدى.

—ئىشنىڭ پەيتى كېتىپ قالغاندا نېمىسى ياخشى بولىدۇ؟

— كېتىپ قالمىدى،— كېسىپ ئېيتتى نۇرمەمەت،— بۇ

قېتىم رەۋىخان ئانامغا ئەلچى كىرگۈزىمەن.

— بۇرۇنراق شۇنداق قىلىپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمدى...... — قىز گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

— دەڭە، ئەمدى نېمە ئىش بولماقچى؟

— كې......كېچىكتىڭىز، كېچىككەن ئىشقا قار ياغدى.

— ئەجەب، تېپىشماقتەك بىر گەپلەرنى دەۋاتىسىزا، — دېدى نۇرمەمەت كۆڭلى بىر يوچۇن ئىشتىن ئۈيۈلۈپ تۇرسىمۇ، — نېمىگە نېمە ياغدى؟

— ئىشىمىزغا قار ياغدى. ئانام...... ئانام باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ قويدى.

نۇرمەمەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدۈرلىدە قىلىپ چېقىن چاققاندەك بولدى. قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي، قايتىلاپ سورىدى:

— باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ بولدى دەمسىز؟ سىز...... سىز گەپ قىلمىدىڭىز؟ مېنىڭ ئېتىمنى چىقارمىدىڭىز؟

— چىقارماي قالىمەنمۇ؟ ئارىمىزدا ۋەدە بارلىقىنى دەپ كۆپ يالۋۇردۇم، يىغلاپ- قاقشىدىم، ئايىغىغا يىقىلدىم. ئەمما، ئانام ئېلىپ بولغان داستىخاننى نېمە دەپ قايتۇرىمەن، دەپ پەقەت ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام سىزنى...... — قىز يەنە بىر قېتىم گېپىنى يۇتۇپ كەتتى. نۇرمەمەت سۆيلىدى:

— ئېيتىۋېرىڭ، مەن چىدايمەن. ماڭا نېمە بولۇپتىكەن؟

— سىزنى...... — سىزنى نامرات، كېيىنچە بىزگە يېتىك بولالمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدىكەن.

— نامرات كۆرەمدىكەن؟ — نۇرمەمەتنىڭ كۆڭلىگە «ۋاس» قىلىپ بىر پىچاق ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمەس، ئەرلىك- يىگىتلىك غۇرۇرى زىخچىلانغانىدى.

— شۇنداق دېسە، سىزمۇ ھەئە دېدىڭىزما؟

— مەن شۇنداق دەمدىمەن؟ ئانا بولغۇچى تاش چىشلەپ



تۇرسا، ماڭا نېمە ئامال؟ قىز بالا دېگەن شۇنداق ئاجىز، بىقۇۋۇل كېلىدىكەن......

جىنەستىنىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك ياش كەتتى. دېمى تۇتۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. دەرۋەقە، ئۇ راست ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا غولتوغراقتىكى ھېلىقى ئىشقا ھەرگىزمۇ قوشۇلغۇسى يوق ئىدى. ئەمەلدىمۇ: «داد- پەرياد، مېنى نۇرمەمەتتىن باشقىغا ياتلىق قىلىمەن دېسىڭىز ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قوقاق سېلىپمۇ باقتى. يامانلاپ چىقىپ بىر ئاخشام ئىزدىتىپمۇ كۆردى. ئەمما، ئانىسى ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

دەرۋەقە، ئانا بىلەن ئاچىسىنىڭ قارىشى بىر ئىدى. ئىككىلىسىلا: «نۇرمەمەت بەك نامرات، كېيىنلىكىڭ ياخشى بولمايدۇ» دەپ ئېزىپ ئىچۈرەتتى. جىنەستە بولسا نۇرمەمەتنى ياقلايتتى. ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ دادىسىنىڭ روھىناتىنى شېپى كەلتۈرۈپ يىغلاپ كېتىشى ناتىۋان قىزنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ ئاجىز، بىچارە ئانىنىڭ ئىلكىدە قالغان قىز ئانىسىنىڭ ئۆزى تۈپەيلى ياش تۆكۈشىنى، ئۆزىنى بەردار قىلىپ ھەسرەت چېكىشىنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ، رەنجىتىش بەدىلىگە ئۆز شەخسىيىتى، ئۆز ئارمانلىرىنى كۆكلىتىشكە چىدىمايتتى. گەرچە ئۇ لەۋ يېرىپ ماقۇللۇق بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، ئانىنىڭ بىچارىلىك ئىچىدىكى دالالەتلىرىگە ئاچچىق- ئاچچىق ياشلىرى ئىچىدىكى سۈكۈتى بىلەن جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. سۈكۈتىنىڭ ئۆزى ئانا ئارزۇسىغا باققانلىق، ئۆز سۆيگۈسىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولغانلىق ئىدى.

— خەپ، — دېدى نۇرمەمەت ئىچىدە، — رەۋىخان ئانامنى ئۇنداق دەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ بولىدىغان بولسا....... — ئۇ مەيدىسىنى تام قىرىدىن دەسسىدە كۆتۈردى، — بولاپتۇ! رەۋىخان ئانام ئەقىدىنى

باي- نامراتلىقنىڭ جېڭىدا تارتىدىغان بولسا، قاراپ تۇرسۇن ئەمسە!

ئۇنىڭ تاۋۇشىدا ئۆز تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل ئاچچىق تەئەددى، جىنەستە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل قاراملىقنىڭ شەپىسى باردەك قىلاتتى. قىزنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا ئەنسىزلىك تەشۋىشى بۆسۈپ كىردى.

— سىز...... سىز ئىش تېراي دەمسىز؟! ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا بالا تېپىپ بەرمەڭ. مۇرادىغا يېتەلمەي كېتىدىغانلار بىزلا ئەمەسقۇ!؟

— ئەنسىرىمەڭ، بالا تېرىپ نام ئالغۇچە، شەپىسىزلا ئۆلۈۋالارمىنا!

— ئەمسە نېمە قىلاي دەيسىز؟

— ئەلچى ئېلىپ كىرىمەن، شۇنداقلا نامرات جەندەمنىڭ ئىچىدە داستىخانغا چىقارغۇدەك جان بارلىقنى بىلدۈرۈپ قويىمەن.

— خۇش بولۇپ كېتەي نۇرمەمەت، ئۆلگۈرەلمەيسىز، ئەتە ئۇلار رەسمىي توي پۈتۈمىگە كېلىدۇ.

قىزنىڭ ئۈمىد، ئىلتىجا ئىچىدە تاشلىغان كۆز نۇرى قۇرۇق تام ئۈستىگە ئىلىنىپ قالدى. نۇرمەمەت ئالللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. قىز چۈشەكەۋاتقاندەك بىردەملىك مەڭدەش ئىچىدە قالدى. كېيىن نۇرمەمەتنىڭ بايىقى رەنجىش، باتناش تەلەپپۇزىدا ئېيتقان ئاخىرقى گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىنىڭ قىيانىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

شامالباغ مەھەللىسى يەنە بىر ئەتىگەننى كۈتۈۋالدى. ئەمما، بۈگۈنكى تاڭ ئانچە خەيرلىك ئاتمىغاندەك تۇراتتى. نېمىشقىدۇر، ھاۋا كۆڭلى غەش كىشىنىڭ چىرايىدەك تۈتۇق، سۆرۈن كۆرۈنەتتى. بىر تۇرۇپ بوران چىقىدىغاندەكمۇ، يەنە بىر تۇرۇپ يامغۇر ياغىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. ئەمما، بۇ ھال ئۇزاققا بارمىدى.



چاشگاھدىن ئۆتكەندە تۇمانلار ئاستا- ئاستا سۈزۈلۈپ، قۇياش كۈلكىسى ئايان بولۇشقا باشلىدى. يېرىم سائەتلەرگە قالماي پۈتكۈل مەھەللە ئىلىلىق ئاپتاپنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

مانا شۇ مومېنتتا نۇرمەمەتنىڭ ئۆيىدە كىم بىلەندۇر گۇڭگۇرلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كىمگىدۇر پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى سۆزلەيتتى. نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈپ، نېمىلەرنىدۇر تاپىلايتتى.

— بۇنچە ئېزىپ ئىچۈرمىسەڭمۇ گېپىمنى تېپىپ قىلالايمەن، بالام،— دەيتتى يەنە بىر ئاۋاز،— مۇشۇ يېشىمغىچە ئىككى ئوغۇلنى ئۆيلەپ، ئىككى قىزنى ياتلىق قىلدىم. قايسى ئىشنى قانداق قىلىش ياد ماڭا.

كۆپ ئۆتمەي ھويلىدا نۇرمەمەتنىڭ قارىسى پەيدا بولدى. ئۇ تام تۈۋىگە يېقىن كېلىپ، يان ھويلىنى بىردەم تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ كەتتى. ئازراقتىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، پېشايۋان ئورنىدىكى چەللە سۇپىسىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ تاڭ ئاتقاندىن بۇيان مۇشۇ بىر خىل ھەرىكەتنى بەشىنچى قېتىم تەكرارلىشى ئىدى. ئۇ بىر ئىشنى، بىر كىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. پات- پات ھويلىسى ئىچىدىن يان ھويلىنى تىڭشايتتى. تالاغا چىقىپ يولنىڭ ئىككى بېشىغا قارايتتى. بەزىدە ئۆزىچە سۈكۈتكە پېتىپ، ئاللاقانداق خىياللار تەكتىگە شۇڭغۇپ كېتەتتى.

كۈن دەل چۈشكە تىكلەنگەندە رەۋىخان ئايلىنىڭ ئۆيىگە ئەگىلىدىغان تار كوچا ئېغىزىدا قولتۇقلىرىغا قانداقتۇر داستىخانلارنى قىسىشقان ئىككى توپ ئادەم دوقمۇدوق ئۇچراشتى. ئۇچراشتى- يۇ، ھېچكىم- ھېچكىمگە سالام بەرمىدى. گەپ- سۆزمۇ قىلىشمىدى. پەقەت بىر- بىرىنى تەئەججۈپلىك نەزىرى بىلەن كۆزۈتىشىپ كوچا ئېغىزىنىڭ ئىككى يېنىدا توختاشتى.

ئۇچراشقانلارنىڭ بىر توپىدا تۆت، يەنە بىر توپىدا ئىككىلا

ئادەم بار ئىدى. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى، ئاغىچىخان ئايلا، يەنە بىرى نۇرمەمەتنىڭ ئۆزى ئىدى. قارشى تويپتىكىلەر بۇ ئىككى يوچۇن مېھماندىن تەئەججۈپلەنگەندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى. نۇرمەمەتلەر بولسا ئۇلارغا ئاۋال يول بېرىدىغاندەك ئۈندىمەي تۇرۇشاتتى.

كىچىككىنە سۈكۈتتىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز بوي، قۇلىقىغا يوغانغىنە ئالتۇن زىرە ئاسقان ئاق لېچەكلىك ئايال ھەمراھلىرىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ماڭدى. ئارقىدىنلا ئاغىچىخان ئايلا ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا يانداشتى. ئۇلارنى دەرۋازىدا رەۋىخان ئايلا بىلەن خاسىيەتخان كۈتۈۋالدى. ئىككى ئايال قانداق تەڭ كەلگەن بولسا، دەرۋازىدىنمۇ شۇنداق كىرىپ، ئۆينىڭ ئىككى تۆرىگە بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

رەۋىخان ئايلا باشتا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، مېھمانلار تىزىلىپ ئولتۇرۇۋاتقاندا قاققان قوزۇقتەك قالدى. ئەھۋالنى خاسىيەتخان بالدۇرلا سەزگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ يېڭىدىن سىلكىشلەپ غەپلەتتىن ئويغاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، رەۋىخان ھە دېگەندە تەمتىرەپ قېلىۋاتاتتى. دۇئاسىدىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ ئاغىچىخان ئايلا تۇرۇپ، ئىسەنلىك سورىدى. ئارقىدىنلا «گۇر» قىلىپ باشقىلارمۇ تۇرۇشتى.

نېمىشقىدۇر، چايلارمۇ ئۇن-تىنسىز ئىچىلىۋاتاتتى. ساھىبخانلارنىڭ چايغا زورلاپ قىلىشقان تەكەللۇپلىرى، كىملەرنىڭدۇر يېنىك-يېنىك يۆتىلىپ قويۇشلىرىدىن باشقا ھەممىسى داستىخانغا كۆز تىككىنىچە بىرنەرسىلەرنى تىرىسلىتىپ چايناۋاتاتتى. ئارىدىكى سۈكۈنات چايدىن كېيىنمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكىلى قويىقاندا، ئالتۇن ھالقىلىق ئايال قەددىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئېغىز ئاچتى:



— ئەمدى، رەۋىخاچا، كېلىش مەقسىتىمىز ئۆزلىرىگە ئايان. قايسى كۈنكى لەۋزىمىز بويىچە تويلۇق، توي ۋاقتى دېگەندەكلەرنى پۈتۈشۈۋەتسەكمىكىن.

— ۋايىيەي، — ئايالنىڭ گېپى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئاغىچىخان گەپ ئالدى، — بۇ مېھمانلارمۇ شۇ ئىشقا كەپتىكەنمۇ دەيمەن؟ ھەجەب، ھەر قايسىلىرىنى بۇ مەھەللىدە كۆرمەپتىكەنمىنا مەن؟

— ھە، بۇلار غولتوغراقتىن، بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز بولىدۇ، — دېدى خاسىيەتخان ئالدىراپ-تېنەپ، — بىز قۇدىلاشماقچى بولۇۋاتقان.

— ھە...... مۇنداق دېسىلە، — ئاغىچىخان گەپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — جىنەستەم مۇشۇنداق خېرىدارلىقى بار قىز-دە، بۇ. بىزگىمۇ خېلى ئۇزۇن بولغان، بۈگۈن كىرەرمىز، ئەتە كىرەرمىز دەپ مۇشۇ بالامنىڭ ۋاقتى يار بەرمەي، بۈگۈن كىرىشىمىز. رەۋىخانغا بىزمۇ يات ئەمەس، ھېچبولمىغاندا تام قوشنىلىقىمىز بار. جىنەستەمنى مەنمۇ كېلىن قىلىۋالسام قانداق بولىدىكىن؟

— ئوھوش......! — بىر ئادەمنى ئىككىگە بۆلەمدۇ ئەمدى؟ — تېرىكتى ئالتۇن ھالقىلىق ئايال، — ئەجەب گەپ قىلىدىكەنلا، بىز دېگەنچۇ، ماقۇل جاۋابنى ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولۇپ، تويلۇقنى دېيىشكىلى ۋاتىمىز، بىلسىلە!

— نىكاھ دېگەن غايىب نەرسە، مۇشۇنداق ئويلىغان-ئويلىمىغان يەرگە چۈشىدىغان گەپ. تويلۇق دېسىلە، مانا بىزمۇ دەل مۇشۇ ئىشنى دېيىشكىلى كەلگەن.

ئاغىچىخان داستىخىنىنى ئېچىپ، ئېلىپ كەلگەن بىر خون نېنىنىڭ ئۈستىگە بەش كېيىملىكتەك ئەن رەختنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قويدى، ئاندىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ رەخت ئۈستىگە چۇۋۇپ-چۇۋۇپ يايدى. رەختمۇ، لېگەنمۇ لىققىدە پۇل ئاستىدا

قالدى. قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى كېرىلىپ كېتىشتى.
— بۇ...... بۇ، نېمە قىلغىنىڭىز نۇرمەمەت؟ — دېدى رەۋشىخان ئاۋازى بوغۇلۇپ، — يا بۇرۇنراق ئېغىز ئاچمىدىڭىز، ئەمدى پىشىپ بولغان ئاشنى ئۆرۈي دەمسىز؟ ئەمدى خاپا بولماي پېشانىڭىزدىن كۆرۈڭ، بالام، — مېهمانلار ئالدىدا شۇنداق دەپ قويۇۋاتسىمۇ، ئىچىدە تىللاۋاتاتتى.
— جىنەستەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقمىدىڭىزمۇ ئانا؟ — نۇرمەمەت ئىشىك تەرەپكە بويۇنداپ توختاپ قالدى. ئۇ جىنەستىنى ئىزدەۋاتاتتى. خىيالىدا ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئۇنى گۇۋاهلىققا تارتماقچى بولۇۋاتاتتى. ئەپسۇس، جىنەستە ئەتىگەنلا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالغانىدى.
— ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىساقمۇ بالا ئانىسىدىن چوڭ ئەمەس، ئۇكام، — دېدى خاسىيەتخان، — بۇ ئىشتا ئانامنىڭ دېگىنى هېساب. ياخشىسى، بىزنى ئىلەشتۈرمەي...... — خاسىيەتخان قاتتىق كەتمىسۇن دېدىمىكىن، گېپىنىڭ ئايىقىنى يۇتۇپ كەتتى.
— شۇ ئەمەسما؟ — بىر ئېغىز گەپ بىلەن تىرىلگەن ئۆزۈنتۈرا خوتۇن لوقما سالدى، — پۈتۈپ بولغان ئىشنى بۇزۇپ نېمە قىلىسىلە؟ — ئۇ «لاپ» قىلىپ رەۋشىخانغا قارىدى، — قېنى رەۋشىخاچا، تۈيلۈقنى بىر دەپ بەرسىلە بىزگە. سىلىنىڭ دېگەنلىرى هېساب بولسۇن.
— مەن...... مەن نېمە دەيمەن؟ «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەنىدەك، مۇشۇ كۈنگە تۇغرىلاپ...... — رەۋشىخان تەڭقىسلىقتىنمىكىن، يا باشقا بىر سەۋەب بارمىكىن تاتىرىپ كەتكەنىدى. شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يان تەرىپىگە قىسىپىقىنە سىيرىلىپ كەتتى. خاسىيەتخان ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئۇنىڭ ئاللا توۋسنى ئاڭلاپ، نەدىندۇر جىنەستىمۇ پەيدا بولدى. ئۆيدىكىلەر پاتپاراق بولۇپ كەتكەنىدى. بىرلىرى



رەۋشىخانغا چاي ئىچكۈزسە، بىرلىرى يۈزىگە سۇ پۈركۈيتتى.
قارشى تەرەپ سەركىسى رەۋشىخاننىڭ ئۆزلىرى تۈپەيلى بىرنېمە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ئولتۇرغان يېرىدە قالغانىدى. كۆزى رەۋشىخان بىلەن هەپىلىشىۋاتقانلاردا بولسىمۇ، كۆڭلىدە بىر تالاي زىددىيەتلىك خىياللار قۇيۇندەك چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىر تۈرۈپ بۇ تويدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولاتتى. يەنە بىر تۈرۈپ مەنمەنلىكى غالىب ئورۇنغا ئۆتۈۋالاتتى. شۇ ئارىدا رەۋشىخان «ئوھ!» دېگەن بىر تىنىق بىلەن ئاستاغىنە قىمىرلاپ كۆزىنى ئاچتى. ئاچتى-يۇ، زىددىيەتتىن مۇشۇ ئۇسۇلدا قۇتۇلماقچىدەك يەنە «لىپ» قىلىپ يۇمۇۋالدى.
— هەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىدا سەت بولدىغان بولدى، — دېدى شۇ ئارىدا خاسىيەتخان ئاستاغىنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ بۇ گېپىنى هېلىقى سەركىگە قاراپ دەۋاتاتتى، — ئانىمىزنىڭ كېسىلى قوزغىلىۋالدى، رەنجىشمىسىلە، باشقا بىر كۈنى كۆرۈشسەكمىكىن؟
— ۋاي، رەنجىپ قالامدىغان؟ هەرقايسىلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويدۇق تېخى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئاغىچىخانغا ئالىيىپ قويدى، نۆۋەتتىكى گېپى شۇلار تەرەپكە دارتىپ ئېيتىلىۋاتاتتى، — ئەهۋال شۇ تۇرسا يەنە بىزەڭلىك قىلىپ يېپىشىۋالساقمۇ بولماس. خۇدايىم يەنە خەيرلىك كۈندىن بىرنى بېرەر. چالىسىنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز.
— هە، شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشىپ باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. سەركە خوتۇننىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۆز داستىخانلىرىنى قولتۇقىغا قىسىشقا باشلىشىدى، ئاغىچىخان ئۆز داستىخىنىنى خاسىيەتخان بىلەن جىنەستىنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

## 3

كۈن تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي، يەر- جاھان ئىللىپ كەتكەنىدى. پېشانىگە ئۇتتەك تېگىپ تۇرىدىغان قۇياش نۇرى ئىسسىقنىڭ ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا رەۋىخان ئايلىنىڭ دەرۋازىسى تىرىقلاپ، بىر قانىتى ئېچىلدى. ئارقىدىنلا ئەپكەش كۆتۈرگەن جىنەستە چېلەكلىرىنى تىرىڭلىتىپ چىقىپ كەلدى. ئۆيى ئالدىدىن ئۇڭغا قايرىلىۋېتىپ نېمىشقىدۇر، دوقمۇش ئېغىزىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ ئاشۇ مىڭىشىدا نۇرمەمەتنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ تۇرۇپ قېلىشى دەل نۇرمەمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىۋاتقانلىقتىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشلار تۈپەيلى نۇرمۇھەممەتكە قارىغۇدەك، كۆزلىرىگە تىكىلگۈدەك يۈزۈم قالمىدى، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان شۇ مومېنتتا چوڭ يولدىن كىرىپ كەلگەن بىر ماشىنا دەل دوقمۇش ئېغىزىغا كېلىپلا توختىدى. ئۇ يېزا بازىرىدا قاتناپ يۈرىدىغان كىرا ماشىنىلىرىدىن ئىدى. جىنەستە ماشىنىغا تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قالدى. خىيالىغا گۈپپىدە ھاۋاخان كەلدى- دە، بېشى «پىررىدە»بىر قايغاندەك بولدى. ئەمما ماشىنا ئىشكى ئېچىلىپ باشقا بىرسىنىڭ چېھرى كۆرۈنگەندە بولسا، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپلا قالدى. چۈنكى، ئۇ باشتا ئەنسىرىگەن ئىشىنىڭ دەل ئۆزى يۈز بېرىۋاتاتتى. جىنەستە ئۆز ئىزىغا مىخلىنىپ قالغاندەك قېمىر قىلماي تۇراتتى.

ماشىنىدىن ئاۋۋال نۇرمەمەت، ئاندىن بېشىغا زەر يېپتا چىكەنلەنگەن ئاق بۆك، ئۈستىگە ئۆرە ياقىلىق يەكتەك كىيگەن



كەكە ساقال بىرەيلەن قانداقتۇر بىر كۆن سومكىنى كۆتۈرۈپ چۈشتى. نۇرمەمەت جىنەستىگە يېنىككىنە سالام قىلىپ قويۇپ، ھېلىقى كىشىگە «مەرھەمەت» ئىشارىسىدە قولىنى سۇندى. كەكە ساقال كىشى سومكىسىنى ئېسىپ جىنەستىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

— تېزىپ، تېزىپ ئەكەپتۇ! — شىۋىرلىدى جىنەستە ئىچىدە ۋە ۋۇجۇدىغا شىررىدە قىلىپ تولىمۇ ئىللىق بىر ئېقىم ئېقىپ كىردى. ئۆزىنىڭ سۇغا ماڭغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلدى، ئۇ كىرىپ چېلەكلىرىنى قويۇپ بولغۇچە تېزىپ بىلەن نۇرمۇھەممەت ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. جىنەستە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ يەنە توختاپ قالدى. كېيىن ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسا كېرەك بوسۇغىدىن ئاستاغىنە ئاتلىدى.

ئۇ كىرگەندە تېزىپ رەۋىخانىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتاتتى. ئۇ تومۇر تۇتۇشتىن كېيىن ئانىنىڭ دەم كۆز قاپىقىنى قايرىپ، دەم تىلىنى چىقارغۇزۇپ كۆرۈپ نۇرمەمەتكە قارىدى:

— بىماردا قاندىن بولغان سەپرا غالىب كېلىپ قاپتۇ. ئاۋۋال قانغا دورا قىلىپ، سەپرانى سۈرۈش كېرەك، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ سومكىسىدىن ئىككى شېشىنى چىقاردى، — ئاۋۋال بۇ شەربەتنى ئىچسۇن، ئۈچ كۈندە ئىچىپ بولسۇن، قالغىنىغا يەنە بىر خىل شەربەت ۋە مەجۇناتلارنى تەييارلاپ بېرىمەن. كەچ تەرەپتە ئېلىپ كەلسىلە بولىدۇ.

— ئانىمىزنىڭ ئەھۋالى بەك جىددىي ئەمەستۇ، ھاجىكا؟- سورىدى نۇرمەمەت.

— ئاۋۋال ياراتقان ئىگىمىز، ئاندىن قالسا بايا دېگەن دورىلار بىلەن شىپا تېپىپ قالىدۇ. بىرلا يېرى، بىمار كۆپ ھاياجانلانمىسۇن، ئەسەبنى قوزغىتىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولسۇن.

— ئوبدان، ئوبدان ھاجىكا. بىز دىققەت قىلىلى.

خاسىيەتخانمۇ، جىنەستىمۇ بىر ئېغىز گەپ قوشۇشمىدى. نۇرمەمەت گويا مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئادىمىدەك، ھەممىنى ئۆزى دەپ، ئۆزى بېجىردى. بۇ ئىشتىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇ ۋەجدىن ئاچا- سىڭىل «سەن ئەۋەتكەنمۇ، سەن بۇيرىغانمۇ» دېگەندەك بىر- بىرىگە مەنىلىك بېقىشاتتى. تەئەججۈپ ئىلكىدە گاڭگىرىشاتتى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بىردەك نۇرمەمەتتىن خۇشال بولۇشاتتى.

تېۋىپنى ئۇزىتار چاغدا سىرىتقا ھەممەيلەن بىللە چىقتى. ماشىنا شۇ يەردە توختاپ تۇراتتى. نۇرمەمەت ئالدىدا يورغىلاپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ماشىنا قوزغىلىۋاتقاندا بىر قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەدەپ بىلەن خوش دەپ قويدى. ئىككىيلەن ھېلىھەم دەرۋازا ئالدىدا قارىشىپ تۇراتتى. نۇرمەمەت قاياققا مېڭىشنى بىلەمىگەندەك كىچىككىنە تۇرۇپ قالدى. كېيىن نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ ئۆيى تەرىپىگە قەدەم يۆتكىۋىدى، خاسىيەتخاننىڭ ئاۋازى چىقتى:

— ھاي، نۇرمەمەتخان! ئۆيگە كىرىپ ماڭمامسىز، ئۇكام؟ بىر جام سوغۇق سۇ بولسىمۇ......

— رەھمەت، ئاچا. مەن...... مېنىڭ يەنە زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى. رەۋىخان ئانامغا دېگەن دورىلارنى كەچكىچە ئەكېلىپ بېرىمەن.

— ھاي، شۇنداق بولسىمۇ......

— خوش، مەن ماڭدىم.

خاسىيەتخاننىڭ گېپى ئاغزىدىلا قالدى. نۇرمەمەت دوقمۇشتىن قايرىلىپ غايىب بولدى. ئاچا- سىڭىل يەنە بىر قېتىم بىر بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇشتى. ھەر ئىككىلىسى ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەن- ئۇنى نۇرمەمەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن قىلىۋاتقىنىنى



بىلىشكەنىدى.

— تۇۋا خۇدايىم، — دېدى خاسىيەتخان ئۆز- ئۆزىگە دېگەندەك گۇڭگۇرلاپ، — ئاخشام قىلىشقان گەپلىرىمىز، تەرەددۇتلىرىمىز چۈشىگە كىرىپ قالدىمۇ بۇ بالىنىڭ. ئەجەب، بىز تاش ساناپ بولغۇچە ئۇ قوم ساناپ بولۇپتا!؟

— نۇرمەمەت قاچانلا بولمىسۇن شۇنداق، ئاچا. بىرەرسىنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قالغىنىنى بىلىپلا، كۆرۈپلا قالسا، سەن دېمىسەڭمۇ خىزمىتىڭگە تەييار. كۆڭلى بەك ياخشى، نامرات بولسىمۇ ئالىقىنى كەڭ.

— ۋاي- ۋۇي...... ماختاپلا كەتتىڭغۇ بىردەمدە؟

— ساڭا ھەممە گېپىمنى ئوچۇق دېيەلەيمەن، ئاچا. ساڭا دېسەمچۇ، ئۇ نى- نى بايلارغا تېگىشكۈسىز يىگىت. ھەممىڭلار ئۇنى نامرات، بىزگە يېپىنچا بولالمايدۇ، دەيسىلەر. بىلسەڭلار، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆڭلى، كۆيۈمچان يۈرىكىنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ئىللىق يېپىنچا، سالقىن سايىۋەن ئىدى بىزگە.

— دېگەنلىرىڭمىغۇ راستتەك تۇرىدۇ، ئۇكام. ئۇنىڭ داستىخىنىدا قالغان پۇل ساپساق 10 مىڭ كوي ئىكەن ئەمەسما؟

— «ئەر كىشىنى پۇل تاپالمايدۇ دېمەڭ» دېگەن گەپنى سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟

— مەنمۇ ئانامنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ «ھە» دەپ ساپتىمەن، — دېدى خاسىيەتخان ئۆزىنى ئاقلاپ، — سېنىڭ تومۇرۇڭنىڭ ئۇنىڭغا سوقىدىغىنىنىمۇ بىلەتتىم بولمىسا. تازا گادىرماچ بىر ئىش بولدى دېسە بۇ. ئارىدىكى بۇ چىگىلمەچ ئىشلارنى قانداقمۇ ئايرىپ بولارمىز ئەمدى.

— مېنىڭ كارىم يوق!

— ۋىيەي، بالاغا مەن قالىدىغان ئوخشمايمەنما؟

— كىم قالسا مەيلى. قايسى كۈنى ھاۋاخان دېگەن

خوتۇننىڭ ئالدىدا دونداقلاپ «هه» دېۋەتمىگەن بولساڭلار، زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەيتتى. ئەمدى ئۆزۈڭلار ئايرىياسلەر.

— بولدى، ئاق يەردە تۈگمەن تالىشىۋەرمەيلى ئەمدى، بار مەسلىھەت بىر ئىش بولار.

ئىككىيلەن ئەنە شۇلارنى دېيىشىپ كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جىنەستىلەرنىڭ كوچىسى بۆلەكچە قىزىپ كەتتى. گاھ نۇرمەمەتنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان گودۇڭ-گودۇڭلار، گاھ يول تەرەپتىن چىقىۋاتقان غىچىرلاش، تاراقلاشلار، ئىشەكلەرنىڭ پۇشقۇرۇش، ھاڭراشلىرىنى ئاڭلىغان جىنەستە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ ھاڭ-تاڭ قالدى. نۇرمەمەتنىڭ ئۆيى ئالدىنى بىرمۇنچە ئىشەك ھارۋىسى قاپلىۋالغانىدى. كىملەردۇر لىققىدە بىرنەرسە قاچىلانغان تاغارلار، ئوغۇت خالتىلىرىنى نۇرمەمەتنىڭ ھويلىسىغا ئەكىرىپ كېتىۋاتاتتى. يەنە كىملەردۇر ئىشەكلىرىنى ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە باغلاپ، بىرسىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى.

جىنەستە ھەيران بولدى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈپ كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلەتتى، ئەمما ئۇيىلاتتى. كىرىپ چىقىۋاتقان ئاۋۇ كىشىلەردىن ئەمەس، نۇرمەمەتتىن خىجىل بولاتتى. ئاخىر قىزىقىشى غالىب كەلدى. بىر بىرسىپ- ئىككى بىرسىپ نۇرمەمەتنىڭ ھويلىسىغا كىردى.

ئۇ ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىدىكى تۇغرا ياغاچقا ئېسىۋالغان قارماقلىق تارازىدا ئاشۇ تاغار- خالتىلارنى جىڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىقا قارىغۇدەك، كىم كىرىۋاتىدۇ، كىم چىقىۋاتىدۇ كۆڭۈلشىگۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ھېلى بىرنەرسە جىڭلىسا، ھېلى خالتىلارنى يېشىپ ئىچىنى تەكشۈرەتتى. تۇتاملاپ ئېلىپ نېمىسىگىدۇر سىنچىلاپ قارايتتى. سىقىمداپ مۇجۇپ باقاتتى. گاھلىرىنى پۇراپ باقاتتى، ئاندىن دەپتىرىگە بىرنېمىلەرنى



يازاتتى.

— هه...... چاي گۈلكەنغۇ بۇ، — دېدى جىنەستە ئىچىدە، — ئۇ چاي يىغىۋېتىپتۇ- دە؟ مانا، ئەقىل، دىت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟!

شۇنداق، نۇرمەمەت قۇرۇتۇلغان چاي گۈلى يىغىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چايكار دېھقانلارغا ئالدىن پۇل تارقىتىپ پۈتۈم ھاسىل قىلىشقان ماللىرى ئىدى. ئۇلار كېلىشىپ قويغان ۋاقىتلىرى بويىچە بۈگۈن ئېلىپ كېلىشكەنىدى.

نۇرمەمەت ئاخىرقى بىرسىنىڭ خالتىسىنى جىڭلاۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت جىنەستىنى كۆرۈپ قالدى. جىڭ ئۈستىدىن روبىرو كەلگەن ئىككى كۆز بىر نۇقتىدا دوقۇرۇشتى. نۇرلار بىر- بىرىنى بويلاپ مېڭىپ، قارشى قارىچۇقلار ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇنىڭمۇ، بۇنىڭمۇ ۋۇجۇدى ئاجايىپ يالقۇنلۇق بىر ئاتەشنىڭ ھارارىتىدىن لەرزىگە كەلدى.

— غوجام، ماۋۇنى جىڭلىۋاتسىلا بولىتى......

نۇرمەمەت شىپپىدە ئېسىنى يىغىپ، تەرىنى سۈرتكەن بولۇپ ئوڭايسىزلىقىنى ياپتى. جىنەستە ئۇنىڭ ئىش بىلەن بولۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە يېنىپ چىقتى. شۇ كۈنى كەچتە نۇرمەمەت تېۋىپنىڭ قېشىدىن ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى.

— سىز تىجارەت قىلىۋاتامسىز، يا ئاكىڭىزغا ئىشلەۋاتامسىز؟- سورىدى جىنەستە دەرۋازا سىرتىغا چىققاندا.

— مەنمۇ مۇستەقىل بىر جان ئىگىسى. دائىم ئاكامغا ئىشلەۋەرسەممۇ بولماس؟ — كۈلدى ئۇ.

— ئۇزاق بولدىمۇ؟ تىجارەت قىلىۋاتقىنىڭىزغا دەيمەن.

— ئەمدىلەتتىن باشلىدىم. تەۋەككۈل دەپ قىلىپ باقتىم، يا قايىنامدىن، يا سايرامدىن چىقارمەنغۇ.

— قارسام، بىرمۇنچە چاي جۇغلاپسىز. قولىڭىزدىن چىقىرىپ بولالارسىزمۇ؟

— چاتاق يوق چىقىرىمەن. نىمىشقا دېسىڭىز، باشقىلار بىلەن ئېلىش- سېتىش توختامىمىز بار- دە. ھە راست،— دېدى نۇرمەمەت سۆزىنى داۋام قىلىپ،— سىزگە قانداق دەپ قويارمەن دېگەن بىر غېمىم بار ئىدى. ھەر نېمە بولسىمۇ ئېسىمگە سېلىپ قويدىڭىز. مەن ئۆگۈنلۈككە......

— ئۆگۈنلۈككە نېمە قىلىسىز؟- ئالدىراپ سورىدى جىنەستە،— يەنە ئىش تېرىپ يۈرمەيدىغانسىز؟- كۈلدى ئۇ. ئۇ ئاخىرقى گېپىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە دەۋاتاتتى.

— ياقەي، خۇدا بۇيرۇسا ئۆگۈنلۈككە ئۈرۈمچىگە ماڭاتتىم. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي دېگەن.

— يەنە...... يەنە كېتەمسىز؟

— كەتمەيمەن، بېرىپ كېلىمەن. سىزمۇ كۆردىڭىز، يىغقان گۈلچايلىرىمنى قولۇمدىن ۋاقتىدا چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ......

— بۇ ئىشىڭىزغۇ بەك مۇھىمكەن. بىراق، بەك ھايال بولۇپ قالسىڭىز......

— ياق، ھايال بولمايمەن. يەنە رەۋىخان ئانامنى داۋالاتمىساق، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالمىساق بولماس؟

— دېگىنىڭىز كېلەر ئىلاھىم...... — قىز كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. ئۇ كىرپىكلىرىنى چىم- چىم قىلىۋىدى، بىر تامچە ياش شىررىدە كېلىپ مەڭزىدە توختاپ قالدى. نۇرمەمەت تاققىدە كېلىپ، بارمىقى بىلەن سىيرىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ قىز بەدىنىگە تۇنجى قېتىم قول تەگكۈزۈشى ئىدى. ئۇنىڭ قولى ياشقا ئەمەس، يالقۇنلاپ تۇرغان بىر تال چوغقا تەگكەندەك كۆيۈشۈپ كەتتى. بۇ كۆيۈك شۇنداق راھەتلىك، شۇنداق ھۇزۇرلۇق ئىدى. ئۇنىڭ جىنەستە قولى بىلەن يەنە ئۇزاق- ئۇزاق تۇرغۇسى، ئۇنى ئېلىپ



نە نەلەرگە كەتكۈسى، بايىقى لەززەتلىك كۆيۈكتىن يەنە بەھرىلەنگۈسى كېلەتتى. لېكىن، بۇنىڭغا يەنە بىر جەريان- ئېتىك يوللارنىڭ راۋانلىششى لازىم ئىدى.

شۇ ئەسنادا جىنەستىنىڭ دەرۋازىسى قىيا ئېچىلىپ، خاسىيەتخاننىڭ بېشى كۆرۈندى. جىنەستە ئىشككە كەينىچە تۇرغاچقا بۇنى كۆرمىدى. ئەمما، نۇرمەمەت تېپىرلاپ قالدى- دە، كۆزى بىلەن ئىشىك تەرەپنى ئىما قىلىپ قويۇپ شىۋىرلىدى:

— ئەمىسە خەۋىرىڭىزدە بولسۇن، ئۆگۈنلۈككە ماڭىمەن.

نۇرمەمەت شۇ گەپنى دەپلا كەينىگە ياندى. جىنەستە ئاچىسىنى كۆرۈپ چوغدەك قىزاردى. خاسىيەتخان ئاغزىنىڭ پۈچۈقىدا كۈلۈپ قويۇپ ،گەپ قىلمايلا كىرىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىمى ئۈلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئەلچى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم تالاش- تارتىش بولدى. يەنە تەگىشىش، چۈشەندۈرۈشلەر بولۇپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا چىقىرىلغان قارار جىنەستىنىڭ قەلب ئاسمىنىغا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇد زېمىنى ئاشۇ نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ كۈلكىسى بىلەن ئاۋات، سېھرى بىلەن مەستخۇش ئىدى. روھى ئەرشئەلادا توختىماي قانات قاقاتتى. ئۆز شادلىقىنى، خۇش خەۋىرىنى شاماللارغا سۆزلەيتتى. ئېيتقانلىرىنى ئېقىتماي- تېمىتماي ئۇنىڭ تۈگۈلۈكىدىن تۆكۈۋېتىشلىرىنى تىلەيتتى.

شۇ كېچە جىنەستە پۈتۈنلەي چۈش قوينىدا يايراپ چىقتى. ئۇ چۈشلەردە ئۆتكەن، ئۆتۈۋاتقان ھاياتىنىڭ كارتىنىلىرىمۇ، كەلگۈسى ساماۋى بەختىنىڭ ۋىلىقلاشلىرىمۇ بار ئىدى. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاشۇ چۈشلەرگە تەۋە پۈتكۈل ھايات قاينىمىدا نۇرمەمەت بىلەن بىللە ئىدى. گۈل- چېچەكلىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن چۆپلۈكلەردە بىر- بىرىگە ئاتاپ گۈلدەستىلەر تىزىشاتتى. گىرۋەكلىك دەريا ساھىللىرىدا قول تۇتۇشۇپ چاپاتتى.

سۈپسۈزۈك ئېقىن بويلىرىدا سۇ چېچىشاتتى. بۈك بوستانلار ئارىسىدا مۆكمۆكىلەك ئويناياتتى. شاماللار پەيتونىغا، قۇشلارنىڭ ئېتەكلىرىگە ئولتۇرۇپ تىپتىنچ سامادا پەرۋاز قىلاتتى......

پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن نۇرمەمەتنىڭ ئۆيى ئۇدۇلىدىكى توپىلىق يولدىن بىر يۈك ماشىنىسى ئاستاغىنە قوزغالدى. ماشىنىغا كوزۇپىدىن بىر مېتىرچە ئېگىزلىكتە لىققىدە يەشىك بېسىلغانىدى. ئۇنىڭدا سورت ـ سورتىغا ئايرىلىپ قاچىلانغان گۈل چېيى (بۇ يەرلىكلەر چاي گۈلىنى شۇنداق ئاتايتتى) بار ئىدى. ماشىنا ئەگىلىپ، ئالدىنى شەھەر يولىغا قىلىۋاتقاندا، كابىنكىنىڭ ئوڭ يېقىدا بىر سىيما پەيدا بولدى. ئۇ تولۇپ ئېچىلغان قىزىل ئەتىرگە، ياق، ئېچىلىش ئالدىدىكى قىزىلگۈل غۇنچىسىغا ئوخشايتتى. ئۇ ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوقتەك ئۇچقىنىدىنمىكىن، هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ كەتكەنىدى. پىنهان باغلارنىڭ سېهىرلىك ئالمىلىرى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈپ تۇراتتى. نەچچە تال چېكە چېچى ئىنچىكە قاشلىرىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغانىدى.

نۇرمەمەت ئىشىككە قول سوزۇۋىدى، شوپۇر «چىك!»قىلىپ قويۇپ تورمۇزغا دەسسىدى. «گۈل» نۇرمەمەتكە بىرى چوڭ، بىرى كىچىكرەك ئىككى تۈگۈچنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ بىرى قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم، يەنە بىرى ئۆرۈك مېغىزى ئىدى.

— ئاق يول بولسۇن! — دەپ شىۋىرلىدى «گۈل» يوللۇقنى بېرىۋېتىپ. نۇرمەمەت ئىچىدە «ئىنشائاللا!» دەپ قويۇپ، قولىنى يېنىك ـ يېنىك پۇلاڭلاتتى.



# ئونىنچى باب

# چاي سودىگىرى

## 1

تۇنجى قېتىملىق ماللىرىنى ئۈرۈمچىدە قولىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىرىپ كەلگەن نۇرمەمەت يەنە ئالدىراشلىق ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. بۇ قېتىم يەنە ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان ماللىرىنى سورتقا ئايرىپ قاچىلىتىۋاتاتتى. هويلا تەكتىدىكى پالاس، يوپۇقلارغا تۆكۈلگەن دۆۋە ـ دۆۋە چاي چېچەكى ئەتراپىدا ئالتە ـ يەتتە ئىشلەمچى ئايال چېچەك خىللاۋاتاتتى. ئىككى يىگىت يەشىكلەرگە قاچىلايتتى. بىرەيلەن جىڭلاپ ئۆلچەملەشتۈرەتتى. نۇرمەمەت بولسا ئىش تۈرلىرى ئارىسىدا يورغىلاپ يۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ هويلىسى بىر قاراشتا چاي خامىنىغىمۇ، يەنە بىر قاراشتا ئاللىقانداقتۇر بىر زاۋۇتنىڭ چەككىلەش سېخىغىمۇ ئوخشاپ قالغانىدى.

— مەهەللىمىزدە مەخسۇس چاي پىششىقلاپ چىقىرىدىغان بىر زاۋۇت قۇرسىڭىزمۇ بولاپتىكەن، نۇرمەمتىكا، — دېدى بىر يىگىت چاقچاق تەلەپپۇزىدا.

— زاۋۇت قۇرغۇدەك بىلىم ـ ساپا، مەبلەغ نەدە تۇرۇپتۇ مەندە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن بىر يېزىنىڭ چاي كۆلىمىمۇ بىر زاۋۇتنى تەمىنلەپ كېتەلمەيدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — گەپ قوشتى يەنە بىر يىگىت، — خۇددى ئوقۇمىغاندەك گەپ قىلىدىغان ئاداشكەنسەن. مۇنداق بىر، يىغنۋېلىش شىركىتى دېسەڭمۇ يارىشارمىكىن.

— ھە...... ماۋۇ گەپ بولىدى مانا، — دېدى نۇرمەمەت تەستىقلاپ، — مەنلا ئەمەس، مەھەللىمىزدە بىرنەچچىمىز بىرلىشىپ مۇشۇنداق شىركەتتىن بىرنى قۇرۇۋالىدىغان بولساق، چايكارلىرىمىزغىمۇ نېپى چوڭ بولاتتى-دە.

— بولسا شۇنداق قىلىڭلار بالىلىرىم، — قۇۋۋەتلىدى ئاياللاردىن بىرى، — بۇلتۇر نۇرغۇن ئائىلىلەر چاي سودىگەرلىرىنى ئىزدەپ، بارمىغان يېرى قالمىدى. تېخى، بۇ نېمىنىڭ ئېپى- جېپىنى بىلمىگەندىكىن، تاغارغا تىقىپ بېسىپ قويۇپ سېسىپ كەتكەنلىرى جىق.

— چالا قۇرۇتقان گەپ.

— ئوبدان قۇرۇتسىمۇ، سامان قاچىلىغاندەك تاغارغا پۇرلەپ تىقسا سۈپىتى چۈشۈپ كېتىدۇ ئۇنىڭ.

— ئىشقىلىپ، نېمىلا بولمىسۇن، — گېپىنى داۋام قىلدى ئايال، — قولدىن ئىتتىكرەك چىقىپ كەتسە ياخشىكەن. مانا، بۇ يىل نۇرمەمەت ھەممە ئەندىشىدىن چىقاردى خەقنى.

نۇرمەمەت خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭغا ئايالنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەردىكى تۇيغۇسىدا ئاددىي بىر سەھرا ئايالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ ساددا گەپلەر ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان دېھقانلار ئەھلىنىڭ جانجان مەنپەئەتى، يېڭىلا كۆز ئاچقان چايچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئويلىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىدى، شۇنداقلا بۇ تۇغۇلۇشتىلا تەقدىرى يەرگە باغلىنىپ چۈشكەن ئاشۇ ساددا دىل دېھقان خەقنىڭ غۇبارسىز قەلبىدىن چىققان پاك ئارزۇ- ئارمانلىرى ئىدى. ئۇلار ئەتىيازدىن تاكى كەچ كۈزگىچە



سوزۇلىدىغان جاپا- مۇشەققەتلىك كۈنلىرىدىن ھارسىنمايتتى، زېرىكمەيتتى، ۋاز كېچىشنى خىياللىرىغا يولاتمايتتى. لېكىن، تارتقان جاپاسىغا، تۆلىگەن بەدەللىرىگە يارىشا تۇوق تۇرمۇش، پاراۋان ھايات كەچۈرۈشنى، قىلىۋاتقان ئاشۇ ئىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك راۋان، بەرىكەتلىك يۈرۈشۈشىنى تىلەيتتى. ھوسۇلى، سېتىپ تاپقان پۇلى مول- ئاۋۇن بولسىلا، ھەممە جاپا- مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

— ئەقلىم ئاشۇ ئايالنىڭ ئەقلىچىلىك ئىشقا بۇيرۇماپتىمېنى؟ — دەپ يەكۈنلىدى نۇرمەمەت خىياللىرىنى، — خەيرىيەت، ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن تېخى. خۇدا خەيرلىك بېرىپ، مۇشۇ ماللىرىمنى ئوڭۇشلۇق قولدىن چىقىرىۋالسام، ئۇلار دېگەن شىركەتمۇ بولۇپ قالىدۇ، شامالباغدا. ئۇ چاغدا مەھەللىدىكىلەرنىڭمۇ، مېنىڭمۇ نېپىم كەم بولمايدۇ.......

نۇرمەمەتنىڭ ئادەتتىكىچە تىجارەت يولىغا كىرىپ پۇل تېپىش ئويى بىلەن ئاۋاتلىشىۋاتقان قەلبىنىڭ كۆزنەكلىرىنى يەنە بىر يۈكسەك پىلانىنىڭ بارمىقى چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سەپەر ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشى توپتوغرا بىر ھەپتىدە پۈتتى. ھويلا ئىچىگە تام بويلىتىپ رەت- رېتى بىلەن بېسىلغان 500 دانە يەشىك ئۆزلىرىنىڭ تېزرەك يۆتكىلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى. نۇرمەمەت قايسى كۈنى سۆزلىشىپ قويغان يۈك ماشىنىسى شوپۇرىغا تېلېفون قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتاتتى، ئىشىك تەرەپتىن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېگەن ئاۋاز چىقتى. تالادىن ناتونۇش ئۈچ ئادەم كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

— نۇرمەمەتجاننىڭ ھويلىسى مۇشۇمىدۇ؟ — سورىدى ئالدىدا كىرگەن كىشى.

— ھەئە، نۇرمەمەت دېگەن مەن بولىمەن.

ئۇلار «نەق تېپىپتىمىز» دېيىشكەچ، ئۇنىڭ بىلەن بىر-

بىرلەپ قول ئېلىشتى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئۇستى- ئۇستىلەپ بېسىلغان يەشىكلەرنى زىيارەت قىلىپمۇ ئۈلگۈرۈشتى. ئۇلار بىر- بىرىگە قارىشىپ، ئۆزئارا باش لىڭشىتىشاتتى، تەبەسسۇم قىلىشاتتى. شۇ ئارىدا بايا گەپ قىلغان كىشى يەنە سورىدى:

— دېسەك- دېمىسەك، يۆتكەشكە تەييارلانغان ماللار مۇشۇغۇ دەيمەن؟

نۇرمەمەت تەئەججۇپ ئىلكىدە قارىدى:

— قانداق دەيدىلا؟

— ھە، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ ئىنىم، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — ئات- ئۇچۇرىڭىزنى باشقىلاردىن ئاڭلىغاندۇق، بىزمۇ سودىلىشىپ باقايلىمىكىن دەپ كەلگەن.

— كەلگەنلىرىڭىزغۇ ئوبدان بولاپتۇ، ئەمما باشقىلار بىلەن ۋەدىمىز بار ئىدى. ئەتە......

— سودا دېگەننىڭ قېلىپى يوق، ئىنىم. كىم كىمگە يۇقىرىراق باھادا ساتالىسا، كىم كىمدىن ئېپىدىراق ئالالىسا بولۇۋېرىدىغان گەپ. دېيىشىپ باقمايلىما، مۇنداق؟

— دېيىشىسەكمۇ دېيىشەرمىز ئاكىلار......

نۇرمەمەتنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا بىرسى بىر يەشىكنى پەسكە ئالدى.

— مۇنداق بىر كۆرۈپ باقىلى قېنى.

— ئاكا، بۇ پېچەتلەپ بولغان نەرسىدى. بەربىر يۆتكەپ ماڭىدىغان بولغاندىكىن ئېچىپ يۈرمىسەك بولارمىكىن.

— ناھايىتى بىر تىلىم جوببۇنىڭ ئىشىغۇ بۇ. چاپلاپ قويساق بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگەچ يەشىكنى ئاچتى. چايدىن بىر تۇتام ئېلىپ كۆرۈشۈپ توختاشتى.

— نەچچە پۇلدىن كېلىشمەڭلار بارتى؟



— 600كويدىن، — نۇرمەمەت 100 يۈەن ئاشۇرۇپ دەۋاتاتتى.

سورىغۇچى ئىككىسىگە لاپپىدە قارىۋېدى، بۇرۇن گەپ باشلىغىنى نۇرمەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىز 650 تىن بەرسەك بولارما؟

نۇرمەمەت ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ جىم تۇرۇشىنى «خوپ كۆرمەيۋاتىدۇ» دەپ چۈشەنگەن خېرىدار شارتتىدە قولىنى چىقاردى:

— ئەكېلە ئۇكام قولۇڭنى، — ئۇ نۇرمەمەتنىڭ ئالقىنىنى ئاچتۇرۇپ، پاققىدە قويدى،- پارچىسى يوق، 700 يۈەن!

— بەلەن سودا بولدى جۇمۇ؟ — دېدى بىرى دەيدەيگە سېلىپ، — ئۈرۈمچىگە مال ئاپىرىمەن دەپ جاپا تارتمايسەن بىر، بىھۇدە چىقىمىڭ بولمايدۇ ئىككى. يەنە دەپ كەلسەم جىق گەپ. بىزگىلا بېرىپ قۇتۇلمامسەن؟

— مالنى ئۆزىمىز ئەكېتىمىز ئۇكام، سەن پۇلنى ئېلىپلا قالساڭ بولدى.

نۇرمەمەت بىر تۇرۇپ بۇنداق يۇقىرى باھادىن سۆيۈنسە، بىر تۇرۇپ ئۈرۈمچى تەرەپلەردە بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى باھادا ئېقىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئىككىلىنەتتى. ئۇلار ئۆرلەش ئەمەس، ئاشۇ بىر باھادا تۇرۇپ زورلايتتى. ئاخىر نۇرمەمەتنىڭ ئاغزىدىن «بولاپتۇ!» دېگەن بىر سادا چىقىپ كەتتى. يەشىكلەر سانىلىپ 210 باغلام پۇل نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا دەستىلەندى. مال ئۈچ تونا، پۇلى توپتوغرا 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئىدى. نۇرمەمەت ھاياجانلىناتتى. نىمىگىدۇر جىددىيلىشەتتى. ئاشۇ پۇللارنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمىگەندەك، ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە قايمۇقاتتى.

— نېمە، گېپىڭلىدىن يېنىۋالاي دەمسىلە ئۇكام؟ — سورىدى

خېرىدارلارنىڭ بىرى.

— ھە، يــاقەي...... — نــۇرمەمەت ئۈســتى تەرىپــدىن ئىككى- ئۈچ باغلام پۇلنى ئېلىپ، ئارىلاپ- ئارىلاپ بىرنەچچىدىن ۋارىقنى كـۆرۈپ بېقىـپ بولـدى قىلـدى. ئارىـدا بىرسـى كىمگـىدۇر تېلېفـون ئۇرغانــدەك قىلىشــدى، ھايــال ئــۆتمەي ئــۆي يېنىــدىكى توپىلىق يولغـا بىـر يۈك ماشىنىسى پەيـدا بولـدى. ئۇلار سـودىنى قانداق تېز پۈتكۈزگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېـزلىكتە يەشـىكلەرنى بېسىشىپ غايىب بولۇشتى.

نۇرمەمەت ھە دېگەندە بۇ غايىب پايدىدىن مەمنۇن بـولاتتى. ھاياجـان ئىچىــدە پــۇل بــاغلاملىرىنى بۆلـۈپ- بۆلـۈپ دەڭــسەپ باقـاتتى. شـۇنچىۋالا پۇلنىـڭ ئۆزىنىـڭ بولۇشـىغا ئىـشەنمىگەندەك، بىردە پۇللارغا، بىردە ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتتى.

دېمىسىمۇ شـۇنداق. قـولى ئىشقا تەگكەنـدىن بېـرى جېنىنـى مەدىكارچىلىق بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقـان بـۇ يېگـانە جـان ئىگىـسى چۈشىدىمۇ بۇنچىلىك جىق پۇلنى بىر يولى تۇتۇپ باققـان ئەمەس. تېخـى نەچـچە ئـاي ئىلگىـرىگىچە كۈنلـۈك ئىـشلەپ، ئىش كۆتـۈرە ئېلىپ تاپقان 70 — 80 يۈەن، 100 — 200 يۈەننىمۇ ناھايىتى چوڭ بىلىپ كېتەتتى. ئاشۇ كىچىككىنە ئىش ھەققى ئالدىدا، شـۇ كـۈنى يىقىلىپ- قوپۇپ چەككەن رىيازەتلەر، ئىش ئىگىسىدىن ئاڭلىغـان دوق- تەنىلەرنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. قاتتىق نان، سوغۇق سۇ بىلەن كەچ بولغان كـۈنلەر، تـالجىقىش ئىچىـدە مـوك چۈشـۈپ، ئېزىلىـپ قوپقان كېچىلىرىنى خىيالىغا يولاتمايتتى.

نــۇرمەمەت ئاشــۇلارنى خىيالــدىن ئۆتكــۈزۈپ ئېغىــرغىنە خورسـىنىپ قويـدى، ئانــدىن ئالدىــدىكى پۇلغـا كـۆز تىككىــنچە قانــداقتۇر بىــر ئىــش ئۈســتىدە بــاش قــاتۇرۇپ كەتتــى، كېيىن ئالدىــدىكى پــۇللارنى بىــرنەچچە تۈگــۈنچەكە بۆلــۈپ، ئۆيىنىــڭ نەرىگىدۇر جايلاشتۇردى. بىرنەچچە باغلىمنى سومكىسىغا سېلىپ تالاغـا چىقتــى. ئــۇ ئىــشكىلىرىنى ئېتىــپ، نەگــىدۇر ماڭــاي دەپ تۇراتتى، جىنەسـتە كـۆكتىن چۈشـكەندەكلا ھويلىـدا پەيـدا بولـۇپ قالدى.

— ۋــيەي،— دېــدى ئــۇ ھويلىغــا ئەلەڭ - ســەلەڭ كــۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ،— ھېلىقى يەشىكلىرىڭىز كۆرۈنمەيدىيا؟

— يەشىكلەر مانا،— سومكىنى كۆرسەتتى ئۇ.

جىنەستە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— نــېمە دېگىنىڭــز بــۇ؟ چاقچـاق قىلمـاي دەڭە، قېنــى ئــۇ نەرسىلەر؟

— كەتتى.

— ئەۋەتىۋەتتىڭىزمــا؟ ئــۆزىڭىز بىلــلە بارمامــسىزا؟ ھە...... ماشىنىغا بېسىۋەتتىم، ئەتىگەن ماڭىمەن دەڭە!

— ياق، جىنەسـتە، مـال چىقىـپ كەتتـى. مەن بارمايـدىغان بولدۇم.

— مۇشــۇ يەردىــلا سېتىۋېتىپــسىز-ھە؟ ئوبــدان قىپــسىز. كەتمەيدىغىنىڭىز ياخشى بولاپتۇ!

— شۇنداق، ئەمدى ئۇزاققىچە سىرتقا چىقمايمەن. ئۆزۈمنىـڭ ئىشلىرى بىلەن بولىمەن.

«تــوي ئىــشىمىزنى دەۋاتــدۇ» دەپ يەكۈنلىــدى جىنەســتە ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ۋە تولىمۇ يېقىملىـق بىـر نـازاكەت ئىچىـدە تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ نۇرمەمەتنىڭ يېنىـدا يەنە بىـردەم تۇرغۇسـى، ئۇنىــڭ بىرىمـى راسـت، بىرىمـى چاقچاققـا بـۆلەنگەن يۇمۇرلۇق سۆزلىرىدىن تېلىقىپ- تېلىقىپ كۈلۈۋالغۇسـى بـار ئىـدى. لېكىن، ئۇنىڭ نەگىدۇر جابدۇنۇپ تـۇرغىنىنى پەملەپ ،ئۇنىڭـدىن سورىدى:

— ســىرتقا چىقمــايمەن دەيــسىز، قارىــسام بىــر يەرگە ماڭىدىغاندەك تۇرىسىزغۇ؟

— قوشنا كەنتلەرگىمۇ ئۆتۈپ باقاي دەيمەن. شامالباغنىڭ چايلىرىمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ۋاقتىنى چىڭ تۇتمىسام، ئىشسىز قالىمەن بىكار، — كۈلدى ئۇ.

— ئەمدى تۈزۈك سودىگەر بولاي دەپسىز- ھە؟ بولاپتۇ ئەمىسە، سىزگە كاشىلا قىلماي.

ئىككىسى ئىشىكتىن بىللە چىقتى. نۇرمەمەت كەنتلەرگە قاراپ كەتتى.

شامالباغنىڭ، ھەتتا باشئوتاق يېزىسىنىڭمۇ ئورنىنى خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايتتى. ئەمما بۇ يەرلەرنىڭ بىردىنلا داڭقى چىقىپ كەتتى. خەرىتىلەردىن ئورۇن ئالالمىغان خىلۋەتتىكى ئاشۇ كىچىككىنە سەھرالارنىڭ نامىنى تۇتىياغا ئايلىنىپ قالاي دەپ قالغان گۈل چېيى چىقىرىۋاتاتتى. بۇ نام- شۆھرەتلەرنى يولغا قويۇلۇۋاتقىنىغا ئەمدىلا بىرنەچچە يىل بولغان چايچىلىق ئىگىلىكىنىڭ نەتىجىلىرى تەرەپ- تەرەپكە تارىتىۋاتاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە گۈل چېيى سودىسى پەۋقۇلئاددە بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قىزىقىۋاتقانلار، ئېلىم- سېتىم قايىنمىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. مۇشۇ يېزا، مۇشۇ ناھىيەدىلا ئەمەس، ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن شىركەتلەرمۇ گۈل چېيىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىدىن زوقلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن بىلىپ ئۈلگۈرگەنلەر بولسا، ئۆز ئەتراپىدىكى دورا زاۋۇتلىرىنى كۆزلىشىۋاتاتتى. شامالباغلىقلار، يەنە كېلىپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ناتۇرال ئىستېمالدىن ئاشۇرۇپ بازارغا يۈزلەندۈرۈشكە ئادەتلىنىپ بولالمىغان دېھقانلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. بازار بىلەن تەڭشىلىۋاتقان دۇنيانىڭ بۇنداق ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىۋاستە ھېس قىلىپ كېتەلمەيتتى.

تۇرمۇش زۆرۈرىيىتىدىن ئازراقلا جاھانكەچتىلىك قىلىپ كۆزى ئېچىلىۋاتقان نۇرمەمەت بۇلارنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ھېس قىلىشلا



ئەمەس، ئۆز يولىغا پەيدا بولۇۋاتقان بىر خىرىسنىڭ شەپىسىنى سېزىپمۇ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىدە، سەككىز كۈندە بىر قېتىم قىزىيدىغان يېزا بازىرىدا قولتۇقلىرىغا بىردىن جىڭ ۋە خالتا- خۇلتىلارنى قىستۇرۇۋالغان چاربازارچى ئالارمەن- ساتارمەنلەر غولداپ قالغانىدى. بازاردىلا ئەمەس، چايكارلارنىڭ ئېتىز بېشى، ئىشىك ئالدىلىرىغىمۇ ئادەملەر پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈل چېيى يىغىۋېلىشنى كۆزلەپ يۈرگەنلەر ئىدى. خۇددى نۇرمەمەتكە ئوخشاشلا، ئېپىدا ئېلىپ، ئېپىدا ساتسام، بىرسىنى ئىككى قىلسام دەپ يۈرگەن ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئىدى.

نۇرمەمەت بۇ قېتىم باشقىچە يول تۇتتى. ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكىدەك چايكارلارنىڭ چايلىرىنى يىغىپ، قۇرۇتۇپ تەييار قىلىشنى كۈتۈپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭغا خىرىس قىرىنى كۆرسىتىپ تۇرغان رىقابەتچىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. تەييىرىنى ئىزدەپ بولغۇچە ناتەييارلىرىغىمۇ ئىگە پەيدا بولاتتى. «بازار چاققانىنىڭ» ئىدى. نۇرمەمەت قايسى كۈنكى پۇلدىن 30 تۈمەننى ئېلىپ چىقىپ ئىككى كۈن ئىچىدە تارقىتىپ تۈگەتتى. ئۇ ئالدىن پۇل تارقىتىپ ئىگىلەپ قويۇش يولىنى تاللىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، 100 موغا يېقىن چايزارلىقنىڭ مەھسۇلات پۈتۈمى نۇرمەمەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

ئۇ ھەر ھالدا تەييار چاي يىغىۋېلىش ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزسە بولمايتتى، يەنە مېڭىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. پۇللىرىنى باشقا ئۇسۇل، باشقا شەكىللەر بىلەن «دومىلىتىپ» تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەتىسى يەنە بىرنەچچە باغلام پۇلنى سومكىسىغا تىقىپ تالاغا چىقتى. ئەمدىكى يولى قوشنا كەنت غولتوغراققا ئىدى. ئۇ يەر دېھقانلىرىنىڭ چايزارلىرىمۇ شامالباغدىن قېلىشمايتتى. نۇرمەمەت كەنت دائىرىسىگە كىرىۋېتىپ، ئەتراپى زىچچىدە جىگدە كۆچىتى بىلەن قورشالغان بىر تاختا چايزارلىققا دۈچ كەلدى. يەر

ئورنى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەمما، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئالتۇن چېچەكزار كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك دەرىجىدە تاۋلىنىپ ياتاتتى.

ئۇ يول ياقىسىدىكى ئېرىقتىن ئاتلاپلا يەر ئۈستىگە كەلدى. ئېتىز ئىچىگە كىرىپ، چېچەكلەرگە ئىنچىكىلەپ قاراپ كەتتى. جۇۋلاپ تۇرغان چېچەكلەرنىڭ ئۇچىتىن بىرى توق ئېچىلغان چۇغلۇققا ئوخشايتتى. ئوتقاش رەڭلىك ياپراقچىلىرىنىڭ ئاستى قىسمىغا تەبىئەت ئانىنىڭ چېۋەر قولى بىلەن تولىمۇ يارىشىملىق بىر خىل قارا جىيەك تارتىلغانىدى. قىزغۇچ رەڭلىك بۇ چېچەكلەر ئۆزنى ئوراپ تۇرغان باشقا ئالتۇن ياپراقچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. «ئالاھىدە باھا رېكورتىنى ياراتقان سورت مۇشۇغۇ! مۇشۇ يەرنىڭ كۆكنى بىر ئامالالاپ سېتىۋېلىپ، ئۇرۇقلۇق ئېتىپ قويىمايمەنمۇ؟ كاساپەت، 10 ــ 20 مو بولۇپ كەتسىچۇ؟!»

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ نۇرمەمەت چۆچۈش ئىچىدە كەينىگە قارىدى.

قىر بېشىدا 47 ــ 48 ياشلاردىكى ئۆزۈنتۇرا بىر كىشى قاراپ تۇراتتى.

ــ بۇ ئۆزلىرىنىڭ يېرىما؟ ــ سورىدى نۇرمەمەت، ــ قانچىلىك يەر بۇ؟

ــ ھەئە، بىزنىڭ. توپتوغرا ئۈچ مو.

ــ بەك ئاز تېرىپلىيا؟ ھامان جاپاسىنى تارتىدىغان ئىش بولغاندىكىن كۆپرەك تېرىماي......

ــ يەرغۇ بار ئىدى، ئەممازە، دېھقان دېگەنگە ئاش ـ ئوزۇق، ئوت ـ خەس بولمىسا بولامدۇ دەيسىز، ئۇكام؟ مېنىڭچە بولسىغۇ، مۇشۇ يەرنىمۇ چىلپاق (پارچىلىۋەتمەك مەنىسىدىكى شېۋە) قىلغۇم يوق ئىدى. كەنتتىن تېرىمىساڭ بولمايدۇ دەپ......

ــ كۆكنى سېتىۋېتىپلا، پۇلغا ئاشلىق ئېلىپ قويامدىلا



بولمىسا؟

ــ بىر قوشنىمىز ئالايغۇ دېگەن، لېكىن پۇلنى كۆزگىچە بەرگۈدەكمىش. نېسى سودا دېگەن يوق بىلەن تەڭ نېمە ئۇ. كېيىنچە پۇلنى تېپىپ بولالماي.....

ئۇنىڭ گەپلىرى ھە دېگەندە نۇرمەمەتنىڭ مۇددىئاسىغا ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ــ ماڭا بىر ساتاملا ـ يا؟ ــ نۇرمەمەت ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى، ــ پۇلنى نەق بېرىمەن. ھەممە ئاۋارىچىلىكتىن بىر يولى قۇتۇلدىلا.

ــ ئېلىڭا قېنى، نەچچە پۇل بېرەرسىز؟

ــ ئۆزلىرى نەچچە پۇلغا ساتارمەن، دەپ يۈرىدىلە؟

ــ قوشنىمىزغۇ مولۇقىغا 25 مىڭ كوينىڭ گېپىنى قىلغان.

ــ يېنىدا ئىككى پۇلى يوق، نېسىدىن تەلىيىنى سىناپ باقىدىغانلارنىڭ گېپى ئۇ، ــ دېدى نۇرمەمەت يەر ئىگىسىنى غىدىقلاپ، ــ ناۋادا بولار دېسىلە، مانا مەن 20 مىڭنى سانىۋېتەي. كېيىنچە زىيان چىقسىمۇ ئۆزۈمگە.

ــ خەق 25 مىڭ دېسە، 20 مىڭ دەيسىزيا غوجام؟

ــ 25 مىڭ باھا قويغانلار پۇل سانىيالماپتۇيا ئەينا؟ مەن نەق بېرىمەن ئاكا.

ــ شۇنداقىدىمۇ بىرئاز قوشمىسىڭىز......

ــ بولاپتۇ، 500 كويىدىن قوشاي.

ــ مىڭ كوي دەڭا، پۈتۈن؟

ــ ئەكەلسىلە قوللىرىنى. لەۋزىلىرى ئۈچۈن قوشتۇم، 21 مىڭ!

ــ ئېلىڭا! سىزنىڭ رىزقىڭىز بار چېغى بۇ يەردە.

نۇرمەمەت سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ دېدى:

ــ قوشنىلاردىن بىرەر ـ يېرىمنى قىچقىرىپ خەت ـ پەت

پۇتۇشمىزمۇيا؟......

— كىچىككىنە ئىشقا ھەش- پەش قىلىپ يۇرمىسەكمۇ......

— ياق ئاكا، كىچىككىنە ئاۋارىچىلىكتىن قاچساق، تىخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇسسۇل تۇزدە ياخشى، گەپ يۇزدە ئەمەسمۇ؟

— ماقۇل، ماقۇل غوجام.

دېھقان نەدىنىدۇر ئىككى ئادەمنى چاقىرىپ كەلدى. قىر ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ھۆججەت يېزىپ قول بېسىشتى.

نۇرمەمەت ئىككى باغلام پۇلنى چىقاردى، ئاندىن يېنىنى كولاپ پارچىسىنى ئالاي دەپ تۇراتتى، ئېرىق ئىچىدىن بىر ئايال قاشقا يامىشىپ چىقىپ كەلدى. نۇرمەمەت ئايالغا قاراپ قانداقىسىگە قېقىلىپ قالغان بولسا، ئايالمۇ شۇنداقىسىگە ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ ھېلىقى چاغدىكى قوش ئەلچىنىڭ بىرى، تۆت خوتۇننىڭ سەركىسى ھاۋاخان ئىدى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى بىردىنلا قارىيىپ، ئىككى قاپىقىغا بىردىن تاغنىڭ بۇلۇتى يىقىلغاندى. ئېرىق چىشلىرى بىر - بىرىنى ئۇۋۇتىۋەتمەكچى بولغاندەك گىرىچلاپ تۇراتتى.

— مەندىن ھېساب ئېلىشقا كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟— دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ئىچىدە،— نەدە كۆرۇپ قالغان بولغىدى مېنى، بۇ خوتۇن؟— نۇرمەمەت ھاۋاخاننىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىردىنلا تەمترەشكە باشلىدى. سودىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ كېلىپلا چاڭ سېلىپ، ئوڭ- تەتۇر چالۋاقاپ، ئاۋۇ ئەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۇرۇپ قويۇشىدىن تەپ تارتىۋاتاتتى.

— نېمىش قىلىدۇ بۇ گۆلدەمەت بۇ يەردە؟— ھاۋاخان نۇرمەمەتتىن كۆزىنى ئۇزۇپ، ھېلىقى ئەرگە قارىدى.

— نېمە دەۋاتىسىلە، ھوي خوتۇن!؟ بۇ دېگەن خېرىدار، بىزنىڭ خېرىدارىمىز.



— ھە، ئوبدان خېرىدار بۇ! — دېدى ئايال تەئەددى بىلەن،— تازا ئوبدان خېرىدارنى تېپىپسىلە.

— نېمە بۇ؟ كالللىسىغا جىن تەپكەندەك گەپ قىلىدا؟ بولدى، ئۇكام، ئۇ......

— ھەئە، مېنى جىن تەپتى،— دېدى ئايال ئەرنىڭ گېپىنى بۆلۇپ،— سىلىگە دېسەمچۇ، ھېلىقى چاغدا ئوغلۇڭلىغا تايىن قىلغان كېلىننى تارتىپ كەتكەن نېمە بۇ!

«ئىككىسى ئەر- خوتۇنكەن- دە؟— دەپ تەخمىنلىدى نۇرمەمەت ئىچىدە،— ئەر - خوتۇن پەش تارتىشىپ جېدەلنى تاڭمىغىدى ماڭا»— نۇرمەمەت يەر ئاستىدىن ئەرنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. ئۇ كىمگە بولۇشۇشنى بىلمىگەندەك، بىردە ئايالغا، بىردە نۇرمەمەتكە قاراپ تېڭىرقاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. نۇرمەمەت بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاچا، بۇ ئىشنى مەندىن كۆرسىلە قانداق بولىدۇ؟ يا قىز بېرىدىغان ئادەم مەن بولمىسام.

— ساق يەرگە چىققان سۆگەلدەك پەيدا بولۇشمىغان بولساڭ......

— ئادەمنى سەنلىمىسىلە ئاچا، بىزگە خېلى يىللار بولغان بۇ ئىشنى كۆڭلىمىزگە پۈككىلى. ئۇ كۆنى ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇ ئويدا كەلگەنلىرىنى بىز نەدىن بىلىلى؟ نىكاھ دېگەن شۇنداق غايىب ئىشكەن. كىمنىڭ رىزقى قوشۇلسا شۇنىڭ بىلەن بولىدىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ،— گەپ ئالدى ئېرى،— خۇدا بىزگە بۇيرۇمىغان گەپ. نېمە قىلىسىلە ئۆتۇپ كەتكەن ئىشقا تەگەپ؟ ئۇنىڭلىق بىلەن ئوغلىمىز خوتۇنسىز قالامتى؟ تولا گەپ قىلماي، ماۋۇ پۇلنى ساناڭلا،— پۇللارنى ئۇزاتتى خوتۇنىغا.

ئايال «نېمە پۇل بۇ» دېگەندەك،ئېرىنىڭ يۇزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ماۋۇ يەرنىڭ كۆكىنى بەردىم، — ئىزاھلىدى ئەر.
— ئوھۇش، كىمگە ئۆچ بولسام شۇ. ساناڭلا ئۆزۈڭلا!

ئايال ئۆرۈلۈپلا ئىرىقتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى ئەر پۇلنى ساناشقا كىرىشتى. ئايالنىڭ ئېرى قول تۇتىدىغان بۇ ئىشتىن بىر يولى قۇتۇلغىنىغا خۇشتەك قىلاتتى. نۇرمەمەت بولسا ئەرزان چۈشكەن سودىدىن مەمنۇن ئىدى. ئىككى كاللا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل تۇيغۇ ئىچىدە خەيرلەشتى.

نۇرمەمەت يەر ئۈستىدىن يولغا چىقىۋېتىپ تاققىدە بىرسىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كېلەر يىلى 50 مو يەرگە چاي تېرىش ئويىدا ئۇرۇقلۇق ئىزدەۋاتقان بىر خىزمەتچى ئىدى. نۇرمەمەتنى خېلى بۇرۇنلا ياردەمگە چاقىرىپ قويغانىدى. نۇرمەمەتنىڭ پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ كۆنۈپ قالغان پەيلى بىردىنلا ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىغانىدى. ئۇنى ئىككى ئوي ۋەسۋەسىگە سالاتتى. بىرى، ھېلىقى ئەلا سورتلۇق چېچەكلەرنى ئۆز قولى بىلەن يىغىۋېلىپ ئۆز قىممىتى بويىچە سېتىش خىيالى ئىدى. دېمىسىمۇ شۇنداق، چاي چېچەكلىرىنى ئۇرۇقلۇققا قالدۇرغۇچە بولغان ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە قېتىم چاي يىغىۋالغىلى، بىر قىسىم پۇلنى ئالدىن تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولاتتى. يەنە بىر خىيالى، ئېيىپدە كەلسە بىراقلا قولدىن چىقىرىۋېتىش ئىدى.

ئۇنىڭ كېيىنكى خىيالى غالىب كەلدى. توختىغان يېرىدە تۇرۇپ، ھېلىقى ئادەمگە تېلېفون ئالدى. ئەپسۇس، ئۇلانماي قويدى. «يا توكى تۈگەپتۇ، يا ئېتىپ قويۇپتۇ، كەچتە بىر ئۇرۇپ باقارمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ قەدىمىنى يۆتكەۋېتىپ.

نۇرمەمەت شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە نۇرغۇن چايزارلارنى ئارىلىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالدىن پۇل بېرىپ قويغىلى، ئۇچرىغاننى يىغىپ بېسىپ كەلگىلى چىققانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن،



«كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا» ئىدى. سەھرادىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىن ھەركىمنى ئۆز نېسىۋىسى بىلەن تەمىنلەپ كېتىشكە قادىر ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئىشلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ ماڭدى. ئۇچراشقان نۇرغۇن رىقابەتچىلىرى ئارىسىدا نېسىۋىسىنى ئۆزى تاپتى. ئاتايىن كەنت ئاتلاپ چىققىنىغا يارىشا ئۆيىگە كۆڭلى توق قايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇنى ئۆز تېلېفونى كۈتۈۋالدى. ئۇ ھېلىقى خىزمەتچى تونۇشىدىن كەلگەن تېلېفون ئىدى.

— ۋاي، سەت بوپتۇ، — دەپ باشلىدى قارشى تەرەپ تۈنجى گېپىنى، — تېلېفون ئۇرۇپتىكەنسىز، ۋاقتىدا ئاڭلىيالماپتىمەن.

— تازا سورتلۇق ئۇرۇق چىقىدىغان يەردىن بىرئاز ئۇچراپ قالغانىدى.

— شۇنداقمۇ، بېشىنى باغلاپ قويغانسىز؟

— ھەئە.

— مەن ھازىرلا ماڭاي ئەمسە......

ۋاقىت چۈشكە يېقىنلىشاي دېگەنىدى. غولتوغراقنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ھېلىقى چايزارلىق يېنىدا قارا رەڭلىك بىر «سانتانا» يېنىككىنە تورمۇزلىنىپ توختىدى. نۇرمەمەت ھۆپىگىرىنى باشلاپ چايزارلىققا ئۆتتى. ئۆتتى ـ يۇ، چېپىپىدە توختاپ قالدى. ئېتىزلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئىككى گەۋدە زوڭزىيىۋېلىپ چاي ئۈزۈۋاتاتتى.

— ھوي، ھوي! ـ شەپە بەردى نۇرمەمەت، — قايسىلىرى ئۇ؟!

ئىككى ئادەم پۇلاڭگىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرى يەر ئىگىسى، يەنە بىرى 15 — 16 ياشلاردىكى قىز بالا ئىدى. يەر ئىگىسى قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. قىز بالا نېمە ئىش يۈز

بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىدەك، خىيالىي قاراپ تۇراتتى.

— ئوت ئېلىۋاتامدىلا يا...... — نۇرمەمەت كىنايىلىك قىلىپ شۇنداق دېدى.

— ئەمدى، ئەمدى...... — يەر ئىگىسى قىزغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەن بولۇپ گېپىنى يۇتۇپ كەتتى.

ئىش ئېنىق ئىدى. ئۇلار نۇرمەمەتنى كەلمەيدۇ دەپ، بىر خالتىنى چېچەك بىلەن توشقۇزۇپ بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇلار خالتىسنى ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي يېنىپ چىقىشتى. نۇرمەمەتمۇ ئارتۇقچە تەگەپ ئولتۇرمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئىچىگە ئازراق مۇچ سۈركەپ قويۇشنى ئويلاپ، ئۆز ئىشىغا بەند بولدى.

— مانا ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا،— دېدى نۇرمەمەت ئۆزى قىر ئۈستىدە تۇرۇپ ھەمراھىغا،— بولۇپمۇ ئاۋۇ ئوتقاشتەك يېنىپ تۇرغان چېچەكلەرگە دىققەت قىلىپ قويسىلا.

— ۋاي- ۋۇي...... راستتىنلا سورتلۇق چايىزاركىنە بۇ!

— ئۈچ مو يەردىن كەم دېگەندە 30 كىلو ئۇرۇق يىغىۋالىلا. 30 كىلو ئۇرۇق دېگەن 30 مو يەرگە يەتتى دېگەن گەپ.

— بىر كىلوسى بىر مو يەرگە يېتەرما؟

— ئېشىپ چىقسا چىقىدۇكى، ھەرگىز كەم كەلمەيدۇ.

— بولاپتۇ، ئۇكام. نەچچە پۇل بەرسەم بولار؟

— مولۇقىغا ئۈچ يېرىم تۈمەندىن بەرسىلە.

يەر ئىگىسى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ئۈچ يېرىم مىڭ يۈەن دېگىنىنى، يا راستتىنلا ئۈچ يېرىم تۈمەن دەۋاتقانلىقىنى ئايرىيالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى نۆۋەتتىكى خېرىدار بۆلدى.

— بەك...... بەك ئۆرە بولاپ كەتتىمۇ قانداق؟

— ئاۋۇ، ئۇرۇقلۇقىقا تاشلايدىغان چاغقىچە يىغىۋالىدىغان چايلىرىمۇ بىر يەرگە بارار؟ كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم چېچىنى يىغىۋالىدىلا تېخى.



— شۇنداقتىمۇ، سەل قويۇپ بەرسىلە ئەمدى.

— ئىككى- ئۈچ يۈز كويدىن كەمرەك بەرسىلە، ئەمىسە.

— ئۈچ تۈمەندىنلا بولۇپ كەتسۇن ئۇكام. مەنمۇ ئازراق پايدىسىنى تېپىپ يەي.

— سىلىگە نان تەگسۇن، بولاپتۇ.

ئىككىيلەن ئالقانلىرىغا پاققىدە ئۇرۇشۇپ توختىدى. يەر ئىگىسى تېخىچە تۈيۈقسىز بۇزۇلغان چۈش ئىلكىدە قالغاندەك مەڭدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر تالاي ھەرە :«مولۇقى 30 مىڭ كويدىن بولدى، 30 مىڭ كويدىن......»دەپ توختىماي غوڭۇلدايتتى. تەپەككۇرنى ئۈچ مو يەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئۈستىگە ئاغدۇرۇشقا يول بەرمەيتتى. شۇ ئاردا ئىككىيلەن ئۆزئارا پۇل سانىشىپ بىكار بولۇشتى. يەر ئىگىسى ئەمدىلا ئۆزىگە كەلگەندەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئۇكام، ئۇكام...... 90 مىڭ كويغا سودا بولدىما؟

— قانداق دەيدىلا؟— نۇرمەمەت ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

— مەن...... مەن دېمەكچى، جاپا تارتىپ تېرىپ مۇشۇنچىلىك قىپتىمەنكەن...... ماڭىمۇ ئازراق......

— ئېسىمدە قېلىشچە،- دېدى نۇرمەمەت تەنە ئارىلاش،— سىلى بىلەنكى سودىمىز ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقان بولغىدى؟

— شۇنداق...... ئا...... ئاخىرلاشقان.

— پۇلنى ئالغانلا، ھۆججەتكە قول باسقانلا؟

— ئالغان، باسقان.

— ئۆزلىرى: «مەن رازى، ئۇكام» دەپ قولۇمنى قاققان بولغىدىلە؟

— قاققان، مەن رازى ئۇكام، مەن رازى...... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاستالا يول تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، نۇرمەمەت توختىتىۋالدى:

— مەكەلسلە ئاكا. بايا دەپ قالغان لەۋزىلىرى ئۈچۈن ماۋۇ 1000 كوينى خەجلىسلە. ئەمما، بايىقىدەك «چاي ئۈزۈشۈپ بېرىدىغان» ئىشقا ئىككىنچى ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسلە.

— ئوبدان، ئوبدان ئۇكام. مەن رازى، ھەممىگە رازى.......— ئۇ ئاشۇ بىر گەپنى گاھ ئۈنلۈك، گاھ ئىچىدە تەكرارلىغىنىچە نەگىدۇر غايىب بولدى.

چايچىلىق قىزىق نۇقتىغا ئايلانغاندىن بېرى قىزىق پاراڭلار پات- پات يېڭىلىنىپ تۇراتتى. ئاڭلىغانلار قېنىپ - قېنىپ كۈلۈشەتتى. ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچۈرۈپ تارقىتىشاتتى. بۇنداق لەتىپىلەردىن يەنە ئىككىسى تېخى نۇرمەمەتنىڭ قۇلىقىغا يەتمىگەنىدى. ئۇلار شۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىچىدىلا باستۇرۇلۇپ قالغانىدى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەتتى.

ئۇلارنىڭ بىرى ناھىيەدە ئېچىلغان بوغالتىرلار كۇرسىدىن تارقالغان لەتىپە ئىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر، مۇشۇ يىزىدىن بارغان ئالتە كەنتنىڭ بوغالتىرى بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قالدى. ئۇ بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ئىدى. بىر تېمىغا ئۈلگۈجە تاختاي كارىۋات قېقىلغان ئۆيدە ئالتە ئادەم قاتار ياتاتتى. ھەر ئاخشام بولىدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن پاراڭلارنىڭ ئاخىرى ئاستا- ئاستا چاي ئىگىلىكى ۋە چاي سودىسى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالاتتى.

بىر كۈنى يەنە شۇ چاي توغرىسىدا گەپ باشلىنىپ كەتتى. كىملەرنىڭ قانچىلىك يەرگە چاي تېرىغىنى، كىملەرنىڭ نەچچە پۇلغا چاي ساتقىنى، يەنە كىملەرنىڭ چاي پۇلغا ماشىنا، تىراكتور، موتوسىكلىت سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاقتىن-ئۇزاق پاراڭلار بولدى. كىملەردۇر تولۇپ تاشقان پەخرى بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇراتتى. كىملەردۇر ئالىبىركىملەرنىڭ تاپاۋىتى توغرىسىدا تالىشاتتى. ئەمما، بىر ئادەم بۇ تالاش- تارتىشلاردىن خالىي ئىدى. گويا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوقتەك، ئۆزىنى تىڭشاپ



جىم- جىملا ئولتۇراتتى. ئارىلاپ- ئارىلاپ ئىختىيارسىز ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ قالاتتى. تىنىپ بولۇپ، بىرسى سېزىپ قالدىمىكىن دەپ ئۇنىڭ- بۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قوياتتى.

شۇ كېچە ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇيقۇسى پات - پات شۇنداق قېچىپ تۇراتتى. ئۇ تا يېرىم كېچىگىچە ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ توختىماي ئېغىناپ چىقتى. كېيىن قانداقىسىگە ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئەمدى ئۇ ئۆيدە- پېشايۋان سۇپىسىدا خوتۇنى بىلەن ھە دەپ جېدەللىشىۋاتاتتى.

— سەن خوتۇن مېنىڭ ئاغزىمنى غېرىچلاپ تۇرۇۋالمىغان بولساڭ،— دەيتتى ئۇ خوتۇنىغا ھۆرپىيىپ،— ئاقتوقايدىكى 15 مو يەرنىڭ ھەممىسىگە چاي تېرىۋېتەتتىم. قارىمامسەن باشقىلارغا، چاي سېتىپ تىراكتور ئالدى ئەينا.

— ھەممىلا گۇناھنى ماڭىلا قويامتىڭ؟— دەيتتى خوتۇنى،— ئۆزۈڭنىڭ كالۋالىقىدىن، لاتا غىلاپلىقىڭدىن كۆر!

— مەن لاتا غىلاپما؟

— لاتا غىلاپ!

— ھۇ، ئاغزىڭغا ئوت كەتكۈر قېرى! — ئۇ ئايالىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ يېنىغا قىيسايتتى. ئۇدۇل كەلگەنلا يېرىگە مۇشت بىلەن كومشتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى،— ھۇ، زوۋانى تۇتۇلغۇر قېرى، ۋوي، كومشا ئۆتنۈك.......

— قۇناخۇن، ھوي قۇناخۇن! ساراڭ بولدىڭما؟— كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ پوكىنىدىن ئېلىپ كەينىگە تاشلىۋەتتى،— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ بۇ مەن، مىجىت تاش، سىلىنىڭ سوپاخۇن ئەمەس.

«قۇناخۇن» دېيىلگۈچى ئاستا- ئاستا ئۆزىگە كەلدى. بايىقى ھالاكەتلەر ئۇڭىدا ئەمەس، چۈشىدە قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئىدى. ئۇ غىڭ- پىڭ قىلماي ئاستاغىنە ئورنىغا يېتىپ، يوتقىنىنى قۇلىقىنىڭ

ئۇستىگىرەك تارتىپ قويدى. بۇ، چەت- چۆرىسىدىكى پىخىلداپ كۆلۈشلەر، كۇسۇرلىششلارنى ئاڭلىماي دېگىنى ئىدى. ئۇنى مۇشۇ كويلارغا سالغىنى چاي ئۆستۈرۈشنىڭ ئەتىسىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان نادامەت ۋەسۋەسىسى ئىدى. ئۇ ئەتىيازدا خوتۇنىنىڭ ئارىغا چۈشۈۋېلىشى بىلەن ئىككى تايىن بولۇپ قالغان. پەقەت كەنتنىڭ پالانى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنى ئاڭلىمىدى، دەپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا بىر مو يەرگە ئۇرۇق چېچىپ قويغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچىسى كەمچىلىك قىلىۋاتاتتى.

بۇ كەنتتە يەنە بىر ئائىلە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ياخشى پىلان، شېرىن- شېرىن ئارزۇلىرى بار ئىدى. شۇ ۋەجدىن قايسىبىر يىلى ئاچقان 20—30 مو بىنەملىكنىڭ ھەممىسىنى چايزارلىققا ئايلاندۇرماقچى بولۇشۇۋاتاتتى. بۇلتۇر كۈز قەيەردىندۇر 20 كىلوگىرام چاي ئۇرۇقى سېتىۋېلىپ كېلىشتى. بىنەملىكنى بولۇق ئوغۇتلاپ، دىل خالاپ تېرىدى. يېڭىلا باش چىقارغان مايسىلار زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ ياتاتتى. كۆپ ئۆتمەي مايسىلار بىر- ئىككى غېرىچ كەلدى. ئېتىزنى قاپلاپ ياتقان ئاشۇ يېشىل گىياھلارنىڭ شەكلى چاي مايسىسىغا ئانچە ئوخشىمىغاندەك قىلاتتى.

«ئالاھىدە سورت بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى بالىلىرىنىڭ ئاتىسى. بىر كۈنى كەنت مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى نېمە ئىش بىلەندۇر ئۇلارنىڭ ئېتىزى ئۇستىگە كېلىپ قالدى. ئۇ مايسىزارلىققا دەسلەپ زوقلىنىش ئىچىدە قاراپ كەتتى، كېيىن نېمىلەرنىدۇر ئويلىغاندەك قىلىپ، بىر تۈپ مايسىنى كوسىسىدە ئۈزۈۋالدى. ئۇ مايسىنى ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ قارايتتى. گاھ- گاھ پۇراپ باقاتتى.

— توختىمەتكا! دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپقىنە، — بۇ، بۇ...... ساپلا سۇپۇرگە تېرىغان ئوخشىمامدىلا بۇ يەرگە؟



— چاقچاق قىلمىسىلا، ئۇكام.

— چاقچاق قىلمىدىم، ئېنىقلا سۇپۇرگە تۇرمامدۇ بۇ؟ ئىشەنمىسىلە مەكتەپكە بېرىپ قاراپ باقسىلا. مەيدان چۆرىسىگە مۇشۇنى تېرىغان بىز.

يەر ئىگىسىنىڭ بېشى پىررىدە بىر قايغانىدەك بولدى. چۈنكى، 30 مو يەردىكى چايزارلىق بىردىنلا سۇپۇرگىلىككە ئايلىنىپ قالسا، ئورنىنى پات تولدۇرۇپ بولالمايدىغان زىيان ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەپ تۈگەتتەتتى. «ياق، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، مۇئەللىمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتتى بولغاي. چېچەكلەيدىغان چاغقىچە قاراپ باقاي. بەلكىم، ئۇنىڭ دېگىنىدەكمۇ بولۇپ كەتمەس...... » دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى دېھقان.

دېھقان «بەلكىم» بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۆتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ھېلىقى ئۈمىدلىك «بەلكىم» نىڭ كۆزىگە رەسمىي توپا توشۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. دېھقان بۇ قېتىم بېشى قايغاننىمۇ بىلەلمەي كەيىنگە دىرىڭگىدە ئۇچۇپ كەتتى.

## 2

سېنتەبىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەتىگىنى قۇياش ئۆز ھۇجرىسىدىن باشقىچە لاتاپەت بىلەن چىقىپ كەلدى. ھۆسنىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ۋۇجۇدىدىن ئىلىلىقلىق، ئانا يەرگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئىلىلىق مۇھەببىتىگە چۆمگەن ئالەم ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇداتلىرى ئۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولغان نۇر دەرياسىدا يۇيۇناتتى. قەلب كىرلىرىنى، ئىخلاس داتلىرىنى پاكلايتتى.

قۇياش ئۇپۇق لېۋىدىن ئاجراپ، ئاستا- ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ جەنۇب تېمىدىكى قويۇق دەرەخلەر

ئۈستىگە يامىشىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا موتوسىكلىت مىنگەن بىر يىگىت يان كوچىدىن كەنت يولىغا چىقىپ كەلدى. كەينىدە چىرايلىق بىر قىز ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشمەي دېدىمىكىن، يا شۇنداق ئولتۇرغۇسى بارمىكىن، بىر قولى بىلەن يىگىتنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسى تويغا ماڭغاندەك جابدۇنۇۋالغانىدى. قىزمۇ، يىگىتمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى.

موتوسىكلىت ئۇزۇن ماڭماي يېزا يولىغا ئەگىلدى. ئاشۇ ئەگىلىشتە لىققىدە قىغ ئۇسۇلغان بىر ئېشەك ھارۋىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى. يەنە بىر قىز ھارۋىنى يانداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن «شارت» قىلىپ ئۆزىنى چەتكە تارتتى. ئاشۇ قىسقا ۋاقىت ئارىلىقىدا موتوسىكلىتتىكىلەرنىمۇ تونۇپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ كىملىكى ئايان بولۇش بىلەن تەڭ كۆڭلى گىرۋەكلىرىگە قانداقتۇر بىر ئەپسۇسلۇقنىڭ سايىسى لىپپىدە قوندى. بۇ ئەپسۇسلۇقنىڭ تېگىدە خۇپپىيانە بىر كۈنداشلىقنىڭ، بىر شېرىن ھەسەتنىڭ خېمىرتۇرۇچى بار ئىدى.

— ئۇلار نەگە ماڭدىكىنە؟ — تۇنجى بولۇپ شۇ سوئال كىرىپ كەلدى كاللىسىغا، — خۇددى نىكاھلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندەكلا قوشماقلىشىپ...... «تېخىچە پۇرچىقى پىششىمايۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلىۋىدىم. ئاخىر...... — قىز ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ داۋامىغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، پۈتكۈل ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى توزغاقتەك ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان خۇلاسە ئىدى.

قىز موتوسىكلىتتىكى يىگىتكە كۆيەتتى. ئەمما، يىگىت ئۇنى بىلمەيتتى. چۈنكى، بۇ ئوت قىزغا يېقىندىلا تۇتاشقانىدى. ئۇ كۆيەتتى-يۇ، يىگىت بىلەن ئاۋۇ قىزنىڭ ئاشىق- مەشۇقلۇقىنىمۇ بىلەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۆزى كۆيۈپ، ئۆزى يېنىش بىلەن ھەلەك ئىدى.



يېقىندا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر سېغىزخان زوق- شوق بىلەن شىۋىرلاپ قالدى: «جىنەستەمگە باشقا يەردىن ئەلچى كەپتۇ. رەۋىخان ئۇنى شۇ يەرگە بېرەرمىش......» قىزدا ئىشەنچ پەيدا بولدى. «ئەمدى قوغلاشسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى قىز قايتىدىن ئۈمىدكە كېلىپ. ئەمما، يىگىتكە ئۆز سۆيگۈسىنى قانداق بىلدۈرۈش، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئەسرالىشىپ، كۆڭلىنى قانداق ئىزھار ئېتىشنى بىلەلمەي كېلەتتى. مانا ئەمدى ئۇلار قىز خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە بىر موتوسىكلىتقا مىنىۋاپتۇ. كونا ئەر- خوتۇنلاردەك بىر- بىرىگە چاپلىشىپلا ئاپتۇ.

قىز ئاشۇ خىياللار ئىچىدە تاكى موتوسىكلىتنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى. ئۇزاپ كەتكەنلەر دەل نۇرمەمەت بىلەن جىنەستە ئىدى. ئۇلارنىڭ تويلىشىشى ئاخىر تاپقانىدى. رەسمىي توي بولسا رەۋىخان ئايلىنىڭ ساقىيىپ قوپۇشىغا قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يېزا بازىرىغا تويلۇق رەسمىگە چۈشۈپ قويۇش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

رەسمىگە چۈشۈش تېزلا ئاخىرلاشتى. بازاردا باشقا ئىشلىرى يوق ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ زورى بىلەن بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىشتى. بۇ، ئىككىسىنىڭ تۇنجى قېتىم روبىرو ئولتۇرۇپ، بىرگە غىزالىنىشى ئىدى. مۇشۇ قېتىم كىشىلەرنىڭ كۆزىچە بىر-بىرىنىڭ چىرايلىرىغا تارتىنماي، قورۇنماي قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. بىر تەخسىگە چوكا سېلىپ، ئاش - قورۇمىلارنى تەڭ تارتىشىپ يېيىشتى. بۇ كېيىنكى تالاي - تالاي شېرىن دەملەرنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ تۇراتتى، يان تەرەپتىن تونۇر كاۋپىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى. نۇرمەمەت يېتىلەپ بازار كوچىسىغا ئېلىپ چىققان موتوسىكلىتنى يەنە ياقىغا تارتتى.

— يېنىۋاتىسىزيا؟- جىنەستە تەئەججۈپ ئىلكىدە جىلمايدى.

— كاۋاپ، كاۋاپ پۇراۋاتىدۇ.

— ۋاي- ۋۇي......! قورسقىڭىز تويمىدىمۇ تېخى؟

— رەۋىخان ئايلامچۇ؟ بىرەر نەرسە ئالغاچ بارمىساق بولماس؟

ئۇلار تونۇر بېشىغا كېلىشتى. تونۇردىن يېڭىلا تارتىۋېلىنغان پاقلان كاۋىپى پەشخۇن ئۈستىدە بۇژۇلداپ تۇراتتى. بۇس بىلەن بىللە تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق دىماقلارغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. نۇرمەمەت بىر كىلوگىرام كاۋاپ ئېلىپ موتوسىكلىتنىڭ يېنىغا ئاستى، ئاندىن ئۇنى يېتىلىگىنىچە بىردەم پىيادە مېڭىشتى.

ئۇلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىش مەيدانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. توساتتىن نۇرمەمەتنىڭ كۆزلىرى تونۇش بىرەيلەنگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنى بىر توپ ئادەملەر ئورىۋالغانىدى. ئۇ نېمىدۇر بىرنەرسىنى پۇلاڭلىتىپ، تۇرغانلارغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

«قاسىمكامغۇ بۇ؟» دېدى نۇرمەمەت ئىچىدە ۋە ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە ماڭدى.

ئۇ راستتىنلا بىر مەھەللىلىك قاسىماخۇن ئىدى. ئۇ قولىدىكى بىرنەچچە 100 يۈەنلىك پۇلنى ئۇياق- بۇياققا سۇنۇپ:

— قاراشىسلا، قاراشىسلا، بۇ پۇلنىڭ نەرى ساختىكەن؟ مەن ياسىۋاپتىمەنمۇ بۇنى؟...... دەپ قايناۋاتاتتى.

نۇرمەمەت توپقا يېقىن كەلدى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەننىڭ ئاۋازى چىقتى:

— ئاكا، پۇلنىڭ راست ـ ساختىلىقىنى بىز ئەمەس، ئاۋۇ ماشىنا بىلىدۇ. بۇ پۇللىرىنى ئەشۇ ماشىنا خىللىۋېتىپتۇ.

— ئاشۇ بىر كاللەك تۆمۈر ئۆتكۈزسە راست، ئايرىۋەتسە ساختا بولامدا؟ ئەمىسە، راست دېگەن پۇللىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقسىلا، نەرى ئوخشىمايدىكەن؟

— قاسىمكا، نېمىش بولدى؟— توپ ئىچىگە كىردى نۇرمەمەت.



— ھە...... ئوبدانمۇ كەلدىڭىز ئۇكام. ماۋۇ پۇلنى، ھە ياق، ماۋۇلارنىمۇ،— قاسىماخۇن يەنە بىر قولىدىكى بىر سىقىم پۇلنىمۇ كۆرسەتتى،— ھەممىسى سىز بەرگەن پۇللار ئىدى. دان ئايرىيدىغان ماشىنىدىن بىرنى ئالاي دەپ كەلسەم، ماۋۇ پۇللارنى ساختىكەن، دەپ ئالمايۋاتىدۇ. تېخى ساقچىخانىغا ئاپىرايلى دەۋاتىدا بىرسى!

— بۇ پۇل سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئۆتكەنما؟— سورىدى بىرسى نۇرمەمەت ئېغىز ئاچقۇچە.

— قاسىمكامغا مېنىڭ پۇل بەرگىنىم راست. لېكىن، بۇ مەن بەرگەن پۇلمۇ- ئەمەسمۇ كىم بىلىدۇ؟ پۇل دېگەن قولدىن- قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان نېمە تۇرسا.

— ياق، ئۇكام، بۇ ئىللا- بىللا سىزدىن ئالغان پۇل. ئۇنىڭياقى مەن بىركىمدىن پۇل ئېلىپ باقمىدىم.

شۇ ئارىدا توپ ئىچىدىن بىرەيلەن نۇرمەمەتكە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ باش- ئايىغىغا كىنايىلىك تۈستە قاراشقا باشلىدى.

— ئەسلىي خەقنىڭ كۆزىگە ساختا پۇل بىلەن ئۇرۇپ نەپ ئالىدىغىنى سىلىكەنسىلە ـ ھە؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى قاسىمكامنىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ.

— بىلەلمىگەچ شۇڭا ئالدىنىپ قالغان گەپ ئەمەسما، بۇ؟

ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقان بۇ تاپا- تەنىلەر نۇرمەمەتنىڭ ئوغىسىنى قاينىتاتتى. ئەمما، ئۆزىگە ھاي بېرىپ، تەمكىنلىكىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ تويتىن كەينىگە يېنىۋېتىپ، قاسىماخۇنغا قارىدى.

— ئوبدانراق ئويلاپ باقالا، قاسىمكا. سىلى چاي ساتقان ئادەم مەنلا ئەمەستۇرمەن؟

— كۆڭلۈم تويۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئېنىق سىز بەرگەن پۇللار.

نۇرمەمەت ئۆرۈلۈپلا توپتىن يېنىپ چىقتى. بايىقى تاپا-تەنىلەردىن كۆرە قاسىماخۇننىڭ گەپلىرى كۆڭلىگە بەكرەك تەگكەنىدى. «قاسىماخۇن ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ قارىسىنى ماڭا سۈۋاۋاتىدۇ. ئۇنى چوقۇم باشقا بىرى قارا قويغان گەپ. پۇللارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بىلەلمەي قاپتۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

قاسىماخۇننىڭ ئالدىنىپ قالغانلىق خەۋىرى مەھەللىگە يەتتى. ئاڭلىغانلاردىن بىرنەچچىسى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، قالدى-قاتتى پۇللىرىنى كۆتۈرۈپ بانكىغا چاپتى. پۇل تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى بار جايلارغا ئېقىشتى. دەرۋەقە، بارغانلارنىڭ بېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ پۇللىرىدىن چاتاق چىقىشتى. چاتاق چىققانلار ئاساسەن نۇرمەمەتتىن پۇل ئالغانلار ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئۆزىمۇ گاڭگىراپ قالدى. ھەيران بولاتتى. ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي قايمۇقاتتى. لېكىن، ئاشۇ گاڭگىراش، ھەيرانلىقلار ئىچىدە تۇرۇپ، ھامان ئۆزىنى ئاقلاپ كېلەتتى. ھال ئېيتىپ، دەۋا قىلىپ كەلگەنلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولالماي تېرىكەتتى.

نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي ساختا پۇل غوۋغاسى پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى. كېيىن يېزىغا، ئاندىن ناھىيەگە تارقالدى. ئىككى ھەپتىگىچە نۇرمەمەتنىڭ قولى ئىشقىمۇ بارمىدى. ئۇ ئىش قىلاي، تىجارىتىمنى يۈرۈشتۈرۈۋېرەي دەيتتى. ئەمما، كىمنىڭ ئۆيىگە، قايسىلا چايلىققا بارمىسۇن، ئۇنىڭغا بىرنەرسە ساتىدىغانلار چىقمايتتى. گويا يۇقۇملۇق كېسەلدىن، جىن-ئالۋاستىدىن قاچقاندەك ئېھتىيات قىلىشاتتى. پەۋقۇلئاددە چاي سېتىپ بەرمەكچى بولۇشقانلىرىمۇ ئۇنىڭ پۇللىرىنى نەچچە كىشىگە كۆرسىتىپ، قانداقتۇر بىر يېرىنى تاتىلىشىپ بېقىپ، قولاق تۈۋىدە شاراقشىتىپ كۆرۈپ ئاندىن يېنىغا سالاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى نۇرمەمەتنىڭ ئۆيى يېنىغا



بىر ساقچى ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. نۇرمەمەت سىرتتا-چايكارلار ئارىسىدا ئىدى. ئالدىن پۇل تارقاتقان چايلىرىنىڭ تەييار بولغانلىرىنى يىغىۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئۇ يەنە بىر ھارۋا چاي يۆكلەپ قايتتى. لېكىن، ئۇنى كوچا ئېغىزىدىلا ئىككى ساقچى كۈتۈۋالدى.

— نۇرمەمەت دېگەن سەنما؟

— مەن؟— سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى ئۇ ساقچىغا.

— نەرسىلىرىڭنى قويۇپ، بىز بىلەن ماڭ!

نۇرمەمەتنىڭ خىيالىغا گۈپپىدە ساختا پۇل غوۋغاسى كەلدى.

— بولىدۇ،— دېدى ئۇ ئۆزىگە بولغان بىر خىل ئىشەنچ تەلەپپۇزىدا،— ئاۋۋال ماۋۇ نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىۋالسام بولار؟

— چاققان بول.

ئىككى ساقچى ھويلا ئىچىدە قاراپ تۇردى. نۇرمەمەت نەرسىلىرىنى جايلاشتۇرۇۋېتىپ ئىشىكنى ئەتتى. ئۇلار ھويلا سىرتىغا چىققاندا جىنەستە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

— ساقچىخانىدا ئىش باركەن،— دېدى نۇرمەمەت سوئال نەزىرىدە قارىغان جىنەستىگە،— بېرىپلا كېلىمەن.

— نې...... نېمە دەپ بارىدىكەنسىز ئۇ يەرگە؟

— ئۇقمىدىم. بىر گەپ بار ئوخشايدۇ.

جىنەستە ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى باسقىنىچە ئۇزىتىپ قالدى. ماشىنا توپا توزۇتۇپ ئۇزاپ كەتتى.

نۇرمەمەت شۇ كېچىسى كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ داق كارىۋىتى ئۈستىدە تۈنەپ چىقتى. ئۇنىڭغا نەدە ئۇيقۇ، تاڭ ئاتقۇچە تۈرلۈك تۈمەن خىياللار، قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە كىرىپىكىنى كىرىپىكىگە جۈپلىمەي ئۆتتى. پەقەت ئەتىسى چۈش بولاي دېگەندە سوراق ئۈستىلىگە ئولتۇرغۇزۇلدى.

— ماۋۇ ساختا پۇللارنى قەيەردىن تاپتىڭ؟— سوراقچى بىر سىقىم 100 يۈەنلىك پۇلنى ئۈستەلگە پاققىدە تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ

ئىسمى، قىسقىچە تەرجىمىھالىغا ئائىت سوئاللاردىن كېيىنكى تۆتىنچى سوراق ئىدى.

— مەن نەدىن بىلەي، ئۇ پۇللار مېنىڭ بولمىسا يا......

— ھارامزادە! — سوراقچى يەنە بىر قېتىم ئۈستەلگە مۇشتلىدى،— بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىن چىققان، سەن ئالداپ خەجلىگەن ھارام پۇللار جۇمۇ!؟ ئېيتە، قەيەردىن تاپتىڭ بۇلارنى؟

— دېدىمغۇ، مېنىڭ بىر يەردىن ساختا پۇل ئېلىپ كەلگىنىم يوق. مەنمۇ باشقىلار بىلەن سودا قىلىپ پۇل تاپىدىغان ئادەم.

— جىنايەتتىن قاچىمەن دېمە. بۇ پۇللارنى ساپلا سەن سودا قىلىشقان دېھقانلار ئېلىپ كەلدى ئەجەب باشقىلارنى دېمەي، ھەممىسى سېنىڭلا گېپىڭنى قىلامدا؟

— مەن بىرەيلەن بىلەن چوڭ بىر قېتىم سودا قىلىشقاندىن بۇيان بىركىملەرنىڭ قولىدىن پۇلمۇ ئېلىپ باقمىدىم. خەجلەۋاتقان پۇللىرىمدىن نەچچە يۈز مىڭ كوي ھېلىمۇ بار. ئىشەنمىسەڭلار تەكشۈرۈپ بېقىڭلار!

ئۈستەل ئەتراپىدىكى ئۈچ ساقچى بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. كۆزلىرىدە نۇرمەمەت سەپسالمىغان يوچۇنلا بىر غالىبىيەتنىڭ ئەكسى بار ئىدى.

— ئۇ پۇللار نەدە؟

— ئۆيدە.

ئۇلار شۇ ھامان نۇرمەمەتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. پۇللارنىڭ پېچەتنى ساناپ- ساناپ خاتىرىلەپ سومكىغا سالدى. بايا قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن ساقچىخانىغا كەلدى. قەيەردىندۇر بىر دانە پۇل ساناش- تەكشۈرۈش ماشىنىسىنى تېپىپ كېلىپ، پۇللارنى شارقىرىتىپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.



غەلىتە يېرى، ماشىنا پات- پات چىرىلداپ توختىۋالاتتى. ساقچىلار ماشىنا گېلىدا تۇرۇپ قالغان پۇلنى بىر چەتكە ئېلىپ قوياتتى. ماشىنا ماڭاتتى. توختاپ قالاتتى. تۇرۇپ قالغان پۇللار ئېلىناتتى...... بىر مىليونغا يېقىن پۇل بىردەمدىلا بىر ياقلىق بولۇپ بولدى. ئۇنىڭ 700 مىڭ يۈەنى ساختا پۇل قاتارىغا تايىن تاپقانىدى.

نۇرمەمەت تەرلەپ كەتتى. بۇ تەر، بۇ ھودۇقۇش قانداقتۇر «گۇناھى» بولغانلىقتىن ۋە يا جاۋابكارلىقتا تارتىلىپ قېلىشىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تارتقان زىيىنىنىڭ ئاچچىقىدىن، ئۆزىنىڭمۇ ناھەق ئالدىنىپ كەتكەنلىكىگە بولغان ئىچ سىيرىلىشتىن ئىدى. بۇنى ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسىگە گۇمان نەزىرىدە قارايدىغان كەسپىي پىسخىكىسى بىلەن چۈشىنىۋاتاتتى.

— ساختا پۇلنى خەجلەشكە ئەجەب ئۇستىكەنسىنا سەن؟ مۇشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ چىقىرىۋەتسەم چانمايدۇ دەپ قالغانمىدىڭ؟

— بۇنى مەن قىلمىدىم، ماڭىمۇ......

— تولا گەپ يورغىلاتماي ئېيتە، ساختا پۇللارنى زادى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ شېرىكىڭ كىم؟!

ئۇلارنىڭ سورايدىغىنى «ساختا پۇلنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ، شېرىكىڭ كىم» دېگەندىن ئىبارەت شۇ ئىككىلا ئىدى. نۇرمەمەت

«مەنمۇ باشقىلاردىن ئالغان» دەيتتى. ئۇ ساقچىخانىدا يەتتە كۈن تۇردى. ئاشۇ يەتتە كۈن ئىچىدە تالاي سوراققا تارتىلدى. ئارىلاپ- ئارىلاپ توك كالتىكى، شىمنىڭ تاسمىسى بىلەن يەپمۇ تۇردى. سەككىزىنچى كۈنى ناھىيە سولاقخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ يەردە سوراق- سوئالمۇ، باشقا ئاۋارىچىلىكمۇ يوق ئىدى. پەقەت يالغۇزدىن- يالغۇز سولانغان

قاراڭغۇ ئۆيدە ياتاتتى. كامېر ئىشىكى كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئېچىلاتتى. يوچۇقتىن بىر قاچا تائام سۇنۇپ بېرىلەتتى.

كۈنلەر شۇ يوسۇندا تىپتىنچ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇنى يا سوراققا تارتمايتتى، يا قويۇپ بەرمەيتتى. زېرىكىش، ئەركىن دۇنياغا تەلپۈنۈش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ ھەر بىرى ئەسىر پايانىنى كۆرسىتەتتى.

«تارتىدىغان زىيىنىم ئاز بولمايدىغان بولدى، گادايى تالقان يېسە بوران چىقىپتۇ، دېگەندەك، ئەمدىلا ئىشىنىڭ ئېپىنى تېپىپ ئەتلىنەي دېگەندە، ئارزۇلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى. مېنى دۈم سالغىنى ئاشۇ نائەھلى ئوغرى. ئۇنىڭ قويۇۋاتقان يۇقىرى باھاسىغا قىزىقىپ كېتىپتىمەن. شۇ چاغدا پۇللارنى نېمىشقىمۇ ھېلىقىدەك ئۈسكۈنىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالمىغاندىمەن؟ ھېچبولمىغاندا، بىر ۋاراق- بىر ۋاراقتىن قاراپ باقسامچۇ؟ پەسىلمۇ بىر يەرگە باردى. پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغان چايلىرىممۇ ئۆز ئورنىدا قالدى......» دەپ ئويلايتتى نۇرمۇھەممەت ئەلەم ئىچىدە.

ئۇنىڭ يېتىۋاتقىنىغا بىر ئاي بولاي دەپ قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشلۈكى ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلدى. «چىقە» دەپ قويۇپ، كەينىگە ياندى قاراۋۇل. ئۇ ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە كامېرنىڭ تۆمۈر شادىلىق دالانچىسىغا چىقتى. قاراۋۇل دالان ئىشىكىنى قۇلۇپلاۋاتاتتى.

«ھاۋالىنىدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت. ئەمما، سېكۇنت ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. كۈتۈلمىگەندە بىرەيلەن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تۆمۈر شادىغا ئۆزىنى ئاتتى. شادىلار ئارىسىدىن كىرىپ كەلگەن بىر جۈپ بۇدرۇق قول ئۇنىڭ قوللىرىغا ياماشتى، گەرچە ئەينەك توسۇق بۇ قوللارنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرمىغان بولسىمۇ، تۇيغۇلىرى ئۇنى



ئۇچراشتۇرغاندا، ئىككى قولنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىدا ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئاشۇ نۇقتىدىن پەيدا بولغان بىر چاقماق، بىر قىزىق ئوت ئېقىمى تومۇر- تومۇرلارغا تاراپ، ئىككى يۈرەك تەرىپىگە ئاقتى. قەلبلەر، ۋۇجۇدلار لەرزىگە كەلدى. ھەر ئىككىلىسى قوللىرىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىشتى:

— ساقمۇ سىز؟— شىۋىرلىدى بۇدرۇق قولنىڭ ئىگىسى.

— ئۆزىڭىزچۇ، جىنەستە!؟ رەۋىخان ئايلام قانداقراق؟

— ياخشى، ھەممىمىز ياخشى...... — جىنەستىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. مەڭزىنى تارام - تارام ياشلار سۆيدى.

— يىغلىماڭ، يىغلىماڭ،— نۇرمەمەتنىڭ ھەلقۇمىغىمۇ گۈپ قىلىپ بىر ئىسسىقلىق ئۇرۇلدى. ئۇنىڭمۇ ھاياجان قىرغاقلىرىمۇ يار ئېلىشقا باشلىغانىدى،— سىز...... سىز ياش تۆكسىڭىز چىدىمايمەن.

— مەنمۇ شۇ.......

— ئەمىسە، ئىككىلىمىز ياش تۆكمەيلى،— نۇرمەمەت زورىغا كۈلۈمسىرىدى. ئەمما، ئۇ كۈلگەنگە ئوخشىماي قالدى. قويۇق بىر قەۋەتتىن ياش پەردىسى كەينىدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارىچۇقلار بىر- بىرىنىڭ تەكتىگە ئىنتىلەتتى. ئىنتىزارلىق، زارىقىش ئوقچۇپ تۇرغان قايناملار تەكتىگە شۇڭغۇشنى ئىزدىشەتتى. ۋاقىت كارۋىنى سېكۇنتلاپ- سېكۇنتلاپ ئۆتەتتى. ئۇلار تېخى ھېلىلا كۆرۈشۈۋاتقاندەك، دىدارلىرىغا قېنىشىپ بولمىغانىدى.

— ۋاقىت توشتى! — شادىنى تىرىڭلاتتى قاراۋۇل. ئۇ ئاشۇ يەردە قاراپ تۇرغانىدى.

جىنەستە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ، يەرگە ئېڭىشتى. نېمىلەردۇر چىگىلگەن بىر بوغچىنى ئالدى. ئارىدا ئەينەك توساق بولغاچقا ،ئۇنى سۇنۇپ بەرگىلى بولمايتتى. نېمە قىلارىنى بىلمىگەن جىنەستە قاراۋۇلغا جىلمايدى.

— ئۇنىڭغا...... ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەنىدىم.

قاراۋۇل كېلىپ تۈگۈچنى يەشتى. يۇيۇپ قاتلانغان كىيىم- كېچەك ۋە يېمەكلىكلەر ئىدى. قاراۋۇل ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىشىكنى ئاچتى. نەرسىلەرنى نۇرمەمەتكە تۇتقۇزۇپ قويۇپلا قايتىدىن قۇلۇپ سالدى. جىنەستە توساققا يېقىن كەلدى:

— قۇلۇپلىرىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋەتتىم.

نۇرمەمەت ئاڭقىرالمىغاندەك ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى.

— نى...... نېمە قۇلۇپنى؟

— ئۆيىڭىزنىڭ. چالا قالغان چايلىرىڭىزنى سۆيلەپ، يىغىپ كەلگەنتىم. قۇلۇپلارنى چېقىۋېتىپ ئەكىرىپ قويدۇم، - ئۇ شۇنداق دېگەچ يېنىدىن يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ، كۆرسىتىپ قويدى.

— رەھمەت، جىنەستە، — مەن ئارتۇقچە غەم يەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئاچقۇچلارنى يەنىلا ئۆزىڭىز ساقلاڭ.

— ۋاقىت توشتى! — دېدى قاراۋۇل بىر ئاز تېرىكىپ.

كەچ كۈزنىڭ ئۈششۈك شامىلى ئەدەپ كەتكەنىدى. توختىماستىن توپا سورۇپ تام- تامغا ئۇرۇلاتتى. ياپراقلار شىددەت بىلەن تۆكۈلەتتى. تۆكۈلگەن قۇرۇق غازاڭلار ئۇياقتىن بۇياققا ئۇچاتتى. سۈرۈلۈپ كېلىپ چوڭقۇرلارغا تىقىلاتتى. باغباراڭلار، ئېتىز- قىر، يول بويلىرىدىكى دەل- دەرەخلەر كۈزدىكى ئالتۇن بويلىرىنى يوقىتىپ يالىڭاچلانماقتا ئىدى.

كۈز شامىلى ھە دەپ قىشقا ئىشارەت قىلىۋاتقان ئۈششۈك شاماللىق بىر كۈنى نۇرمەمەت نۇرغۇن كىشىلىك بىر يىغىن مەيدانىغا يالاپ كىرىلدى. سەھنە ئاستىدىكى بوشلۇققا تىزىپ قويۇلغانلار 12 ئادەم ئىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا كويزا، كەينىدە قوراللىق ساقچىلار بار ئىدى. يىغىن سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى.

«بۈگۈن ھۆكۈم ئېلان قىلىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ قارا باسقان



ئىش ئاخىر ئىز بېسىپ قاپتۇ- دە، كېسىلىپ كەتكۈدەكمەن- دە؟ يەنە قانچىلىك ياتارمەن؟ ئىست، توي ئىشىممۇ سۇغا چىلاشتى ئەمدى......» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ئىچىدە. نۇرمەمەتنىڭ خىياللىرىنى كانايىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. ھۆكۈم ئېلان قىلىش باشلانغانىدى.

بىر سائەتكە سوزۇلغان ئۆرە تۇرۇش ئىچىدە 10 ئادەمنىڭ ھۆكمى ئوقۇلۇپ بولدى. ھۆكمى تۈگىگەنلەر ئۇدۇللۇق يان تەرەپكە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئەمدى نۇرمەمەت بىلەن يەنە بىرسىنىڭ ھۆكمىلا قالغانىدى. نۇرمەمەت يېنىدا قالغىنىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئاستا يېنىغا قارىدى. قارىدى يۇ چىشلىرى «گىرىچ- گىرىچ» قىلىپ قالدى. ئۇ ھېلىقى چاغدا 100 يەشلىك چاينى بىر يولى ئېلىپ، ساختا پۇل بالاسىغا تىقىپ قويغان سودىگەر ئىدى. «ھۇ نائىنساب مۇناپىق!— ھەر نېمە بولسا، سەنمۇ چۈشۈپسەن بۇ قاپقانغا. خۇدايىمنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى باركەن.......» شىۋىرلىدى ئىچىدە نۇرمەمەت.

دەرۋەقە، شۇ قېتىمقى ساختا پۇل ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتكارى بەكرى ئىسىملىك ئاشۇ ئادەم ئىدى. نۇرمەمەت ئوقۇلۇۋاتقان ئەيىبنامىدىن ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ شۇلا ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۇنداق، ئۇ كەسىپلەشكەن ساختا پۇل ئەتكەسچىسى ئىدى. دائىم ئىچكىرىدىكى بىر قارا ئۇۋىدىن ساختا پۇل يۆتكەيتتى. ئۇنى راست پۇل بىلەن نىقابلاپ كىشىلەرنى ئالدايتتى. بار- يوقىنى ئۇڭدا قويۇپ، زار قاقشىتاتتى.

ئۇ مۇددەتسىز كېسىلدى. نۇرمەمەت نەق مەيداندا قويۇپ بېرىلدى. گەرچە ئۇ قانۇنىي جازاغا تارتىلمىغان بولسىمۇ، بەكرى تاشلىغان شېرىن تۇزاق بىلەن نۇرغۇن زىيان تارتقانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەركىن دۇنياغا قايتىپ كەلگىنىدىن خۇش ئىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## كارخانچى

### 1

پەلەكنىڭ چاقى توختىماستىن ئايلىنىۋاتاتتى. ھەربىر ئايلىنىشىدا ئەتىكى گۈزەل ئارمانلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ- تىرمىشىۋاتقان كىشىلەرگە تالاي- تالاي ئامەتلەرنى تۆكۈپ ئۆتەتتى. يەنە كىملەرگىدۇر خىلمۇ خىل قىسمەتلەرنى ھەدىيە قىلاتتى. بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ياشلاپ كەتسە، يەنە بىرلىرىنىڭ كۈلكىسىدىن گۈل ئېچىلدۇراتتى. ئەل ئىچىدە يېڭىدىن -يېڭى ئۆزگىرىش- گۈللىنىشلەرنى ئاپىرىدە ئېتەتتى.

ئۇ ئاشۇ ئايلىنىشىدا ئەتراپىدىكى بىپايان دۇنيانى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۆتتى. شامالباغ زېمىنى ئۈچ قېتىم يېپىنغان يېشىل تونىنى ئۈچ قېتىم ئالتۇن كىمخابلارغا، يەنە ئۈچ قېتىم ئاق لىباسقا ئالماشتۇردى. يەنە بىر خاسىيەتلىك ئەتىياز باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئەتىيازنىڭ غۇر- غۇر شامىلىغا جور بولۇپ، ئېتىز- ئېتىزلاردىن قوش- ساپاننىڭ يېقىملىق نەغمىسى ياڭراۋاتاتتى. قوشچى كۆزىدىن يەنە بىر يېڭى بەرىكەتنىڭ جىلۋىسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئەتىيازنىڭ غۇر- غۇر شامىلى يېنىككىنە ئۇرۇپ تۇراتتى. چوكانتال بولغان سۆگەتلەرنىڭ يېشىل كوكۇللىرى لەرزانىنە يەلپۈنەتتى. ياپراقلار ھۆسنىدە قۇياش نۇرى



جىلۋە قىلاتتى. شۇ ئەسنادا كەنتنىڭ يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان ماي يولىدا كۈمۈش رەڭلىك بىر كىچىك ماشىنا پەيدا بولدى. بۇ، نەچچە يىل ئالدىدىكى توپىلىق يول ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ يولدا ئېشەك ھارۋىلىرى بىر غېرىچ توپىغا پېتىپ كېلىۋاتقان چاقلىرىنى ئاران- ئاران سۆرەپ ماڭاتتى. ھەممە جاپا ئېشەكلەرگە كېلەتتى. ئىككى يىل ئالدىدا بۇ قىسمەتلەرگە خاتىمە بېرىلدى. ئاۋۋال يېزا، ئاندىن كەنت- مەھەللىلەر ماي يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. ئۆمۈر بويى ئېشەك ۋە ئېشەك ھارۋىسى بىردىنبىر قاتناش ۋاستىسى بولۇپ كېلىۋاتقان شامالباغدا چوڭ- كىچىك ماشىنىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. موتوسىكلىت مىنىۋاتقان، تىراكتور بىلەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان دېھقانلار كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى.

بۇ يەردىكى ئۆزگىرىش بۇلارلا ئەمەس. ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقى خىش- كاھىشلىق ئۆيلەرگە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ داغدۇغىسى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. نەلەردىدۇر ئەسكى تاملىق كونا ئۆيلەر يىقىلىۋاتاتتى. نەلەردىدۇر قۇرۇلۇشچىلار يېڭى ئۆيگە قىزىق ئىشلەۋاتاتتى. ئالدىغا چىرايلىق قورۇق تام تارتىلىپ، ئوخشاش نۇسخىدا تۆمۈر دەرۋازا ئورنىتىلغان ئۆيلەر ماي يولغا يەنە بىر ھۆسن بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن سېلىنىۋاتقان پۇقرالار ئەمىن ئۆيلىرى ئىدى. ئىككى- ئۈچتەك ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىك ماشىنا، نۇرغۇنلىرىدا موتوسىكلىتلار توختىتىپ قويۇلغانىدى.

بايا كېلىۋاتقان ماشىنا ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرنەچچە تىراكتورنى يانداپ ئۆتتى. يەنە بىرنەچچە موتوسىكلىتلىق ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنا ئىچىدىكىلەر ئۇزاپ كەتكەنلەرگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ قانداقتۇر مەنسىتمەسلىك نەزىرى ئەمەس ماشىنا- موتوسىكلىتلىق بولۇپ قالغان دېھقانلارغا بولغان

زوقلىنىش كۆلكىسى ئىدى. كۆمۈش رەڭلىك مۈشۈ پىكاپنىڭ ئىگىسمۇ شۇلارغا تەۋە ئىدى.

ماشىنا بىردەم مېڭىپ كەنتنىڭ باش تەرىپىگە كەلدى. بوستانلىقلار بارا- بارا شالاڭلىشىپ باراتتى. كەنت قىرغىقىدا سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان قاقاسلىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ماشىنا سول تەرەپكە قاراپ كەتكەن شېغىل يولغا قايرىلدى. كۆپ ئۆتمەي قاقاسلىق ئوتتۇرىسىدا زۇمرەتتەك يېيىلىپ ياتقان بىر ئېكىنزارنىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. ئوتتۇرىسىدىن كارىدور شەكىللىك يول ئېلىنىپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بۇ ئېكىنزارنىڭ شەرق تەرىپى چىلانلىق، يەنە بىر تەرىپى ياڭاقلىق ئىدى. يەرلەرنىڭ چۆرىسى قويۇق تىكىلگەن جىگدە كۆچىتى بىلەن قاشالانغانىدى. بۇ يەرلەر ئەسلىدە ئەتراپىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئاۋۇ قاقاسلىقنىڭ بىر قىسمى ئىدى. قوينى قومۇش، يانتاق، سالما- پاتمىچۇقلارنىڭ ماكانى ئىدى. ئەسىرلەر بويى ئاشۇ قاقاسلىقى بىلەن كىشىلەر نەزىرىنىڭ سىرتىدا ياشايتتى. ئىككى يىل ئالدىدا نۇرمەمەتنىڭ باغ بىنا قىلغۇسى كەلدى. ئۇ ئاۋۋال ياڭاق ۋە چىلانلىق، كېيىنچە ئالما- نەشپۈت، ئۆرۈكلۈك بىنا قىلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاشۇ پىلانلىرى بىلەن كەنت يەرلىرىنى بىرمۇبىر ئايلاندى. كېيىن كەنت كادىرلىرىنى ئىزدىدى.

— كەنتىمىزنىڭ تېرىلغۇ يېرى قىس، — دېيىشتى كەنت كادىرلىرى. بۇلار «غازى ئېلى دەۋرى» دىن كېيىنكى ئىككىنچى ئەۋلاد كەنت باشلىرى ئىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلەر پۈتۈنلەي دېهقانلارنىڭ قولىدا. زاپاس يەرلىرىمۇ باشقىلار ئىجارىگە ئېلىپ بولدى.

نۇرمەمەت لەسسىدە بوشاشتى. ئارزۇ- ئىستەك، پىلان بولغىنى بىلەن يەر بولمىسا خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، كەنت



سىرتىنى ئۈچ كۈن ئايلاندى. نۇرغۇن جايلارغا باردى. كەنت ئەتراپىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق ياكى تاقىر تاشلىق ئىدى. بەزى يەرلىرىگە سۇ باشلاپ كېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇ ئاخىر كەنتكە تۇتاش كەلگەن بوز توپىلىق بىر قاقاسلىقتا توختىدى. گەرچە بۇ يەرنى قومۇش، چاتقاللار، قامغاق- يانتاقلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېرىق قېزىپ سۇ ئەكەلمەك ئاسان ئىدى. ئىككى كىلومېتىرچە نېرىدا قەدىمي بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. يەنە بىر كىلومېتىر نېرىدا كەنتنى يانداپ ئاقىدىغان پەسىللىك دەريا سۈيى شاۋقۇنلاپ تۇراتتى.

— مۈشۈ يەر بولىدىكەن، — دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت قانائەت تېپىپ، — مۈشۈ يەردىن ئاچاي، مەبلەغ سالاي......

ئۇنىڭ بۇ پىكرى كەنتتىكىلەرگىمۇ ياغدەك ياقتى. يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ تېزلا رەسمىيەت بېجىرىپ بەردى. شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا بۇ قاقاسلىقنى نەچچە دانە توپا تۇرتۇش، چېپىش - كولاش ماشىنىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەسىرلەر بويى نەپسىز ئۇيقۇ ئاستىدا ياتقان بوزلۇقتا رەت- رەت ئېتىزلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ كەلگۈسىنى ئويلاپ يەرلىرىنى كۈنسېرى كېڭەيتمەكتە، تىگەن سوقۇپ ئىگىلەپ قويماقتا ئىدى.

بۇ يەرلىكلەرنىڭ: «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇپتۇ» دەيدىغان بىر تەمسىلى بار ئىدى. نۇرمەمەت تىككەن ياڭاق، چىلان كۆچەتلىرى كىشىنىڭ مەستلىكنى تارتقۇدەك ياشىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بىنا قىلغان يېشىل دۇنيانىڭ چۆرىسىگە ئاستا- ئاستا تىراكتور- ماشىنىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىن بېيىغان دېهقانلار، ئاندا- ساندا ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىدى. ئۇلار ھە دەپ بوز ئېچىۋاتاتتى، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى چوڭايتىپ ياسىشىۋاتاتتى، قۇدۇق

كولتىۋاتاتتى......

بايىقى كۈمۈش رەڭلىك ماشىنىدىن ئاۋۋال كاستۇم- بۇرۇلكا كىيىۋالغان بىر يىگىت، ئاندىن قورال- سايمان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۆت كىشى چۈشتى. ئاۋۋال چۈشكەن يىگىت نۇرمەمەت ئىدى.

— چاتاپ- رەتلىنىدىغان چىلانلىق مۇشۇ،— دېدى ئۇ ئۇلۇغ تەرەپتىكى ئېكىنزارنى كۆرسىتىپ،— مەن ئىش ئۈستىدە تۇرالمايمان. قالغىنىنى سىز ئابلىكىمكامغا تاپشۇردۇم،— يېنىدىكى بۇرۇتلۇق كىشىگە قارىدى ئۇ،— چۈشتە تاماق ئەۋەتىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئۇكام،— دېدى بۇرۇتلۇق،— بۇ باللار باغۋەنچىلىكنىڭ پىرلىرى. ماۋۇ ئىككىسى تېخى مەخسۇس مۇشۇ كەسپتە ئوقۇپ كەلگەنىدى.

باغۋەنلەر قايچا- پىچاقلىرىنى ئېلىپ چىلانلىققا كىرىپ كەتتى. نۇرمەمەت ماشىنىسىغا چىقتى. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇ ئەمدى نەچچە يىل ئالدىدىكى ئېتىزمۇئېتىز قاتراپ يۈرۈپ چاي يىغىدىغان كالتە تىجارەتچى ئەمەس ئىدى، ياكى مۇشۇ بىنەملىك بىلەنلا ھەلەك بولۇپ يۈرىدىغان باغۋەن ئەمەس، داڭقى چىقىشقا باشلىغان دېھقان كارخانىچى، يەنە كېلىپ دىرېكتور ئىدى.

نۇرمەمەت يېزا بازىرىغا كىرىپ كەلدى. ماشىنا بازارنىڭ تازا ئاۋات يېرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ قورۇسىدا توختىدى. بىنا دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «تاغ لەيلىسى چاي مەھسۇلاتلىرى شىركىتى» دېگەن ئويما خەتلىك تام ۋىۋىسكا ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ نۇرمەمەت باشلىق 10 نەچچە دېھقان ياشنىڭ پاي قوشۇپ قۇرغان شىركىتى ئىدى. ئىشچى- خىزمەتچىلىرىمۇ 50—60 قا باراتتى. يېرىمىدىن كۆپرەكى ئىشقا ئورۇنلىشالماي يۈرگەن ئىستۇدېنتلار ئىدى.



نۇرمەمەتنى ئۆز ئىشخانىسىدا نەگىدۇر تېلېفون ئۇرۇۋاتقان جىنەستە كۈتۈۋالدى.

— ھە، كاتىپ خېنىم، نەگە تېلېفون ئۇرۇۋاتىمىز؟— چاقچاق بىلەن باشلىدى نۇرمەمەت گېپىنى.

— نەگە بولاتتى، ھېلىقى چاي كورۇپكىلىرى بىلەن ئوراق خالتىلارنى سۈرۈشتۈرۈۋاتىمەن.

— ناھىيەدىكى يۇڭ- تاق شىركىتى «ماللىرىڭلار كەلدى» دەپتىكەنىيا؟

— ئۇلار چوڭ يەشىكلەركەن. كىچىك كورۇپكا- خالتىلاردىن خەۋەر يوق.

— ئامباردىكىچۇ؟ قانچىلىك قاپتۇ؟

— ھازىرچە يېتىدۇ، ئەمما زاپاسلاپ قويمىساق ئەتە- ئۆگۈن ئاقساپ قالىمىز.

— شۇنداق،— دېدى نۇرمەمەت،— بۇ يىل يېزا بويىچە چاي تېرىلغان كۆلەم 8000 موغا يېتىدىكەن. ئارقا تەرەپتىكى چاي قۇرۇتۇش مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېزرەك تۇتۇش قىلمىساقمۇ بولمايدۇ تېخى.

— بۇ يىل ھۆل سېتىۋالىمىزمۇ؟

— ھۆل- قۇرۇق ھەممىنى سېتىۋالىمىز. ئەشيا مول بولسا، پىششىقلاپ ئىشلەش مەنبەيىمىز ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

— بەك يىراقنى ئويلايدىغان بولۇپ كېتىپسىز- ھە، مۇشۇ كۈنلەردە؟— كۈلدى جىنەستە.

— ھەممە ئادەم كەلگۈسى كۈنلەر ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟

نۇرمەمەت شۇ گەپلەردىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ ئۇدۇلدىكى ئىككى قاناتلىق ئۆيگە كىردى. بۇ 100 كىۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان زال ئىدى. زال ئىچىگە ئۇزۇندىن- ئۇزۇنغا

تۆت قاتار مەشغۇلات ئۈستىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، بىرمۇنچە ئادەم باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتى. بىر ئۈستەل چاي چېچىكى، بىر ئۈستەل چاي ياپرىقى خىللايتتى. بىرى مەخسۇس چاي غولىنى تالقانلايتتى. بىرلىرى ئۆلچەپ قاچىلايتتى، بىرلىرى ئوراپ پېچەتلەيتتى. ئوراپ- قاچىلانغان يەشىكلەر سىيرىلما توشۇغۇچ بىلەن يەنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

نۇرمەمەت ئىشلەۋاتقانلار بىلەن سالاملاشقاچ ئوراپ قاچىلاش ئۈستىلىگە كەلدى. ئاۋۋال خالتىلارغا قاچىلىنىپ، كورۇپكىلارغا سېلىپ پېچەتلەنگەن مەھسۇلاتلار ئۇنىڭغا رەت - رەت تىزىلىپ كەتكەنىدى. كۆركەم مىللىي نەقىش، ئالاھىدە بەلگە - سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن رەڭدار كورۇپكىلار كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى. نۇرمەمەت پېچەتلىنىپ بولغان بىر كورۇپكىنى ئېلىپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «تاغ لەيلىسى چايلىرى» دېگەن بىر نەپىس خەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنىڭغا سىنچىلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ماركىسى ئىدى.

نۇرمەمەتنىڭ خىياللىرى بىردىنلا قاناتلىنىشقا باشلىدى. ئۇچ تارتقان ئەسلىمە يىپلىرى ئاستا- ئاستا سوزۇلۇپ، ئۇدۇلىدىكى دېرىزە كۆزنىكىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بۇنىدىن ئىككى يىل ئاۋۋالقى مەنزىللەر ئاسمىنىدا كېتىۋاتاتتى.

ئۇ شىركەت قۇرغان تۇنجى يىلى نۇرغۇن چاي چېچىكى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ مال مەنبەسى ئىلگىرىكى كىچىككىنە بىر كەنتتىن پۈتۈن يېزا تەۋەسىگە كېڭەيگەنىدى. ئۇنىڭ ئېڭىدا يەنىلا ئىلگىرىكى پارچە ئېلىپ توپ چىقىرىشتىن ئىبارەت كونا ئۇسۇل ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنىڭ ئاۋارىچىلىكى ئاز، ئوبوروتى تېز ۋە پايدىسى نەق بولاتتى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن ھە دەپ چاي يىغىۋەردى، يىغىۋەردى. تېلېۋىزور، رادىيولاردا ئېلان چىقىرىپ قويۇپ، خېرىدار كۈتۈپ يۈرۈۋەردى. خېرىدارلارنىڭ



ئالدى كېلىشكە باشلىغاندا بولسا، ئۇنىڭ بېشىدىن كىرگەن بىر قوقاس تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. بېسىپ قويغان چايلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاستىدىن سېسىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭمۇ، شېرىكلىرىنىڭمۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇدۇللۇق قولىدىن چىقىرىپ تۇرايلى دېسەك، سىز ئالدىرىمايلى، بازار يەنە ئۆرلەيدۇ، دېگەن،— دەپ تاپا قىلىشقا باشلىدى، — مانا، ئەمدى سالغان دەسمايىلىرىمىزنىمۇ تاپالمايدىغان بولدۇق!

— ئامبارچىلار نېمىشقا سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتمىغان؟— دەيتتى نۇرمەمەت،— ئوبدان قۇرۇمىغان چايلار ئامبارغا كىرىپ كەتكەن.

دەرۋەقە، ئامبارغا كىرىم قىلىش خىزمىتىگە بىر سوغۇق قول ئارىلىشىپ قالغانىدى. بۇ قولنىڭ ئىگىسى بىر پېشقەدەم باشلىقنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى چاغدا نۇرمەمەتمۇ، ئۇمۇ شىركەت قۇرىمەن دەپ تەڭلا ھازىرلانغانىدى. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، دادىسىنىڭ نامى بىلەن يۈز تېپىپ، تۇتقانلا يېرىدىن يۇلۇۋېلىپ پۇل تېپىپ كەتكەن بۇ نوچى نۇرمەمەتتەك بىر سەھرالىقنى ياراتمايتتى. بارغانلا يەردە: «شىركەت دېگەننى بىز قۇرىمىز مانا. ئىش كۆرمىگەن سەھرالىقلارغا شىركەت قۇرۇشنى كىم قويۇپتۇ؟» دەپ يۈرەتتى. كېيىن ئويلىمىغان يەردىن نۇرمەمەت شىركىتىنى بۇرۇن ئەنگە ئالدۇرۇۋالدى. ئۇ ھېلىغىچە تەستىق ئالالماي يۈرەتتى.

شۇ يىلى ئۇ نۇرمەمەتنىڭ يىغىۋالغان چايلىرىغا قاراپ، «خەپ، سەھرالىق، سېنىڭ روناق تاپقىنىڭنى بىر كۆرەي......» دەپ چىش بىلىدى ئىچىدە. ئۇ بىر كۈنى نۇرمەمەتنىڭ ئامبارچىسىنى چايغا چىللاپ قالدى. رېستوراننىڭ ئالاھىدە بېزەلگەن ئايرىمخانىسىدا ئۈچلا ئادەم بار ئىدى. ئادەمنىڭ ئازلىقىغا

باقماي شىرە خىلمۇ خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا بىردىن ھەمراھ قىز پەيدا بولدى. قىزلارنىڭ غىلجىڭلىقلىرى رومكىلارنى چالغىتىشقا باشلىدى. ئىچىپ يېرىم بولغاندا ئامبارچىنىڭ ئالدىغا بىر بوغماق پۇل توككىدە قويۇلدى. ئۇنى ھېلىقى نوچى تاشلىغانىدى.

«10 مىڭ يۈەن» دەپ تەخمىنلىدى ئامبارچى پۇل قويۇلۇشنىڭ ۋەجىنى ئۇقمايلا. ئۇ گاھ پۇلغا، گاھ نوچىنىڭ يۈزىگە سوئال كۆزى بىلەن قارايتتى.

— ساڭا ئازراق ھاجىتىم بار ئاغىنە،- دەپ كۇسۇرلىدى ئۇ،— يىغىپ قويغان بىر ئاز چايلىرىم بار ئىدى. ئىچكىرىگە ماڭاي دەپ تۇرغان. قولدىن چىقىرىۋېتىپ ماڭمىسام بولمايتتى. كەچتە بىرسىدىن ئەۋەتسەم، تولا سورتلاپ يۈرمەي گاچچىدە ئامبىرىڭغا تۆكۈۋەتسەڭ بولاتتى. يەنە بىر گەپ، بۇنى دىرېكتورىڭلار بىلمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ پۇل ياخشىلىقىڭغا يېتەرمىكىن؟— ئۇ يەر تېگىدىن ئامبارچىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى.

— چوڭ گەپ ئەمەسكەن بۇ. زادى كەچتە بولمىسا بولمامدا؟— ئامبارچى تېگىدە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆزى ئالدىدىكى پۇلدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئالتە تاغار «قۇرۇتۇلغان» چاي ئامبارغا كىرىپ كەتتى. پۇلغا قۇرۇق چاي نەرقىدە تالون كېسىپ بېرىلدى.

ئامبارچى نۇرمەمەتنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلاپ: «سىرنى بىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟»دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى ۋە يەر تېگىدىن نۇرمەمەتكە قاراپ قويدى.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى،— دېدى نۇرمەمەت گېپىنى داۋام قىلىپ،— ئامباردىكى چايلارنى دەرھال مەيدانغا



ئېلىپ چىقىڭلار. سېسىغان- چىرىگەنلىرىنى پەم بىلەن ئايرىۋېتىپ، زىياننى ئازلىتايلى.

شىركەت شۇ يىلى ئاز دېگەندىمۇ 500 مىڭ يۈەن پايدىدىن قۇرۇق قالدى. نۇرمەمەت شىركەت قۇرۇپ چوڭ- چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ناھىيەلىك سودا سانائەتنى مەمۇري باشقۇرۇش ئورنىدا ئىشلەيتتى.

— ئاڭلىسام، پۇتۇڭغا يېڭى ئاياغ كىيىۋېلىپ يەنىلا كونا يولدا مېڭىۋېتىپسەن، ئاداش،— دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنى،— سەن نۇرغۇن ئەگرى- توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ شىركەت قۇرغاندىكىن، ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدا راۋاجلاندۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش شىركىتىڭگە ئايلاندۇرساڭ تېخىمۇ ئىستىقباللىق بولاتتى.

— ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئۈسكۈنە، تېخنىك خادىملار كېتىدىغان ئىش تۇرسا، ماشىنا- سايمانلارنىغۇ سېتىۋالارمىز، كەسپىي خادىملارنى قانداق قىلىمەن؟

— تەكلىپ قىلمامسەن؟

— مەن...... مېنىڭ گېپىمنى ئالارمۇ ئۇلار؟

— مەن دەل مۇشۇ ئىشىڭغا ياردەملىشەي دەپ كەلدىم،— دېدى ئۇ،— يېمەكلىكلەر تەتقىقات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئىككى بالا بار ئىدى. ئۇلار ناھىيەدە ئىش ئىزدەپ يۈرىدۇ. شۇلارنى تەكلىپ قىلمايمىزمۇ؟ بۇ بىر ھېسابتا ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىنىڭ بولۇپ قالىدۇ تېخى.

نۇرمەمەتنىڭ روھى بىر گەز ئۆرلىدى. شۇئان ئاغىنىسىنىڭ قولىنى چىڭگىدە قىستى.

— يول كۆرسەتكىنىڭگە ھەشقاللا، دوستۇم! شەپقىتىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— ۋاي- ۋۇي، بۇ دېگەن خىزمىتىمنىڭ فۇنكسىيەسى تۇرسا، بىزمۇ تىجارەتچىلەرنى، بولۇپمۇ سەندەك دېھقان كارخانىچىلارنى ئوبدانراق يېتەكلىسەك دەيمىز-دە.

— يەنە بىر گەپ،— دېدى ئاغىنىسى ئارىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن كېيىن،— تېخنىك خادىملار كېلىپ بولغۇچە مەھسۇلاتىڭلارغا بىرەر ماركا ئويلىشىپ، ئەنگە ئالدۇرۇپ تۇرساڭ بولىدۇ. ماركىسىز تاۋارلارنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

ئاغىنىسى ئىككى كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئىككىسى بىرلىشىپ چاي ماركىسىنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ماركا نامى «تاغ لەيلىسى چايلىرى» بولىدىغان بولدى. ئاغىنىسى ئۇنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى كومپيۇتېردا لايىھەلىتىپ ئەكېلىپ بەردى. ئۇزاققا قالماي نۇرمەمەت يەرلىكنىڭ ئىسپاتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ئۇ يەردە ماڭغان، قاترىغان يوللارنىڭ، ئىجازەت ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇللارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەندەك قىلاتتى. ئارىدا يېزا مەسئۇللىرىنىڭ قوللىشى، نەلەرگىدۇر، كىملەرگىدۇر ئېلىنغان كۈرمىڭ قېتىملىق تېلېفونلارنىڭ رولىمۇ ئاز بولمىدى. نۇرمەمەت مۇشۇ يوسۇندا ساق بىر ئاي قاترىدى. تارتقان جاپاسى، ھەلەكچىلىكلىرىگە يارىشا ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ تاۋار ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ كەلدى. بۇ يېزا تارىخىدىكى تۇنجى تاۋار ماركىسى ئىدى.

ئۇ قايتىپ كېلىپلا بۇ خۇش خەۋەرنى يېزا مەسئۇللىرىغا يەتكۈزدى. ئۇلارمۇ خۇش ئىدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ يېزىدا سودا-سانائەتچىلەر، كونا- يېڭى كارخانىچىلار ئىشتىراك ئەتكەن قىسقىغىنە بىر يىغىن بولۇپ ئۆتتى. يىغىندا مەخسۇس «تاغ لەيلىسى چايلىرى» ماركىسىنىڭ لىنتىسى كېسىلىپ، شىركەت ۋېۋىسكىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى.

نۇرمەمەت خىياللار قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قولىدىكى



كورۇپكىنى جايىغا قويدى. يەنە بىرنەچچە ئىش تۈرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىشخانىسىغا چىقتى. جىنەستە ئۆزىنى تۈزەشتۈرۋاتاتتى.

— ئۆزلىرى نەگە جابدۇنغانلا؟— ئۇلار دائىم ئاشۇنداق چاقچاقلىشىپ سۆزلىشەتتى.

— جانابلىرىنىڭ بەگزادىسىنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەيمەنغۇ؟

— يا ئۇ ئەمىسە، ئېمىتىپ قويمىسام بولمايتتى دېگىلى. يەسلىدىكىلەر سىزدىنمۇ ئوبدانراق باقىدىكەن ئەينا؟

— شۇنداقتىمۇ يوقلاپ قوياي. دېرىزىدىن قاراپ بولسىمۇ،- كۈلدى جىنەستە.

— جېنىڭىز كۆيىدۇ- دە، ئوغلىمىزغا.

— سىزنىڭ كۆيمەمدا؟

نۇرمەمەت جاۋاب ئورنىغا زوقمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. كېيىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ قارىدى.

— ھەي، توختاڭا. يېڭىدىن كەلگەن زاكازلار، مال يوللىنىۋاتقان توختاملارنىڭ كۆرسەتكۈچىنى بەرمىدىڭلا ماڭا؟

— گۈلشەن تەييار قىلىۋاتىمەن دېگەن. قاراپ باقايمۇ؟

— بولدى، سىز مېڭىۋېرىڭ. تەييار بولغان بولسا ئۆزۈم ئالاي. ھە راست، چۈشتە تاماقنى ئۆزىڭىز يەڭ. مەن بىنەمدىكىلەرگە تاماق ئاپىرىپ بەرگەچ، ئۆي بېزەۋاتقانلارغا بىر كۆرۈنۈپ قويمىسام بولمايدۇ،— نۇرمەممەد يېڭىدىن سالغان قورۇ- جايىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. ئۆيلىرى ئالدىنقى يىلى سېلىنغان بولۇپ، يېقىندا بېزىتىۋاتاتتى.

— بۇنداق چېپىپ يۈرۈپ يىقىلىپ بەرمەڭ ماڭا يەنە؟

— خۇدايىم ساقلا، دەڭ.

— چاقچاق قىلدىم.

جىنەستە سىرتقا، نۇرمەمەت كاتىپ ئىشخانىسىغا ماڭدى. بىر

سائەتچىدىن كېيىن جىنەستە ئالدىراشلا كىرىپ كەلدى.
— بىرسى تېلېفون قىپتىكەن،— دېدى ئۇ قانداقتۇر بىر خىل جىددىيلىك ئىچىدە،— تېلېفونىڭىزنى ئالالماي ماڭا ئۇرۇپتۇ. چىلانباغقا بىر بېرىپ كەلسىڭىز بولامدىكىن؟

— نېمشقا ئەمدى؟ ئۇنىڭسىزمۇ ئىشلەۋاتقانلارغا تاماق ئېلىپ بارىمەنغۇ.

— تېلېفوندا دېيىشىچە، چىلانباغ ئالدىدا بىرمۇنچە ماشىنىلار توختاپ كېتىپتىمىش. نۇرغۇن ئادەم ئايلىنىپ يۈرەرمىش.

— ئېكىسكۇرسىيەگە كەلگەنلىدۇ شۇ،— دېدى ئۇ ئېرەنسىزلا،— جىددىيلىشىپ نېمە كەپتۇ؟— نۇرمەمەت شۇنداق دېدى-يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ بېقىشقا ئالدىرىدى. ئاشخانىدىن بىرنەچچە قاچا تائام ئورىتىپ دەرھال بىنەمگە ماڭدى.

ئۇ بارغاندا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بىر توپ ئادەمگە سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ دەل نامىشەرىپى شامالباغ دېھقانلىرىنىڭ قەلبىگە ئويۇلۇپ كەتكەن سابىق كەنت باشلىقى ئەكبەرجان ئىدى. قالغانلار ناھىيەدىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى تەكشۈرۈپ كەلگەنلەر بولۇپ، ئارىدا مۇشۇ كەنت-مەھەللىلەرنىڭ كادىرلىرىمۇ بار ئىدى.

— شامالباغدا تېرىلغۇ يەر بەك ئاز،— دەۋاتاتتى ئۇ،— ئامىنى مۇشۇنداق قاقاسلىقلارنى ئېچىپ، گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. يېقىندا كەلگەن دوكلاتلاردىن قارىغاندا، گۈل چېيى قىزغىنلىقى ئاشلىق تېرىش پىلانىغا تەسىر يەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ھەممەيلەن ئاشلىقنى تاشلىۋېتىپ چاي تېرىساق، دەيدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى چايزارلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. دېھقانغا ئاش-ئوزۇق، ئوت-سامان بولمىسىمۇ بولمايدۇ. قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن بىللە



مۇۋاپىق كۆلەمدىكى ئاشلىق تېرىلغۇ پىلانىنىمۇ چوقۇم ئورۇنلىماي بولمايدۇ. دېھقانلارغا بولغان چۈشەندۈرۈش، يېتەكلەشنى ئوبدان ئىشلەش لازىم.

ئەكبەر ھاكىمنىڭ دەۋاتقانلىرى شامالباغدا ئەمەلىي كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئىدى. بۇلاردىن نۇرمەمەتنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى.

بۇ يەردە راستتىنلا تېرىلغۇ يەر ئاز ئىدى. كىشى بېشىغا 3—4 موچە توغرا كېلەتتى. دېھقانلار تېرىغان ئاشلىقنى ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ روزغارىغا ئىشلىتەتتى. ئېشىنىپ ساتىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. گۈل چېيى تېرىش تەشەببۇس قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردا نۇرغۇن ئائىلىلەر بىز ئاشلىق تېرىمىساق بولمايدۇ دېيىشىپ، قوشۇمچە ئىگىلىككە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بولسا كەنت كادىرلىرىلا ئەمەس، يېزا باشلىقلىرىمۇ شامالباغلىقلارنىڭ ئېتىز بېشىدىن كېتەلمەيلا قېلىشىۋاتاتتى. ھەممىسى دېھقانلارغا چۈشەندۈرۈش، تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەمدىكىسى ئازراق گۈل چېيى تېرىپ قويۇڭلار، پۇلى ئوبدان، ئېھتىياجلىق يەرگە ئىنتىلىك ئەسقاتىدۇ، دېگەن دالالەتلەر ئەمەس، ئەكسىچە، «تېرىقچىلىقنى پىلانلىق قىلىڭلار. بار-يوق يەرنىڭ ھەممىسىنى چايزارلىققا ئايلاندۇرۇۋالساڭلار، نېمە يەيسىلەر؟» دەيتتى.

— بۇ نېمىنىڭ پۇلى ئاۋۇنكەن،— دېيىشەتتى دېھقانلار،— ئاشلىقنى بازاردىن ئېلىپ يەمىز. بىزنى گۈل چېيى تېرىغىلى قويۇڭلار.

— ئاشلىقنىغۇ ئالارسىلەر. ئوت-خەس بولمىسا چارۋىلىرىڭلارنى، ئات-ئۇلاغ، ئۇي-كالىلارنى نېمە بىلەن

باقسىلەر؟ ئات- ئېشەكلەرگە بوغۇز، توخۇ- كەپتەرلەرگە دان بولمىسا بولامدا؟

— كادىرلار توغرا دەيدۇ،— دېيىشەتتى بىرلىرى،— دېھقان تۇرۇپ نېسۋىسىنى ئېتىزدىن ئالماي، ھەممە نېمىنى بازاردىن ئېلىپ يۈرسەكمۇ سەت.

شۇنداق دېگەنلەر كۆڭلىنىڭ بىر تەرىپى يەنە شۇ پۇل- پايدىسى كۆپ بولىۋاتقان چاي تېرىلغۇسىغا تارتاتتى. نۇرغۇنلىرىنىڭ خىيالىغا بوز ئېچىپ يەر كۆپەيتىش كىرىپ چىقمايتتى. نۇرمەمەتنىڭ چىلان- ياڭاقزارلىقىنى كۆرۈشكەن بىر نەچچە ئائىلە كىشىلىرى بۇ يىل ئاشۇ يولغا قەدەم ئالغانىدى.

ئەكبەر ھاكىمنىڭ گېپى تۈگەپ، تۇرۇشقانلار چۇۋۇلدى. يېزا باشلىقى نۇرمەمەتنى كۆرۈپ، ئۇنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ يېزىمىزدىكى داڭلىق دېھقان كارخانىچىمىز،— دەپ باشلىدى ئۇ ئەمدىكى گېپىنى،— ئالدىمىزدىكى بۇ چىلان، ياڭاقلىقلارنىمۇ مۇشۇ يىگىت يېتىشتۈرگەن.

— نۇرمەمەتنى مەن بىلىمەن،— دېدى ئەكبەر ھاكىم،— ئۇ شامالباغدا چاي گۈلى ئېگىلىكى بىلەن ئەڭ بۇرۇن شۇغۇللانغان سوپاخۇن ئاكامنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئۇدۇمى، روھى قالغان. مۇشۇنداق ئىلغار تىپلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىشىمىز، ئۇلارغا تېخىمۇ مەدەت بېرىشىمىز لازىم. شامالباغنىڭ يېرى ئاز بولغىنى بىلەن زېمىنى كەڭ. قاقاسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن ئېچىپ يەنىمۇ گۈزەل بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. كەلگەنلەر نۇرمەمەتنىڭ چىلانزار، ياڭاقزارلىقلىرىنى، يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان بوزلۇقلارنى كۆرۈشۈپ يېنىشتى.



## 2

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ياز ئاخىرلىشىپلا، كۈز ئايلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. بۇ، شىركەت ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق، ئەڭ ئالدىراش پەيتكە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، ئېيۇلنىڭ بېشىدىن سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۈچ ئاي نۇرمەمەتلەر ئۈچۈن خام ئەشيا سېتىۋېلىشنىڭ جىددىي پەيتلىرى ئىدى. پۇرسەت كەتسە ئەشيا كەمچىللىكى، ماتېرىيال ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايتتى.

نۇرمەمەت شۇلارنى ئويلاپ شىركەت تۈزۈملىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلدى. بەزى ئىش تۈرلىرىدىن ئادەم قىسقارتىپ، مەخسۇس سېتىۋېلىش قوشۇنى تەشكىللىدى. بۇلار يېزا- كەنتلەرگە چۈشۈپ ئىشلەيدىغانلار ئىدى. سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنىڭ ئىشك ئالدىغا تەسىس قىلىنىشى دېھقانلارغىمۇ ياقاتتى. نۇرمەمەتنىڭ بۇ پىلانى مۇدىرىيەت ئەزالىرىغىمۇ ياقتى. بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ پىلان لايىھەسىنى بېكىتىشتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى نۇرمەمەت شىركەتكە تولىمۇ خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. چېھرىدىن تەبەسسۇم، لەۋلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلەتتى.

— دىرېكتور ئەجەب خۇشقۇ بۈگۈن؟— دېدى ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئۇچراشقان تۇنساگۈل ئىسمىلىك چوكان،— ئۆيلىرىدە بىر شادلىق بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۆيدە ئەمەس، شىركىتىمىزدە! ئاڭلىسىڭىز سىزمۇ خۇش بولىسىز.

— دېسىلە، زادى نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلا

ئەتىگەندە؟

— ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىدىغان بولۇپتىمىز! ناھىيە تاللاپ بېرىپتۇ، — ئۇ قولىدىكى قانداقتۇر بىر قەغەزنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ يېزا ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان تامغىلىق ھۆججەت ئىدى.

خەۋەر ئۇن مىنۇتقا قالماي ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شىركەت مەسئۇللىرىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىشچى- خىزمەتچىلەرمۇ بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا چۆمگەنىدى. ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدە ئوخشاشلا بىر خىل شان- شەرەپ تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇنداق، بۇ كىچىككىنە بىر يېزا كارخانىسىغا، يەنە كېلىپ ئاشۇ دېھقان كارخانىچىلىرىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن خۇش بولۇشقا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك كاتتا پۇرسەت ئىدى. خۇشۇسەن، گۈل چېچىنىڭ داڭقى ئىچكىرىگىچە كېڭەيگەن، ئالدى دۆلەت ئاتلاپ چىقىۋاتقان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، بۇنداق چوڭ يەرمەنكىنىڭ رولىنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى.

نۇرمەمەت ئەتىسىلا مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن يەنە بىرەيلەننى ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى. ئۇلار ئالدىن بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋە يەرمەنكە ئورنى ئېلىشقا ماڭغانلار ئىدى. ئۆزى بولسا ئارقا سەپنىڭ مال تەييارلىقىغا قالدى. شۇنداق قىلىپ، شىركەتنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمىتى ئۇرۇمچى سودا يەرمەنكىسىگە مال تەييارلاش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەمدى ھەربىر ئىشچىنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتتىق بېكىتىلگەنىدى. ئىش بېشىدىكى نازارەتچىلەرمۇ پۈتۈن دىققىتىنى مۇجەسسەم قىلغانىدى.

— سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، - دەپ جېكىلىگەنىدى نۇرمەمەت، — بۇ دېگەن شىركىتىمىزنىڭ ئوبرازىغا، كەلگۈسى ئوبوروت يوللىرىمىزنىڭ راۋان بولۇش- بولالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش.



بىر ھەپتە ئىچىدە زەربىدارلىق بىلەن ئوراپ - قاچىلانغان 8 توننا مەھسۇلات تەييار بولدى.

نۇرمەمەتكە يەنە نېمىدۇر كەمچىلىك قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋېتىپ ئامبارچىنى چاقىرتتى.

— چىلاندىن قانچىلىك بار؟

— قالدى - قاتتىنىڭ ھەممىسىنى يىغساق ئىككى توننا چىقارمىكىن.

— ئۇنىمۇ ئېلىۋالايلى. خېرىدارلار كۆرۈپ باقسۇن. چىلاندىنىمۇ بىرمۇنچە توختام پۈتۈشۈپ قالىمىزمۇ، تېخى.

— ئۇنى ھېلىقى ھاۋالىگە ئاساسەن قويۇپ قويغانىغۇ؟

— ئاردا رەسمىي توختام بولمىغاندىكىن ئېلىپ مېڭىۋەرمەيمىزمۇ؟

ئالاقىچىلار كېتىپ يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن نۇرمەمەت بىرنەچچە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا ماللارنى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە ماڭدى. سودا يەرمەنكىسىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى داغدۇغىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. يەرمەنكە نۇقتىلىرى رەڭگا رەڭ بېزەلگەن. دۇكان- يايمىلارنىڭ ئارقا تېمى، ماڭلايلىرىغا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بېغىشلىملار چاپلانغان، ھەربىر يايمىنىڭ خاس نامى ۋە ماركىلىرى رەتلىك ئېسىلغانىدى. رەسمىي يەرمەنكە باشلانماي تۇرۇپلا بازار كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالاي دېگەنىدى. ساياھەتچىلەر، سودا پۈتۈمى ئۈچۈن كېلىشكەن چەت ئەللىكلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. كۆرۈنەرلىك جايلارغا ئورنىتىلغان چوڭ ئېكرانلاردىن ھەربىر يايما ئۆمىكى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان ئېلان- تەشۋىقاتلار ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇراتتى.

نۇرمەمەتلەر ئېلىپ كەلگەن تەبىئىي چاي مەھسۇلاتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتاتتى. سىرتتىن كېلىپ كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. دەملەنگەن چېيىنى تېتىپ

كۆرۈپلا پۈتۈم ھاسىل قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلار ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەنىدى. تەييار مال ئاران بەش كۈنلۈك بولدى. كېلەر يىلى ئۈچۈن نۇرغۇن توختاملار تۈزۈلدى.

نۇرمەمەتنىڭ سومكىسى ئىسىم كارتىسى بىلەن توشاي دەپ قالدى. نۇرغۇن خېرىدارلار ئۇنىڭ ئىسىم كارتىسىنى، شىركەت ئادرېسى ۋە نام كارتىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى.

ئۇ مۇشۇ بىر ئىشتا چېنىپ قالغانىدى. شۇنچە ئىشلارنى تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان تۇرۇپ ئىسىم كارتىسى باستۇرۇپ قويمىغىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى. شۇ كۈنىلا بىرەيلەننى ئەۋەتىپ نەدىدۇر ئىسىم كارتىلىرىنى باستۇرۇپ بۇ ئوڭايسىزلىقتىنمۇ قۇتۇلدى. بۇلارنىڭ مالLIرى ئەڭ خېرىدارلىق، ماركىسى ئەڭ داڭدار ماركىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندەك قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، مۇخبىرلار ئۈچمۇئۈچ كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئويلاپ باقمىغان سوئاللارنى سورىشاتتى.

نۇرمەمەتلەرنىڭ كەتكىنىگە 25 كۈن بولغانىدى. 27- كۈنى ئەتىگەن شامالباغقا قايرىلىدىغان ئۆتەڭدە بىر يولۇچىلار ئاپتوبۇسى يېنىككىنە پۇشقۇرۇپ توختىدى. ئۆتەڭنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئاپتاپلىقتا بىر توپ ئادەم قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلار دەل نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىدى. ئارىسىدا شىركەت ۋەكىللىرىمۇ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئوغلىمۇ بار ئىدى. نۇرمەمەت بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغاچقا، ئۇلارغا دىققەت قىلمايۋاتاتتى.

ئۇ ئۆيىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ خۇشلۇقىدا ئىرەنسىمەيلا ماشىنىدىن چۈشتى- يۇ، ئالدىلىرىغا كېلىشىۋاتقانلارغا قاراپ ئىزىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ھەلقۇمىغا قىزىق- قىزىق ئېقىملار ئۇرۇلۇۋاتقاندەك ھېسقا كېلەتتى. خۇسۇسەن، جىنەستە بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ھېسلىرىنى توختىماي چالغىتىۋاتاتتى. بۇ ھېسلارنىڭ



قوزغاتقۇچىسى ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى نۇرئەخمەت بىلەن نۇرئابدۇللا ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى نۇرمەمەتنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. چۈنكى، ئارىدىكى بۇ «ھاڭ»نى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. نامدا «ئۇكام بار» دېيىشىپ يۈرسىمۇ، نۇرمەمەتكە ياتچىلىك كۆيۈكى يوق ئىدى. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئۆيىگە ئەمەس، يېنىغىمۇ يولاپ باقمايتتى. «ھالىڭ نېچۈك ئۇكام» دەپ سوراشمايتتى. ئەكسىچە، نۇرمەمەت پات- پات يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بولسا «بىرنەرسە سوراپ كەلمىگىدى» دەپ سوغۇقلا كۈتۈۋالاتتى. يەنە سوغۇقلا ئۇزىتىپ قوياتتى.

«ئاكىلىرىمغا قاياقتىن چىققاندۇر بۇ كۈن؟» دەپ قالدى نۇرمەمەت تۇنجى كۆرگەنىدە. ئەمما، ئارقىدىنلا: «قېرىنداشنىڭ بېغى مەھكەم. ھەر نېمە بولسا، قاتاردىن قالمايلى دېيىشكەن چېغى» دەپ خۇش بولدى- دە، ئاۋۋال ئاكىلىرى بىلەن، ئاندىن باشقىلار بىلەن كۆرۈشتى.

— تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ تۇردۇق، — دەپ گەپ باشلىدى نۇرئەخمەت، — قالتىس شۆھرەت تېپىپ كېتىپسىنا ئۇكام؟

— مېنىڭ ئەمەس، شىركەتنىڭ شۆھرىتى بۇ، — تۈزەتتى نۇرمەممەت.

— ياقەي ئۇكام، — سۆز قاتتى نۇرئابدۇللا، — شىركەت سېنىڭ بولغاندىكىن سېنىڭ شۆھرىتىڭ بولىدۇ ئۇ .

— بۇنداق قارىساڭ بولمايدۇ، ئاكا. بۇ دېگەن مۇشۇ تۇرغانلارنىڭ ئورتاق شىركىتىمىز. ھەرقانداق نام- ئاتاقلارمۇ، پايدا- زىيانمۇ بارچىمىزغا ئورتاق.

— ھە، بولدى، — دېدى شىركەتتىن چىققانلاردىن بىرى، — ماشىنا ساقلاپ قالدى. باشقا گەپلەرنى كېيىن دېيىشمەيلىمۇ؟

كۆتۈۋېلىشقا ئۈچ ماشىنىلىق ئادەم چىققانىدى. يەنە ئىككىسى زاپاس ئىدى. ھەممەيلەن ئۆز ماشىنىلىرىغا چىقىشتى. نۇرئابدۇللا بىلەن نۇرئەخمەت جىنەستىنىڭ يېنىغا قىسىلدى.

شۇ كۈنى نۇرغۇنلار ھاردۇق چېيى بېرىمىز دەپ تۇرۇۋېلىشقانىدى. نۇرمەمەت «بىزنىڭكىدە بولسۇن» دەپ ئۆزرە قويدى. ئۇنىڭ يېڭى ئۆيى بېزەكتىن چىققانىدى. يېڭى ئۆينىڭ يېڭى مېھمانخانىسى تۈنجى بولۇپ ئەڭ يېقىن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن- سۈرەنلىرى بىلەن قاينام- تاشقىنلىققا چۆمدى. پاراڭلارنىڭ ئاساسىي تېمىسى يەرمەنكە توغرىسىدا ئىدى. مېھمانلار بەس- بەستە سوئال سورىشاتتى. نۇرمەمەت توختىماي سۆزلەيتتى. ماللارنىڭ تالاش- تارتىشتا سېتىلىشى، قايسىبىر ئۆلكە، قايسىبىر چەت ئەللىك بىلەن قىلىشقان پۈتۈملەرنى زوق- شوق بىلەن تىلغا ئالاتتى.

نۇرئابدۇللانىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. باشقىسىغا ئەمەس، نۇرمەمەتنىڭ سۆزمەن- ناتىق بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولاتتى. خۇسۇسەن، شۇنچە ئىشلارنىڭ گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈپ قىلىۋاتقىنىدىن ھەسەت ئىچىدە زوق ئالاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ۋۇجۇدىدىن ئۆز نەزىرىدىكى ياۋاش، ئېتىبارسىز يېتىمەكنىڭ سىيماسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

نۇرئەخمەت ئۈزمەي تاماكا چېكەتتى. گاھىدا كۈل تەكتىدە سۇسقىنە پىلدىرلاپ تۇرغان تاماكا ئوتىغا كۆز تىككىنىچە ئاللىقانداقتۇر خىياللار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. دەم- دەم ئويغىنىپ، ئۆينىڭ تام- تورۇسلىرىغا، ئۆزگىچە بېزەكلىرىگە زەن سالاتتى. ئىختىيارسىز ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ سالاتتى. ئىچىدە ئاللىبىر پىلانلارغا تام قوپۇراتتى.

ۋاقىت ئەلياتقۇدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. نۇرمەمەتمۇ تالجىقىۋاتاتتى. كىمنىڭدۇر دالالىتى بىلەن مېھمانلار بىر- بىرلەپ



قوزغىلىشتى. نۇرئەخمەت بىلەن نۇرئابدۇللامۇ قىيالماسلىق ئىچىدە ئۇزاپ چىقتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. نۇرمەمەت كەنتلەرگە چۈشۈرۈلگەن گۇرۇپپىلارنىڭ سېتىۋېلىش ئىستاتىستىكا جەدۋىلىنى كۆرۈۋاتاتتى، ئىشىك يېنىك- يېنىك چېكىلىپ توختاپ قالدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئۇ خىزمەتچىلەرنىڭ بىرى ئوخشايدۇ دەپ.

ئىشىكتىن نۇرئابدۇللا ھىجىيىپقىنە كىرىپ كەلدى. ئۇ سولياۋ خالتىدا بىرنەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ۋاييەي، — دېدى نۇرمەمەت، — ئىشىك چېكىپ يۈرۈش نە ھاجەت ساڭا؟

— ھەر ئىشنىڭ قائىدىسى بار. باشلىق دېگەننىڭ ئالدىغا يولى بىلەن كىرىمىز- دە.

— تولا باشلىق - پاشلىق دەپ كەتمىسەڭچۇ ئاكا. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر تىجارەتچى، خالاس. قېنى، ئورۇندۇققا كەل.

نۇرئابدۇللا قولىدىكى خالتىنى ئىنىسىنىڭ ئالدىدا تۈككىدە قويدى.

— سەل قۇرۇق قولراق كېلىپ قالدىم.

— ۋاي- ۋۇي...... نېمە قىلىق بۇ ئەمدى؟— تېرىكتى نۇرمەمەت،— مەن تېخى ئۇنچىلىك ياۋايىلىشىپ كەتمىدىم جۇمۇ؟— ئۇ ئەسلىدە «سىلەرچىلىك» دېمەكچى ئىدى، سىلىقلاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى، — قارىغاندا، ماڭا دەيدىغان بىرەر گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟— نۇرمەمەت ئۇنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغانىدى.

— بەك تۈيغۇن بالا- دە، سەن. ئەمدى چوڭ ئىشىمغۇ يوق، ئازراق ھاجەت بىلەن......

— پۇل لازىممىدى؟
— يــاقەي، شــۇ، مۇشــۇ...... يېنىڭــدا ئىــشلەيمىكىن دەپ......
— ھە، مۇنداق دە. شىركەتتە ئىشلەي دەپسەن ـ ھە؟
— شۇ، شۇ،— دېدى نۇرئابدۇللا ئالدىراپ،— ساڭا بىر ئەزا بولاي دەيمەن. «يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دەپتىكەن، مۇشۇ كۆنلەردە چاربازارغا قاترايمەن. ئۇنى ئېلىپ، بۇنى ساتىمەن. تۆت ـ بەش تەڭگە تاپقاندەكمۇ قىلىمەنۇ، ئىشىم تازا ئىلگىرى كەلمىدى. خوتۇن ـ باللارنى باقماق تەسلىشىپ كەتتى.
— بۇرۇنراق شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى ئاكا. چوڭ ئاكىمىزغۇ قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇپ يامان ئەمەس ئۆتىۋاتىدۇ. ساڭا نەچچە ـ نەچچە يېنىمدا ئىشلىگىن دېگۈم كەلدى. ئەمما، سېنى ياقتۇرماسمىكىن دەپ ئېغىز ئاچماپتىمەن. ھېلىھەم بولسىمۇ كەلگىنىڭ ياخشى بولۇپتۇ، ئاكا.
— مېنى ئالامسەن؟
— ئاكام بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ئالىمەن ـ دە! لېكىن، شىركەت دېگەن تەشكىللىك ئىنتىزاملىق يەر. سېنىڭ ئۇششاق تىجارىتىڭگە ئوخشىمايدۇ.
— بىلىمەن، بىلىمەن.
— گېپىمنى بۆلمە، بۇ يەردە مۇنتىزىم ۋاقىت، مۇئەييەن تۈزۈم ئاستىدا ئىشلەيدىغان گەپ. شۇڭلاشقا كۆنەلىسەڭ، چىدىيالىساڭ بولىدۇ.
— ۋايىيەي، ئاكاڭنى شۇنچە بىلى بوش چاغلاپ قالدىڭما؟ ئىشلەۋاتقان بىر توپ خوتۇنلارچىلىك بولالماسمەنما؟
— ماقۇل ئاكا، غەيرىتىڭ شۇنچىلىك بولسا، ئەتىلا كېلىپ ئىشقا چۈش.



نۇرئابدۇللا گويا يات ئادەملەردەك يەتتە پۇكۇلۇپ چىقىپ كەتتى. نۇرمەمەت ھە دېگەندە ئۇنىڭ كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان قىلىقلىرىدىن يىرگىنچ ھېس قىلاتتى. يەنە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىناتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى.
شۇنداق قىلىپ، نۇرئابدۇللا شىركەتكە كەلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەلىتە قىلىقلىرى بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئىنىسىدىن قاتتىق ئۆيىتىدىغان بىر خىل ھېسسىياتىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇۋېلىپلا ئىنىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. ئىنىسىنىلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانىسىغا قاراشقىمۇ يارىماي كەلگەن. «ھەركىمنىڭ چىرىغى ئۆزىگە يانىدۇ، ئاكامۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارىكەن. بىزگە قارىغۇدەك كۆزىمۇ يوقكەن. مېنىڭمۇ خوتۇن ـ بالىلىرىم تۇرسا. ئۇنىڭغا قانات يېيىپ بولالامتىم.......» دەپ ئويلايتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئاي شولىسىنىڭ دائىم تاغقا، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالارغىلا ئەمەس، قۇدۇقتىكى كىچىككىنە سۇ يۈزىگىمۇ چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.
ئۇ مۇشۇ تەرەپلىرىدىن خىجىل ئىدى. شۇلارنى بىلگەچكە، «ئەمدى ئۇنىڭ بىزگىمۇ قارايدىغان كۆزى يوق، مېنىمۇ ئىشقا ئېلىشى ناتايىن» دەپ قارايتتى. ھېلىقى كۈنى ئۆتەڭگە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشىمۇ مۇشۇ ئىشقا يول ئېچىش ئۈچۈن ئىدى. كۈتۈلمىگەندە يولدا نۇرئەخمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەھۋالنى ئۇقۇپلا مەنمۇ چىقاي دەپ بىللە ماڭدى. شۇ چاغدا نۇرئابدۇللا ئاكىسىنىڭ ئەگىشىۋېلىشىدىن سەل قىزغىنىپمۇ قالغانىدى. «زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بۇ پوچى مەندىن بۇرۇنراق گىدىڭشىپ بولمىغىدى» دەپمۇ ئويلىغانىدى.
نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ تۇنجى قەدىمنى دۇرۇس نىيەت بىلەن باستى. ئىش باشقۇرغۇچىلار نېمە قىل دېسە، نەگە بۇيرۇسا غىڭ

قىلماي ماڭاتتى. قىلغان ئىشنى كۆيۈنۈپ، ئەستايىدىل قىلىۋاتاتتى. نۇرمەمەتكە «مەن ئاكاڭ» دەپ ئەركىلىمەيتتى. ئۇنىڭ راستتىنلا بىر ياخشى ئىشچى بولۇش نىيىتى باردەك قىلاتتى. نۇرمەمەت خېلى ئۇزاق كۆزىتىشتىن كېيىن شۇنداق كۆڭۈل توختاتتى.

ئىشلار ئۆز يولىدا داۋام قىلىۋاتاتتى. كۈزلۈك سېتىۋېلىش خىزمىتى تازا ئالدىراش باسقۇچقا كىرىۋاتاتتى. شىركەت دىرېكتورلىرىمۇ كەنتمۇ كەنت تارىلىپ، ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرمەمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىمۇ تاشلىۋېتەلمەيتتى. گەرچە قارايدىغان، پەرۋىش قىلىدىغانغا ئادەم يالالاپ قويغان بولسىمۇ، ھەپتىدىكى ئىككى دەم ئېلىش كۈنى چىلانلىقى بىلەن ياڭاقلىقىدا ئۆتەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ سەل چارچاش ھېس قىلىشقا باشلىدى. شىركەت بىلەن 100 مو يەرنىڭ ھەلەكچىلىكى ئۇنى تالدۇرۇپ قويغانىدى.

«بىنەملىككە نۇرئابدۇللاكامنى ئاپىرىپ قويايمىكىن، ياتتىن تۇغقان ياخشى. ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرۇپ، پايدىنىڭ يېرىمىنى ئالسا، بەرىبىر «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇقىغا» بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇمۇ نەپ ئالسۇن. ئەتلەنسۇن. مەنمۇ جاپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ كەتمەي...... » دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ بىر كۈنى.

نۇرئابدۇللا ئاڭلاپ، يەنە بىر قېتىم ھاياجانغا چۆمدى. خۇددى بىر چاغدىكىدەكلا ئىنىسىگە باش قويغۇدەك بولۇۋىدى، نۇرمەمەت سىلكىۋەتتى.

ئەجەب قىلىقىڭ باركەن، ئاكا! مەنغۇ ئۆز ئىنىڭ، بىر قورساق قېرىندىشىڭ. ئەمما، باشقىلارنىڭ ئالدىدا غۇرۇرۇڭ بىلەن ياشا. ئەركەك تۆكۈكىنى يالپايتما. قوشۇلغان بولساڭ، «مېنى



شىركەتتىن سىقىپ چىقارماقچى ئوخشايدۇ» دەپ قالمساڭ، نەپنى تەڭ ئالايلى.

ماقۇل ئۇكام، ماقۇل. كۆكسى- قارنىڭ دەريادەك ئادەم بولاپسەن. ھېلىمۇ ئالدىڭدا كۆپ خىجىللىقىم بار. مەن دېگىنىڭدەك قىلاي. خۇدايىم بۇيرۇسا ھەق- ئىللالىق بىلەن ئىشلەيمەن.

— رەھمەت، ئاكا.

ئىككىيلەن بىر- بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ تۇرۇپ كەتتى. نۇرئابدۇللا ئەتىسىدىن باشلاپ بىنەملىكنى قولىغا ئالدى. نۇرمەمەتمۇ بىر ئېغىر يۈكتىن ئازاد بولدى.

## 3

كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئۆتمەكتە ئىدى. نۇرمەمەت بىلەن جىنەستە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تىكلىگەن ئىگىلىكى، قۇرۇۋالغان بەختلىك ئائىلىسىنىڭ شاد- خۇراملىق ئەۋجىگەن دەرياسىغا چۆمۈلۈشۈپ يۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ: «ئادەمنىڭ بېشىدا ئامەت بىلەن ئاپەت، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ- ئەلەم چۆرگۈلەپلا يۈرىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. شۇنداق بەختىيار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈتۈلمىگەن بىر كېلىشمەسلىكنىڭ قارا بورىنى يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

يەكشەنبە كېچىسى نۇرمەمەتلەرنىڭ ئائىلىسىدە چىراغ ئۆچمىدى. ياتاق ئۆيدە يېگانە يۆگەپ قويۇلغان شەۋكەتتىن باشقا ھېچكىممۇ كۆزىنى يۇمۇپ باقمىدى. مېھمان ئۆيچۈن تەكتىگە زىلچا- گىلەملەر سېلىنىپ، جابدۇقلۇق پېتى تۇرىدىغان يان ھۇجرىسى سۇكۇناتقا چۆككەنىدى. ئوتتۇرىغا سېلىنغان بىر تۆشەكتە رەۋشەخان ئايلا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. تۇنجى قارىغان

ئادەم ئۇنى ئۇخلاۋېتىپتۇ دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھوشسىز ئىدى. ھوشىنى يوقىتىپ قويغىنىغا بىر كېچە- كۈندۈز بولغانىدى. يۈرىكى زەئىپ، تولىمۇ زەئىپ سېلىپ تۇراتتى. تىنىقىنى قۇلاق تۇتمىسا بىلگىلى بولمايتتى. چىرايى زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

ئانىنىڭ ئوڭ يېنىدا جىنەستە، سول يېنىدا سائادەتخان ئاچا- سىڭىل ئانىلىرىنىڭ يۈزىگە تىكىلىشكىنىچە يۈرەكزادە بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئەندىشە قىزلارنى ئېزىۋەتكەنىدى. نۇرمەمەت كەينىگە يىغىپ قويۇلغان يوتقان- كۆرپىلەرگە يۆلىنىپ ئازراق مۈگدەپ قالغانىدى.

شۇنداق، ئانا كېسەل ئىدى. ئاغرىپ ياتقىنىغا ئىككى ھەپتىچە بولغانىدى. باشتا ئانچە ئەنسىرىگۈدەك ئەمەس ئىدى، كېيىن توساتتىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. جىگىرىدە دەرد بار ئىدى. ئاغرىقنى ئۆزىلا بىلەمتىكىن، بالىلىرىغا بىرەر قېتىم زارلاپ باقمىدى. دوختۇرخانىغا كىرىپلا ھەممىسى ئايان بولدى. ئانىنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى. داۋالاشلار كار قىلمايتتى. دوختۇرلار بىمار ئىگىلىرىنىڭ ئۈمىدلىك ئىلتىجالىرى ئىچىدە ئىككى ھەپتە داۋالاپ باقتى. رەۋىخان كۈنسېرى كەينىگە كېتىۋاتاتتى.

ئىككى كۈن ئالدىدا مەسئۇل دوختۇر نۇرمەمەتنى چاقىرىپ دېدى:

— بىماردا ئۈمىد يوق، بىز بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ باقتۇق. ياخشىسى قايتۇرۇپ كېتىپ، گېلىدىن ئۆتكەننى بېرىپ باقساڭلار بولارمىكىن.

نۇرمەمەت جىنەستىنى ياقىغا تارتىپ دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

— ئۆيگە ئېلىپ كەتسەك بىز نېمە قىلىپ بېرەلەيمىز؟ يەنە



بىرنەچچە كۈن داۋالاپ باقسۇن.

ئارىدىن بىر كېچە ئۆتتى. ئانا شۈكلەپ كېتىۋاتاتتى. تائام يېمىگىنىگە نەچچە كۈن بولغانىدى. شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن ئانا تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتتى. سالغان ئوكۇللار، قىلىپ كۆرگەن پەرۋىشلەرنىڭمۇ رولى بولمايۋاتاتتى. ئاخىر دوختۇرلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ياندۇرۇپ چىقىشقانىدى.

شۇ ئەسنادا ئارقا دېرىزىدىن خورازنىڭ قانات قاققان، ئاندىن چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇرمەمەت چۆچۈپ بېشىنى سىلكىدى. تاققىدە ئۆرە بولۇپ، يۈكۈنگەن پېتى جىنەستىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. لەھزە ئۆتۈپ تەرەپ- تەرەپتە خورازلارنىڭ بەس- بەستە چىللاشلىرى ئەۋجىگە چىقتى. تاڭ يېقىنلاپ قالغانىدى. دېرىزىگە خىرە- شىرە سۈبھى يورۇقى پەيدا بولۇۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا رەۋىخان ئايلا بوش- بوش قىمىرلىغاندەك قىلدى. بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن جىنەستە سەزگەنىدى. ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن «ئانا، ئانا» دەپ چاقىرىشتى. رەۋىخان ماجالسىز لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ يالاۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئانام...... ئانام ئۇسساپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — جىنەستە تاققىدە تۇرۇپ، تەكىيە بېشىدىكى چەينەكنى ئالدى. نۇرمەمەت تاققىدە ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈپ، قېيىنئانىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. جىنەستە چەينەك جوغىسىنى ئانىسىنىڭ لېۋىگە تەگكۈزدى. ئانا راستتىنلا ھوشىغا كەلگەندەك قىلاتتى. چەينەك جوغىسىنى لەۋلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سۈمۈرگەندەك قىلدى. يۇتتىمۇ- يۇتمىدىمۇ ۋە ياكى ئۆپكىسىگە كەتتىمۇ، ھېچكىم بىلەلمىدى. ئانا تولىمۇ زەئىپ ھالدا ئىككى قېتىم يۆتەلگەندەك قىلىپ يۇقىرىسىغا قاراپ تىنغىلى تۇردى. قىزلار چېكىلىرىنى بوش- بوش ئۇۋۇلايتتى. كۆزلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى، بىرەر ئېغىز گېپىنىڭ چىقىشىنى تىلىشەتتى.

ئانا بىر قېتىم كۆزنى بىلىنەر- بىلىنمەس ئاچتى. قاپاقلىرىنى كۆتۈرگۈدەك ماجالى يوق ئىدى. كىرپىكلىرى بىر قېتىم ئاجرىلىپ يۇمۇلغىنىچە قايتا ئېچىلمىدى. قىمىرلاشلىرىمۇ يوقاپ كەتتى. ئۇ ئەمدى لەۋلىرىنى ھەممىدە جۇپلەپ سۇرەتتەكلا قېتىپ قالغانىدى. نۇرمەمەت ئانا بېشىنى ئاستاغىنە قويۇپ، تومۇرىنى تۇتتى. سائادەتخان تىنىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى بولغاي، قۇلىقىنى يېقىپ باقتى.

— جىنەستىنىڭ كۆزى نۇرمەمەتتە، ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىدە ئىدى. نۇرمەمەت ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىدسىز تىكىلدى. ئۇ «ئانىمىز بولالمىدى» دېگىنى ئىدى. جىنەستە ئىشارەتنى سېزىپلا ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. كېيىن سائادەتخان يىقىلدى. ئۆيىنى قىيقاس- سۈرەن، يىغا- زار كۆتۈرۈپ قوپتى. نۇرمەمەت بىردە جىنەستىگە، بىردە قىيىنئاچىسىغا تەسەللى بېرەتتى، بىردە ئاللىبىر ئىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. نېمىگە، نېمە ئۈچۈن تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ چۆرگۈلەپ قالاتتى.

دات- پەرياد، نالە قىلىشلار قانچىكى ئەۋجىگە چىقمىسۇن، ئانا راستىنلا كېتىپ قالغانىدى. بىرەر ئېغىز گېپى، ياخشى- يامانىدۇر ۋەسىيەتلىرىگىمۇ ئېغىز ئاچالماي، جىمجىتلا كەتكەنىدى. قىزلار ئانىنىڭ ئېڭىكىنى سىلىشاتتى، كېيىن پۇت- قولى، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يۈزىنى ئانىنىڭ يوغان داكا ياغلىقى بىلەن يېپىپ قويۇشتى. ئەمدى ئاخىرەتلىك ئىشلار بىلەن بولماي ئامال يوق ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، خاسىيەتلىك يەكشەنبە كۈنى ناماز دىگەردىن كېيىن، شامالباغ كەنتىنىڭ غەربىدىكى چوڭ زاراتگاھلىقتا يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى.



# ئون ئىككىنچى باب

## ئاتتىن ئۈچقان «چەۋەنداز»

**1**

نۇرئەخمەت تولىمۇ ۋەزنىلىك بىرنەرسىنىڭ گۈلدۈرلەپ چۈشۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئاۋاز تولىمۇ دەھشەتلىك ئىدى. زىلزىلىسى يۈرەكنى تىترىتەتتى. گويا ئېگىز تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن غايەت زور تاشنىڭ ۋەزنىدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئاشۇ سادانىڭ ھەيۋىتىدىن بۇزۇلدى. ئەمما، سەزگۈلىرى تولۇق ئويغانمىغانىدى. ئۇشتۇمتۇت بۇزۇلغان ئۇيقۇ ئۇنى مەڭدىتىپلا قويغانىدى. ئاشۇ مەڭدەش ئىچىدە يەرنىڭ تىترەپ، دېرىزە ئەينىكىدىن بىرنەچچە كۆزنىڭ جاراڭلاپ چۈشكىنىنىمۇ ئىلغا قىلالمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقى ياكى ئاشۇنداق بىر زىلزىلىلىك چۈش ئىلكىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىيالماي ياتاتتى. بىردەملىك قايمۇقۇشتىن كېيىن، «يەر تەۋرىگەن بولمىسۇن يەنە!؟» دېگەن بىر ئەندىشىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە دەسسىدە ئۆرە بولدى.

ئۇنىڭ بېشى ئىششىك تەرەپكە، ئاياغلىرى قارشى تامدىكى دېرىزىگە قارىتىقلىق ئىدى. ئۆرە بولۇپلا تۇنجى يولۇققىنى كۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك بىر نۇر تەسىرىدىن قاتتىق چېقىلىشى بولدى. ھېلىلا ئېچىلغان كۆزى قايتىدىن يۇمۇلۇپ

قالدى. ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئوتتۇرىسىدا ئۆز سېزىمىنى تېپىپ بولالمىغان قاپاقلار كۆتۈرۈلمەكچى بولاتتى. كىرپىكلەر يوچۇقىدىن بۆسۈپ كىرگەن ھېلىقى يارقىن نۇر قارىچۇقلىرىغا «زىخ» تىقاتتى. ئۇ مۇشۇ چېقىلىش ۋەجىدىن بايىقى«يەر تەۋرەش» ۋەھىمىسىنىمۇ ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ خىيالى ئاشۇ ئاجايىپ نۇردا ئىدى.

— تۇۋۋا خۇدايىم، — گۇڭگۇرلىدى نۇرئەخمەت ئۆز- ئۆزىگە، — بۇنچە چېقىلدۇرغۇدەك نېمىنىڭ نۇرىدۇ بۇ؟ بىرەرسى چاقچاق قىلىپ قولچىراغ تۇتۇۋاتامدۇ يا ماشىنىنىڭ چىرىغىمىدۇ؟ ئەجەب تېرىكتۈردىغۇ، ئالدىرىغاندا......

نۇرئەخمەت غۇدۇرىغىنىچە نۇردىن قېچىپ، تۆشەك ئۈستىدىن يان تەرەپكە سۈرۈلدى. كۆزلىرى بىردەملىك ئىمىر- چىمىردىن كېيىن ئاستا- ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

ھۇجرا ئاپپاق نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. دېرىزىدىن ئۇ ياتقان تۆشەكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قارىتىلىپ بىر تال كۈمۈش تاختاي قىيپاشقىنە يۆلەكلىك تۇراتتى. نۇرئەخمەتنىڭ ئۇيقۇ ئىلكىدىن يېڭىلا سۇغۇرۇلۇپ چىققان سېزىملىرى شۇنداق ھېس قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قۇياش نۇرى ئىدى. بىر مېتىرچە كەڭلىكتە يېيىلىپ چۈشكەن نۇر تالالىرى خۇددى كارىۋات ئۈستىدىن دېرىزىگە يۆلەپ قويغان بىر پارچە يالتىراق كۈمۈش تاختايغىلا ئوخشايتتى. بايا ئۇ چۆشەك ئۈستىدە ئولتۇرغاندا كۆزلىرى ئاشۇ «نۇر تاختىسى» غا روبىرو كېلىپ قالغان، شۇنىڭ جىلۋىسىدىن چېقىلىپ كەتكەنىدى.

نۇرئەخمەتنىڭ دېرىزىگە تاشلانغان كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم كېرىلىپ كەتتى. دېرىزىسىنىڭ بىرنەچچە كۆزنىكى بوش تۇراتتى. ئاشۇ كۆزنەكلەردىن ئاجراپ چۈل- چۈل بولغان ئەينەك پارچىلىرى كارىۋات ئايىغى بىلەن دېرىزە تەكچىلىرىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

— راست يەر تەۋرىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن



تۇرۇۋېتىپ ۋە ئۆي ئىچىگە سەپسېلىشقا باشلىدى.

ئۆيدە ئالاھىدە ئۆزگىرىش يوق ئىدى. جاھازلار، جاھاز ئۈستىدىكى نەرسىلەرمۇ ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۆرۈلگەن، چېقىلغان نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. بايا ئاڭلانغان گۈلدۈر- گۇپپاڭنىڭ ۋەجىنى بىلمەك بولۇپ سىرتقا بويۇندىدى. ئۆيى ئارقىسىدىكى كونا ئۆي- جايلار يىقىلىپ قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقىنىغا خېلى بولۇپ قالغانىدى. خېلىلا ئېگىزلەپ قالغان تاملارغا قاراپ ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە باشقا ئىشلارغا قېيىپ كەتتى.

— ئىست، ئىست...... — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ بىناغا قاراپ، — ئۆز ۋاقتىدىكىدەك چاغلىرىم بولغان بولسا، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۆزۈم ھۆددە ئالاتتىم- دە. بۇنداق زور قۇرۇلۇش دېگەندىن نۇرغۇن پايدا قالاتتى. پايدىسىنى دەسمايە قىلىپ يەنە كۆپ ئىشلارغا خېرىدار بولغىلى بولاتتى. ئالغان پايدام يۈز مىڭ، مىليون...... بولۇپ كېتەتتى. قانچىلىك خەجلىسەم، ئۇينىسام، ئاتساممۇ...... ياق، ئەمدى قىمار دېگەن كاساپەتنىڭ يېنىغا يولىمايتتىم. پەقەت......

ئۇنىڭ خىياللىرىنى قۇرۇلۇش ئورنىغا ئارقىمۇ ئارقا كىرىپ كەلگەن ماشىنىلار بۇزۇپ قويدى. لىققىدە تاش بېسىلغان بىر ماشىنا كەينىنى دېرىزىسى تۈۋىدىكى تاش دۆۋىسىگە توغرىلاۋاتاتتى. شۇ ئان كوزۇپىنىڭ ئالدى كۆتۈرۈلدى. كەينى قاپقىسى شالاققىدە ئېچىلىپ تاشلار شاراقلاشقا باشلىدى. نۇرئەخمەت «ھاي...... ھاي......» دەپ قالدى. تىكلەنگەن كوزۇپتىن تاشلار گۈلدۈرلەپ تۆكۈلدى. تاش چۈشكەن زېمىن يەنە بىر قېتىم دىرىلداپ توختىدى. دېرىزە راملىرى يېنىك تىترىدى.

— بۇ خۇنپەرلەر مېنىمۇ كۆچۈپ كەتسۇن دەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ رەللە بولۇپ، ئارقىدىنلا قورۇ- جايغا خىرىس قىلىپ تۇرغان يەنە بىر خەتەرنى ئېسىگە ئالدى.

شۇنداق، ئۇنىڭ يېزا بازىرى بويىچە تۇنجى قېتىم خىش-كاھىشلىق قىلىپ سالغان بۇ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا ئىككى خىرىس چىش بىلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى، يېزا ئورگىنىنىڭ سېلىنىۋاتقان مۇنۇ خىزمەت بىناسى. يەنە بىرى، قىماردا بوغۇلۇپ قالغان قەرز ئىگىلىرى ئىدى. ئالدىنقىسى: «كېيىنچە ئۆيلىرىڭ چېقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. بالدۇرراق باشقا جايغا يۆتكىلىۋال» دېگەندەك قىلاتتى. كېيىنكىسى بۇ تېخىمۇ خەۋپلىك ۋە رەھىمسىز ئىدى. خىرىسدىن ھەر بالا كېلەتتى.

ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى. يېقىنقى 2 — 3 يىلدىن بېرى ئۆزى بىلەن بىر تاۋكادا تەڭ قايناپ، گەدىنىگىچە قەرزگە چۆكتۈرۈپ قويغان كونا ئۈلپەتلىرى ئىدى. نۇرئەخمەتنىڭ گەدىنىدە قالغان ئۈچىنىڭ تۆت-بەش تۈمەنچىدىن پۇللىرى بار ئىدى. ئەسلىدە بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، بىر قاپ تاماكىنى بىللە تارتىپ، بىر بوتۇلكىنى بىللە قۇرۇقدىشىپ يۈرۈشكەن بۇ بۇرادەرلەر ئەمدى نۇرئەخمەتنى نەلەرگىدۇر چۆرۈۋەتكەنىدى. ئەكسىچە، ئۇنى تاپقانلا يېرىدە جېكىلەپ قەرزىنى سۈيلەيتتى. نۇرئەخمەت يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ، ئەتىگە، كېلەر ھەپتىگە ۋەدە قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، مۆھلەتلەر يېقىنلاشقانسېرى نۇرئەخمەتنىڭ بېشى قېتىشقا باشلايتتى.

ئۇلار ئۈچ كۈن ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەتنى يەنە بىر قېتىم بېكىتىشتى. سۆھبەت شىرەسىگە يوغان بىر پىچاق تىككىدە قادالغانىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. گەپ-سۆزىدىن، ئەلپازىدىن قان پۇرىقىلا كېلەتتى. «مۇشۇ ھەپتە ئاخىرىسىغىچە چوقۇم قايتۇرۇپ بولىمەن، دېگەن قارارىدا بېرەلمىسەم، قورۇ-جايىمنى بېساتلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن» دەپ يازدى ئۇ تىلخەتكە ۋە «نۇرئەخمەت» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۈستىگە بارمىقىنى باستى.



ئۇنىڭ مۇشۇ قورۇ-جايدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. ئاۋۋال خوتۇنى بانكىدىكى پۇللىرىنى قۇرۇقداپ قويدى. كېيىن ماشىنىسى قولىدىن چىقىپ كەتتى. يېقىندا ئۆي بىساتىنىڭ پۇلغا يارىغۇدەكلىرىمۇ سۈپۈرۈپ كېتىلدى. ئەمدى بار-يوقى مۇشۇ بىساتسىز قۇرۇق قورۇ-جايلا قالغانىدى.

— ئىلاھىم، يېزىدىن پاتراق چېقىۋەتكەن بولسىمۇ مەيلىدى بۇ ئۆيلەرنى، — دەپ ئويلىدى ئۇ خىياللىرىنى داۋام قىلىپ، — ئاز بولسىمۇ تۆلەم بېرەتتى. ھېچبولمىغاندا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى بولسىمۇ ئالاتتىم. ئاشۇ پۇل بىلەن ئادىدىي بولسىمۇ باش تىققۇدەك ماكان قىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەمما، ھېلىقى گۇيلارغا ئۆتۈپ كەتسىزە، پۈتۈنلەي تالادا قالىدىغان گەپ......

نۇرئەخمەت ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. تىنىقلىرىدىن ئوت تەپتى كېلەتتى. ئۇ پۇشايماندىن ئۆرتەنگەن يۈرەكلىرىنىڭ دۇتى ئىدى. ئازغۇن ھاياتىنىڭ بۇ پۇشايمانلىرىنى ئەمدى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. ئىختىيارسىز لەۋلىرى ئۈمچەيدى. چاناقلىرىغا ياش لۆمشىپ چىقتى. سىرغىپ چىققان بىرنەچچە تامچە ياش زىنىخلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ تازا بىر يىغلىۋالغۇسى بار ئىدى. ھەر ھالدا ئازراق بولسىمۇ نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى بېسىۋالدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ تەنھا ئۆتۈۋاتاتتى. غەمسىز تۇرمۇشتىن، ئائىلە ئىللىقلىقىدىن، يەنە كېلىپ ئارزۇلۇق ئايالىدىن ئايرىلىپ يېگانە ياشاۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى. بىرچاغلاردا ئۇنى ھۇزۇر-ھالاۋەت قوينىدا ئەللەيلىتىپ، راھەت ئۈستىدە ئېغىناتقان مۇنۇ لۆم-لۈم كارىۋاتنىڭمۇ ئەمدى ئارزۇلىغۇدەك يېرى قالمىغانىدى. بىر چاغلاردىكى ئىسسىق يوتقاندىن مۇز تەپتى كېلەتتى. ھەرقانچە يۆگىنىپ، باستۇرۇپ ياققىنى بىلەن، تەنھا بەدەننى ئىلگىرىكىدەك ئىسسىتالمايتتى. ئاستىدىكى يۇمشاق كۆرپىسى قاتتىق بىلىنەتتى.

ياستۇقى ئۇستىگە كەشتىلەنگەن بىر جۈپ ئەتىرگۈلنىڭ رەڭگى ئۆڭگەنىدى. ئىلگىرىكىدەك جۇلالىمايتتى. تەر دېغى ئاستىدىن خىرە- شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان ياپراقلىرىدىن مۇڭ، پەقەت مۇڭلا تەپچىرەيتتى.

شۇنداق، ئارقا- ئارقىدىن ئىككى ئايالنى زار قاقشىتىپ تاشلىۋەتكەن بۇ نوچىنى ئەمدى ئۈچىنچى قېتىملىق گۈزىلى تاشلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىلا كەتكەن بولسا بەلكىم نۇرئەخمەت ئانچە ئېرەنشىپمۇ كەتمىگەن بولار ئىدى، «كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم، مېنىڭ نېمە پەرۋايىم» دەپ، ئاللىقاچان يەنە بىرىنى ئەكىرىپ بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ نۇرئەخمەتتەك چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، يەر تېگىدە يىلان ئوينىتىپ يۈرىدىغان بىر «قۇم سانىغۇچى» نى تۇيدۇرمايلا ئاق تۇپىدا قويۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئۆيىدىن ئۆزىگە تەۋە ھېچنېمىنى كۆتۈرمىگەنىدى، ھەتتا كىيگىنى ئۈچىسىدا، قالغىنىنى ساندۇق- چامادانىدا قويۇپلا كەتكەنىدى. ئۇنتۇپ قالغانمىكىن، يا ياراتمىغانمىكىن، بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئىككى چاچ قىسقۇچىمۇ ئىشكاپ تارتمىسىدا تۇراتتى.

— بىرەر يېقىنىنىڭكىدە بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ،— دەپ ئويلىدى ئۇ تۈنجى كۈنى ئېرەنسىزلا،— كەچلەردە پەيدا بولۇپ قالار......

كەچمۇ، ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ ئۆتتى. ئايالى پەيدا بولمايۋاتاتتى. نۇرئەخمەت ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە تېلېفون قاقتى. ئۆزى بېرىپ ئۇقۇشۇپمۇ كۆردى. ئۇنى كۆرگەنلەردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى.

— بۇ ھارامزادە نەگە كەتكەندۇ زادى؟— نۇرئەخمەت شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز ئىشكاپ ئالدىغا كەلدى. قۇلۇپىنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تاراقشىتىپ



تاشلاشقا باشلىدى. قانداقتۇر كىنىشكا، دەپتەرلەرنى بىرمۇبىر ۋاراقلايتتى. ئۇ نەرسىلەرنى تاشلاپ، ساندۇق- چامادانلارنى دۈم كۆمتۈرەتتى. قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى گۈۋۈپ- قېقىپ نەلەرگىدۇر ئاتاتتى. كىيىم- كېچەك يانچۇقلىرىنى چالا قويماي ئاختۇراتتى. ئۇ بىرلا نەرسىنى — 790 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ بارلىقى ئىدى. بىر ئۈچى يۈرەك تومۇرىغا تۇتاش ئىدى.

ئىزدىگەن نەرسىنى تاپالمىغانسېرى نۇرئەخمەتنىڭ ئەندىشىلىرى شۇنچە كۈچىيەتتى. ئالاقزەدىلىكتە نەرسە تۇتقان قوللىرى توختاۋسىز تىترەيتتى. قوللىرىلا ئەمەس، پۇتلىرىمۇ شامال سوققان قومۇش تاللىرىدەك دىرىلداپ تۇراتتى. گەجگىسى تارتىشىپ، بەدەنلىرى مۇزلاشقا باشلىغانىدى. ئۇ بايا قالايمىقان تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئارىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتى. چەكنىڭ يىتكىنى يىتكەن ئىدى.

نۇرئەخمەت ئورنىدىن ئالدىراپ قوپتى. بىر تاقلاشتا ئىشكاپ ئالدىغا كېلىپ تارتمىسىنى ئاچتى. ئىچىدە سىرتلارغا چىققاندا ئېسىۋالىدىغان پىچىقى بار ئىدى. پىچىقنى غىلاپتىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋالدى. گويا ئايالى ھويلىدا باردەك، «خەپ، خەپ قانجۇق! سېنى...... سېنى بوغۇزلىۋەتمەيدىغان بولسام......» دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدى. ئەمما، قەدىمىنى يۆتكە- يۆتكىمەيلا ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتتى. زىيان زەربىسىدىن ئۆرلەپ كەتكەن قېنى ئۆز مېڭىسىگە تەپكەنىدى.

— پۇل...... مېنىڭ پۇللىرىم......

ئۇ ئاشۇ بىرلا گەپنى تەكرارلىغىنىچە نەچچە كۈن ياتتى. ھەسرەتلىك پىغانى، دەرد- ناللىرىنى ئاڭلارغا ۋە يا تەسەللىگە ئادەم يوق ئىدى. ئۆزى نالە قىلىپ، ئۆزى ئاھ ئۇراتتى. ئىلاجسىز ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپمۇ قوياتتى.

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ يېگانىلىك ئىچىدە ياشاشقا باشلىدى. ئۇنى ياشاش دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئەسلى- ۋەسلىدىن بىراقلا ئايرىلغان بۇ بىچارە بايقۇش ھېلىقى قەرز ئىگىلىرىدىن يۈرەكزادە ئىدى. مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك كامىرىدىن چىقالماي ياتاتتى. ھەر كۈن، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتى ئەنە شۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى......

نۇرئەخمەت كارىۋىتى ئايىغىدا يۈكۈنگىنىچە ھېلىدىن - ھېلىغا دېرىزىسىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. كاللىسى خىيال بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. خىيال ئىچىدىن خىيالغا ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر خىيالى يەنە بىر خىيالنى تۇغاتتى. چۆچۈپ ئويغانغان مۇشۇ ئەتىگىنى شۇ يوسۇندا قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمەيدۇ. مەيدىسى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈچەيلىرى قۇرۇقتىن- قۇرۇق غۇرقىرايتتى.

ئۇ شۇ چاغدىلا سائەتنىڭ 11 بولغىنىنى، تېخى ناشتىسىز ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىمۇ يېرىم يالىڭاچ ئىدى. بايا كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەجەپ ئورنىدىن قوپتى. ياتقان يېرىگە كېلىپ كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن يوتقان- كۆرپىسىگىمۇ قارىماي يۈز يۇيۇشقا ماڭدى. كارىۋاتتىكى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ يېگانە تۇرمۇشى باشلانغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ يىغىلىشتىن قالدۇرۇلغانىدى. ئەتىگىنى قانداق قويۇپ تۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئاخشىمى شۇ يەردىن تارتىپلا ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئەتىگىنى يەنە ئۆز ئورنىدا قالاتتى. يىغىش ئەمەس، كىرلىكلىرىنىڭ يۇيۇلمىغىنىغىمۇ خېلى بولۇپ قالغانىدى.

نۇرئەخمەت يۈزلىرىنى نېرى- بېرى سۈرتۈپلا شىرە ئاستىدىن بىر تەخسىنى تارتىپ ئالدى. تەخسىدە بىر دانە توقاچ بار ئىدى. ئۇ نەچچە كۈن ئالدىدا ئەكىرىۋالغان بىر خالتا ناننىڭ ئەڭ



ئاخىرقىسى ئىدى. ناننى ئېلىپ قويۇپ چايدان قېشىغا باردى. ئەپسۇس، قايناق سۈيىمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. چايداننى ئۈمىدسىز نەزىرى بىلەن ئۇزىتىپ جۈمەك بېشىغا چىقتى. بىر چىنە سوغۇق سۇنى ئەكىرىپ ناننى قولىغا ئالدى. ئالدى- يۇ، نانغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. دەل شۇ مىنۇتتا شىرە خۇددى تېلېۋىزوردىكى كارتون فىلىم كۆرۈنۈشلىرىدەك بىر ھالەت ئىچىگە كىرىپ قالدى. شىرە ئۈستىگە خىلمۇ- خىل تەخسە- قاچىلار پەيدا بولۇۋاتاتتى. قاچىلارنىڭ بىرىدە تونۇر كاۋىپى، بىرىدە قاقلىغان بېلىق، بىرىدە توخۇ گۆشى قورۇمىسى، بىرىدە مانتا، پولۇ......بار ئىدى. شىرە ئاجايىپ مول نېمەتلەر بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەنىدى. تائاملارنىڭ بىر- بىرىدىن ئېسىل خۇشبۇي ھىدى دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. خۇش تەمى ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ قوزغايتتى.

دەرۋەقە، شىرە ئۈستىدىكى بۇ مولچىلىق نۇرئەخمەتنىڭ ئېچىرقاش ئىلكىدىكى خىيالي ئېڭىنىڭ ئىنكاسلىرى ئىدى، شۇنداقلا بۇ مەمۇرچىلىق ئىلگىرىكى تۇرمۇشىدا كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن ئىشرەت كارتىنىلىرىنىڭ ئىزنالىرى ئىدى.

نۇرئەخمەتنىڭ ھورى چىقىپ تۇرغان ئاپپاق مانتىغا سۇنۇلغان قولى شىرە يۈزىنى سىيپاپلا قالدى. بارماقلىرى قانداقتۇر بىر كونۇپكىغا تېگىپ كەتكەندەك، ئالدىدىكى خۇش تائام مەنزىرىلىرى لاپپىدە ئۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا بايىقى يېگانە تەخسە، قېتىپ كەتكەن بىر نان گۇڭگاراپ تۇراتتى.

ئۇ ئاغزىغا يىغىلىپ قالغان سېرىقسۇنى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، ناننى قايتىدىن قولىغا ئالدى. نان قېتىپ كەتكەنىدى. ئاپتاپلىقتىكى تارىشىدەك تاراكلاپ تۇراتتى. ناننى ئىككى قولى بىلەن كۈچەپ قايرىدى. «تاراس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ناننىڭ ئوتتۇرىسى نەچچە پارچە بولۇپ تۆكۈلدى.

— ئاللا شەرىڭنى! — دېدى نۇرئەخمەت تەئەددى

تەلەپپۇزدا، — «خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، مۇشۇ كۆڭۈللەردە ھەممە ئىشىم چەپتىن كېلىدۇ مېنىڭ!

ئۇ قولىدا قالغان نان گىرۋىكىنى تاشلاپ قويۇپ، تۆكۈلگەن ئۇۋۇندىلارنى يىغىپ سۇغا تاشلىدى. ئۈستىدىن بىر بۇردا نان بىلەن بىسىپ تەكتىگە چۆكۈردى. نان ئوتتۇرىسى نېپىز ئىدى. سوغوق سۇ بولسىمۇ ھەر ھالدا يۇمشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ تەخىرى بىر مىنۇتقا ئاران چىدىدى. ناننىڭ يۇمشىغان- يۇمشىمىغىنى بىلەن ھېسابلاشمايلا چىنىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ ئەمدىلا بىر چىشلەم ناننى ئاغزىغا سېلىپ تۇراتتى، بىردىنلا كۆكرىكى «ۋاك!» قىلىپ ئاجراپ كەتكەندەك بولدى. ئارقىدىنلا يۆرىكىمۇ قېپىدىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. دەرۋازىسى توختىماي قېقىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكسىنى يارغىنىمۇ، يۆرىكىنى قاچۇرۇۋەتكىنىمۇ دەل شۇ ئاۋاز ئىدى. ئۇ قەددىنى بېسىپ ياتقان ئاشۇ بىھۇدە قەرزلىرىنىڭ كاساپىتىدىن ئىشىك- دەرۋازىسىنىڭ قېقىلىشىدىن، كىملەرنىڭدۇر بىمەھەل ئۆسۈپ كىرىپ ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەرۋازا يەنە قېقىلدى. نۇرئەخمەت ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ جىسمى سوكۇت ئىچىدە، ئىچكى تۇيغۇلىرى بولسا بىر خىل جىددىيلىك ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە تېپىرلاپ تۇراتتى. «چوقۇم قەرز سوپىلەيدىغانلار......» ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ بىر ئەندىشىلا ھۆكۈمران ئىدى. لەھزە ئۆتۈپ يەنە نېمىلەرنى كۆرىدىغىنىنى، خەق ئالدىدا قانداق تاتىرىپ، قانداق سارغىيىشلىرىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. تېخى سادىر بولمىغان كەلگۈسى ئىشلارنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ مۇشۇ دەقىقىلەر ئىچىدىكى ھالىتىمۇ ئېنىقلىق ئىككىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ نان يەۋاتقىنى ياكى ناننىڭ ئۇنى يەۋاتقانلىقىنى ئايرىيالمايتتى.

خېلىدىن كېيىن ھويلىسىدىن شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى



كەلگەندەك قىلىپ تۇيۇقسىزلا ئىشىكى غارتتىدە ئېچىلدى. نۇرئەخمەت چىنىسىنى كۆتۈرگىنىچە تۇرۇپ كەتتى. تىلىلىرىغا «شۈكرى!» دېگەن بىر زىكىر كەلدى. ئىشىكتە نۇرمەمەت قاراپ تۇراتتى.

— ئەجەب ئەنسىرەتتىڭا ئاكا؟ — نۇرمەمەت سۆزلىگىنىچە دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى، — نەچچە كۈن بولدى، ھەر كەلسەم دەرۋازاڭ قۇلۇپلاقلىق. بۈگۈن ئۆيىدە باركەن دەپ ئويلىدىم. نەۋاق مەن ئىشىك قېقىۋاتقىلى؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ چاغقىچە ئۇخلاپ ياتماس دېدىم. چىقمىغىنىڭنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن ئويلار قالمىدى. ئەنسىرەپ كەتتىم. ئاخىر قوشناڭنىڭ ئۆگزىسىدىن سىيرىلىپ چۈشتۈم.

— مەن...... مەن ئاڭلىماپتىمەن ئۇكام، — دېدى نۇرئەخمەت كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، — سېنى بىكار ئەنسىرىتىپ قويۇپتىمەن.

نۇرمەمەتنىڭ كۆزلىرى ئاكىسىنىڭ قولىدىكى قاچىغا، ئاندىن شىرە ئۈستىدىكى قاتتىق نان پارچىسىغا چۈشتى. ئۇ ئاشۇ قارىشىدا ئاكىسىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ھال- كۈنىنى پەملەپ بولغانىدى. نۇرئەخمەتمۇ ئىنىسىنىڭ ئېچىنىش ئىچىدىكى قاراشلىرىنى سېزىپ تۇراتتى. سەزگىنى، ئۇياتقىنى ئۈچۈن بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىنى يەردىن يۆتكىيەلمەيۋاتاتتى.

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، — دېدى نۇرمەمەت تەسەللى ئېيتقاندەك تەلپپۇزدا، — لېكىن ئۆزۈڭنى نېمانچە قىينايسەن ئاكا؟

ئۇ بۇ گەپنى خوتۇنىنىڭ ئەسلى- ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ قېچىپ كەتكىنىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىۋاتاتتى. نۇرمەمەت پەقەت مۇشۇنىلا بىلەتتى. ئاكىسى قاتتىق سىر تۇتقاچقا، قىمارۋازلارغا بوغۇلۇپ كەتكەن قەرز ئىشىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. نۇرئەخمەت ئۇنىڭ

كېيىنكى گېپىنى ئاڭقىرالماي يۈزىگە تىكىلدى.

— مەن دەيمەن،- ئىزاھلىدى نۇرمەمەت،- يالغۇز ئۆيدە جىندەك يېتىپ- قوپۇپ، قاتتىق- قۇرۇق يۈرگۈچە بىزنىڭكىدە تۇرساڭمۇ بولاتتىغۇ؟ بارنى تەڭ يەپ، تەڭ ئىچەر ئىدۇق. بويىنۇڭ بۇرۇندىنلا قاتتىق ئىدى، ئاكا. ئاشۇ مىجەزىڭ بارغۇزمايۋاتىدۇ تايىنلىق.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ئۇكام. شۇ...... سىلەرنى ئاۋارە قىلماي دېدىم.

— ھە راست، ئاكا،— دېدى نۇرمەمەت كېلىش مۇددىئاسىنى ئېسىگە ئېلىپ،— يېقىندىن بۇيان نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىڭنى بىلمىدىم. بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىۋاتامسەن يا ......

— قولۇمدا بىر تىيىنمۇ قالمىغان تۇرسا، قايسى ئىشنىڭ ئېپىنى قىلارمەن؟

— نۇرئابدۇللا قەرز ئېلىپ ئوقەت قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ دەۋاتاتتىيا؟

— بانكىدىن ئالالمىدىم. بىرەرسىگە دېمىدىم.

— نېمىشقا ماڭا دېمەيسەن؟ ئېنىقلا بىر ئىشنىڭ كويىغا كىرگەن بولساڭ مەن بېرىپ تۇراي. پاتراق قەددىڭنى رۇسلىۋال ئاكا.

نۇرئەخمەتنىڭ دېگۈسى يوق ئەمەس ئىدى. نەچچە قېتىم پۇل سوراي دېدى، ئەمما ئاتتىن چۈشسىمۇ، پۈتى ئۈزەڭگىدىن ئاجرىمايۋاتاتتى. ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئىنىسى ئالدىغا بىچارە بولۇپ بېرىشنى خالىمايتتى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ھازىرمۇ ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئولتۇراتتى. نۇرمەمەت بۇنى سەزدى. ئاكىسىنى ئارتۇقچە ئوڭايسىزلاندۇرۇپ يۈرمەي دەپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:



— تۇرە ئاكا، بازارغا چىقايلى. بىللە ئولتۇرۇپ تائام يېمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزۇن بولاپتۇ.

— بولدى ئۇكام، مەن تاماق يېۋالدىم. باشقا چاغدا......

— يات كىشىلەردەك تۈزۈت قىلماي، تۇرە!

ئۇ نۇرئەخمەتنى تارتقۇچىلىغىنىچە ئاشپۇزۇلغا ئېلىپ چىقتى. ئىككى كىشىلىك گۆش قورۇمىسى بىلەن لەڭمەن بۇيرۇتۇپ بىللە غىزالاندى. نۇرئەخمەت نېمە ئۈچۈندۇر بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. كۆزلىرىدىن، ياق، پۈتكۈل جىسمىدىن مۇڭ، ھەسرەت تۆكۈلەتتى. ئىلگىرىكى زوۋانىدارازلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئىنىسى گەپ قىلمىسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئاچمايتتى. سورىغان سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ يەنە جىمىۋالاتتى.

«زىيان شۇنداق ئېزىۋېتىپتۇ ئۇنى، قولىدا بولمىغاندىكىن، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ ئۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ‹قەرزمۇ ئالالمىدىم› دەۋاتامدۇ؟ قارىغاندا، شىركەتكە ئەكىلىۋالمىسام ئۆزىنى يات ئارىدا ئوڭشاپ بولالمىغۇدەك ......» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت ئاش يەۋېتىپ.

نۇرئەخمەتنىڭ ئىسسىق باسقۇدەك بۇنچىلىك لەززەتلىنىپ تائام يېمىگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، بۈگۈنكى تائامنىڭ لەززىتى باشقىچە ئىدى. تائامنىڭ لەززىتىلا ئەمەس، تۇغقانلىق مېھرىنىڭ تەپتىمۇ قەلب ھۇجرىلىرىنى باشقىچە ئىللىتىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ يېقىندىن بۇيان تۇغقانلار، يېقىن- يورۇقلار ئارىسىدىكى يوقلىشىشنىڭ خۇشلۇقى، ئۇنىڭ ئېغىر كۆڭلىدىكى تەسەللىيات تەسىرىنى خېلى ئۇبدانلا چۈشىنىۋاتاتتى. ئۇ تائام يەۋېتىپ ئىلگىرىكى ئىللىق ئۆيى، خارلاپ قويۇۋەتكەن كۆيۈمچان ئاياللىرى، كۆزىگە ئىلماي بۇزۇپ- چاچقان پۇللىرىنىڭ قەدرىگە تۇنجى قېتىم يەتكەندەك بولدى. بۇلارلا ئەمەس، بىر چاغلاردا «نۇرئەخمەتجان غوجايىن» بولۇپ يۈرگەنلىرىدە ئاتا-

ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى يوقلىماي كەتكەن ۋاقىتلىرىغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتاتتى.

— يېنىمدا بارى مۇشۇكەن، — دېدى نۇرمەمەت بىر قاتلام پۇلنى چىقىرىپ، - يېنىڭغا سېلىپ قوي، — ئۇ 1000 يۈەنگە يېقىن پۇل ئىدى.

— ۋۇي، بۇنداق...... بۇنداق قىلما، ئۇكام، — نۇرئەخمەت تۈزۈت قىلىپ پۇلنى ئىنىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى، — مانا بىر ئوبدان......

— ۋايىيەي...... ئال دېگەندىكىن ئالامسەن، ئاكا؟ — نۇرمەمەت پۇلنى ئاكىسىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ قويدى، — دېگۈڭ كەلمىگىنى، بىلەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەتىگەنكىدەك سوغۇق سۇ بىلەن قاتتىق نان غاجاپ ئولتۇرساڭ، يۈرىكى ئېقىپ كېتىدىكەن ئادەمنىڭ.

نۇرئەخمەت ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. نۇرمەمەت سەزمىگەنگە سېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— بۇرۇنلا يوقلاپ كېلەتتىم. بىراق، ھەر كەلسەم ئۆيۈڭدە يوق. ئۇچرىشالمىدۇق. ۋاقتىڭ يەتسە ئۆيلەرگىمۇ بېرىپ تۇر. ماقۇل كۆرسەڭ بىللە تۇرساقمۇ بولىدۇ. بۇرۇنمۇ بىر ئۆيگە، بىر يوتقانغا سىغاتتۇققۇ بىز؟

— شۇنداق، شۇنداق......

— يەنە بىر گەپ، — دېدى نۇرمەمەت تالاغا چىقىۋېتىپ، — ئەتە - ئۆگۈنلەتىن شىركەت تەرەپلەرگە بىر ئۆتەرسەن. دېيىشىدىغان گەپلەر بار، — ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆز شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەش ئىشىنى دېيىشمەكچى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە نۇرمەمەتنىڭ شىركىتىدىكىلەر مېۋە - چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇلار بىللە غىزالىنىپ ئۈچ كۈنچىدىن كېيىن ئويلىمىغان



يەردىن ئۇ زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئىشى بىلەن ئىچكىرىگە بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئاكىسىنىڭ ئىشلىرى ۋاقتىنچە كېچىكتى.

ئارىدىن 20 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مارتنىڭ كېيىنكى يېرىمى بولۇپ، تەبىئەت نورۇز ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ھاۋا ئىللىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ گىرۋەكلىرىگە يېشىللىق قونغان، سۆگەتلەر چوكانلاپ، باغۋاراڭلار رەڭدار لېپەك ئارتىشقا باشلىغانىدى. نۇرمەمەت دەل نورۇزنىڭ ھارپا كۈنى كەچتە يېتىپ كەلدى. يېزىدا ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان نورۇز مەشرىپىنىڭ داغدۇغىسى قىزىپ كەتكەنىدى.

نورۇز كۈنى قۇياش باشقىچە جىلۋىسى بىلەن كۈلۈپ چىقتى. يېزا بازىرىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئويچاقار كەنتىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىدىن تارىغان ناغرا - سۇناينىڭ شادىيانە كۈيى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالاتتى. شاماللارغا مىنگىشىپ نە - نەلەرگە كېتەتتى. ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىشكەن كىشىلەر باغ تەرەپكە دەريادەك ئاقاتتى. موتوسىكلىتلىقلار، ئېشەك ھارۋىلىرىغا سىغدىلىپ ئولتۇرۇشقانلار بىر - بىرى بىلەن يول تالىشاتتى. پىيادىلەر يول ياقىسىغا قىستىلاتتى.

شۇ ئەتىگىنى نۇرمەمەتمۇ جىنەستە بىلەن ئوغلىنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيدىن چىقتى. رولغا ئولتۇرۇۋېتىپ گۈپپىدە ئاكىسى يادىدىن كەچتى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن نۇرئەخمەتنىڭ تېخى خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ مۇشۇ باھانىدە ئۇنى يوقلىغاچ مەشرەپكە بىللە ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ، رولنى ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ كەلگەندە دەرۋازىنىڭ قاناتلىرى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەنىدى. ھويلا ئىچىدىن كىملەرنىڭدۇر جېدەللىشىۋاتقان، نېمىلەرنىڭدۇر تاراقلىغان ئاۋازى كېلەتتى.

«ئەتىگەندە نېمە ئىش بۇ؟» دەپ ئويلىدى نۇرمەمەت سەل

جىددىيلىشىپ ۋە ئالدىراپلا ھويلىغا كىردى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا يېتەي دەپ قالغانىدى، تۇيۇقسىز ئوچۇق ئىشىكتىن بىر گەۋدە سالغا تېشىدەك ئۇچۇپ چىقتى. چىققان پېتى نۇرمەمەتنىڭ مەيدىسىگە چاپلىشىپ قالدى. ئۇ نۇرئەخمەت ئىدى.ئۇ ئىنىسىنى كۆرۈپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. نۇرمەمەت ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراۋاتاتتى.

— نېمە...... نېمە بولدى ئاكا؟— ئۇ ئاران شۇ گەپنى دېيەلىدى،- ئەجەب دوملاپ چىقتىڭىيا ئىشىكتىن؟

— مەن...... ئۇ...... ئۇلار...... — نۇرئەخمەت كەينىگە قاراپ قويۇپ جىمىپ قالدى. نۇرمەمەتنىڭ تەئەججۈپلىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى. شىلەپە كىيىۋالغان دارازا بىر ئەر ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگىنىچە گۆلىيىپ تۇراتتى. يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە شىمايلىۋالغان ئىككى ئەر دىۋان ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. شىرە ئۈستىگە بىر ۋاراق قەغەز پىچاق بىلەن مىخلاپ قويۇلغانىدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر بۇ ئۆيدە؟!— نۇرمەمەت دارازىنىڭ يۈزىگە قادالدى.

— نېمە گەپ بولىتى؟— جاۋاب بەردى دارازا،— ئۆيىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېلىۋاتىمىز!

— ئۆيىمىزنى؟— مەسخىرىلىك كۈلدى نۇرمەمەت،— ئۆيىمىزنى دەڭ! سىلەر كىم، نېمە ئادەملەر؟ قانداق بولۇپ بۇ ئۆي سىلەرنىڭ بولىدۇ؟

— ئاكىلىرىدىن سورىسىلا باي غوجام! — تەئەددى قىلدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى. نۇرمەمەت شاققىدە ئاكىسىغا قارىدى.

— سەن...... سەن ئۆينى ساتقانمىدىڭ ئاكا؟

نۇرئەخمەت يەرگە قارىغىنىچە زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى.



نۇرمەمەت تىتىلدايتتى.

— گەپ قىلساڭچۇ ئاكا! زادى نېمىش بولغان؟ قانداقسىگە......

— ئاۋۇ تىلخەتنى كۆرۈپ باقسىلا بىلىلا،- گەپنى بۆلدى دارازا. نۇرمەمەت پىچاقنى شارتتىدە يۇلۇۋالدى. سېپىنى چىڭگىدە سىقىمدىغىنىچە يەنە بىر قولىدا قەغەزنى ئالدى. قەغەزدىكىسى نۇرئەخمەتنىڭ قىڭغىر- قىيسىق پوچېركىسى ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ ئىزتىراپ ئۇچقۇنلىرى يالىلداپ تۇرغان كۆزلىرى «......ئىمىنجانغا ئۇتتۇرغان 9 تۈمەن، مەترۇسۇلغا ئۇتتۇرغان 14 تۈمەن قەرزنى......» دېگەن قۇرغا قادىلىپلا قالدى. «نېمانچە جىق پۇل بۇ؟» دېگەن بىر سوراق نۇرمەمەتنىڭ كۆكسىنى تاتىلاپقىنە ئۆتۈپ كەتتى. كۆز نۇرى داۋامىدىكى قۇرلارنى بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇ جەمئىي 23 تۈمەن «قەرز» ئۈچۈن بېرىلگەن تىلخەت بولۇپ، «2- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ بولالمىسام، ئۆي- زېمىنىمنى ئىككىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن» دەپ تاماملانغانىدى. نۇرمەمەت ئۇلارغا ئەمەس، ئاكىسىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. ئۇ قەرزنىڭمۇ، ئارىدىكى جەڭگى- جېدەللەرنىڭمۇ ۋەجىنى چۈشەنگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن چىشلىرى توختىماي غۇچۇرلايتتى. ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئاشۇ قىسقىغىنە سۈكۈنات ئىچىدە نېمە دېيىش، نېمە قىلىشلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بولغانىدى. تىلخەتنى پۈرلەپلا قويۇن يانچۇقىغا سالدى. پىچاق تىغىنى ئەتەي ئالىقىنىغا «پاق- پاق» ئۇرۇپ قويۇپ دارازىغا قارىدى:

— دېسەم- دېمىسەم، ئىمىنجان دېگەن سىلە بولىسىلەغۇ؟ ئاۋۇ مەترۇسۇلاخۇننىغۇ تونۇيمەن مەن،— ئۇ مەترۇسۇلنىڭ يېنىدىكى غاز بويۇنغا قاراپ داۋام قىلدى،— ئەمما سىلىگە نېمە بار بۇ يەردە؟ ئاكامدا ئېلىشىڭلا بارمىدى- يا؟

— مەن...... مەن...... — «لاپ» قىلىپ دارازىغا قارىدى

ئۇ.

— ئىمىنجانغا كالتەكچىلىك قىلىشىپ بەرگىلى كەلگەن دەڭلا. چىقىڭلا!- نۇرمەممەت پىچاق تۇتقان قولى بىلەن ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى. غاز بويۇن تاپپىدە چۈشۈپ تالاغا ماڭدى. نۇرئەخمەت گويا ئالدىدا ياۋاش- يۇمشاق، مۇلايىم ئىنىسى ئەمەس، قانداقتۇر بىر غايىۋى پالۋان تۇرۇۋاتقاندەك، ئىلگىرى ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك بىر خىل ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ھەيرانلىقلىرى ئىچىدە سۆيۈنۈشىنىڭمۇ، ئۇيات ۋە ھېيىقىشلارنىڭمۇ ئارىلاشما تۇيغۇلىرى بار ئىدى. ھېلىقى ئىككى نوچى بولسا ئاۋۋالقى پېتىدىن چۈشمەي تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىكى ساختا قىياپەت ئىدى. يەنە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشالمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى زورىغا شۇنداق كۆرسىتىۋاتاتتى.

ئۆي ئىچىدىكى ئەھۋال ئاشۇ باسقۇچقا كەلگەندە، يول ئېغىزىدا قېپقالغان جىنەستىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭلا ئەمەس، ئوغلىمۇ «دادام قېنى، ماڭمايمىزمۇ» دەپ خەقشىلىك قىلىۋاتاتتى. جىنەستە ماشىنا كۆزنىكىنى ئېچىۋېتىپ، كوچا ئېغىزىغا بويۇندايتتى. دەم- دەم پەسكە چۈشۈپ كوچا ئۇدۇلىدىن قارايتتى. كېلىۋاتقانلارغا سەپسالاتتى. بىرھازادىن كېيىن بىرەيلەنگە كۆزى چۈشتى. ئۇ پات- پات كەينىگە قاراپ- قاراپ قويۇپ كېلەتتى. ئۇزايىدىن قانداقتۇر بىر ھودۇقۇش ئالامىتى سېزىلىپ تۇراتتى. جىنەستە ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئەمما، ئۇ جىنەستىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىرايىغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى. جىنەستە يەنە ماشىنا ئىچىگە قايتىپ كەتتى.

— مەن بىلىدىم،— ئۆي ئىچىدىكى سۈكۈناتنى بۇزدى نۇرمەممەت،— ئاراڭلاردىكىسى قىمار ئويناپ ئۇتۇش- ئۇتتۇرۇشنىڭ



ئىشكەن. ئۇنى نورمال قەرزدارلىق مۇناسىۋىتى دېگىلى بولمايدۇ.

— ئىشقىلىپ ئۇ بىزگە قەرز! — گەپنى بۆلدى ئىمىن،— قەرز دېگەننى بەرمىسە، ئالمىسا بولمايدۇ.

— ئالدىرىماڭ! — دېدى نۇرمەممەت تەئەددى بىلەن،— سىلەر قىمار ئويناشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ قىمار ئارقىلىق باشقىلارنى خانىۋەيران قىلىشنىڭچۇ!؟ ماقۇل، ئاكام سىلەرگە قەرز بولۇپتۇ،— نۇرمەممەت يېنىدىن پۇل چىقاردى. سانىمايلا ئىككىگە بۆلۈپ شىرەگە تاشلىدى،— يېنىمدا شۇنچىلىك باركەن. ئېلىپ تۇرۇڭلار.

ئىمىنجان پۇلغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ دىمىقىنى قاقتى.

— ئاشۇ بىرنەچچە يۈز كوي بىلەن يولغا سالماقچىمۇ سىز؟

— بىرنەچچە يۈز كوي ئەمەس، تۆت مىڭ كوي ئۇ!

ئىمىنىنىڭ ئالغۇسى بولسىمۇ، ئەتەي سىڭار يان قاراپ تۇراتتى.

— ماقۇل ئەمىسە،— نۇرمەممەت پۇلنى يىغىۋېلىپ، ئىشىك سىرتىغا چىقتى. «غاچ» قىلىپ ئىشىكلەرنى يېپىپ ئىلگىكنى سالدى. ئىچىدىن ئاۋۋال ئاياغ تىۋىشى، ئاندىن دوكۇلدىغان ئاۋاز كەلدى.

— ئىشكنى ئېچىۋېتىڭ، ئېچىۋېتىڭ!

— سىلەر ئاكامنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆينى ئالماقچىمىغۇ؟ سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. ساقچىخانىغا تېلېفون ئۇراي. شۇلار كېلىپ ئايرىپ قويسۇن. مانا، زوراۋانلارنىڭ قاتىللىق قورالىمۇ بار بۇ يەردە،— نۇرمەممەت بايىقى پىچاقنى توك- توك قىلىپ ئىشككە ئۇرۇپ قويدى، ئاندىن يالغاندىن: «ۋەي، ساقچىخانىما؟» دەپ تۇراتتى، ئىچىدىن ئاۋاز كەلدى:

— نۇر...... نۇرمەممەتجان! بولدى قىلىڭ ئۇكام. ساقچىلارنى ئاۋارە قىلمايلى. بولاپتۇ، بەرگىنىڭىزنى بېرىڭ. بىز كېتىلى.

— پۇلنى ئاز كۆرگەنتىڭلارغۇ؟
— بولدى، بەرگىنىڭىزنى ئېلىپ تۇرايلى.
نۇرمەمەت ئىشىكنى ئاچتى. ئىككىيلەن غىپپىدە چىقىۋالدى. چىقتى- يۇ، نۇرمەمەتنىڭ قولىغا قاراپ تۇرۇۋشتى.
— مەن گېپىمدە تۇرىدىغان ئادەم،— دېدى نۇرمەمەت ۋە پۇلنى بايىقىدەك ئىككىگە بۆلۈپ ئىككىسىگە ئۇزاتتى. ئۇلار ئوپۇل- توپۇل يانلىرىغا سېلىشتى. نۇرمەمەت گېپىنى داۋام قىلدى،— ئەمدى ئاكامنى ئاۋارە قىلغۇچى بولماڭلار. ئانىي تاپىمىز دەپمۇ خام خىيال قىلغۇچى بولماڭلار.
— لېكىن، ئۇنىڭ گەدىنىدە 20 نەچچە تۈمەن پۇلىمىز تۇرسا، بەرمىسە بولماس؟
— ئىسپاتىڭلار بارمۇ؟— نۇرمەمەت ئىمىنىنىڭ كۆزىگە قارىدى.
— تىلخەت...... ئۇ...... ئۇنى سىز......
— مەن بىرنەرسە كۆرمىدىم،— دېدى نۇرمەمەت ئىشەنچلىك قىلىپ. ئەمما، قاتىللىق قورالىڭلارنى ئالغىنىم راست. ئۇنى هازىرچە ساقچىخانىغا ئامانەت بەرمىسەم بولمايدۇ.
نۇرمەمەتنىڭ هە دېسىلا ساقچىخانىنىڭ ئېتىنى چىقىرىشى گويا غايەت زور بىر تال قايچىغا ئوخشاش ئىككىسىنىڭ ئۈمىد ئارقانلىرىنى بىر- بىرلەپ قىرقىپ تاشلاۋاتاتتى. «ئۇنداق پوپوزا قىلغىنى بىلەن، ئالماي قويمايمەن. نۇرئەخمەت دېگەن لاتابەلدىن چىقمىغىنى بىلەن، ئىنىسىنىڭ قوۋۇرغىسى چىڭ. نۇرئەخمەتنى يار بويىغا قىستاپلا بەرسەك، ئاۋۇ بايۋەچچە قاراپ تۇرالمايدۇ. ئاز- ئازدىن بولسىمۇ يونۇپ ئالىمىز......» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ئىمىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
مەترۇسۇلمۇ شۇنداق ئويلايتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ هېلىقى ئىككى نوچىنىڭ شېرىن خىياللار بىلەن تىنچلىنىپ قالغان كۆڭۈللىرىگە «غۇر» قىلىپ مۇزدەك بىر شامال بۇسۇپ كىردى.



ئوك- سولىنى تېپىپ بولغۇچە ئۆزلىرىنى ساقچىخانىدا كۆرۈشتى.
شۇ كۈنلەردە قانۇن ئورگانلىرى نەشىكەشلىك، قىمارۋازلىق هەرىكەتلىرىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك زەربە بېرىش تورىنى يېيىۋاتقانىدى. سەهرالاردا، كىچىككىنە يېزا بازارلىرىدا داغدۇغىسى بولمىغىنى بىلەن، شەهەرلەردىكى سۈرى قاتتىق ئىدى. نۇرمەمەت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىككىسىنى تازا بىر چۆچۈتۈپ قويماقچى بولدى. ساقچىخانا باشلىقىنى يانغا تارتىپ، چۆچۈتۈپ قويۇشنىلا ئېيتتى. بۇ چارىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. هېلىقىلارنىڭ ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتى. ئىككىنچىلەپ هېچقايسىسى نۇرئەخمەتنىڭ يېنىغا يولىمىدى.

## 2

سائەت تىللىرى توختىماستىن يۈگۈرۈيتتى. قۇياش بىر پەللىدىن يەنە بىر پەللىگە ئالدىرايتتى. كېچە بىلەن كۈندۈز توختاۋسىز ئالمىشىپ تۇراتتى. نۇرمەمەتنىڭ ئىش ئۈستىلىدىكى تىكلىمە كالېنىدارنىڭ بەتلىرى ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئاشۇ ئىلگىرىلەشلەر ئىچىدە پەسىل قۇشى 7- ئاينىڭ شېخىغا قوندى. شىركەت ئىشلىرى تازا ئالدىراشلىق پەيتىگە كىرىپ قالغانىدى. بىر ياقتا چاي پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىنىڭ، بىر ياقتا مېۋە- چېۋە پىششىقلاش سېخىنىڭ ئىشلىرى جىددىي كېتىۋاتاتتى. ئىشچىلارلا ئەمەس، شىركەت باشقۇرغۇچىلىرىمۇ ئالدىراش ئىدى.
بۇ ئالدىراشلىق تېخى يېقىندىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن مېۋە- چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىنىڭ سېتىۋېلىش زالىدا ئالاهىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. سەينادا ئادەم قايناپتتى. قول هارۋىلىرىغا بېسىلغان يەشىكلەر ئۇچمۇئۇچ كىرىۋاتاتتى. كىرىش ئىشىكنىڭ قارشى تېمىدىكى پوكەي ئالدى يەشىكلەر بىلەن تولۇپ

كەتكەنىدى. ھەممىسگە ئۆرۈك، يېڭى سورتىنىڭ سەرخىل مېۋىلىرى قاچىلانغانىدى. نەچچە كۈنگە قالماي «ئاقچولپان كونسېرۋاسى»، «جانان ئىچىملىكى» بولۇپ شېشە- قۇتىلار بىلەن بازارغا چىقىدىغان يېمەكلىك، ئىچىملىكلەرنىڭ خام ئەشيالىرى ئىدى.

پوكەي ئاستىغا قاتىرىسىغا قويۇلغان چوڭ سۇپىلىق تۆت دانە گىر توختىماستىن ئىشلەپ تۇراتتى. يەشىكلەر بېسىلاتتى. ئۆلچىنىپ غالتەكلىك ئۇزاتقۇچ بىلەن ئىچكىرىگە مېڭىپ تۇراتتى. مال ئىگىلىرى ئۆلچىگۈچىلەردىن ئالغان تالونلىرىنى كۆتۈرۈپ يان تەرەپتىكى پۇل ئېلىش كۆزنىكىگە يۈگۈرۈلاتتى. زال ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ كىرگۈچە بوشىمايتتى. دېھقانلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىۋاتقان موشۇنداق بىر زاۋۇتنىڭ بارلىقىغا كەلگىنىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى.

ئىككىنچى گىر ئالدىدىكى بۇغداي ئۆڭ، سەل سېمىزرەك كەلگەن خىزمەتچى تەرلەپ- تەپچىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدە ھارغىنلىق، خۇشياقماسلىق، بىزارلىقىغا ئوخشاش ئېنىزىلەڭگۈلۈك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. قەدەمدە بىر پېشانىسىنى سۈرتەتتى. گەۋدىسىنى پات- پات كۆتۈرۈپ سوزۇلۇپ قوياتتى. گىر چېكىتلىرىگە قاراپ تالونغا قەلەم تىركەيتتى. گىر تالىشىۋاتقانلارغا: «ئۆچىرەت بولۇڭلار، نۆۋەت بويىچە كېلىڭلار!» دەپ تۇۋلاپ تۇراتتى. بۇ نۇرئەخمەت ئىدى. ئۇنى نۇرمەمەت شۇ يەرگە ئەكىرىۋالغانىدى. ئىشلەۋاتقىنىغا يېرىم يىل بولاي دەپ قالغانىدى.

نۇرئەخمەت ئىنىسىنىڭ شاپائىتىگە ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتا يولى قالمىغانىدى. دەسمايە قىلغۇدەك قۇربى بولمىغاچقا، ئۆز ئالدىغا ئىش تەۋرىتەلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە دەسمايە ئەمەس، گېپىنى باققۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. مەدىكارلىق، ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ھارسىناتتى. «سەھراغا قايتىپ تېرىقچىلىق قىلايمىكىن؟» دەپمۇ ئويلىدى كۈنلىرىنىڭ



قاتتىقلىقىدا. ئەمما، ئۇنداق قىلىشتىن يالتىيىپ قالدى. مەھەللىداشلىرىدىن، تونۇش- بىلىشلىرىدىن ئۇيىلاتتى. ئېتىزلىقتا يالىڭاچلىنىپ كەتمەن چېپىۋاتقان، كۆيۈپ- قارىداپ يەر تېرىۋاتقانلىرىدا «ۋاي، نۇرئەخمەتجان لوبەن» دەپ يۈرگەنلەرگە چېلىقىپ قېلىشتىن قاتتىق نومۇس قىلاتتى.

«نۇرمەمەتنىڭ ھېلىقى قەرز جوداسى ئۈستىگە كېلىپ قالغىنىمۇ ياخشى بولاپتىكەن، بولمىسا بۇ شىركەتكە، ئۇنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن كېلەتتىم؟ ھەر نېمە بولسا، باش تىققۇدەك كامارغا ئىگە بولدۇم. ئىشچى بولسامۇ ئىشلەي، جېنىمنى باقاي......» دەپ قالدى كېيىن. ئۇ ئاشۇ قانائەتنىڭ ھامىيلىقىدا بايىقىغا ئوخشاش تەرلەپ- پىشىپ ئىشلەيتتى. ئىشلارنى تالىشىپ قىلاتتى. بەزى ئىشلارغا ياخشى- ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگەندەك، كۆيۈنگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ شۆكرانىلىرى ئۇزاققا بارمىدى. تۇنجۇققان خىياللىرىغا ئاستا- ئاستا ئىنچىكە، سېرىق- سېرىق تۈكلەر چىقىشقا باشلىدى. كېيىن بۇ تۈكچىلەر پەيگە- قانات ياپراقچىلىرىغا ئۆزگەردى. «ئىشچىلىقىمۇ مەدىكارچىلىقتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، يەنە كېلىپ، ئىنىسى ئاكىسىنى باشقۇرۇپ، ئىشلىتىپ يۈرسە سەت تۇرىدىكەن ئادەمنىڭ يۈزىگە......» دەپ ئويلىدى بىر كۈنى. ئۇنىڭ ئىنىسىگە ئوخشاش ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىگۈسى، بۆلۈمچىلەر باشلىقلىرىغا ئوخشاش ئەمەل كۇرسىدا ئولتۇرغۇسى كېلىۋاتاتتى. قارا كۈچى بىلەن ئەمەس، ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ نۇسرەت تاپماقنى ئىزدەۋاتاتتى. بىرنەچچە كىشى بولسىمۇ باشقۇرۇپ، ئۇنىڭغا- بۇنىڭغا جورۇپ يۈرۈشنى ئويلاۋاتاتتى.

نۇرئەخمەت شۇنداق قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى- يۇ، نۇرمەمەتكە ئېغىز ئاچالماي كېلىۋاتاتتى. «ئۇ بىرچاغلاردىكىدەك ياۋاش، رايىش، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان كىچىك نۇرمەمەت

ئەمەس، قېقىپ- سوقۇشلارنى، ناھەقچىلىك، يەكلەشلەرنى كۆز ياشلىرىغا قوشۇپ يۇتۇۋېتىدىغان چارىسىز يىگىت ئەمەس. يۇرت كۆرگەن، جاپا- مۇشەققەتلەردە پىششقان، ئەڭ يامىنى، پۇلمۇ، يولمۇ تاپقان قۇدرەت ئىگىسى. پۇلى بارنىڭ گېپى ھەر يەر، ھەر ماكاندا ئوڭ بولىدۇ. قىلغۇسى بارنى قىلىدۇ. كۆڭلىگە ياقمايدىغان، خالىمايدىغىنىغا نەزەر- گۈزىرىنىمۇ سالمايدۇ. مۇبادا ھېلىقىدەك ئويلىرىمدىن ئاچچىقلىنىپ ‹چىقىپ كەت!› دەپ قالسا نەگە بارىمەن؟ يەنە كىمنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ يۈرىمەن؟ كۈتۈپ باقاي، پۇرسەت كېلەر......» دەيتتى.

ئۇنىڭ كېيىنكى ئويلىرىنىڭ بىر چاڭگال قىيمىسى بار ئىدى. «قىيما» ئارىسىغا نۇرغۇن- نۇرغۇن «خورۇچ» لار كۆمۈكلۈك ئىدى. ئۇنى ئۆزى، پەقەت بىر ئۆزىلا بىلەتتى. شۇڭا، سەۋرچانلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ، «سادىق» لىقىنى بىلدۈرۈپ كېلەتتى.

كەچ كىرىشكە ئەگىشىپ سېتىۋېلىش زالىدىكى چاپچاپلار ئاستا- ئاستا پەسەيدى. ئەكېلىنگەن ئۆرۈكلەر ئاخىرلاشقانىدى. نۇرئەخمەت «گۈپ »قىلىپ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى. گەۋدىسىنى ئارقىغا قويۇۋېتىپ، غولاچلىرىنى كەردى. دوڭغىيىپ گەجگىسىگە مۇشتلىدى. دېمىسمۇ كەچكىچە ئۆرە تۇرۇپ تالجىقىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا بىرەر كارىۋات بولسا، ئۆزىنى موككىدە تاشلاپ، پۇت- قوللىرىنى سوزۇپ- سوزۇپ يېتىۋالسا نېمىدېگەن ياخشى ئىدى- ھە؟ ئۇ شۇنى خالايتتى. تىلىكىگە يارىشا ئىشتىن چۈشۈش سىگنالى كېلىپ قالدى. بۇ كىچىككىنە بىر يېزا كارخانىسى بولغىنى بىلەن، تۈزۈملىرى چوڭ زاۋۇتلار، كارخانىلارنىڭكىدەك مۇكەممەل ئىدى. نۇرمەمەت «قېلىپ»قا شۇنداق چۈشۈرگەنىدى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا تۇرالمايتتى.

نۇرئەخمەت ئاستاغىنە قوزغىلىپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇردى.



تارتمىسىنى ئېتىپ، چاپىنىنى بىلىكىگە تاشلاپ ماڭدى. شىركەت خىزمەت بۆلۈملىرىنىڭ كارىدورىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئىشىككە لاپپىدە كۆز تاشلىدى. ئۇ باش دىرېكتور نۇرمەمەتنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. نۇرئەخمەت نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. كارىدورنىڭ ئىككى بېشىغا تېز- تېز كۆز يۈگۈرتتى. ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر بېسىپ- ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە قىيا ئىشىكتىن ئاستاغىنە بېشىنى تىقتى.

نۇرمەمەت كومپيۇتېر ئالدىدا تور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. قىلغىلى ئىشى يوق بىكار قالغانلىقتىن ئەمەس، تور بازىرىنىڭ ئۆچۈرلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەچچە كۈن ئالدىدا تورغا بېرىلگەن ئېلانلىرىغا خېرىدار كەلگەن- كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. نۇرئەخمەت شۇ يوسۇندا بىردەم قاراپ تۇردى. ئىنىسىنى كۆرەرمىكىن، «ۋۇي» دەپ چاقىرارمىكىن دەپ ئۈمىدلىنەتتى، دىققىتىنى تارتىشقا ئىنتىلەتتى. خېلىغىچە تۇرۇپ بېقىپ ئاستاغىنە ئىچىگە كىردى. نۇرمەمەت بولسا ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنىمۇ، بىراۋنىڭ كىرىپ كېلىشىنىمۇ تۇيماستىن كومپيۇتېر بىلەنلا ھەپىلىشىۋاتاتتى. نۇرئەخمەت گېلىنى قىردى. نۇرمەمەت بېشىنى بۇرىدى.

— ۋۇي، كەل ئاكا، بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇر،— ئورنىدىن تۇرۇپ جاي كۆرسەتتى ئۇ ۋە ئۆزىمۇ ئولتۇرغاچ سورىدى،— گەپ- سۆز بارمىدى؟

— چوڭ ئىشىمغۇ يوق، ئىشتىن چۈشكەن، ئىشىك ئوچۇقكەن كىرىپ باقاي دەپ...... — ئۇ قانداقتۇر تەمە ۋە ئۈمىد ئارىلاش نۇرمەمەتنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. نۇرمەمەت دەررۇ شۇنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— ئىشىڭ بولسا تارتىنماي دە ئاكا. بىرەر نەرسە لازىممۇ يا؟

— ياقەي ئۇكام، ماڭا نېمە لازىم بولسۇن؟ شۇ......

شۇ...... كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى.

— ۋايىيەي...... ئاكا، ئىلتىماس- پىلتىماس دەپ كەتمەي، گېپىم بار ئىدى دېگىنە مۇنداق!

— ھە...... كىچىككىنە بىر گەپ بار ئىدى. ماقۇل كۆرسەڭ، شەرت قويىدى دەپ خاپا بولمىساڭ، بۆلۈملەرنىڭ بىرەرسىگە يۆتكەپ قويساڭ بولاپتىكەن.

— بۆلۈمدە ئىشلىگۈڭ باركەن- دە؟ لېكىن، قايسى بۆلۈمگە ماس كېلەرسەن؟ قايسى بۆلۈمدە ساڭا مۇۋاپىق كەلگۈدەك ئىش باردۇ؟ كومپيۇتېر بىلمىسەڭ يا.

— ئۇغۇ شۇ...... — جىم بولدى نۇرئەخمەت ۋە ئىچىدە دېمىقىنى قاقتى: «شۇنىمۇ شەرت قىلىپ كەتكىنىنى ئەمدى. زامان- زامانلاردىن تارتىپ ھۆكۈمەت بولسۇن، زاۋۇت- كارخانىلاردا بولسۇن، خىزمەتچىلەر ئىشلىرىنى ئاغزى، قولى بىلەن قىلىپ، قەلەم بىلەن يېزىپ- سىزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنغۇ؟ كاللا بولسا ئۇنچىلىك ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ كەتكىلى بولمامتى؟»

— مۇنداق قىلىمىزمۇ يا ئاكا؟— نۇرئەخمەتنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى نۇرمەمەت،— سېتىۋېلىش بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىنى خوپ كۆرمىگەن بولساڭ، قوغداش بۆلۈمگە چىقامسەن؟

— ئۇ يەرمىغۇ بولىدۇ...... — گەدىنىنى تاتىلىدى نۇرئەخمەت سىرىق كۈلكە ئىچىدە ۋە بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن داۋام قىلدى،— ئىشخانىدا ئىشلەيمۇ دېمەيمەن. مەسىلەن، سېخلارنىڭ بىرەرسىگە مەسئۇل قىلىپ قويساڭمۇ باشقۇرۇپ كېتەلەيتتىم بولمىسا.

— مۇنداق دە...... — نۇرمەمەت قوشۇمىسىنى يىغىپ، لەۋلىرىنى يىمىردى. ئالدىدىكى ئېكرانغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. 4—5 مىنۇتلاردىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ نۇرئەخمەتكە قارىدى.

— سەن بەك ئاددىي چاغلاپ قالغان ئوخشايسەن ئاكا؟



سېخلارنىڭ مۇدىر ۋە ئىچكى خىزمەتچىلىرى ساپلا ئىگىلىك كەسپىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىلمىي باشقۇرغۇچىلار. ئۇلاردىكى مەسئۇلىيەت بەك قاتتىق ھەم ئىنچىكە. ئىشلاردىن كىچىككىنە سەۋەنلىك چىقىپ قالسا، مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ، شىركەتنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا خېرىدارلارنىڭ، چۆپقەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالىدىغان گەپ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

— بۇ تەرەپلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. باش بولغان ئادەم مەشغۇلات ئۆتكەللىرىنى چىڭ تۇتمىقى، ھەربىر ئۇششاق ھالقىلارنىمۇ نازارەت كۆزىنىڭ سىرتىدا قويماسلىقى كېرەك. خۇسۇسەن، سۈپەتكە ھەممىدىن بەكرەك ئېتىبار بېرىشى كېرەك. مەنچە، قىلىپ كېتەلەرمەن دەپ ئويلايتتىم.

— گەپلىرىڭغۇ دەل جايىدا ئاكا. ئەمما، ئەمەلىيەت دېگەن باشقا گەپ. سېنىڭ سەۋىيەڭ ئۇ ئىشلارغا ماس كەلمەيدۇ،— نۇرمەمەت شۇنداق دېدى- يۇ، ئاكىسىنىڭ لەسسىدە بولۇپ قالغان ئوزايىغا قاراپ يەنە ئويلىنىپ قالدى. ئۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى، تەلىپىنى دەپ ئاكىسىنى رەنجىتىپ قويۇشقا چىدىمايۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدىن قانداقتۇر بىر ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى،— بولاپتۇ ئاكا، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ قالمىسۇن. سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمگە بار. يا ئامبارچىلىق قىلارسەن، يا بۆلۈم باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولارسەن. ئەمما، بۇلار مېنىڭ خۇسۇسىي قارىشىم. قالغىنى ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكەندە ھېساب.

— چاتاق يوق! شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشتۈرۈپ كېتىمەن. سەممىيلىك، ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەيمەن! ئۆزۈڭ بولغاندىكىن، باشقىلارمۇ قارشى تۇرۇپ كەتمەس.

نۇرئەخمەتنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسى بىرەر بۆلۈم ياكى سېخنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئەمەل كۇرسىدا ئولتۇرۇش ئىدى. ئاندىن پەللىمۇ پەللە يامىشىپ، دىرېكتور بولۇش شېرىن چۈشىنى كۆرەتتى. ھېچبولمىغاندا مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇشتىنمۇ تەمەسى زور ئىدى.

«مەيلى، ھازىرچە باشلىق ياردەمچىسى بولسامىمۇ، ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتسامىمۇ ھېساب. قالغان قەدەملەرنى بىر- بىرلەپ باسامدىمەن؟......» دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت ئىچىدە.

— ساڭا كۆپ رەھمەت ئۇكام،- نۇرئەخمەت دەسسىدە تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى. تەزىم قىلماقچى بولۇپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئىنىسىدە يېتىلگەن كىچىك پېئىل، كىبىرسىز، جازىسىز، ئەمما كەسكىن خاراكتېرنى ئالليبۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئەگەر خۇشامەتگۈيلۇق قىلىپ، شۇنداقلا بەل ئەگسە، تەزىم قىلسا، نۇرمەمەتنىڭ ئاچچىقلىنىپ قېلىشى، چىچاڭشىپ گېپىدىن يېنىۋېلىشىنىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيتتى. نۇرئەخمەت قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھەشقاللا ئېيىتىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. خۇش خەۋەردىن تېخىچە دېرەك بولمايۋاتاتتى. نۇرئەخمەتنىڭ كۆزلىرى تولا كۈتۈپ تالدى. تەقەززالىقىدىن بىر يەردە تۇرۇشقا تاقىتى يوق ئىدى. باش مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىن كۈنىگە نەچچە رەت ئۇيياقتىن بۇياققا ئۆتۈپ قوياتتى. قۇلىقىنى سىڭارىيان قىلىپ ئىچىنى تىڭشايتتى. نۇرمەمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا بولسا، چوڭقۇر سالام قىلىپ كۆزلىرىگە ئۈمىد، تەمە بىلەن تىكىلەتتى.

تويۇقسىز 16 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قۇلاقلىرىغا تولىمۇ يېقىملىق بىر سادا كىرىپ كەلدى. شىركەتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چۈشكەنىدى. شۇ قېتىم ۋەزىپىسى تەڭشەلگەن تۆت كىشىنىڭ بىرسى نۇرئەخمەت بولۇپ، سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ ئامبارچىلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. نۇرئەخمەتنىڭ ھاياجان دەرياسى



شىددەت بىلەن چايقالدى. مەۋجلەنگەن دولقۇنلار كۆڭۈل قىرغاقلىرىنى تاتلىق- تاتلىق سۆيۈپ ئۆتتى. خۇشلۇقىدىن ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالمايۋاتاتتى. مەقسىتىگە ئاسانلا يېتىپ قالغىنىدىن مەمنۇن بولاتتى.

«قورۇق ئۈستەلگە باش بولۇپ ئولتۇرغاندىن، ئاچقۇچ تۇتۇپ مال- مۈلۈك مۇئەككىلى بولۇشىمۇ ياخشى گەپ. يېنىڭدا بولسا يالغىلى يېتىدۇ ئەمەسمۇ؟...... » دەيتتى ئۆز- ئۆزىگە شىۋىرلاپ. ئەمما، ئۇ ئىچكى دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىراپ سىرتىغا چىقارمايتتى. كىشىلەرگە تەمكىن قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى.

غايىبانە مەنپەئەت، ساماۋى بايلىق شەپىسىدىن شۇ كۈنى كېچە ئۇيقۇسى نەلەرگىدۇر قېچىپ كەتتى. ئۇنى ئاشۇ شادلىق ھاياجىنى ئۇخلاتمايۋاتاتتى. كارىۋات بېشىغا يىغىپ قويغان ئورۇن- كۆرپىسىدە ئىككى قولىنى گەدىنىگە ئېلىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ياتاتتى. پۇتلىرىنى يىغىپ بىر- بىرىگە مىنگەشتۈرۈۋالغانىدى. دەم ئىسقىرتىپ، دەم دىمىقىدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ قوياتتى. بىر تىزى ئۈستىگە ئېلىۋالغان پۇتلىرى ئاھاڭغا ئەگىشىپ رىتىملىق لىكىلدايتتى. تۇرۇپلا ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ كەتتى. پۇتلىرىنى شارتتىدە چۈشۈرۈپ تۇرماقچى بولدى- يۇ، ئۆرە بولۇپلا جىمىپ قالدى. ئۆيدە ھاراق يوقلۇقى ئېسىگە يەتكەنىدى. خوتۇنى «ئوگدا» قويۇپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىغاندىن بېرى قاۋاق بىلەنمۇ، ھاراق دۇكانلىرى بىلەنمۇ ياتلىشىپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى ئىشكاپىنىڭ نەلىرىدىدۇر ساقلىنىپ قالغان، يېرىمى ئىچىلىپ، يېرىمى قالغان بوتۇلكىلارمۇ ئالليبۇرۇن قۇرۇقدىلىپ بولغانىدى.

«بولدىلا!» دېدى ئىچىدە سەل خورسىنغاندەك قىلىپ ۋە يەنە ئۆزىنى قويۇۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي كاللىسىدىن خىيال يىپلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە بولسا

قانداقلارچە ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئەتىگەندە ئۈستەل سائىتىنىڭ جىرقىرىشى ئويغىتىپ قويدى. «تۈنجى كۈنى ئۇخلاپ قالسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى ئۇ ۋە شۇ ئويىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈنۈگۈن ئاتايىن سائەتنى ئالغاچ كەلگەنىدى.

نۇرئەخمەت دېگىنىنى قىلدى. ھەرقاچان ۋاقىتقا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان، ئىشقىمۇ 10 — 20 مىنۇت، بەزىدە يېرىم سائەتلەرمۇ كېچىكىپ يۈرۈيدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن يېرىم سائەت بۇرۇن كېلىپ بولغانىدى. تازىلىق ئىشچىسى قورۇلارنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇ ئىشچىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بەردى. قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكلىرى تاقاق ئىدى. ئامبار ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى تېخى بېجىرىلمىگەنىدى. نۇرئەخمەت نېمە قىلارىنى بىلمىگەنىدەك بىردەم تۇرۇپ قالدى. كېيىن نۆۋەتچىلىك ئۆيىنى ئىسىگە ئېلىپ شۇ يەرگە كىردى. ياش ئامانلىق ساقلىغۇچى بالا تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ۋاي- ۋۇي، نۇرئەخمەتكا، — دېدى قوغدىغۇچى ئۇنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىۋېتىپ، — كۈن قاياقتىن چىقتى بۈگۈن؟

— مەشرىقتىن چىقماي، ماۋۇ ئۆگزەڭدىن چىقسا بولامتى ئاداش؟ — جاۋاب بەردى نۇرئەخمەت گۈلدەك ئېچىلىپ، — خىزمەت دېگەنگە مۇشۇنداق بالدۇر كەلگۈلۈك.

ئۇلار شۇ يوسۇندا گاھ چاقچاقلىشىپ، گاھ تېلېۋىزوردىن، كىملەرنىڭدۇر ئاغزىدىن ئاڭلاشقان كونا- يېڭى گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇردى. يېرىم سائەت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. سائەت تىللىرى تۆت سان ئارىلىقىدىكى ئۈچ بۆلەكنى بىردەمدىلا بېسىپ بولاتتى. ئۇزاققا قالماي كارىدوردا ئاياغ تىۋىشلىرى، گۇدۇڭ- گۇدۇڭ ئاۋازلار، يۆتىلىشلەر پەيدا بولدى. نۇرئەخمەت



ئاستاغىنە ئىشىكتىن چىقتى. ئىشچىلار ئارقا- ئارقىدىن كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئۇچراشقانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملىشىپ ئۈلگۈردى، ئاندىن كونا ئامبارچىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

## 3

نۇرئەخمەت ئاچقۇچىنى ئۆتكۈزۈۋالغىنى چاي مەھسۇلاتلىرى ئامبىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە خېرىدارلار بىلەن ئالاقە باغلاش، زاكاز قوبۇل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى بار ئىدى. ئۇ شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلەيتتى. نۇرئەخمەت بىر سىقىم ئاچقۇچنى جىلدىرلىتىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئامبارغا كىرگۈزۈلىدىغان ماللارمۇ، چىقىرىلىدىغانلىرىمۇ بۆلۈمنىڭ ئۈچ بىرلەشمە تالونى، بۆلۈم باشلىقىنىڭ تەستىقى قاتارلىق بىر يۈرۈش رەسمىيەتلەر بويىچە كىرەتتى ۋە چىقاتتى. ئارىدا شەخسىي نەپ ئالغۇدەك يوچۇق يوق ئىدى. ئۇ توختىماي يوچۇق ئىزدەيتتى. ئەمما، رەسمىيەتلەرنىڭ ئارىلىقىدىن كىچىككىنە شامالمۇ سىغدىلىپ ئۆتەلمەيتتى.

نۇرئەخمەت دەسلەپ لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئامبارنى ياقتۇرۇپ كەتكىنىدىن پۇشايمان يېيىشكە باشلىدى. بۆلۈم باشلىقى بولغان ياخشىكەن دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈردى. كېيىن بىردىنلا ئاشۇ شامال ئۆتمەيدىغان تاملاردا بىر يوچۇقنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ساختىلىق، ئۇششۇقلۇق، باشقىلارنى قارا قويۇش بىلەن ئىش جۆندەش چارىسى ئىدى. «ئامبارچىنىڭ ئىمزاسى چۈشمىگەن كىرگۈزۈش ھۆججىتى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ ئالدىمدا شۇنداق. ئىمزايىم بولمىغانكەن،

ئامبارغا مال كىرمىگەن ھېسابتا بولىدۇ......» دەپ يەكۈنلىگەنىدى ئۆز تەسەۋۋۇرىنى.

ئۇ ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ماللارغا تالون كېسىش، ئىمزا قويۇش ۋاقتىدا ئەتەي بىر ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرەتتى. تالون كېسىش، ئىمزا قويۇشقا ئالدىرىمايتتى. بىر ئامال قىلىپ مال ئۆتكۈزگەنلەرنى تاقەتسىزلەندۈرۈشكە، دىققىتىنى ئوغرىلاشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ئىككى قېتىم قەستەن «ئۇنتۇلغان» بولۇۋېلىپ، تالونغا ئىمزا قويمايلا بېرىۋەتتى. ئۇنىڭغا بۆلۈمدىكىلەرمۇ دىققەت قىلمىغانىدى. «مۇشۇ ئىككى قېتىملىق مالدىنلا نەچچە تۈمەن پايدا قالدى» دەپ ئويلايتتى نۇرئەخمەت. كېيىن يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلىۋىدى، مال تاپشۇرغۇچى سەزگۈر چىقىپ قالدى.

— ۋۇي، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇنتۇپ قاپتىمەن...... — دەپ قويدى ئۇ ۋە ئۇپۇل- تۇپۇل ئىمزا قويۇپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ھېلىقى ئويۇننى يىغىشتۇرۇپ يۈردى. بۇ قىلغىنىمۇ «ئۇنتۇپ قېلىش» ئىشىنى كىشىلەرگىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر خېرىدار بىلەن تونۇشۇپ قالدى. تونۇشۇشلا ئەمەس، خېلىلا قويۇق «چۆپقەت» بولۇپ قالدى. ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر توپ تارقىتىش ئورنىنىڭ مال كەلتۈرگۈچىسى ئىدى. ئۇ گويا نۇرئەخمەتنىڭ قولىدا خۇپىيانە ماللىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغاندەكلا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا:« قوللىرىدا ئەرزەنراق بېرىۋېتىدىغان ماللاردىن يوقما مۇنداق؟» دەپ پىچىرلاپ قالدى.

نۇرئەخمەت دەسلەپ ئۇقمىغان بولۇپ:

— ماللىرىمىزنىڭ توپ باھاسى مۇقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ زاكازلىرىدىن سىرت بەرگىلى بولمايدۇ،— دېدى. ئۇمۇ خېرىدارنى چېكىپ باقماقچى ئىدى.

— مەيلى شىركەت بولسۇن، مەيلى شەخسىي دۇكاندارلار



بولسۇن، ھەممىسى تىجارەت، پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەسما؟ «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دەپتىكەن. بىزگىمۇ ئازراق پايدىلىرىنى ئۆتۈنىمەملا؟

نۇرئەخمەت ئىككىلەنىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى قاقتى- سوقتى ئولجىسىنى قولىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلەتتى، ئەمما خېرىدارغا ئىشىنەلمەيتتى. پاش قىلىپ قويارمىكىن دەپ قورقۇيتتى. ئۇنىڭ تازا ئىشەنچ قىلالماي قالغىنىنى سەزگەن خېرىدار تېخىمۇ چاپلاشتى.

— سىلىدىن يوشۇرمايمەن. مەنمۇ مال توشۇغۇچى. ئەجرىمگە يارىشا نەپ ئېلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. ھېچبولمىغاندا ماۋۇ تالوندىكى سانلارنى ئۇياق- بۇياق قىلىپ دېگەندەك،— چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى ئۇ،— بولسا، بىزمۇ چۆپقەت بولۇپ قالىلى. ئەرزەنراق ماللىرىدىن بولسا قورقماي بېرىۋەرسىلە. ھەممىمىزنىڭ ئىشى يۈرۈشۈپ تۇرسۇن.

نۇرئەخمەت نۇرغۇن ئارىسالدىلىقلاردىن كېيىن، ماشىنىغا 20 يەشىك مالنى ئارتۇق بېسىپ بەردى. خېرىدار بەرگەن ئۈچ باغلام پۇلنى بىر گېزىتكە ئوراپ نەگىدۇر تىقىپ قويدى. ئەمما، نەچچە كۈنگىچە ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتتى.

ۋەيرانچىلىقتىن ئەمدىلا قەددىنى رۇسلىغان بۇ قىزىل كۆزنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغالغانىدى. پېشانىسىدىن تەر چىقمايلا چۆنتىكىگە چۈشكەن ئۈچ تۈمەن بالاخور نەپسىگە ئوت قويۇۋەتكەنىدى. قولى بارغانسېرى ئەگرىلىشىپ،نەپسى بارغانسېرى چوڭايماقتا ئىدى. ھېلىقى قارا چۆپقەتى ئېچىپ بەرگەن قىڭغىر يولى ھە دەپ كېڭىيىۋاتاتتى. كەلگەن ماشىنىلارغا خۇپىيانە يەشىكلەر تاشلىنىپ تۇراتتى. چۆنتىكى تولۇپ تۇراتتى. يېرىم يىلغا بارماي يېنىنى خېلى تومىلىۋالدى. ئۇ گۆھەر تۆكۈلىدىغان ئامبىرىغا، بەخت ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچلىرىغا ئامراقلا بولۇپ قالغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇتلا بۆلۈم باشلىقى بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ ئامبارغا كىرىپ كەلدى.

— ئامبار قالدۇقنى تەكشۈرىمىز، — دېدى بۆلۈم باشلىقى نۇرئەخمەتكە، — قولىڭىزدىكى كىرىم - چىقىم ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ كېلىڭ.

نۇرئەخمەتنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. تەكشۈرۈلۈپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ ھۆججەتلىرىنى رەتلەشكە باشلىدى. قەغەز تۇتقان قوللىرى قومۇش ياپرىقىدەك دىرىلدايتتى. نۇرئەخمەت ھۆججەتلىرىنى تېپىپ چىققۇچە قالدۇق يەشىكلەر سانىلىپ خاتىرىلەنىدى، ئاندىن يۇمىلاق جوزا ئالدىغا كېلىپ ھېسابلار ئۇدۇللاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ سان - سىپىرلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئارىدىكى پەرق چوڭ ئىدى. چىقىمدىلا ئەمەس، كىرىم سانىمۇ ئوخشىمايتتى. ھېلىقى ئىمزاسىز تالونلارنىڭ ئامبار نۇسخىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاللىقاچان ئوچاققا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇ تالونلارنىڭ سىزدىكى نۇسخىسچۇ؟ — سورىدى بۆلۈم باشلىقى.

نۇرئەخمەت كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ، بۆلۈم باشلىقى ئۇزاتقان تالونلارنى قولىغا ئالدى. ئۇيان - بۇيېقىغا قاراپ بېقىپ قاشلىرىنى يىمىردى.

— مەندە بۇنداق تالون يوق.

— نېمىدەپ بولمايدۇ؟

— مەن مال تاپشۇرۇپ ئالمىغاندىن كېيىن بولمايدۇ - دە!

— ئەمىسە بۇلاردا نېمىش قىلىدۇ؟ - بۆلۈم باشلىقى مال ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئىما قىلدى.

— ئۇقمىدىم، — قىسقىلا جاۋاب بەردى نۇرئەخمەت، — مال ئالغان بولسام ئىمزايىم بولار ئىدى. ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ ساختا



ئەمەسلىكىگە كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

— توۋا خۇدايىم، ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى، — قولىدىكى دەپتىرىنى پاققىدە قويىدى مال تاپشۇرغۇچى، — بۇ دېگەن شىركەتنىڭ بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان تالونى تۇرسا، ئۇنى ساختا دەيسىز يا؟

— ماقۇل، — دېدى نۇرئەخمەت تەئەددى بىلەن، — راستمۇ دەيلى. ئەمىسە مېنىڭ ئىمزايىم قېنى؟ كىرمىگەن مالغا تالون كۆرسىتىۋەرسە، كەم چىقمامتىكى ئامباردىكى مال؟

— بولىدۇ، — بۆلۈم باشلىقى ھېسابتىكى قىزىل رەقەملەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويىدى، — ئاۋۇنى قويۇپ تۇرايلى. ماۋۇنىڭدىكى ماللارنى ئامبار يۇتۇپ كەتتىمۇ؟ چاشقانلار توشۇپ كەتتىمۇ؟!

نۇرئەخمەتتىن «مەن بىلمىدىم» دېگەندىن باشقا جاۋاب چىقمايتتى. تەكشۈرۈش ۋاقتىنچە شۇ يەردە ئاخىرلاشتى. بۆلۈم باشلىقى ئامبار تەكشۈرۈش دوكلاتىنى باش دىرېكتورنىڭ ئالدىدا قويدى.

تەكشۈرۈشتىكى ئەھۋاللار دوكلات كېلىشتىن بۇرۇنلا نۇرمەمەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولغانىدى.

شۇ ۋەجدىن ئۇمۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. دوكلاتنى كۆرۈۋېتىپ چىشلىرى توختاۋسىز غۇچۇرلايتتى. ئىچىنى بىر تالاي چاشقان تاتىلاۋاتقاندەك ئارامسىزلىناتتى. ئاكىسىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشلىرىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقىنىغا، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن دەپ يېنىغا تارتقىنىغا قاتتىق ئۆكۈنەتتى.

نۇرمەمەت ئىشتىن ناھايىتى روھسىز بىر ھالەتتە چۈشتى. ئىچى ئاچچىق بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە خىيال قېيىقىدا لەيلەپ كېلەتتى، تاكى ئۆيىگە

بارغۇچىمۇ جىنەستىگە، ئوغلىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كەلدى.

— نېمانچە شۆكلەپ كېتىسىز؟— سورىدى جىنەستە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن،— خۇددى گۇناھنى سىز قىلىپ قويغاندەك. ئوتنى كىم تۇتقان بولسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر.

— بەك ئاددىي ئويلايدىكەنسىز، جىنەستە،— بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ دېدى نۇرمەمەت،— «ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىراپتۇ» دېگەندەك، ئادەم خىجىل بولۇپ كېتىدىكەن. شىركەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭىلا قارىشىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بەزىلەر ئېچىپ دېيەلمىگىنى بىلەن، ئېھتىمال، «ئىككىسىنىڭ تىلى بىر» دەپ ئويلايدىغانلارمۇ باردۇ. يۈزۈمنى شۇنداق تۆكتىغۇ مېنىڭ!

— قولتۇقىدىن شۇنچە يۆلەپ، ئىش ئورنىغا ئىگە قىلىپ قويغان تۇرسىڭىز، شۈكرى قىلماقتا يوق، نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟

— ھەي...... «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دەپ، ئەزەلدىن دىلى قىڭغىر ئىدى ئۇنىڭ. ۋەيران بولۇپ شۇ ھالغا كېلىپ قالغاندىكىن ساۋاق ئالغاندۇ، ئادەم بولار، ئاتا-ئانىمىزنىڭ روھى بولسىمۇ خۇش بولۇپ قالار دەپتىمەن.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ يۇتتۇۋالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى تۆلىگىتىپمۇ بولمىغاندۇ، ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرسە بېسىقارمۇيا؟

— ئۇ بەزى ھۆججەتلەرنى تەن ئالماي تۇرغاننى ئاز دەپ، كەم چىققان مالغىمۇ ئىگە بولماي تۇرۇۋېتىپتۇ. زادى نېمە ئىش بولغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمىدىكىلەر «تەپتىشكە مەلۇم قىلايلى» دېيىشىۋاتىدۇ. قانداق قىلىدىغان ئىشكىن تاڭ.

— سايىدىكىنى ساتمىغا چىقىرىپ، ھەممە ئادەمگە «دىرېكتورنىڭ ئاكىسى خىيانەت قىپتۇ» دېگۈزىمىزمۇ؟ بۇ يەردە سىزنىڭ نامشەرىپىڭىزمۇ بىللە ماڭىدۇ، جۇمۇ؟ ياخشىسى، ئىچكى



قىسمىدا بىر تەرەپ قىلغىنىڭلار تۈزۈكمىكىن.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ،— نۇرمەمەت بىردەملىك خىيالدىن كېيىن داۋام قىلدى،— مۇدىرىيەتتىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ باقاي. مەيلى دەپ قالسا، زىياننى تولدۇرۇپ بېرەيلى.

— بىز...... بىز تۆلىمەيدىغاندۇرمىز؟— كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى جىنەستە،— ئاكام ئۆزى تولدۇرسۇن. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق تۇرمۇشىمىز تۇرسا. باشقىنىغۇ قويۇپ تۇرايلى، سىز يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردا ئاكام سىزگە قاراپ باققانمۇ؟ قول-ئىلكىدە بار تۇرۇپ «ماۋۇنى خەجلە» دەپ باققانمۇ؟ تېخى كىچىككىنە مىراسىنىمۇ تالىشىپ-تالىشىپ ئەكېتىشكەن ئۇلار.

— بولدى، جىنەستە. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ رىيازىتىنى، ئاكامنىڭ قىلغانلىرىنى مېنىمۇ ئويلىمايدۇ دەمسىز؟ مەيلى، كونا خامانىنى سورۇپ نېمە قىلارمىز، ئىشقىلىپ، زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىگۈدەك بىر ئامال تاپارمىز ئەمدى.

نۇرمەمەت ئاكىسىنى ئايرىم چاقىرىپ سۆزلەشتى. قىلمىشىنى شىركەتكە ئېنىق تاپشۇرۇپ زىياننى تولدۇرۇش، چىقىش يولىنى تېپىشىۋېلىشقا دالالەت قىلدى. نۇرئەخمەت بولسا ھېلىھەم تەن ئالمايۋاتاتتى. «دۆڭ كېچىك» ئىزدەپ، قۇتۇلۇۋېلىشنى ئويلايتتى. ئىنىسىنىڭ توختىماي چۈشەندۈرۈشلىرى، ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قاراپ، ئىقرار قىلىشنى، خىيانەتلىرىنى تۆلەپ قايتۇرۇشنىمۇ ئويلايتتى. يەنە تۇرۇپ: «ئىقرار قىلسام، قايتۇرسام ئېنىقلا ئوغرىلىقىمنى، خىيانەتكارلىقىمنىمۇ قوشۇپ تەن ئالغان بولىمەن. خەق ئالدىدا رەسۋا-شەرمەندە بولىمەن. شىركەتتىنمۇ قوغلىنىمەن. نۇرمەمەتنىڭ كۆڭلى يۇمشاق. ئۇۋال بولدى دەپلا تۇرۇۋالسام، ئىشلارنى ئۆزى ئوڭشىۋالىدۇ» دەپمۇ ئويلايتتى.

شۇنداق قىلىپ،ئۇ چىشلىگەن تېشىنى تاشلىماي تۇردى. ئىككى كۈندىن كېيىن نۇرمەمەتكە سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمى نۇرئەخمەتنى تەپتىشكە ئەرز قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى سۇندى.

«سەن پىسەندىلەر مېنى شەرمەندە قىلمىغۇچە تىنمايدىغان ئوخشايسەن،— دەپ ئويلىدى نۇرئەخمەت دوكلاتنىڭ شامىلىنى ئاڭلاپ،— تەپتىشكە باردى دېگەن گەپ، ئەيىبلىنىدۇ دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا ھەممىنى قۇسۇپ بەرسەممۇ، ئوخشاشلا جىنايەت بېكىتىشىدۇ. جازالىشىدۇ،— ئۇ كۆڭلىدىن نېمىلەرنىدۇر ئۆتكۈزۈپ خىيالىنى داۋام قىلدى،— سەن — بۆلۈم باشلىقى دېگەن گۈي ئاشۇ ئىشنى تاپقان بولساڭ، سېنىڭ گۆرۈڭنىمۇ قېزىپ قويماي مەن......»

نۇرئەخمەت كۆڭلىگە كۆمگەن ئاشۇ قارا نىيەتنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن بىرنەچچە بۇرادىرىنى ئېسىگە ئالدى. ھەممىسى ئەينى ۋاقىتىدىكى ئىچەرمەن، چېكەرمەن، ئاتارمەن ھۆپپىگەرلىرى ئىدى. ئاخشىمى يېنىغا ئىككى بوغماق پۇلنى سېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇلارنى تېپىپ، بىر قاۋاققا ئېلىپ كىردى. پۇلنى ئايىماي خەجلەپ، بولدى دېگۈدەك مېھمان قىلدى. ئاندىن پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— چاتاق يوق! — دېيىشتى ئىككىسى. بىرسى بولسا خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ دېدى:

— نۇرئەخمەتجان ئاكا، قاچاندىن باشلاپ چېكىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

— زۇۋانىڭغا پوق! — چىشىنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىرىپ تىللىدى نۇرئەخمەت،— قانجۇق ئىتتەك قاۋىماي، يا ماقۇل، يا ياق دېمەمسەن!؟

— ۋاي- ۋۇي...... ماقۇل ئاكا، ماقۇل. سىزگە ئەسقاتمىغان



جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن مەن. خاتىرجەم بولۇڭا!

— ئەمىسە، گەپ شۇ ئاغىنىلەر،— دېدى نۇرئەخمەت رومكىلارنى لىققىدە توشقۇزۇپ،— سىلەرنى ئۆيدە ساقلايمەن. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مال قولۇمغا تېگىشى كېرەك.

خىلۋەتتىن ئاۋۋال نۇرئەخمەت چىقىپ كەتتى. 10 مىنۇتلاردىن كېيىن باشقىلىرى قوزغىلىشتى.

نۇرئەخمەت ئەتىسى «ھېسابىمنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىمەن» دەپ كەچكىچە ئىشخانىسىدىن چىقماي ئولتۇردى. ئۈستىلىگە ئالدىلىقانىداقتۇر دەپتەر، تىكىلىگەن ھۆججەت- جەدۋەللەرنى يېيىۋالغانىدى. گويا كەم ھېسابنىڭ خاتاسىنى راستىنلا «قېزىپ» چىقارماقچى بولغاندەك، توختىماستىن ھېسابلىغۇچنى توكۇلدىتىپ ئولتۇراتتى. كەچتە باشقىلار ئىشتىن چۈشۈۋاتقاندىمۇ ئۇ ئەتەيگە قادىلىپ ئولتۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئەتراپ جىمىقتى. ئەتىگەندىن بېرى شاۋقۇنلاپ تۇرغان سېخلار، ئىشخانا، كارىدورلار تىمتاسلىق ئىلكىگە چۆككەنىدى. نۇرئەخمەت ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ كارىدورنى تىڭشىدى. بىرەر كىملەر بارمىكىن دەپ ئىككى تەرەپكە قارىدى. ھەممە يەر جىمجىت ئىدى. ئۇ يېنىپ كىرىپ ئۈستىلىنىڭ ئاستى ئىشكاپىدىن بىر قارا سومكىنى تارتىۋالدى، ئاندىن ئامبارغا كېلىپ ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتى. يەنە پەم بىلەن يېپىپ تاقاق سالدى. نەنىدۇر مالتىلاپ بىر تۇتام چاي خالتىسىنى ئالدى- دە، سومكىسىدىن بىرنېمىلەرنى ئېلىپ ئالدىراپ- ئالدىراپ قاچىلاشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، بۇ نەرسىلەر ھەربىر خالتىدىكى چاي ئارىسىغا پاتۇرۇپ قويۇلۇۋاتاتتى. ئاستى- ئۈستى چاي، ئوتتۇرىسى سولياۋ پارچىسىغا ئورالغان قانداقتۇر بىرنەرسىلەر ئىدى.

ئۇنىڭ تەييارلىقى پۇختا ئىدى. لازىملىق نەرسىلەرنى تەخلەپ قويغىنىغا خېلى بولغانىدى. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرسىمۇ ھەربىر

ئىشنى پۇختىلىق بىلەن قىلىپ چىقاتتى. قاچىلاشتىن كېيىن بېسىقلىق چاي يەشىكلىرىدىن ئىككى- ئۈچىنى تارتىۋالدى. پېچەتنى سۆكۈپ، بىرنەچچىدىن كورۇپكىنى ئالدى. ئىچىدىكى چاي خالتىلىرى ئورنىغا بايا قاچىلىغانلىرىنى سېلىپ پېچەتلىدى. يەشىكلەرگە تارقىتىپ سېلىپ، جايىغا باستى. بايا پەيدا بولغان ئەخلەتلەرنى تازىلاشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىغانىدى. سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئىشىكنى ئەتتى- دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر دەم ئالاتتى. نۇرئەخمەت شۇ كۈنى يەنە بىر يەردە ھاراق ئىچتى. بۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە «غالىبلىق شارابى» ئىدى. يېرىم كېچىلەردە يانغان نۇرئەخمەت لايىدەك ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقانىدا، دۈشەنبە ئەتىگەنلىك سائەت 11 بولۇپ قالغانىدى. «تايىنلىق چۈشتىن كېيىن باراي» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن كېيىنىپ- يۇيۇنۇپ تالاغا چىقتى. ھاراق تەسىرىدىن بولسا كېرەك، كۆڭلى ئېلىشىپ تۇراتتى. ئىككى چېكىسى زىڭىلدايتتى. پۇت- قوللىرىدا ماغدۇر يوق ئىدى. ئۇ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ سۇيۇقئاش ئەتتۈرۈپ ئىچتى. كۆڭۈل غەشلىكىم بېسىلارمىكىن دەپ، لەڭپۇڭ يېدى.

سائەت بىر بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ شىركەتكە كەلدى. ئىشخانا قۇلۇپىغا ئاچقۇچ تىرەۋېتىپ سۈرەتتەك قېتىپ قالدى. ئىشخانىسى پېچەتلىۋېتىلگەنىدى. ئالدىراپ- سالدىراپ ئامبار ئالدىغا باردى. ئامبار ئىشىكىمۇ پېچەتلەنگەنىدى. مىيىقىدا كۈلدى. «شۇ كۈنى ئەجەب ئىشلەپتىكەن ئەقلىم، ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بولدى. ئامبارغا مەن كىرمىدىم- دە!......» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇراتتى، بىرسى



چاقىرىپ قالدى.

— سىزنى مەجلىسخانىغا چىقسۇن دەيدۇ.

«ھەقاچان مەن توغرۇلۇق ئاچىدىغۇ مەجلىسنى....» شۇ خىيال بىلەن كىرىپ كەلگەن نۇرئەخمەت ئىشىكتىن كىرىپلا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. شىرە ئالدىدا ئالتە ئادەم ئولتۇراتتى. ئۈچى تەپتىش فورمىسىدا، ئۈچى پۇقراچە ئىدى. نۇرئەخمەت پۇقراچە كىيىنگەنلەرنى تونۇدى. ئىككىيلەن يېزا- بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى، ئۈچىنچىسى مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى ئىدى. نۇرئەخمەت ئاستالا كېلىپ قارشى تامدىكى ئورۇنلارنىڭ بىرىگە چۆكتى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. چۈشەنگىنى ئۈچۈن، ئۆزىچە «جاۋابكارلىق ئورنى» غا كېلىپ ئولتۇرۇشى ئىدى.

يېرىم كۈنلۈك سۆھبەت، ئاغزاكى ئېنىقلاشتىن كېيىن تەپتىشلەردىن بىرى نۇرئەخمەتنىڭ ئالدىغا بىر پارچە قەغەزنى قويۇپ قويدى. بۇ «تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇشى» ئىدى. نۇرمەمەت ماشىنىغا چىقىپ ئالدىدا كەتتى. قالغانلار دېلوغا ئالاقىدار ھېسابات دەپتەرلىرى، ئىسپات بولىدۇ دەپ قارىغانلىكى ماتېرىياللارنى بىر چامادانغا قاچىلاتتى ۋە شىركەت بوغالتىرىنى ھەمراھ قىلىپ كەينىدىن چىقىشتى.

دېلو تەكشۈرۈش توپتوغرا بىر ئاي داۋاملاشتى. نۇرئەخمەت نەچچە كۈن جاھىللىق قىلىپ بېقىپ، ئاخىر ئۆز تىلىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ تەمتىرەش ئىچىدە ھېلىقى خېرىدار چۆپقىتىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئېچىلىپ كەتتى. نۇرئەخمەتمۇ، خىيانەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن خېرىدارمۇ بىللە سوتتا ئەيىبلەندى.

**4**

پەسىل كەچ كۈز ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مەمۇرچىلىققا تولغان ئالتۇن كۈز تېزلا ئاخىرلىشىپ، دەل- دەرەخلەر غازاڭ تۆكمەكتە ئىدى. سوغۇق شامال قۇرۇغان ياپراقلارنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. يالىڭاچلانغان دەرەخ شاخلىرى قۇرۇق شاراقشىيتتى. شىركەت ئىشلىرى بولسا نورمال داۋاملىشىۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىركەت قورۇسىغا بىر مىنىبۇس كىرىپ كەلدى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن بىرنەچچە يەشىك چاي، مېۋە- چېۋە ئىچىملىكلىرى ۋە مۇراببالارنى بېسىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ناھىيەلىك سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن كەلگەن ماشىنا ئىدى. بۇ كىرىپ كېلىۋاتقان قۇربان ھېيتنىڭ سوۋغاتلىق بۇيۇملىرى ئىدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە سوۋغات قىلىناتتى.

ھېيت كەلگۈچە سېتىپ چىقىرىش بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ پۇتى پۇتىغا تەگمەي قالدى. مەھسۇلاتلار توپ- توپى بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئىدارە- ئورگانلارمۇ، تىجارەتچى- كاسىپلارمۇ كېلەتتى. خۇسۇسەن سوغۇق ئىچىملىكلەر بىلەن مۇراببا تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى چىقىپلا كەتكەنىدى. ھېيت ھارپىسىدىكى بۇ سودىدىن پۈتۈن شىركەت خۇش ۋە مەمنۇن ئىدى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھېيتقا ئاشۇ خۇشلۇقى ئىچىدە كىرىپ كەتتى.

ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى نۇرمەمەت شامالباغدىكى مەھەللىداشلىرى بىلەن ھېيتلاپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز يان تېلېفونى سايراپ كەتتى. ئېكراندا شىركەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى تۇراتتى. نۇرمەمەت تېزلا قۇلىقىغا تۇتتى.

— دىرېكتور...... دىرېكتور، شىركەتكە بىر كەلسىڭىز



بولۇپتىكەن!

— نېمە بولدى، نېمىگە بۇنچە جىددىيلىشىسىز؟

بىر ماشىنا ئادەم كەلگەنىكەن، ئۇلار...... ئۇلار...... — ئاۋاز ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ۋەي، ۋەي! سۆزلىمەمسىز، ئۇلارغا نېمە بولۇپتۇ؟

— ئۇلار شىركەت دەرۋازىسىنى پېچەتلىۋەتتى.

— نېمىش بولۇپتىكەن، نېمە ئادەملەركەن ئۇ؟

— ھەممە...... ھەممىسىدىن بار. سودا سانائەت، ساقچى دېگەندەك.

نۇرمەمەت جىنەستىنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇپلا ماشىنىسىنى يېزىغا بۇردى. قورۇ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. ئىشخانا، پىششىقلاپ ئىشلەش ئورۇنلىرىغا كىرىدىغان ئوتتۇرا ئىشىككە بىرنەچچىدىن تامغىلار بېسىلغان پېچەتلەر چاپلىۋېتىلگەنىدى. نۇرمەمەت داڭ قېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى، پېچەتلەپلا كېتىشكىنىنى دېيىشەتتى. سەۋەبىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى. ھېيت تۈگەپ، ئىشقا چۈشىدىغان ئەتىگىنى قورۇغا يەنە بىر ساقچى ماشىنىسى پەيدا بولۇپ قالدى.ئازراقتىن كېيىن، نۇرمەمەت بىلەن سېتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىنى چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەر تەئەججۈپ ئىلكىدە قاراپ قېلىشتى.

تۇرغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. پېچەتنى ئېلىۋېتىپ ئىشلىگىلى بولمايتتى.

— سەۋەب ئايدىڭلاشقۇچە قايتىپ تۇرۇڭلار،— دېيدى مۇئاۋىن دىرېكتورلار باش قوشۇپ،- خەۋەر قىلغاندا كېلەرسىلەر.

نەچچە كۈندىن كېيىن يېزا بازىرىغا: «چاي مەھسۇلاتلىرى شىركىتى چاي كورۇپكىلىرى بىلەن نىقابلاپ زەھەر سودىسى قىلىپتۇ. دىرېكتورنى تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېگەن بىر ۋەھىملىك خەۋەر پۇر كەتتى. نەگىلا بارسا شۇ گەپ، يوللاردىمۇ، ئاشپۇزۇل،

ساتىراشخانىلاردىمۇ شۇ غۇلغۇلا ئىدى.

— نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن؟— دېيىشەتتى شىركەتتىكىلەر،- ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىمىز چاي، سوغۇق ئىچىملىك، مېۋە- چېۋە مەھسۇلاتلىرى تۇرسا، زەھەر نېمىش قىلىدۇ بىزدە؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار چوقۇم ئازغىنىپ قالغان گەپ.

— ھەي، توختاڭلار، توختاڭلار،— دېدى بىرەيلەن غۇلغۇلچىلارنى پەسلىتىپ،— سەۋەبىنى مەن بىلگەندەك تۇرىمەن.

— ھە، دېگىنە، قانداق ئىشتۇ بۇ؟

— مەنچە، مەلۇم بىر ئەبلەخ بىزنىڭ خالتا- كورۇپكىلىرىمىزنى ساختىدىن ياساپ، زەھەر سېتىپ تۇتۇلغان گەپ. ساقچىلار بولسا، بىزنىڭ كورۇپكا، ماركىلىرىمىزغا قاراپلا شىركەتتىن گۇمانلىنىشقا باشلىغان گەپ.

— گۇمانلانسىمۇ، تەكشۈرمەيلا ئادەم تۇتسا بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ، دىرېكتورنى دەڭلار.

— شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى شۇ بولغاندىكىن شۇنى تۇتىدۇ- دە.

— سەن بەك بىلەرمەن ئىكەنسەنۇي ئاداش! — دېدى بىرەيلەن،— ئابلىمىت مۇدىرچۇ؟ ئۇمۇ قانۇنىي ۋەكىلما؟

— ئەمىسە مەن بىلمىدىم......

ئىشچىلار شۇنداق دېيىشىپ بېسىقىپ قېلىشتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىدىكى «قارلىق تاغ چاي مەھسۇلاتلىرى» نى مەخسۇس سېتىش دۇكىنىنىڭ غوجايىنى بىر يەشىك چاينى كۆتۈرۈپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا كەلدى.

— مەن ئۇلارنىڭ توختاملىق ۋاكالەتچىسى ئىدىم،— دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنى،— مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك كېتىۋاتقان. ھېلىقى زەھەر گېپىنى ئاڭلاپ، ھېيت ھارپىسىدا



ئەكەلگەن ماۋۇ يەشىكنى چۇۋۇغانىدىم. ئىككى كورۇپكىدىن ماۋۇ نەرسە چىقتى،— ئىككى خالتىنى توككىدە قويدى. بۇمۇ ئالدىنقىلىرىغا ئوخشاشلا چاي ئارىسىغا سېلىنغان نەشە ئىدى.

— مانا، دېمىدىممۇ؟— دېدى بۇ دېلوغا مەسئۇل ساقچى باشلىقى،— ئۇلار چوقۇم مۇشۇ ئۇسۇلدا زەھەر سودىسى قىلىۋاتقان گەپ. ئەسلىدە بۇ ئالاھىدە ماللارنى ئايرىم بىرىگە بەرمەكچى. ئەمما، بىرسى ئۇقۇشماي بۇ ماللارنى ئامبارغا خاتا كىرگۈزۈپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن پاش بولۇپ قالغان.

— ئەمىسە،— دېدى يەنە بىر ساقچى،— بۇنىڭ ھەقىقىي جىنايەتكارى كىمدۇ؟ مېنىڭچە، شىركەت بويىچە بۇنداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ناتايىن. ئۇلار ئارىسىدا خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىۋاتقان بىرسى بار. بىز دەل شۇ جىنايەتچىنى قېزىپ چىقىرىشىمىز كېرەك.

نەچچە كۈندىن كېيىن شىركەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، ئېلىپ كېتىلگەنلەر قايتىپ كەلمىدى. شىركەت قوغداش بۆلۈمىنىڭ نۆۋەتچىخانىسى دېلو ئىشلىگۈچى ساقچىلارنىڭ ئىشخانىسىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئىشچىلارنى بىر- بىردىن چاقىرىپ سۆھبەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ گۇمانىنى، قاراشلىرىنى خاتىرىلەيتتى. باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتى. بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئۈرۈناتتى. ئەمما، دېلودا ئىلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى.

جىنەستە قويغان- تۇتقىنىنى بىلمەيتتى. نۇرمەمەتتىن ئەنسىرەپ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. «تۈرمىگە سولاپ قويغانمىدۇ؟ سوراق قىلىۋاتقانمىدۇ؟ تاماق بەردىمىكىن، يا ئاچ قالدىمىكىن؟.......» كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ شۇ غەم، شۇ قايغۇدا ئىدى. كۆز يېشى قۇرۇمايتتى. نەچچە قېتىم يوقلاپ باردى. ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئەمەس، قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. كۆرۈشتۈرمىدى.

يالۋۇرۇش، ياش تۆكۈشلەر كارغا كەلمىدى. قۇرۇقتىن- قۇرۇق دەرۋازا ساقلاپ يىغلاپ قايتىپ چىقتى.

— بۇ بالا- قازانىڭ نۇرئەخمەت بىلەن ئالاقىسى بارمىدۇ يا؟- دېگەن بىر ئوي توساتتىن كاللىسىغا كىرىپ قالدى ئۇنىڭ.- بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈش پەقەت ئۇنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، شىركەت نامى، ماركا- قاپلارنى ياسىتىپ ئىشلىتىش......

ئۇ بىردىنلا ئۆز گۇمانلىرىدىن روھلىنىپ كەتتى. بالىسىنى قوشنىسىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، يول جابدۇقىغا چۈشتى. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا نۇرئەخمەتنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدى.

مېڭىشتىن بۇرۇن ساقچى ئىدارىسىغا يەنە بىر قېتىم باردى. ئېرى بىلەن كۆرۈشەلىسە، نىيىتىنى ئېيتىپ قويماقچى ئىدى. ئەپسۇس، ساقچىلار يەنە كۆرۈشتۈرمىدى. جىنەستە تەۋەككۇل يۈكىنى يەلكىسىگە ئالدى. بېكەتكە چىقىپ ئۆزگەرتىش تۈرمىسىگە قاراپ ماڭدى.

بۇ يەردە جىنايەتچىلەر يوقلاپ كەلگەن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلەتتى. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئېلىپ بېرەتتى. نۇرئەخمەت جىنەستىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئاچقان پېتى قالدى.

— سىزنى يوقلاپ كەلدىم ئاكا،— دېدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن،— ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

— تۈرمىنىڭ نەرىمۇ ياخشى بولسۇن، سىڭلىم،— كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى ئۇ،— «نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق» دەپ، ئۆز پۇتۇمغا ئۆزۈم پالتا چاپتىم. ئىنىمنىڭمۇ يۈزىنى تۆكتۈم......

«يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئەبلەخ، تاپقان بالالىرىڭ ھېلىمۇ تىنچ قويماۋاتىدۇ بىزنى......» دېدى جىنەستە ئىچىدە تىللاپ.



— ھېچقىسى يوق ئاكا،— دېدى جىنەستە شۇ خىيالدىن كېيىن يالغاندىن،— بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ،— ئۇ شۇنداق دېگەچ ئېلىپ كەلگەن تۈگۈنچىنى يەشتى. ئارىسىدا توقاچ، كاۋاپ دېگەندەكلەر بار ئىدى،— ئالدىراشلىقتا قۇرۇق قوللا كېلىپ قالدىم. ئېلىك، بىر بۇردا يەڭ ئالدىمدا.

— رەھمەت سىڭلىم. ھە...... ئىنىم...... ئۇ ئالدىراشتۇ ھەقاچان.

— نېمىسىنى دەي ئاكا،— جىنەستىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى،— ئىنىڭىزنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى.

نۇرئەخمەت قولىدىكى گۆش پارچىسىنى تاققىدە قويدى.

— نېمە، نېمە دېدىڭىز؟ ئۇ...... ئۇنى...... نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدۇ؟

— شىركەتنىڭ چاتىقى بولمامدۇ، ئاكا؟ مەھسۇلات ئارىسىدىن زەھەر چىقىپ قاپتۇ،— ئۇ سىناش نەزىرى بىلەن يەر تېگىدىن نۇرئەخمەتنىڭ چىرايىغا سەپسالدى. ئۇنىڭمۇ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

— شۇنىڭ بىلەن تۇتۇپ كەتتى دەڭ. يالغۇز ئۇنىلا تۇتۇپ كەتتىما؟ شىركەتكە باش بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇنى تۇتامدىكەن؟

— جېلىلمۇ بار، ھېلىقى سېتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى......

— ئەسلىدە ئاشۇ ئىچى قوتۇر گۇيىنى تۇتسا بولاتتى.

— كىمنى دەيسىز؟— ئاڭقىرالمىغان بولۇپ ئەتەيگە سورىدى جىنەستە.

— ھە، مۇنداق...... مۇنداقلا دەپ قويدۇم. ئەجەب ئىشلار-دە بۇ، چۈشىنىكسىز...... — نۇرئەخمەت جىنەستىگە ياخشى كۆرۈنمەن دەپ، ئارتۇق سۆزلەپ قويغىنىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. جىنەستە بولسا ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر سىرلىق باغلىنىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى.

— راستىنى ئېيتسام، ئاكا، — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى جىنەستە، — سىزنىڭ مۇشۇ سىرلىق زەھەر ئىشىغا قارىتا گۇمان-قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي دېگەنىدىم. ئىنىڭىزگە پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەستى.

نۇرئەخمەت خېلىغىچە جىم ئولتۇردى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە نېمىدۇر بىر ئىشقا ئاچچىقى باردەكمۇ قىلاتتى. جىنەستە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— جېنىم ئاكا، سىزنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىڭىز كەڭ ئادەم. بىر ئىشلارنى ئويلاشلىرىڭىزمۇ چوڭقۇر، — ئۇ نۇرئەخمەتنى ئۇچۇرۇپ گەپ ئېلىۋېلىشنىلا كۆزلەيتتى، — مۇشۇنداق ئىشلارنى كىم قىلار شىركەتتە؟

— مېنىڭ كاللام ئىشلىمىدى، سىڭلىم. ئەجەب بىر قىسىملا ئىشلاركەن بۇ......

نۇرئەخمەت قايتىلاپ زوۋان سۇرگىلى ئۇنىمىدى. جىنەستە ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى ساپلا ھېچنېمە ئۇقالمىدى دېگىلىمۇ بولمايتتى. ھەر ھالدا: «ئەسلىدە ئاشۇ ئىچى قوتۇر گۇينى تۇتسا بولاتتى» دېگەن گەپكە بولسىمۇ ئېرىشتى. «بۇ ئىشتا يا بۆلۈم باشلىقىنىڭ، يا ھەر ئىككىسىنىڭ قولى بولۇش مۇمكىنكەن، مۇشۇ ئىككىسىنى كوچىلىسا بىر باشقا چىققۇدەك...... » دەپ يەكۈنلەيتتى جىنەستە ئۆز ھاسىلاتلىرىنى.

جىنەستە قايتقان يېرىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا كەلدى. دېلوغا ئالاقىدار خادىمنى تېپىپ، نۇرئەخمەت بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىنى ئېيتىپ بەردى. ھېلىقى قاراشلىرىنى تەكىتلەپ، ئېرىگە ئۇۋال بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى، كۆز يېشى قىلدى.

— تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىڭىزنىڭ ئاز- پاز قىممىتى باردەكمۇ



قىلىدۇ، — دېدى ساقچى، — بىز يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ باقىلى. ھەر ھالدا ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىنماسلىقى، يامان ئادەم توردىن چۈشۈپ قالماسلىقى لازىم، — دەپ كۆڭۈل قۇۋۋىتى بەردى.

جىنەستە ئېلىپ كەلگەن يىپ ئۇچىنىڭ راستتىنلا قىممىتى بار ئىدى. جىنايەتچىنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېلىقى زەھەرنىڭ قەيەردىن، قايسى ئۇۋۇدىن رەستىگە چىققانلىقىنى بولسىمۇ ئايرىۋالغىلى بولاتتى. رازۋېدكا تامانى ئېنىق بولسىلا، دېلونىڭ پات ئارىدا پاش بولۇشىدىن ئۈمىد بار ئىدى. بىر گۇرۇپپا ساقچى ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىغا- نۇرئەخمەتنىڭ يېنىغا كەتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نۇرمەمەتمۇ، بۆلۈم باشلىقىمۇ قايتىپ كەلدى. زەھەر دېلوسىنىڭ باش جىنايەتچىسى يەنىلا نۇرئەخمەت ئىدى. ئۇ ئىنىسىنى قەستلەپ ئەمەس، ئۆزىنى تەپتىشكە ئەرز قىلىش دوكلاتى سۇنغان ھېلىقى بۆلۈم باشلىقىدىن ئۆچ ئېلىش، ئۇنى شۇ بالاغا تىقىپ قويۇش ئۈچۈن قىلغانىدى. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زەھەر دېلوسى تەلتۆكۈس پاش بولدى.

ئەمما، نۇرئەخمەتنىڭ جىنايىتىگە ئۇلىشىپ جىنايەت قوشۇلدى. زەھەر ئېلىش- يۆتكەش، قەستلەش جىنايىتىگە يەنە 10 يىللىق جازا مۇددىتى قوشۇلدى. ئاتتىن ئۈچقان بۇ تەلەيسىز «چەۋەنداز»نىڭ ئاخىرقى ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يالىسى شىركەتكىمۇ يۇققانىدى. نۇرمەمەت ناھىيە ئىچىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ تەنقىدلەندى، بۆلۈم باشلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىركەتكە بەش تۈمەن جەرىمانە قويۇلدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## چاي يىلى

### 1

يەكشەنبە كۈنى يەنە ھاۋا تۇتۇلۇپ تاڭ ئاتتى. بۇ ھەپتىنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە كۈنىدە بولغان ئاپتاپلىق ھاۋا رايى كىشىلەرگە ياز پاراغىتىنى ئوبدانلا ھېس قىلدۇرغانىدى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپلا تەپتەكشى مانان قاپلاپ تۇرغان ئاسماننى كۆرۈشتى.

ئوغلىنى يېتىلەپ ئالدىراشلا ئىشىكتىن چىققان جىنەستە سىرتقا بىر قاراپلا قوشۇمىسىنى لىككىدە تۈردى. ئىچىدە نىمىلەرنىدۇر غۇدۇراپ، يەنە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئوغلىنىڭ بىر كىيىمىنى ئېلىپ چىقىپ، كۆڭلىكى ئۈستىدىن كىيدۈردى. قول سومكىسىنى بىلىكىگە ئىلغاچ، كىمگىدۇر ئاچچىق قىلغاندەك ئىشىك قاناتلىرىنى تاراقلىتىپ ئېتىپ ھويلىسىدىن چىقتى.

— بۈگۈن يەنە ئاپتاپ يۈزى كۆرمەيدىكەن- دە، كىشى! — دېدى ئۇ تۈرۈلۈپ كەلگەن شامالدىن يۈزىنى قاچۇرغاچ،— يائاللا، يائاللا، قانداق يىل بولۇپ كەتتى بۇ؟ ئىيۇل ئوتتۇرىلىشىپ قالسىمۇ تۈزۈككىنە ئىسسىق بولمىسىمىغۇ مەيلى، بوران بىلەن توپا ياغىدىغان ئىشتىن قۇتۇلسىچۇ كىشى......



دەرۋەقە، جەنۇبتىكى يۇرتلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يىلنىڭ ياز پەسلى ئانچە ياخشى كەلمىگەنىدى. ھاۋانىڭ ئوچۇق، ئاپتاپلىق كۈنلىرى تولىمۇ ئاز بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېھرى بىر تۇتۇلۇپ كەتسە، ھەپتە- ھەپتىلەپ ئېچىلمايتتى. گويا كۇھىقاپنىڭ نەرىدۇر بىر يېرى تېشىلىپ كەتكەندەك، بوران چىقىپلا تۇراتتى. بورانسىز كۈنلىرى يا توپا ياغاتتى، يا چېلەكلەپ يامغۇر تۆكۈلەتتى. ئىشقىلىپ، كىشىلەرنىڭ قۇياشنىڭ يارقىن رۇخسارىنى كۆرىدىغان كۈنلىرى تولىمۇ كەم ئىدى. ھېچبولمىغاندا تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ، 4- ، 5- ئايلاردىمۇ كۆڭلەكچان يۈرگىلى بولمايۋاتاتتى.

جىنەستە ھويلا دەرۋازىسىغا يانداش يەنە بىر يوغان دەرۋازىنى ئاچتى. بۇ ئۇلارنىڭ ماشىنا ئۆيى ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈمۈش رەڭلىك بىر جىپ ماشىنا تۇراتتى. ئۇ ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىپ، ئاۋۋال سومكىسىنى تاشلىدى، ئاندىن ئورۇندۇققا لىككىدە ئولتۇرۇپ ماشىنىنى تالاغا ئېلىپ چىقتى- دە، ئوغلىنى يېنىغا چىقىرىپ ئوڭغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەتىگەنكى سەيرى كەنت سىرتىدا ئەھيا ئەتكەن چىلانباغنى يوقلاش ئىدى. ئۇ چىلانباغدا بېقىلىۋاتقان قوي -كالىلارنىڭ ھەلەپلىكى ئۈچۈن تۈنۈگۈن تەييارلاپ بىرنەچچە خالتا كېپەكنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق ئىشلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغانغا ئۆيدە نۇرمەمەت يوق. ئۇ بۇ يىلقى چاي ۋە چاي مەھسۇلاتلىرىغا خېرىدار، زاكاز ئىزدەپ سىرتقا كەتكەن. كەتكىنىگە 15— 20 كۈنلەرچە بولۇپ قالغانىدى. نۇرئابدۇللا بولسا، باغ ۋە چارۋىلارنىڭ ئىش- كۈشلىرىگە ئاران يېتىشەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ھېلىقى ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇش جىنەستىنىڭ زىممىسىگە قالغانىدى.

ئىككى قاسىنقىنى زىچچىدە دەل- دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان توپىلىق مەھەللە يولىدا بىرىنىڭ باشىبېغى يەنە بىرىنىڭ كەينىگە

چېتىپ قويۇلغان ئىككى ئېشەك ھارۋىسى ئاستا كېلىۋاتاتتى. ماشىنا مەھەللە يولىغا چىقىش بىلەن تەڭ ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چوقچىيىۋالغان 13 ــ 14 ياشلاردىكى ئوغۇل بالا «غاچ» قىلىپ ئېشىكىنىڭ باشبېغىنى تارتتى. قولىدىكى تايىقى بىلەن ئېشەكنى توسۇپ يول ياقىسىغا چىقاردى. ھارۋىلارغا لىققىدە چۆپ بېسىلغانىدى. ئاراچىلىرىدىن ساپسېرىق چېچەكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھارۋىغا قاراپ جىنەستىنىڭ ئىچىدىن ئىختىيارسىز تولىمۇ ئېغىر بىر تىنىق چىقىپ كەتتى. بۇ تىنىق ھارۋا ئۈستىدىكى ئاشۇ ۋاقىتسىز يۇلۇۋېتىلگەن «چېچەكلىك ئوت»لارغا بولغان ئۆكۈنۈش سېزىمى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەتتىكى ئوت ـ چۆپلەر بولماستىن، يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى شامالباغلىقلارغا پۇل تۆكۈپ بېرىپ كېلىۋاتقان «ئالتۇن چېچەك» چاي گۈلى ئىدى. ئۆزىنىڭ يوپۇرماق ـ غوللىرى ئارىسىدا ئېزىلىپ ياتقان نابۇت چېچەكلەرنىڭ رەڭگىدىن تولىمۇ ئېغىر بىر خىل مەيۈسلۈك سېزىلىپ تۇراتتى. گۈل ياپراقلىرىنىڭ تۆكۈلۈشى، مىجىلىپ يۈگىدىلىپ كېتىشلىرى بىلەن غىلتاڭلىشىپ كەتكەن گۈل خەمەكلىرىنىڭ بوش قالغان چاناقلىرىدا شەبنەم تامچىلىرى لىغىرلىشىپ تۇراتتى. بۇ ھال ئۆز ھالىغا يىغلاۋاتقان ناتىۋان قىزنى ئەسلىتىپ قوياتتى.

جىنەستە ھارۋىنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ، كۆزنەكتىن بېشىنى چىقاردى.

ــ ئابلىمىتجان، ئەجەب ئەمدى بولغاندا يۇلۇۋېتىپسىلەر چايلارنى؟ بىر قېتىملىق چېچىكىنى بولسىمۇ تېرىۋالماي......

ــ ئۈزۈپ يىغقان ئەمگەككە تۇشلۇق پۇل بولمايدىكەن دەپ يۇلۇۋەتتىغۇ ئۆيدىكىلەر.

ــ ھەي ئىست، شۇنداق بولسىمۇ يىغىپ قويغۇلۇق ئىدى. بۇ چاغ بولغاندا يا ئورنىغا ئاشلىق تېرىۋالغىلى بولمىسا......

بالا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. جىنەستە ئۆكۈنگەن پېتى تورمۇزدىن



پۇتىنى بوشاتتى ۋە كۆپ ماڭمايلا چوڭ يول ئېغىزىغا كەلدى. كەنتنىڭ بىر چاغلاردىكى ئوششۇققىچە توپا كېچىپ ماڭىدىغان يولىغا ئۆتكەن يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇپ بېرىلگەنىدى. بۈگۈن يېزا بازىرىنىڭ قىزىيدىغان كۈنى بولغاچقىمىكىن، كەنتتىن يېزا تەرەپكە كېتىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. كىچىك ماشىنىلار، موتوسىكلىت، تىراكتورلار، ئېشەك ھارۋىلىرى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك ئۈچمۇئۈچ كېتىۋاتاتتى. يېڭى ئاپىرىدە بولغان بۇ يول باشقا كۈنلىرىمۇ ماشىنا ـ موتوسىكلىتلارنىڭ شاۋقۇنىدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئەزەلدىن ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرىنىلا ئاڭلاپ ياتىدىغان ئىككى قاسناقتىكى پايانسىز ئېكىنزارلارنىڭ ماشىنا ـ موتوسىكلىتلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى يىلچە بولغانىدى. كىچىككىنە بىر سەھرانى چاڭ كەلتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاشۇ ماشىنا، موتوسىكلىتلار، نەرسە سۆرەپ كېتىۋاتقان، ئېتىزلاردا مەشغۇلات قىلىۋاتقان كىچىك ـ كىچىك تىراكتورلار ئەلۋەتتە تارىختىن بېرى ئېشەك ھارۋىسىنى بىردىنبىر قاتناش قورالى قىلىپ كەلگەن ئاشۇ نامرات سەھرالىقلارنىڭ ئىدى.

جىنەستە ئاسفالت يولغا چىقىۋاتقاندا، لىققىدە ئوغۇت بېسىلغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كوزۇپلۇق ئىككى ماشىنا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىنلا ئوتتۇرا ھال تېپتىكى توپا كولاش ماشىنىسىدىن بىرسى ئۆتتى. يول ئەمدى خېلى ئازادە بولۇپ قالغانىدى. جىنەستە كېتىۋېتىپ يولنىڭ سول قانىتىدىكى ئېتىزلارغا كۆز تاشلىدى. ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز ئۇلاشمايدىغان پايانسىز ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى ئۈلگۈجىلا چايزارلىق ئىدى. بۇ قېتىملا ئەمەس، ئۇ قېتىممۇ شۇنداق، ساپسېرىق يوپۇقلارغا چۈمكىلىپ ياتقان ئېتىزلار شامالدا دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى. بۈگۈنكىدەك تۇتۇق ھاۋانىڭ گۇڭگىلىقى ئىچىدىمۇ ئۆز رەڭگىنى

نامايان قىلىپ ياتقان چايزارلىق غايەت زور بىر پارچە ئالتۇن تاختىدەك تاۋلىنىپ ياتاتتى. ھۆپپىدە ئېچىلغان ئالتۇن رەڭ چېچەكلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

شۇنداق، بۇ يىل شامالباغدا ئازدۇر- كۆپتۇر چاي گۈلى تېرىمىغان دېھقان ئائىلىسى قالمىغانىدى. بەزى ئائىلىلەر ئىلگىرىكى بارلىق يەرلىرىنى پۈتۈنلەي چايزارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شامالباغ، ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان قوشئوتاق يېزىسى، ئۇلار تەۋە بولغان پۈتكۈل ناھىيەلا ئەمەس، ئۇلاردىن ھالقىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بارلىق ناھىيە- يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە چايگۈلى تېرىش قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىققانىدى.

شۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ قىلىشىدىغان، ئەڭ كۆپ ئاڭلايدىغىنىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان ۋە بەزىلىرىنى ئەڭ بىزار قىلىدىغىنىمۇ ئوخشاشلا گۈل چاي ھەققىدىكى پاراڭلار ئىدى. كوچا- كويدىمۇ، بازار- رەستىلەردىمۇ، ھەتتا داستىخان ئۈستىدىمۇ چاي گۈلى توغرىسىدىكى پاراڭلار ئۆكسۈمەيتتى:

— مەمتاخۇن، چايلىرىڭلار قانداقراق؟

— بەك ئوخشىدى جۇماڭلار! ئالدى غۇنچىلاشقا باشلىدى،— لېۋىنى يالاپ قويىاتتى سۆزلىگۈچى،— خۇدا بۇيرۇسا بۇ يىل ئاپتوبۇستىن بىرنى ئېلىپ كىراغا سالىمەن! ئۆزۈڭلارنىڭچۇ؟ ھە راست، تۇرپاندىن پارنىك ئېلىپ چاي تېرىدى دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟

— 50 دانە پارنىك ئالغان. تۆت قېتىمدىن ئۈزۈپ بولدۇق. يەنە بەش- ئالتە قېتىمدىن ئۈزىمىز تېخى.

— راست، تۇرپان دېگەن بەك ئىسسىق. گۈل چاي ئەتىيازدىن باشلاپ كەچ كۈزگىچە غۇنچىلايدۇ ئەمەسمۇ! پۇلغا كۆمۈلۈپ كېتىدىكەنسىلە ئەمسە؟

— ئىشقىلىپ، 4 — 5 مىليون ئەكېلەرمىزمىكىن.



يان تەرەپتىكى ئاڭلىغۇچىلاردىن ئىككىسى بىر- بىرىگە مەنىلىك بېقىشىپ قويىدى. بۇ قارىشىشلار سەل سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىنىپ ھەيران قېلىۋاتقانلىقى ياكى «ئاتە پورۇڭنى!» دەپ مەسخىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئىمىن ئاكا، كۈيۈ ئوغلىڭىزنى 100 مو چاي تېرىپتۇ دەپ ئاڭلايمىزيا؟

— تېرىمىدى، تېرىغانلاردىن كۆكىنى ئالدى.

— ئالسىمۇ، تېرىسىمۇ ئوخشاش. مەن دېمەكچى، ئۇ بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى تۇرسا، شۇنچە چايلىقنى قانداق باشقۇرۇپ بولار دەيمەن.

— پۇل باشقۇرىدۇ، پۇل،— جاۋاب بېرەتتى بىرى ۋاكالىتەن،— بىزنىڭ يېزا باشلىقىنىڭ چايلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر؟ تۆت يەردە 350 مودەك يېرى بار دەيدۇ. ھەممىسىگە چاي تېرىپتۇ، چاي.

— توختاڭلار، ئاغىنىلەر، توختاڭلار،— ئىزاھلىدى باشتا سۆزلىگۈچى،— يېزا باشلىقىنىڭ «ھايت» دېسە 20 — 30 ئادەمنى ئېلىپ كېلىدىغان يەرلىك بەگلىرى بار. ئەمما، ئىمىنكامنىڭ كۈيۈئوغلى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ؟

— راست دەيسىز ئۇكام،— گەپ ئارىلىدى ئىمىن ئاخۇن،— بىزنىڭ ئەكرەمجاننىزە، ھاي دېسەك ئۇنىمىدى. چايلىقنى ئالغاندىن باشلاپ پۇلغا ئىشلەمچى ئېلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ دەڭا؟ ساپساق ئىككى مىليون دەسمايە سالدى. ھازىرغىچە ئىشلەمچى ئىشلىتىۋاتقان پۇلى ئۇنىڭ سىرتىدا تېخى...... — ھاشىماخۇن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ گېپىنى يۆتكىدى: — ئاشۇ پۇلغا چاي ئۈزۈپ بېرىدىغان ئىشلەمچىنىڭ قىسلىقىنى دېمەيسىلەر تېخى. بىز دېھقانلارغۇ قىلىدىغان ئىشىمىز تېرىقچىلىق بولغاندىكىن

تېرىپتىمىز. تولا خۇدايىم، ئىشچى- خىزمەتچىدىن تارتىپ چوڭ- كىچىك تىجارەتچىلەرگىچە گۈلچاي تېرىمىغانلىرى قالمىغانمىكىن دەيمەن. ئەمما، ئاشۇلارنىڭ كۆپلىرى ھازىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي يۈرۈشۈپتۇ.
— ۋوي، نېمىشقا ئەمدى، ھاشىمكا؟
— ئىشلەمچىنىڭ قىسلىقى بولمامدۇ؟ تولا ئىشلەمچىلەر گۈلچاينىڭ ئىشلەشتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. نېمىشقا دېسەڭلار، بۇ چايگۈلنىڭ تەبىئىتى بەكلا سوغۇق بىرنېمىكەن. ئادەم بىر- ئىككى كۈن گۈلچايلىقتا ئىشلەيدىغان بولسا، بېشى قېيىپ، پۇت- قوللىرى ئۆلگۈچىلا ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدىكەن. چاي ئۈزۈپ پۇل تاپىمىز دەپ يۈرگەن خوتۇنلارنىڭ نەچچىسى يىقىلىپ قاپتۇ. تاپقان پۇللىرى دوختۇرخانىغا كېتىپتۇدەك.
— ئۇنچىمۇ بولۇپ كەتمىگەندۇ؟
— ھاشىمكامنىڭ دېگىنى بەرھەق، — دېدى يەنە بىرەيلەن، — مانا مەنمۇ ئالتە كۈن چاي ئۈزگەن، بىردىنلا ماغدۇرۇمنى يالماۋۇز شوراپ كەتكەندەك ئاجىزلاپ قالدىم. تېۋىپقا بارسام، «سوغۇق ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ بىرمۇنچە پۇلغا دورا بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ چايلىققا كىرىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم......
دەرۋەقە، چاي ئۈزىدىغان ئىشلەمچىلەر قىسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم قىسلاشقانسېرى، چاي ئۈزۈش ھەققىمۇ ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. 50— 60، 100— 200 مولاپ چاي تېرىغان كىشلەر نېمە قىلارىنى بىلىشمەي، كۆزىنى يۇمۇپلا ئىشلەمچىنى پۇلغا زورلاۋاتاتتى. بىر كىلوگىرام گۈل چايغا 18—20 يۈەن بېرىشىپ ئادەم تالىشىۋاتاتتى. ئادەم تالاشقانسېرى، ئىش ھەققىنى كۆپەيتكەنسېرى ئىشلەپ بېرىدىغانلا شۇنچە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. گۈل چايلىقلار ئۆز ئىگىلىرىگە زىيان تەھدىتىنى چاقىرىۋاتاتتى.



چۈنكى، 18—20 يۈەندىن ئىش ھەققى بېرىپ تەرگۈزۈۋاتقان ئەشۇ بىر كىلوگىرام گۈلچاينى قۇرۇتقاندىن كېيىن، تازا ئوبدان ساتتىم دېگەندىمۇ 30 يۈەن كىرىم بولاتتى. گۈلچاي تەرگۈزۈش ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندە قولدا قالىدىغىنى 10 يۈەندىن ئاشمايتتى.
شۇنداق قىلىپ، دېھقان بولمىغان چايكار لارنىڭ نەچچىسى ئىلاجسىز چايلىقلىرىنى تاشلىۋېتىپ باراتتى. گۈلچايلارنى ئۈزۈشكە ئادەم بولمىغانلىقتىن، قۇرۇپ، شاماللارغا ئەگىشىپ قاياقلارغىدۇر غايىب بولاتتى. شامالدىن ئامان قالغانلىرى تۇۋىگە تۆكۈلۈپ چىرىندىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى......
مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، كىشلەرنىڭ گۈلچاي تېرىشقا شۇنچە قىزىقىپ قېلىشىنىڭ بىرلا سەۋەبى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ پۇل، ئۆتكەن يىلى شامالباغ چايلىرىنىڭ ھەر كىلوگىرامىنىڭ 800 يۈەندىن 1200 يۈەنگىچە بازار تاپقان بەرىكەتلىك باھاسى ئىدى. ئۇ چاغدا شامالباغ چايكارلىرىغا گۈلچايدىن ھەقىقەتەن ئامەت كەلگەن. ئەڭ تۆۋەن ھېسابتا بىر مو يېرىگە «كۆرۈپ بېقىش» نىيىتىدە مۇنداقلا گۈلچاي تېرىپ قويغانلارمۇ بىر- ئىككى يۈز مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قېلىشتى. بىر يازدىلا مىليونېرغا ئايلىنىپ كەتكەنلەردىن نەچچىسى چىقتى. كەنت يولىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرغان، ئاۋۇ يول بويىدىكى ھويلىلار ئالدىدا، لاپاسلار، بوستان سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدا توختىتىپ قويۇلغان خىلمۇ خىل تىپتىكى كىچىك ماشىنا،موتوسىكلىتلار، لاي تاملىق كەپە ئۆيلەر ئورنىدا قەد كۆتۈرگەن خىش- كاھىشلىق يېڭى ئۆيلەر ئەنە شۇ بايلىقنىڭ كارامىتى ئىدى.
ئەپسۇس، بۇ يىل ئەنە شۇنداق كەڭ كۆلەمدە تېرىلغان، پۈتكۈل قوينى گۈلچايلىققا ئايلىنىپ كەتكەن ئېتىزلىقلار غېرىبسىنىپ قالغانىدى. ئۆز باغرىلىرىدا چايقىلىپ ياتقان ئاشۇ

پايانسىز «ئالتۇن دەرياسى»نىڭ چايقىلىشى، شامالدا مەۋجلىنىشىدىن باشقا، ھېچقانداق شادلىق شەپىسىدىن، ھايات شاۋقۇنىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۆتكەن يىلقىدەك توپ- توپى بىلەن چېچەكلەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ يۈرۈپ گۈلچاي ئۈزىدىغانلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە بىردىن، ئىككى- ئۈچتىن قىزىل- چۇرىلەر، ئۇششاق باللار قىمىرلىشىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلچايلارنىڭ كۆپىنچىسى يىغىۋېلىش ۋاقتىدىن ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ۋاقتى ئۆتكەن چېچەكلەر خەمكىدىلا قۇرۇپ ئاقىرىپ كەتكەن، تۈۋىگە تۆكۈلۈپ چىرىندىگە ئايلىنىپ كېتىشكەنىدى. بەزى گۈلچايلىقلارنى شامال- بوران دەۋرەپ يەرگە تۆكۈۋەتكەن، پەرۋىشسىز، سۇغىرىشسىز قالغان نۇرغۇن ئېتىزلار سولىشىپ- قۇرۇپ كەتكەنىدى.

جىنەستە گويا مەنزىرە تاماشىسى قىلىۋاتقاندەك، ئىككى قىرغاقتىكى ئېكىنزارلارغا قارىغىنىچە تولىمۇ ئاستا كېلەتتى. ئوغلى يان ئورۇندۇقنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ نېمىلەرنىدۇر ۋىچىرلاپ ماڭاتتى. ماشىنا كەنت تەشكىلىنى مەركەز قىلىپ سېلىنغان خىش قۇرۇلمىلىق دېھقان ئۆيلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇزۇن ماڭمايلا باغۋاراڭلار يېپىلىپ ياتقان جايغا كەلدى. بۇ يەرلەرنىڭمۇ كۆپ قىسمى گۈلچايلىق ئىدى. ئاندا- ساندا بۇغداي ئېگىزىغا تېرىلغان قوناقلىقلارمۇ ئۇچراپ تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا جىنەستىنىڭ دىققىتىنى يول بويىدىكى چايلىقتا بولۇۋاتقان بىر ئەھۋال تارتىپ قالدى. گۈلچاي ئېتىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساپان قوشۇلغان بىر ئۆكۈز توختاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ھە دەپ بىر بىرى بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى. جىنەستە يېقىنلاپ كېلىپلا تۇرغانلارنى تونۇدى. ئۇلار بايا قوش ھارۋا بىلەن ئۇچرىغان بالىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بولۇپ، چوڭى دادىسى، كىچىكى بالىنىڭ ئاكىسى ئىدى. شۇ ئارىدا يىگىت



قولىدىكى نېمىدۇر بىرنەرسىنى چۆرۈۋېتىپ، قىر ئۈستىگە ئولتۇردى. دادىسى يالاڭ چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ ساپان قېشىغا ماڭدى. قارىغاندا، ئۇ چايلىقنى ئاغدۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى. جىنەستە ماشىنىنى توختىتىپلا ئېتىزغا كىردى، ئويلىغاندەك چال ساپاننى رۇسلاپ ئۆكۈزگە تاياق پۇلاڭلىتىۋاتاتتى.

— توختىسىلا، توختىسىلا ھاشىمكا! — يىراقتىنلا توۋلاپ كەلدى جىنەستە، — نېمە قىلاي دەيلا؟ چايلىقتا ساپان سۆرەپ يۈرىلىغۇ؟

— ئاغدۇرىمەن خېنىم، ئاغدۇرۇپ سەۋزە تېرىيمەن!

— نېمىدەپ ئەمدى؟ نېمىشقا ئاغدۇرۇۋېتىلا، ئۈزگىلىۋاتقان چېچەكلىكنى؟

— ھەي...... قىزىم، دەپ كەلسەم گەپ تولا. پۇلغا يارىمىغان بۇ نېمىنىڭ رەڭگىرويىغا ئالدىنىپ ئاچچىق يۇتقاندىن، ھېلىھەم بولسىمۇ بولغان زىيانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالاي دېدىم.

— شامال كېلە-كەلمەي لىڭشىپ، بارنى بۇزغىلى تۇرساق، نادامەتكە ئۈلگۈجە قالدىغان گەپ! — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، — قارىغاندا بۇ ئىشقا ئۇنىڭ رازىلىقى يوقتەك قىلاتتى.

— ماقۇل! دېدى ھاشىماخۇن تەئەددى بىلەن، — سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ، چايلىقنى بۇزمايمۇ تۇرايلى. ئەمىسە ئېيتقىنا بالام، ئۈچ ئائىلىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەر كۈنى ئىشلەپ يۈرۈپ ئۈچ قېتىم چېچەك ئۈزۈپتىمىز. ئىككى قېتىم يۇدۇپ چىقىپ بازارغا ساپتىمىز. زادى قانچە پۇلغا يارىدى؟ بۇلتۇرقىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يارىمىدىيا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقكە يالۋۇرۇپ يۈرۈپمۇ ساتقىلى بولمايۋاتامدا؟ پايدىسى يۇقمىغان مازاردىن شەيخمۇ قاچىدۇ، بالام. ئۇنىڭدىن كۆرە، شاققىدە ساپانغا باستۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا سەۋزە بولسىمۇ تېرىۋالساق، بەش مو يەر دېگەندىن خېلى پۇل كىرىم قىلىۋالىمىزيا؟

— توختىسىلا ئاكا، — گەپ ئارىلىدى جىنەستە، — 7-ئايمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئالدىراپ - سالدىراپ چايلىقنى بۇزىمەن دېمىسىلە. سېلى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايلا. ئەتىيازدا شىركىتىمىز بىلەن تۈزگەن توختاملىرى بارغۇ؟ بىز كەنتىمىزدىكىلەر بىلەن جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ توختام ئىمزالاشقان. نۇرمەمەت ئىچكىرىدىن زاكاز ئېلىپ كەلگىلى كەتتى. زاكازلار كەلسىلا سېتىۋېلىشنى باشلايمىز. چايلىرى ھەرگىزمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، ئاكا. مېنىڭچىمۇ ئوغۇللىرى ئابلىمىتجاننىڭ دېگىنى توغرا. كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ كەلگەن چايلىقنى بۇزماي تۇرسىلا.

— ئەگەر زاكاز- پاكاز دېگەنلىرىڭىزنى ئەكېلەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا «ئالالمايدىغان بولدۇق» دەپ تۇراسىلەر ھېلى؟

— خاتىرجەم بولسىلا، زاكاز كەلسۇن- كەلمىسۇن، كەنتىمىزدىكىلەر بىلەن تۈزگەن توختامدىكىسىنى چوقۇم سېتىۋالىمىز. سىلى بىلىلا، بىز ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيمىز ئەمەسمۇ؟

— قانداق؟ — دېدى يىگىت دادىسىغا، — جىنەستەمنىڭ دېگىنى مەن دېگەنلەر بىلەن ئوخشاشمىكەن؟ توختام بولغاندىكىن سەۋر قىلىلى دادا.

ھاشىماخۇن دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلمىگەندەك كۆزلىرىنى يىراققا تىكتى. ئىچىدە ئۇ بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆز گۈلچايلىقىنىڭ يۇقىرىسىدىكى نەچچە ئائىلىنىڭ قوناقلىقىغا زەن سېلىۋاتاتتى. دەرۋەقە، ئاشۇ بىرنەچچە پارچە قوناقلىق ئىككى ئاي ئالدىدا ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ئوخشاشلا گۈلچايلىق ئىدى. 5- ئاي كىرىپ گۈلچايلارنىڭ ئالدى چېچەكلەشكە باشلىغاندا، كەنتكە بۇ يىلقى گۈلچاي بازىرىنىڭ كاساتلىششى ھەققىدىكى پاراڭلار ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى.



ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى يىللاردىكىدەك ئىچكىرىنىڭ، چوڭ- چوڭ شەھەرلەرنىڭ يېزا- يېزىلاردا دېۋەيلەپ يۈرىدىغان گۈلچاي سودىگەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال ھېلىقى پاراڭلار بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ھېلىقى بىرنەچچە ئائىلىلىك دېھقان گۈلچايزارلىقىنى بۇزۇپلا، ئورنىغا ئېگىز قوناقنى تېرىشىۋالدى. بوۋاي كۆز تىكىپ تۇرغان قوناقلىقلار شۇ ئىدى.

— كېچىكىپ تېرىلغىنى بىلەن،- دەپ ئويلايتتى ھاشىماخۇن شۇ تاپتا قوناقلار بەس- بەستە باش تارتقىلى تۇرۇپتۇ. ئېگىز قوناقنى چىقىش قىلمايدۇ، دەپ ياراتمىغان بىلەن، ئاز بولسىمۇ ئۆيگە ئاش كىرىدىغان گەپ. ھەي...... بۇ يىل ئاشلىقنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ كېتىدىغان بولدى- دە. ئالدىنقى يىللارغۇ گۈلچاي ساتقان پۇلغا ئېلىپ يېدۇق. بۇ يىل قايسى پۇلغىمۇ ئالارمىز؟......

بوۋاينىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە يېمەكلىكلەر بازىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، ياغ، سەي- كۆكتاتلارنىڭ باھاسى كۈنسېرى ئۆرلەۋاتاتتى. نۇرغۇن پارنىكلار، كۆكتات ئېتىزلىرى گۈلچايلىققا ئايلىنىپ كەتكەچكە، يېزىلاردىمۇ ئوتياش قىس ئىدى. خېلى جىق دېھقان ئائىلىلىرى يەكشەنبە كۈنى ھارۋىلىرىغا يېزا بازىرىدىن كۆكتات ئالغاچ كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— «پېشىڭنى شاخ ئىلسا توختا» دەپتىكەن، — دېدى بوۋاي ساقىلىنى تاتىلاپ قويۇپ، — بولاپتۇ، سىلەر گېپىمىز گەپ دېگەندىكىن بۇزمايلى ئەمىسە.

يىگىت دادىسىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. بوۋاي بولسا ئەكسىچە ئۇلۇغ- كىچىك تىندى.

جىنەستە چىلانباغقا يېتىپ كەلگەندە، نۇرئابدۇللا ئىككى

ئىشلەمچى بىلەن قوتاندىكى چارۋىلارغا ھەلەپ تەييارلاۋاتاتتى.

— ئوبدانمۇ كەلدىڭىز سىڭلىم،— دېدى ئۇ كۆرۈشۈشنىڭ بىسمىللاسىدىلا،— جانىۋارلارنىڭ يەم - خەشەكلىرى تۈنۈگۈن چورتلا تۈگەپ كەتتى. مانا بۈگۈن قويلارغىمۇ يەم- خەشەك ئورنىغا ھەلەپ ئېتىۋاتىمىز. يېنىشتا مېنى بازارغا ئالغاچ كېتىڭ. بۈگۈن پىشكى قوناق بىلەن كۈنجۈرە، چىگىت پوستىكى دېگەندەكلەرنى ئالمىسام بولمىدى.

— ئاكىڭىز قايسى كۈنى بىر سوپەك يەم-خەشەك چىقارتتىم دەۋاتاتتىغۇ؟

— نەدە بىر سوپەك بولىدۇ؟ يېرىم خاپان بىرنېمىكەن، تۈنۈگۈنگىچە ئاران يەتتى. تەييار ئارىلاشما يەم- خەشەك ئۇقۇشتۇم دەۋاتقان، ئاڭغۇچە ئېچكىرىگە كېتىپ قالدى ئەينا.

جىنەستە بورداقتا سېلىۋاتقان قويلارنى، ئەتىيازدا موزايلىغان كالىلارنى كۆرگەچ ياڭاقلىق باغقا ئۆتتى. يۈز نەچچە مو كۆلەمدىكى ياڭاقلىق غۇچچىدە مېۋىلەپ شاخ- شېخىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ياڭاقلىق باغدا ئىشلەيدىغان تۆت كىشى ياڭاقلارنىڭ يېرىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان شاخلىرىغا دىيەك قويۇۋاتاتتى.

جىنەستە چىلانلىق باغقا ئۆتتى. چىلانلارمۇ تازا بولغان، ھەممىسى كەلگۈسى مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. مەڭزىنىڭ سىڭار يېنى قىزىرىشقا باشلىغان چىلانلار ئەڭلىكىنى تولۇق ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نازىنىنلارنى ئەسلىتەتتى. ئۇ چالا- بۇلا قىزىرىشقا باشلىغان چىلانلارنى شۇلارغا ئوخشاتتى. ئوخشىتىپ بولۇپ ۋىلىققىدە كۈلۈپ سالدى. ئوغلى لاپ قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئاپا، كىمگە كۈلۈۋاتىسىز؟

— ئاۋۇ نازىنىنلارنىڭ ئەڭلىكىگە بالام،— جىنەستە يەنە كۈلدى،— قارىغىنە، ئۇلارنىڭ مەڭزىگە؟



— مەڭزى دېگەن نېمە ئۇ؟

— مەڭزى دېگەن يۈزنىڭ ماۋۇ يېرى بولىدۇ، قارا،— ئۇ بارماقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىنى كۆرسەتتى،— مانا ماۋۇ بىر مەڭزى، ماۋۇ يەنە بىر مەڭزى.

بالا بىر ئانىسىنىڭ يۈزىگە، بىر چىلانلارغا قارىدى.

— چىلاننىڭ نەدە ئىككى مەڭزى بولسۇن؟ بىرى كۆپكۆك تۇرمامدۇ؟

— ئاشۇ بىر مەڭزىمۇ ئەتە- ئۆگۈن قىپقىزىل بولىدۇ. مەڭزىلا ئەمەس، ھەممە يېرى گىلاستەك قىزىرىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ تولۇق پىشقان بولىدۇ.

— چىلانلىرىمىز بەك يېپىشلىك- ھە، ئانا؟

— شۇنداق بالام.

ئانا- بالا خۇشال ھالدا باغلارنى ئايلىنىپ قورۇغا قايتىپ چىقتى. نۇرئابدۇللا مال- چارۋىلارغا ھەلەپ بېرىۋېتىپ بىكار بولغانىدى. ئۇ ئىشلەمچىلىرىگە كالا ئېغىلىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقدىۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، يەم خەشەك ئېلىپ كېلىدىغان تاغار- خالتىلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە سالدى.

## 2

جىنەستە بۈگۈن كۈندىكىدىن خېلىلا بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق روھلۇق ۋە خۇشال ئىدى. ئوغلى ئويغانغۇچە ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ھويلا- ئاراملارنى پاك- پاكىز تازىلاپ چىقتى. ئۇ گويا ھېلىلا كەلمەكچى بولغان ئەزىز بىر مېھماننى كۈتۈۋالماقچى بولغاندەك، ئۆي- ھويلىلارنى ئالاھىدە ئىخلاسى بىلەن يىغىشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاخشام نۇرمەمەت بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندىكى خۇشاللىقنىڭ داۋامى ئىدى.

— ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى نۇرمەمەت مەمنۇن بولغان ھالدا، — يەنە بىر- ئىككى شىركەت ئەتە-ئۆگۈنگىچە ئۈچۈرنى بەرمەكچى. ئۇلار بېرىدىغان زاكاز توختامنى ئېلىۋالساقلا قايتىمىز.

گەرچە ئۇلارنىڭ قاچان قايتىدىغانلىقىغا ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، مۇشۇ خەۋەر جىنەستىنىڭ كۆڭلىگە ئالەمچە خۇشاللىق بەخش ئېتىپ تۇراتتى.

— بىچارە ئادەمنىڭ كىيىملىرى كىرلاشقاندۇ،- دەپ ئويلايتتى ئۇ شۇ تاپتا، — قورسىقى بىلەن كارى يوق، ئاچ- توق، ناشتىسىز دېگەنىدەك چېپىپلا يۈرەمدىكىن؟ «ئىچكىرىلەردە مۇسۇلمانچە ئاشخانىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ، خالىغان تائامنى يېگىلى بولمايدۇ» دېيىشىدىكەن. ئالدىراشچىلىقتا قۇرۇق نان يەپ يۈرگەنمىدۇ بىچارىلەر؟...... خۇددى شىركەت ئوڭچىلا ئۆزىمىزنىڭكىدەك، ھەممە ئىشقا ئۆزىلا ماڭىدۇ. ئىشلارنى بىۋاستە بېجىرىپ سەرەمجانلاشتۇرمىسا كۆڭلى زادىلا قانائەت تاپمايدۇ. كارخانىدا يارامىلىق ئادەملەردىن نەچچىسى بولغاندىكىن، شۇلارنى ئەۋەتىپ قويغان بولسىمۇ بېجىرىپ كېلەر ئىدى......

جىنەستىنىڭ خىياللىرى شەۋكەتنىڭ چىقىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلدى. شەۋكەت كالىتە ئىشتان بىلەنلا ھاجەتكە يۈگۈرۈپ چىققانىدى. ئانىسى «ھاي، كۆڭلەك......» دەپ بولغۇچە، بالا يۈگۈرگەن پېتى ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى. جىنەستە سۈپۈرگىسىنى تاشلاپ ئۆيگە ماڭدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئورۇن- كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، چاي دەملەش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرگەنىدى. بىراق، ئۇ نېمىشقىدۇر بىرنەچچە باش سەۋزىنى ئېلىپ كېلىپ تاختىدا يېنىغا قويدى. خىيالدا نۇرمەمەت كەلگۈچە پولۇ ئېتىپ دۈملەپ تۇراي دەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا شەۋكەتنىڭ ئاۋازى يەنە خىياللىرىنى بۆلدى:



— ئانا، سەۋزە قىرىۋېتىپسىزغۇ؟ مېنىڭ مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالغان تۇرسا......

— ھە، ياقەي بالام، — جىنەستە تېزلا چايدانىنى قولىغا ئالدى، — مانا...... مانا ھازىر چاي دەملەيمەن، — ئۇ خىجىللىقىنى كۈلكىسى بىلەن يوشۇرۇپ ئالمان- تالمان چاي دەملەپ چىقتى. بايا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ نۇرمەمەتكە بولغان سېغىنىشلىرى تۈپەيلىدىن بىردەمگىنە ئازغىنىپ يۈرگەنىدى. ئانا-بالا جىممىدە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى، ئاندىن يېزا بازىرىغا قاراپ ئىشىكتىن چىقىشتى.

جىنەستە ئوغلىنى مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلگەندە، شىركەت دەرۋازىسى ئالدىدا بىرنەچچە دېھقان چاي خالتىلىرى، قاپ- يەشىكلىرى بېسىلغان ئېشەك ھارۋىلىرىنى توختىتىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا يەنە لىققىدە خالتا- قاپلار بېسىلغان بىر كىچىك تىراكتور كېلىپ توختىدى. ھەممىسى چاي سېتىش ئۈمىدىدە كەلگەن كىشىلەر ئىدى. دەرۋازىۋەن ئۇلارغا يان تامدىكى ئېلان قەغىزىنى كۆرسىتىپ، گۈلچايلىرىنى ياندۇرۇپ كېتىشىنى، نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشنى دەۋاتاتتى. «ئەجەب كۈنلەر بولۇپ كەتتى دېسە، ئىلگىرى ئېتىزمۇ ئېتىز، ئىشىكمۇ ئىشىك بىرىپ تالىشىپ سېتىۋالاتتۇق. مانا ئەمدى ساتىدىغانلار خېرىدار ئىزدەپ ھەلەك. بىزمۇ ھەممىسىنىڭكىنى سېتىۋېلىپ بولالمساق......» دەپ ئويلىدى جىنەستە ئىچىدە.

جىنەستە ماشىنىسىنى ھارۋا،تىراكتورلارنىڭ ئارىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئارىدىن ئىككى سائەتچە ئۆتكەندە قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا ماڭغانىدى ، شىركەتنىڭ ئىچكى قورۇسىدىن كېلىۋاتقان ۋاراڭ- چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. قورۇدا بىر توپ كىشىلەر مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ ئالدىنى توسۇپ

بىرنىملەرنى دەۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ يېنىدا دەستە- دەستە يەشىكلەر، گۈلچاي قاچىلانغان سېۋەت- كاڭكىلار تۇراتتى. 50 ياشلاردىن ئاشقان پاكار بىر دېھقان يېلىنىش ئاھاڭىدا سۆزلەيتتى:

— جېنىم ئۇكام، نەچچە يىلدىن بېرى بالا ئوقۇتۇپ، ئاران دېگەندە بىر قىزىم ئالىي مەكتەپكە بارىدىغان بولغان، يولغا سالارغا پۇل يوق. ئۇنداق قىلماي گۈلچايلىرىمنى ئالسىڭىز. سىزدىن خۇش بولاپ قالاي غوجام......

— بىزگىمۇ شۇ پۇل تەڭلىكى بولۇپ قالدى، ئوبدان بالام،- دەيتتى يەنە بىر ئايال ئالدىغا ئۆتۈپ،- ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ قويايلى دېگەن، كۆز قويارنىڭ ئورنى يوق. ھەممە ئۈمىدىمىزنى مۇشۇ گۈلچايغا باغلاپ تۇرۇپتىمىز. مۇشۇ بىر قېتىم بولسىمۇ ئېلىپ قالسىڭىز.

— تۇغقانلار، ئاتا- ئانىلار،— دىرېكتور چۈشەندۈرەتتى،- بىزنى خىجىل قىلمىساڭلار. گۈلچايلىرىڭلارنى ئالمايمىز ئەمەس، ھازىر قولىمىزدا نەق پۇل يوق. يەنە بىرقانچە كۈن تەخىر قىلىپ تۇرساڭلار. بەك ئالدىرايدىغانلار يۆتكەپ ساتىدىغانلارغا ساتساڭلار.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇقتىن- ئوچۇق كىشىنى پەنلەيدىغانلار تۇرسا، ئۇكام. مىڭبىر جاپادا تېرىپ يىغقان نەرسىنىڭ كىلوسىنى 30—40 كويدىن بېرىۋەتسەك بىزگە نېمە قالىدۇ؟

— خەپ، پايدىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ- ساتارلار كۆرۈۋاتىدۇ، دېسە......

— شۇ ئەمەسمۇ؟ زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا بىز دېھقان خەقلەركەنمىز.

— ئۇنداقمۇ دېمىسىلە ئاكا،— گەپكە ئارىلاشتى شىركەت ئامبارچىسى،— تېخى ئالدىنقى يىللارغىچە نەچچە يۈز مىڭ، ھەتتا مىليونغا يېقىن كىرىم قىلغانلارمۇ ھەرقايسىلىرىدەك چايكارلار



ئىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ تېرىش كۆلىمى ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتتى. بازار ئىستېمالىدىن ئېشىپ كەتتى. بىزنىڭمۇ سېتىۋېلىش كۈچىمىز چاغلىق.

— شۇنداق، تۇغقانلار،— گەپ ئالدى مۇئاۋىن دىرېكتور،— خاپا بولماي باشقا ئامال قىلىشقاچ تۇرۇشسىلا، خۇدا خالىسا يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىزگىمۇ يول ئېچىلىپ قالىدۇ.

— بىچارە قىزىمنىڭ تەلىيى ئەجەب تەتۈر كېلىپ قالدى،— بايىقى پاكارنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. كۆز جىيەكلىرىدە لىققىدە ياش كەلكۈنى داۋالغۇپ تۇراتتى. ئۇلا ئەمەس، ئۈمىدسىزلىك قاپلاپ كەتكەن نۇرغۇن كۆزلەردىن مەيۈسلۈك، ئامالسىزلىق، يەنە قانداقتۇر ئۆكۈنۈش ھېسلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تۇرۇپلا جىنەستىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا نۇرمەمەت بولغىنىدا، ئۇنى زورلاپ بولسىمۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بەرگەن بولاتتى. ئەمما، ئاۋۇلارغا دېسە: «بىزنى خوتۇنىمۇ باشقۇرۇپ، باشلاپ يۈرەمدىكىنە؟» دېيىشىپ قالارمىكىن، يا «بوپتۇ» دەرمىكىن؟

شۇنداق، ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بولغىنى بىلەن، نۇرمەمەت مېڭىش ئالدىدا ئۇنى شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلىپ قويغانىدى. جىنەستە ئاستاغىنە مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىرنەچچە يۈز كىلو چاينى ئارتۇق ئېلىپ قويغىنىمىزغا چوڭ بىر ئىش بولۇپمۇ كەتمەس. ئاۋۇلارنىڭكىنى ئېلىپ قالساق قانداق بولار؟— ھەم مەسلىھەت، ھەم ئىلتىجا ئىلكىدە تىكىلدى ئۇ مۇئاۋىن دىرېكتورغا،- سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، دېھقان بالىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە بارمىقى ئاسان ئەمەس. ئاشۇ بىرنەچچە كىشى ھاجەتلىرىدىن چىقىۋالسا قانداق بولار؟

— مېنىڭغۇ ھازىرلا سېتىۋالغۇم بار. لېكىن، دىرېكتور:

«زاكاز تاپمىغۇچە سېتىۋېلىشقا ئالدىرىماڭلار» دەپ قويغان تۇرسا؟
— ئۇنىڭغا مەن ئىگە بولاي، مەن چۈشەندۈرەي.
مۇئاۋىن دىرېكتور بېشىنى قاشلاپ قويۇپ ئامبارچىغا قارىدى.
— پىرىيومچى، باللارنى چاقىرىپ، ماۋۇلارنىڭكىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭلا، مەيلى،— ئۇ دەرۋازىۋەنگە تاپىلىدى،— زايىتجان، دەرۋازىنى ۋاقتىنچە تاقاپ تۇرۇڭ. سىرتتىن ساتقۇچىلار كىرمىسۇن. ئىشنى مۇشۇلارنىڭكى بىلەن بولدى قىلىمىز.
ئىش شۇنىڭ بىلەن تىنچىدى. ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتۈپ نۇرمەمەت گۈلدەك ئېچىلىپ قايتىپ كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ تارتقان جاپالىرىغا يارىشا زور ئۇتۇق بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزى بىللە زاكاز بەرگەن ئورۇنلارنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنى قول- قولدىن مېھمان قىلىشىپ، خاس ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتى. تۇرمۇشىدىن خەۋەر تېپىشقا كۈتكۈچىلەر بېكىتىلدى.
نۇرمەمەت بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن زاكاز سانىنى ئاڭلاپ ھەممىسىنىڭ ئەندىشىلىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى. «چېچەكلىك چاي بوپتۇ» دېيىلگەندەك، ھەممىسىنىڭ چېھرىدىن شادلىق چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.
— نېمە، بەش مىڭ توننا دەۋاتامسىز؟— مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك كېرىلىپ كەتكەنىدى،— خاتا دەپ قويمىغانسىز؟!
— ئۆزۈڭلار كۆرۈۋېلىڭلار، مانا،— نۇرمەمەت ئارخىپ خالتىسىغا سېلىنغان بىر دەستە ماتېرىيالنى ئۈستەلگە تاشلىدى.
بوغقۇچ يىپىنى ئاۋايلاپ يېشىپ، بىر تالاي قەغەزلەرنى چىقاردى. ھەممىسى نەچچىدىن يېرىگە تامغىلار بېسىلغان، ئىمزالار قويۇلغان توختام پۈتۈكلىرى ئىدى.
— ۋۇي،— دېدى مۇئاۋىن دىرېكتورلاردىن يەنە بىرى



قولىدىكى بىر دەپتەرچىنى كۆرسىتىپ،— ھەممىسىنى توختامنامىلەرنىڭ دېسەم، ماۋۇ يەردە جامائەت گۇۋاھلىقى ھۆججەتلىرىمۇ باركەن ئەمەسما؟! دىرېكتور ئىشنى ھەقىقەتەن پۇختا قىلىپ كەپتۇ جۇماڭلار!
— شۇنداق بولغاندا توختامنامىلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچقانداق شامال ئۆتەلمەيدۇ- دە! ئالمايمىز دەيدىغانغا، توختامنى بۇزۇشقا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدىغان گەپ.
شىركەتتىكى چوڭ- كىچىك ھەممەيلەننىڭ شۇ كۈنكى شادلىقىغا ھېچنېمە يەتمەيتتى. چۈنكى، شىركەتنىڭ بۇ يىلقى ئوبوروت يولى تولىمۇ داغدام ئېچىلغانىدى. ئاشۇ زاكازلار بولسىلا، ئۇلارنىڭمۇ، دېھقانلارنىڭمۇ ئىشلىرى بىمالال يۈرۈشەلەيتتى. بولۇپمۇ دېھقانلارنى بېسىپ ياتقان ئەندىشە تاغلىرى بىراقلا غۇلاپ چۈشەتتى.
ئەتىسىدىن باشلاپلا سېتىۋېلىش پىلانلىرى تۈزۈلۈشكە باشلىدى. پىلانغا ئۇلاپ 50 مىليون يۈەن قەرز ئىلتىماسى تەستىقلىتىلدى. زۆرۈر تەييارلىقلار پۈتۈپ قالغانىدى. توساتتىن نۇرمەمەت ھېچكىم ئويلىمىغان بىر ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 30 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئالتە گۇرۇپپا سېتىۋېلىش خادىملىرىنىڭ ئىسمىلىكى بولۇپ، شامالباغ كەنتىنىڭ ئالتە مەھەللىسىگە بېرىپ، نەق مەيداندىن سېتىۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.
— نېمدەپ يېزىغا بارىمىز ئەمدى؟— تۇنجى بولۇپ ئېتىراز بىلدۈردى پىششىقلاش سېخىدىن ئاجرىتىلغان مۇدىر،— چايكارلارنىڭ ئۆزلىرى كېلىۋېلىپ بىزنى ئالدىرىتىپ تۇرسا، يېزىغا چۈشۈپ نېمە قىلىمىز؟
— شامالباغنىڭ ھەقىقىي ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن،— جاۋاب بەردى نۇرمەمەت،— سىلەر توختاملارنىڭ

مەزمۇنىغا تولۇق زەن سالمىغان ئوخشايسىلەر. بىزنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغىنىمىز ھەقىقى شامالباغنىڭ ئۆز يېرىدىن چىققان مەھسۇلاتلار. گۈلچايلا دېگەنىبىلەن سۈپىتى، تەركىبى، ئۆستۈرۈلۈشى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە گۈلچاي سورتى دەل شامالباغدا، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى دېگەنلەر باشقا يەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. شامالباغلىقلار پۇل قوغلىشىپ پارنىكلاردا سۈنئىي ئۆستۈرمەيدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتمەيدۇ. بىر ئېغىز گەپ، ساختىلىقنىڭ، شامالباغنىڭ دەپ باشقا يەرلەرنىڭ ئۆلچەمسىز چايلىرىنى ئېلىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز. سودا-تىجارەتنىڭ ئىناۋەت، ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى سىلەرمۇ ئوبدان بىلىسىلەرغۇ؟

— ھەممىسى سېرىق تۇرسا، ئۇنى كىممۇ پەرق ئېتىپ كېتەلەر؟

— مەن بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى 7—8 ئادەمنى ئويناپ كەتكىلى كەلدى دېگەنىمىدىڭلار؟— ھەممەيلەن «لاپ» قىلىپ نۇرمەمەتنىڭ چىرايىغا قاراشتى،— ھەممىسى مەخسۇس گۈلچاي ئۆسۈملۈكلىرى مۇتەخەسسىسلىرى ئۇلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە يانلىرىدا گۈلچاي تەركىبىنى تەكشۈرىدىغان زامانىۋى ئۈسكۈنە-سايمانلىرى بار. بىز دىن تەكشۈرۈپ ئۆلچەمگە توشىدىغانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان گەپ.

— ۋايىيەي......، زاكاز بەردى دېگىنىمىز بىلەن، مالنى ئۆتكۈزۈشىمىزمۇ ئاسان ئەمەسكەن- دە، تېخى؟

— شۇنداق بولماي ئەمسە،— دېدى نۇرمەمەت گېپىنى داۋام قىلىپ،— شۇڭا تۆۋەنگە بېرىپ، شامالباغنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. سىرتتىن شامالباغقا ئەكېلىپ سېتىشنى توسۇس ئۈچۈن، يېزىلىق ھۆكۈمەت شامالباغدا توسۇق قۇرۇپ،



ماسلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. سېتىۋالغۇچى خادىملىرىمىزنىڭ قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشىغا بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ،ئالتە گۇرۇپپا ئالتە نۇقتىغا ئورۇنلاشتى. شامالباغ چايكارلىرىنىڭ ئەندىشىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان روھ قۇشلىرى ۋۇجۇد قەپىسىگە قايتىپ كەلدى. تاشلىۋېتىلگەنلىكتىن خاراب بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان گۈلچايلىقلاردا ئادەملەر قايناشقا باشلىدى. سۇسىز قالغان، پەرۋىشسىز غېرىبانىلىققا ئايلانغان گۈلچاي ئېتىزلىرى ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. ئائىلە بويىچە ئېتىزلىرىغا ئاتلىنىپ كەتكەن دېھقانلار بەس- بەستە چېچەك ئۈزەتتى. قۇرۇغان، سورتلانغان چايلار يەشكىلەرگە قاچىلىنىپ بېسىلىۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچلىكى نۇرئابدۇللا باشقۇرۇۋاتقان چىلانباغ قورۇقىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ توختىدى. گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئاللىبۇرۇن پېتىپ كەتكەن قۇياشنىڭ ئاخىرقى شەپەق جىلۋىسى غەربىي ئۇپۇقنى سۇسقىنا گۈل رەڭگىدە قىزارتىپ تۇراتتى. نۇرمەمەتنى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ چىققان نۇرئابدۇللانى باشقا بىرەيلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ يالغۇز ئىدى. نۇرئابدۇللانى كۆرۈپلا ئىككى قولىنى سوزۇپ كەلدى.

— ۋايىيەي...... نېمانداق كۆرۈنمەيدىكىن دېسەم، جاھاننىڭ چېتىگە چىقىۋاپتىكەنسىلەرغۇ، ئاغىنە؟

نۇرئابدۇللا گۇگۇم غۇۋالىقىدا سۆزلىگۈچىنى تەستەرەك تونۇدى. ئۇ بىر چاغلاردا ئۆزى بىلەن بىللە چاربازارچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان موللىمەت ئىسىملىك تېرىچى ئىدى.

— ھە، موللىمتاخۇنكەنغۇ بۇ؟ ماشىنا سېتىۋالدۇقما؟

— ھى- ھى- ھى...... ئۆتكەن بىر يىلدا قىلغان گۈلچاي سودىسىنىڭ ھايىنى دەڭلا بۇنى! — سۆزلىگۈچى كېرىلگەنىدەك

بولدى. ئۆزۈڭلىچۇ؟ قورۇق بېقىپ ياتتۇق دەڭلا؟

— ھە، كېلىپ قاپسىلىغۇ؟— سورىدى نۇرئابدۇللا جاۋاب ئورنىغا،— بىرەرسىنى ئىزدەپ......

— ئىزدەيدىغىنىم يەنە كىم بولاتتى؟ ئەلۋەتتە ئۆزلىرى قورۇق غوجايىنى بولىدۇ- دە. ماڭىسىلا غوجام، سىلىنى بىر بايۋەچچە كۈتۈپ قالدى شۇ تاپتا. بولسىلا، ماشىنىغا چىقسىلا.

— ھېي، ئەجەب باش- ئايىغى يوق گەپلەرنى قىلىسىلىيا؟ نەدە، قانداق بايۋەچچىكەن ئۇ مېنى كۈتۈپ قالغان؟

— ھېلىقى تۇرغۇن باقىنى بىلىسىلىغۇ؟ سىلىنى نەدە بولسا تېپىپ، ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى مېنى. قارىغاندا ئولتۇرۇشنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغاندەك قىلىسىلە. ئىباگۈلنىڭ رېستورانىدا قالدى.

نۇرئابدۇللا بۇ كۈتۈلمىگەن چاقىرىشتىن بىرئاز ھەيرانلىق ھېس قىلىۋاتىسمۇ، تۇرغۇن باقىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەل ئىككى تايىن بولۇپ قالدى. ئۇ تۇرغۇن باقىنى تونۇيتتى. تونۇيتتىلا ئەمەس، چاربازارچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىرىدە خېلى يېقىن ئۆتۈشكەن. كېيىن چار بازاردىن زېرىكىپ، قاسساپچىلىققا كىرىشكەندە بولسا، تۇرغۇن كونا ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن بەش مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز دەسمايە قەرز بېرىپ تۇرغانىدى.

«ھېلى بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ- دە مېنى» دەپ ئويلىدى نۇرئابدۇللا ماشىنىغا چىقىۋېتىپ.

ماشىنا رېستوران ئالدىدا توختىدى. رېستوراننىڭ ئەڭ ئىچكىرى خانىلىرىنىڭ بىرىدە تۇرغۇن بىلەن يەنە بىر ناتونۇش شاپ بۇرۇت ئولتۇراتتى. ئالدىدىكى شىرە گويا ئون ئادەم ئىشتىراك ئېتىدىغاندەك نېمەتلەر بىلەن تولغانىدى. «يەنە ئادەم بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى نۇرئابدۇللا ۋە ئىككىيلەن بىلەن تىنچ- ئامانلىق سورىشىپ، تۇرغۇننىڭ يېنىغا جايلاشتى. بىردەمدىن كېيىن بوتۇلكىلار تىكلىنىپ تۆت قىز پەيدا بولدى. ھەر بىرىنىڭ



ئارىسىغا بىردىن قىستۇرۇلۇپ، يېيىش- ئىچىش باشلاندى.

ھاراق دېگەن ئاجايىپ نەرسە. باشتا قورۇنۇپ، تارتىنىپ تۇرغىنىڭ بىلەن، گېلىڭدىن بىرنەچچە رومكا ئۆتۈپ كەتسە، كۆڭلۈڭ باشقىچە بىر ئالەمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاستا- ئاستا ئۇششاق تىللىرىڭ چىقىپ، گەپ- سۆزۈڭ، ھەرىكەتلىرىڭ ئاۋۇپ كېتىدۇ. نۇرئابدۇللا دەل شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. باشتا كىرىپ باقمىغلى بىر- ئىككى يىلچە بولۇپ قالغان قاۋاقتىن سەل خۇدۈكسىرىدى. ياش قىزلارنىڭ يەملىشىپ ئولتۇرۇشىدىن قورۇندى. باشقا تەرەپتىن ئەمەس، كۆيۈمچان ئايالىنىڭ غايىبانە كۆزلىرىدىن ئۇيالدى. ئۆزىنى ئايالىنىڭ، ئوماق بالىسىنىڭ يۈزىگە كېلەلمىگۈدەك بىر جايغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل ھېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە سەزدى. كېيىن بولسا ھەممىسى ئۇنتۇلدى. بارلىق تارتىنىشلار قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى. ئۇنى يېنىدىكى سېمىز، ئاق پۇسمىلاق قىزنىڭ شېرىن- سۇخەن گەپلىرى، ناز- كەرەشمىلىك لاتاپىتى ئۆز ئەسىرلىكىگە ئېلىپ بولغانىدى. ھاراقنىڭ كۈچى يۈزىنى ھە دەپ قېلىنلاشتۇرۇۋاتاتتى.

بىرمەھەللىك كۆڭۈل ئېچىشتىن كېيىن، قىزلارمۇ، مۇللىمەت تېرىچىمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغۇن بىلەن ھېلىقى ناتونۇش شاپ بۇرۇتلا قالغانىدى. تۇرغۇن ئۈچ رومكىغا تەڭلا قۇيۇپ بىرلىكتە كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، تەخسىدىكى كاۋاپنى نۇرئابدۇللانىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، ئاندىن يېنىدىن بىر باغلام پۇلنى چىقىرىپ تەخسە يېنىغا قويدى.

— ساڭا بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالغان ئاداش،- گەپ باشلىدى تۇرغۇن نۇرئابدۇللانىڭ خۇمارلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ،- نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىرئاز گۈلچاي ئېلىپ قويۇپتىكەنمەن. ئۆتكەن يىلقىدەك قولدىن- قولغا غاچچىدە ئۆتكۈزۈۋېتەرمەن دېسەم، بۇ يىل خېرىدارى چىقماي تۇرۇۋاتىدۇ.

ئاڭلىسام، ئىنىڭ خېلى كۆپ زاكاز ئېلىپ كەپتۇدەك. ئاشۇ چايلارنى بىر ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولاتتى ئاداش، — ئۇ تەخسە يېنىدىكى پۇلنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، نۇرمەمەتنىڭ ئالدىغا قويدى، — ئاز بولسىمۇ ساڭا سۇنىدىغان كىچىككىنە كۆڭلۈم. كونا ئاغىنەڭگە بىر ياردەم قىلىشىۋېتەرسەنمۇ؟

نۇرئابدۇللا پۇلغا يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىدى. كۆڭلىدىن «ئون مىڭ» دېگەن ئىككى سان لىپپىدە ئۆتتى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئاشۇ سۆزنى تەستىقلىغاندەك شۇررىدە قىلىپ توختىدى. كېيىن سەل تېتىكلەشتى.

— مې...... مېنى نېمە قىلىپ بەر دەيسەن؟ ھېچ...... ھېچ ئاڭقىرالمىدىمىيا مەن؟

— خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدۇ- دە؟— دەپ ئويلىدى تۇرغۇن ئىچىدە ۋە مۇددىئاسىنى ئېيتتى، — كۆپ ئەمەس، 700—800 كىلوگىرامدەك گۈلچېيىم بار ئىدى. شۇنى ئىنىڭنىڭ شىركىتىگە ئالدۇرۇپ بەرسەڭ. ئەلۋەتتە، ئىشىمىز ئەپلەشسە، ئۇنىڭ پايدىسىدىن ئايرىپ بېرىدىغىنىم بۇنىڭ تاشايىنىدا بولىدۇ،- ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن پۇلغا توككىدە بىرنى چېكىپ قويدى، — ئېنىقراق دېسەم، يەنە پايدامنىڭ 10—15پىرسەنتىنى ئايرىپ بەرسەممۇ بولىدۇ.

بۇ نۇرئابدۇللانىڭ مۆلچىرىدە خېلى زور سان ئىدى. ئەمما، تۇرغۇننىڭ ھېسابىدا ۋەدە قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەرگەندىمۇ ئۇنىڭ نە دىلى، نە يېنى ئاغرىمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەر كىلوگىرامنى 25—30 يۈەندىن ئالغان تولىمۇ ئەرزان گۈلچاي ئىدى. نۇرمەمەتلەرنىڭ شىركەت باھاسىدا ئالدۇرالىسىلا، قالىدىغان پايدىسىمۇ ئاز بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئاتايىن نۇرئابدۇللانى چاقىرتىپ مېھمان قىلىۋاتاتتى.

نۇرئابدۇللا سۈكۈتكە پاتتى. ئۇنىڭ ھاراق



شىركەپىلىكىدىنمىكىن، يا بىكار يەردىن يېنىغا كىرەي دەپ قالغان پۇلنىڭ غايىبانە ئوتىدىنمىكىن، بارغانسېرى خۇمارلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى ئالدىدىكى بىر دەستە پۇلنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىگە مىخلىنىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن تۇرغۇن ئىككى رومكا قۇيۇپ ئۇنىڭ بىلەن جاققىدە سوقۇشتۇردى. غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، قولىنى نۇرئابدۇللانىڭ يەلكىسىگە قويدى.

— بۇنچىلىك ئىش دېگەن سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچقانچە گەپ ئەمەس ھەي، نۇرئابدۇللا! نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ خېلى كەسكىن بىر نېمىدىگىيا سەن؟ ئەمدى ئىنىڭنىڭ ياڭاق شۆپۈكى ئىچىگە كىرىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— ۋايىيەي...... — دېدى نۇرئابدۇللا سوزۇپقىنە، — قانچىلىك ئىشلاردى بۇ؟ خاتىرجەم بولە ئاداش. مەن بىر ئېپىنى قىلاي.

— مانا، سېنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭ يارايدۇ- دە ماڭا! قېنى، ئاخىرقى غەلىبىمىز ئۈچۈن خوشە!

— خوشە!! — ئۈچەيلەن تەڭلا توۋلاشتى. تۇرغۇن بىلەن شاپ بۇرۇت لىپپىدە قىلىپ كۆز ئۇرۇشتۇردى. بۇ «ئىشىمىز پۈتتى» دېيىشكىنى ئىدى.

ئىككىسى نۇرئابدۇللانى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ، پەم بىلەن ئىشىكىدىن كىرگۈزۈۋېتىشتى. ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئەتىسى ناماز شامغىچە قىمىرلىماي ئۇخلىدى. ئۇ ئۇخلاش ئەمەس، ھاراق كەيپىنىڭ ھوشسىزلىقىدىن شۇ چاغقىچە ئوڭشىلالمىغانىدى. قورۇق بىر كۈن باشسىز، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئالدىدا قالدى.

— نېمانچە ئۇخلايسىز؟ تۇرۇپ چىلانلىققا بارمامسىز ئەمدى؟— دېدى ئىككىنچى كۈنى تېرىككەن ئايالى ئۇنى نوقۇشلاپ، — ئۇخلاۋاتقىلى ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز بولدى، تۇرۇڭ، تۇرۇڭ ئەمدى!

— نېمە، ئىك......ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز دەمسىز؟— نۇرئابدۇللا دەسسىدە ئۆرە بولدى،— يەنە بىر دەڭگا، مەن...... مەن راست شۇنچە ئۇزۇن ئۇخلىدىمما؟

— ساقلىغىنىزغا ئاق قوناي دېگەنىدىمۇ هاراق ئىچىپ يۈرىيدىكەنسىز، ئەجەب. نۇرمەمەتجان ئاڭلىسا سەت ئەمەسمۇ؟

نۇرئابدۇللانىڭ مېڭىسىگە خىرە بىر سۇرۇننىڭ مەنزىرىسى كىرىپ كەلدى. يەلكىسىگە سېمىز، ئاق پۇسملاق بىر قىز چىڭگىدە ئېسىلىپ ئولتۇراتتى. تۇرغۇن هە دەپ بىشەم يۇمۇرلارنى سۆزلەيتتى. قىزلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. رومكىلار توختىماستىن ئايلىناتتى. نۇرئابدۇللا نېمىگىدۇر چۆچۈگەندەك قىلىپ ئورنىدىن ئىرغىپ قوپتى. تەكىيە بېشىدىكى كۆڭلىكىنى ئېلىۋېتىپ ئايالىغا قارىدى.

— بىر قۇر كىيىم ئاچىقىپ بېرىڭە، ئالماشتۇرۇۋالاي.

ئۇ كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولۇپ، يانچۇقلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا باشلىۋىدى، ئايالى ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى كۆرۈپ سوراپ قالدى.

— ۋىيەي، نېمانچە كۆپ پۇل ئۇ؟ بىر باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپسىزيا؟

— هە، بۇ...... بۇ...... بورداقتىكى قوي- كالىلارغا يەم-خەشەك ئالىدىغان پۇل،— دەپ قويدى ئېنىقسىزلا قىلىپ. شۇ چاغدىلا تۈنۈگۈن ئاخشامقى سودا ئېسىگە كەلدى.

— ۋاي خۇدايىم،— دېدى ئۇ لېۋىنى كوسىسىدە چىشلەپ،- نېمە قىلىپ قويدۇم مەن؟ نېمە دەپ ئالغانىدىمەن بۇ پۇلنى؟ كۆڭلۈمدىكى «سېنىڭ پۇلۇڭنى ئالمايمەن، ئۇنداق يولغا هەرگىز ماڭمايمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەجەب يەنە يېنىمدا تۇرىدا بۇ؟ ئاپلا...... ئوتنى تۇتۇپتىمەن ئەمەسمۇ، ئوتنى! هەرقانچە بولسىمۇ نۇرمەمەتكە ئەمدى ئالا كۆڭۈللۈك قىلسام بولمايتتى. خەپ، هېلىهەم



بولسىمۇ ئۇنىڭغا قارا سانايدىغان ئىشنى قەتئىي قىلمايمەن. شۇۋىچى پاينەك جىنتەگكۈر سەتەڭلەر بىلەن ئەقلىمنى بۇلغاپتۇ مېنىڭ......

ئۇ شۇنداق ئويلىدى. ئويلىدى- يۇ، دەماللىققا پۇلنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى، تۇرغۇننىڭ پۇلىنى قانداق قايتۇرۇپ بېرىشنى بىلمەيتتى. قورۇققا ئالدىراۋاتقاندا بۇلارغا كۆڭۈلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ نېرى- بېرى ناشتا قىلىپلا چىلانباغقا ماڭدى. قىلىپ قويغان ئىشلىرىنى ئويلاپ، كەچ كىرگۈچە چۈشىنى يۇتۇۋالغاندەك بىر خىل غەشلىك ئىچىدە يۈردى. كەچ كىرىپ زېمىن تۈن پەردىسىنى يېپىنىۋاتقاندا، موتوسىكلىتىنى مىنىپ يان يول بىلەن يېزا بازىرىغا كەلدى.

تۇرغۇن ئۆيىدە يېنى يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى.

— كەل، كەل ئاداش! — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قوپتى ئۇ. خىيالىدا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى، دەپ قالغان بولسا كېرەك، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كەتكەنىدى،

— هە، قانداق بولدى؟ ئېپىنى قىلىپ بولۇپسەن- هە، ئاخىر؟

نۇرئابدۇللا قانداقتۇر بىر زەربىگە ئۇچرىغاندەك پىغانلىق هالەتتە ئولتۇردى. ئەتەيگە بۆكىنى ئېلىپ يېنىدا قويدى. يېنىدىن بىر تال تاماكىنى چىقىرىپ ئوت ياقتى.

— ئىش...... ئىش بولمايدىكەن ئاداش،— نۇرئابدۇللا يالغاندىن چۆچەك توقۇشقا باشلىدى،— بىر پېسەندىگە ئىچ بىلىپ دېگەنىدىم، ماقۇل دېمەكتە يوق، بىردەمنىڭ ئىچىدە نۇرمەمەتكە چېقىپ قويۇپتۇ مېنى. يۈزۈمدىن- يۈزۈمگە تىللاپ جۇلۇقۇمنى چىقاردى. يەنە تېخى «ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، سەندەك ئاكام يوق مېنىڭ......» دەپ قارىماي كېتىپ قالدى. مۇشۇ تۈپەيلى خوتۇن بىلەنمۇ بىر كۈن جېدەللەشتۇق.

خا...... خاپا بولماي......- نۇرئابدۇللا ھېلىقى بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئاستاغىنە يېنىدا قويۇپ قويدى.

— ۋاي- ۋۇي...... توختىماي رامىزان ئوقۇپ كەتتىڭغۇ خۇددى؟ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ يېتىك بولالماپسەن- دە؟ ماڭا قارا، ئوغۇل بالا دېگەنىنىڭ بىرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان چېغى بولمايدۇ. ھېلىقى يىللاردا ئوقەتچىلىكنىڭ پېشىنى تۇتالماي قاق سەنەم بولۇپ يۈرگىنىڭدە، بېشىڭنى سىيلاپ قويغان تۇرغۇناخۇن مەن جۇما؟!

— ئۇ...... ئۇنىغۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن ئاكا.......

— ھەي، كىم سېنىڭ ئاكاڭكەن؟ ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ جۇما؟

— ئىشقىلىپ...... سىلە ئەقىل جەھەتتە مەندىن چوڭ. دېمەكچىمەنكى...... بۇ قېتىم دېگەن يېرىڭلىدىن چىقالمىدىم. خۇدا بۇيرۇسا.......

— كۆتۈرە ئاداش قۇرۇق ۋەدەڭنى! — تۇرغۇن ئالدىدىكى پۇلنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نۇرئابدۇللامۇ سالپايغىنىچە تۇرۇپ تالاغا ماڭدى. ئارقىسىدىن ئىشىكنىڭ جالاققىدە يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ تۇرغۇننىڭ كاشىلىسىدىن ئوڭايلا قۇتۇلغىنىدىن خۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى بىردەملىك ئىزا- ئاھانەتلىرى ئىنىسىگە ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ تارتىدىغان كېيىنكى ۋىجدان ئازابى ئالدىدا ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئىشلار زىخمۇ ، كاۋاپمۇ كۆيمەي، خۇددى كىچە كۆرگەن مەۋھۇم بىر چۈشتەكلا ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىكى ئىشلارنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەي قالدى. ئۇ كېيىن تاپقان ئەقلى بىلەن بىر ئوبدانلا يەڭگىللەپ قالغانىدى.

گۈلچاي سېتىۋېلىش، يۆتكەپ ماڭدۇرۇش ئىشلىرى



ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سوزۇلۇپ كەتتى. گۈلچايلارنىڭ ئۈزۈۋېلىنىشى كېچىككەچكە، قۇرۇتۇپ تەييارلىغۇچە بىرمۇنچە ۋاقىت بوشقا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. نۇرمەمەتلەر ھېلىھەم زاكاز ماللىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تەييارلاش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، كەچ كۈز مەۋسۇمى كىرىپ كەلگەنىدى. باغلار، ئېتىز- ئېرىقلار يازدىكى يېشىل كىمخابلىرىنى بەس- بەس بىلەن ئالتۇن رەڭ سەرپايلارغا ئالماشتۇرماقتا ئىدى. كۈز شاملى دەرەخ غازاڭلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. بۇ خاسىيەتلىك ۋەزىپە نويابىرنىڭ باشلىرى كۆرۈنەي دېگەندە ئاران ئاخىرلاشتى. نۇرمەمەتنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى تالجىقىپ كەتكەنىدى. ئىشلار ئاخىرلىشىپلا شىركەتتىكىلەر بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى.

شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىش ئالدىدا نۇرمەمەت ئىشخانىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇراتتى، شەۋكەتنى ئېلىپ كېلىشكە كەتكەن جىنەستە بازاردىن بىر باك سۇماي كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ۋايىيەي،— دېدى نۇرمەمەت ئۇنىڭ قولىغا قاراپ،— ئەجەب باكلاپلا ئاپسىزا مايىنى؟

— ئېسىڭىزدە يوقما؟— قايتۇرۇپ سورىدى جىنەستە كۈلۈپ.

—نېمىنى دەيسىز؟

— بارات كېچىسى؟

— ھە...... قۇيماق سېلىشنىڭ تەييارلىقىكەن- ھە، بۇ؟

— ياغ پۇرىتىپ، قەبرە يوقلىمىساق بولماس؟

— يەنىلا، سىز تۇيغۇن، چېچەن- دە. ھەممە ئىشنى ئالدىن پىلانلاپ تۇرىسىز. جىنەستە مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى.

3

چارشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن جىنەستە دالاندىكى سۇپىلىق

ئوچاقتا قازان ئېسىپ، ياغ قۇيدى. سۇپىدىكى سەي تاختىسى ئۈستىدە قىيما قىلىنغان سەۋزە، توغرالغان پىياز، گۆش تەخلەپ قويۇلغانىدى. ئۇ تۇنەك مۇناسىۋىتى بىلەن چاقىرىۋالىدىغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ئېسىلغان قازان ئىدى. ئۇ ياغنى قۇيۇپ باكنى قوياي دەۋاتقاندا، نۇرمەمەتنىڭ ماشىنىسى ھويلا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ نۇرئابدۇللا بىلەن نۇرئەخمەتنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە كەتكەنىدى. ماشىنىدىن ئاۋۋال نۇرئابدۇللا، ئاندىن ئايالى، نۇرئەخمەتنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇن- بالىلىرى چۈشۈشتى. ئۆيلىرى يىراق بولغاچقىمىكىن، ئۇرۇق- تۇغقانلار ھەر يىلى ھېيت- ئايەملەردىلا مۇشۇنداق قايسىنىڭلا ئۆيىگە بولمىسۇن بىر قېتىم يىغىلىپ بىر ۋاق تاماقنى بىرگە يېيىشىپ ئۆتەلەيتتى. قالغان چاغلاردا بولسا ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىرىشىپلا يۈرەتتى.

مېھمانلار پېشايۋان سۇپىسىغا جايلىششتى. باللار كەلگەن يېرىدىنلا ئويۇنغا چۈشۈپ كېتىشتى. چۈشلۈك تائامدىن كېيىن ئاياللار قازاننى قايتا ئېسىپ، بىرلىرى ياغ چۈچۈتۈشكە، بىرلىرى خېمىر يۇغۇرۇشقا تۇتۇندى. بۇ قۇيماق سېلىشنىڭ تەييارلىقى ئىدى.

شۇ كۈنى كەچتە شامالباغنىڭ پۈتكۈل قوينىنى زاغۇن يېغىنىڭ پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. ئۆي- ئۆيلەردە ياغ چۈچۈتۈلۈپ قۇيماق سېلىنىۋاتاتتى. كەچكى شامال تەرەپ- تەرەپتىن ياغ ھىدىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ دىماقلارغا ئۇراتتى. ئۇنى ھەيدەپ يەنە نە- نەلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ھىجرىيە يىل ھېسابىدا شەئبان (8- ئاي) نىڭ 15- كۈنىدىن 16- كۈنىگە ئۆتىدىغان تۈنەك كېچە ئاخشىمى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ روھلىرىغا ئاتاپ ياغ (ھىد) پۇرىتىلىدىغان، قەبرە يوقلىشىپ، خەتمىقۇرئان قىلىنىشىدىغان خاسىيەتلىك كۈن



ئىدى.

چۈشتىن كېيىن نۇرئابدۇللا كونا باغنىڭ كەينىدىكى ئېرىق بويىدىن تۆت تۈپ تېرەك كۆچىتىنى كېسىپ ئېشەك ھارۋىسىغا باستى. قالغانلار ماشىنىغا چىقىشىپ، قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىشتى.

مەھەللە سىرتىدىكى سايلىق گىرۋىكىگە تۇتىشىدىغان قەبرىستانلىق يولى كېتىۋاتقان، قايتىپ كېلىۋاتقانلار بىلەن ئاۋات ئىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن، كىيىنىشلىرىدىن مۇسىبەت ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئاياللار ئوخشاشلا قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، باشلىرىغا ئاق لېچەك تاشلىغان، ئەرلەر بۆك- دوپپىلىق، بەللىرىنى باغلىغان، موللا- ئۆلىمالار ۋەياكى قۇرئان تىلاۋەتچىلەر بولسا كېرەك، بىرقانچىسى سەللە ئورىۋالغانىدى. نونۇش بولسۇن- بولمىسۇن، ئاياللار چوڭقۇر ئېگىلىپ ياكى يۈزلىرىنى يېقىشىپ كۆرۈشەتتى، ئەرلەر سىپايىلىك بىلەن قول ئېلىشاتتى.

ماشىنىدىن چۈشۈپ قەبرىستانغا ئاياغ بېسىش بىلەنلا، نېمشقىدۇر جىنەستىننىڭ يۈرەكلىرى بىردىنلا دۈپۈلدەپ كەتتى. تەنلىرى شۈركۈنۈپ، ئىچى سىيرىلغاندەك بولدى. قوينى خىلمۇخىل دەل- دەرەخ، يۇلغۇن، قومۇشلار، قامغاق ۋە ئالىلىقاندىقتۇر ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن بۇ كەڭرى قەبرىستانلىق يىراقتىن قاراشقا قورۇپ كەتكەن قەدىمىي جاڭگاللىققا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاندا- ساندا كۆكەرگەن سۆگەت، قاپاق تېرەكلەرنىڭ كەچ كۈز شەپىسىنى ئالغان ياپراقلىرىمۇ كىشىگە شۇ تۇيغۇنى بېرەتتى.

جىنەستە بىر قەبرىنىڭ يېنىدىن يانداپ كېتىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم شۈركۈنۈپ كەتتى. قەبرە توپىسىنىڭ چوققىسىدا يوغان بىر پاتمىچۇق ئىككى پۇتىنى يەرگە تىرەپ، شىڭتايغىنىچە قاراپ

تۇراتتى. ئىككى يېنىغا قاراپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئالا- چىپار بەستى تولىمۇ سەت ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن ئۈركۈدى بولغاي، پەرتتىدە قايرىلىپ، قانداقتۇر بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. جىنەستىنىڭ ئېڭىدا ئۇ ئاشۇ قەبرىدە ياتقۇچىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى.

— بۇ نەرسىلەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — ئانام بىلەن داداملارنىمۇ ئاشۇنداق پاراكەندە قىلىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ تۈۋا خۇدايىم، ئۆلۈم نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق- ھە؟!

ئۇلار ئاۋۋال تائەتخانىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا توختاشتى. ئۇ كېيىنرەك تۈگەپ كەتكەچكە، قەبرىسى بۇ تەرەپتىرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن 10 قەدەم، 20—30 قەدەملەر ئىچكىرىسىدە رەۋىخان، ساۋۇت مۇئەللىم، سوپاخۇنلارنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى. ئىككى ئوغۇل رەت بىلەن قەبرىلەرنىڭ خادىلىرىنى يېڭىلىدى. ئاياللار قەبرە ئۈستىنى سۈپۈرۈشتى. تائەتخانىنىڭ قەبرىسىدىكى شادا ئىچىدە باراقسانلاپ كەتكەن بىر تۈپ ياش يۇلغۇن غۇچچىدە چېچەكلەپ تۇراتتى. نۇرمەمەت «لاپ» قىلىپ نۇرئابدۇللانىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭدا «بۇنى كىم تىككەندۇ؟» دېگەندەك بىر ئىپادە بار ئىدى. نۇرئابدۇللا بېشىنى يېنىك- يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. بۇ «مەن قويغان» دېگىنى ئىدى. شۇنداق، ئۇنى بۇ يىل ئەتىيازدا نۇرئابدۇللا چىلانلىقنىڭ قاشا چىتى كەينىدە كۆكلەپ قالغان يۇلغۇنلاردىن قومۇرۇپ كېلىپ تىكىپ قويغانىدى. يالغۇز ئانىسىنىڭلا ئەمەس، دادىسى، رەۋىخان ئايلا، ساۋۇت مۇئەللىملەرنىڭ قەبرىلىرىگىمۇ تىككەنىدى.

ئۇلارنى كېيىن ھەممەيلەن بايقاشتى. قىپقىزىل يۇلغۇن چېچەكلىرىگە قاراپ، كۆڭۈللىرى مەمنۇنلۇق، رازىمەنلىك تۇيغۇلىرىغا قۇچاق ئېچىشتى.

تائەتخانىنىڭ تۇپراق بېشىدا قىلىنغان خەتمقۇرئاندىن كېيىن



ھەممەيلەن ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرىشىپ باشقا قەبرىلەر تەرەپكە سىلجىشتى. نۇرمەمەت بولسا ئۇلارنىڭ ماڭغىنىنى تۇيمىغاندەك، قول باغلىغىنىچە ئانىسىنىڭ تۇپراق تۆپىسىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانىسىنىڭ روھىناتىغا كۆڭۈل ئىزھارىنى تۆكۈۋاتاتتى.

— ئانا، — دەيتتى ئۇنىڭ قەلب تىللىرى سۆزگە كېلىپ، — سىلەرنى يوقلاشقا يەنە بىرەيلەن — سىلەرنىڭ چوڭ ئوغلۇڭلار نۇرئەخمەت ئاكىمىز كېلەلمىدى. ئۇ بەلكىم مەڭگۈ كېلەلمەس...... چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىپ، مەڭگۈلۈك ھەپسىگە چۈشۈپ قالدى. ئەركىنلىكىدىن، يورۇق دۇنيانىڭ پاراغەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى. مېنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغۇم، قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلغۇم بار ئىدى. لېكىن، قانۇن ئالدىدا مەن ئاجىز كەلدىم. ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم. شۇڭا، كېچە- كۈندۈز روھىڭلار ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ تۇرۇپ قېلىشىنى جىنەستە سەزگەن، چۈشەنگەنىدى. شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى. نۇرمەمەت شۇ چاغدىلا بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالغىنىنى سېزىپ، ئاستاغىنە قەدىمىنى يۆتكىدى. نۇرئابدۇللا دادىسىنىڭ قەبرىسىدە قىرائەت قىلىۋاتاتتى.

دۇئادىن كېيىن ھەربىر قەبرىنىڭ بېشىدا ئايرىم- ئايرىم خەتمقۇرئان قىلىشتى، قەبرىلەر ئۈستى، ئەتراپلىرىنى سۈپۈرۈپ تۈزەشتى. ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ قەبرىسىدىن يانار ۋاقتىدا نۇرئابدۇللا ئورنىدا يەنە بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىككى قولىنى باغلاپ بىراۋدىن گۇناھىنى تىلەۋاتقاندەك بېشىنى ئەگكىنىچە سۈكۈت ئىلكىدە تۇراتتى. شۇنداق، ئۇ ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ساۋۇت مۇئەللىمدىن كەچۈرۈم، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەۋاتاتتى. ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى: «سىزنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشىڭىزگە مەن سەۋەبچى ئاتا، شۇ چاغدا قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ئىنىمنىڭ رىزقىغا

قارا سانىمغان بولسام، سىز بىلەن ھەپىلىشىپ قالمايتتىم. دەرەخكە ئۆسۈتۈپ جېنىڭىزغا زامىن بولۇپ قالمايتتىم. دېسەم-دېمىسەم، بۇ داغ- مېنىڭ قارا سىيمايىم ھېلىھەم جىنەستەمنىڭ باغرىدىن ئۆچمەكلىك.......» دەيتتى ئۇ توختىماستىن.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن «لىپ» قىلىپ ساۋۇت مۇئەللىمنىڭ سىيماسى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا شۇ چاغدىكى زەر جىيەكلىك ئاق دوپپىسى، ئالدى ئېتىك خالتا كۆڭلىكى بار ئىدى. چاچ- ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

— ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋەرمە ئوغلۇم، — دېگەن بىر سادا كىرىپ كەلدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — تەقدىر، ئىرادە شۇنداقكەن بالام. ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. سەن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلە......

خەتمىقۇرئان، دۇئا- تىلاۋەتلەردىن كېيىن، نۇرمەمەت ئاتا- ئانىلىرىنىڭ تۆت نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، قەبرىلەرنى بىر- بىرلەپ تونۇشتۇردى. مەرھۇملار بىلەن بولغان تۇغقانلىق، قان- قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈردى. ھەر يىلقى بارات ئېيىنىڭ خاسىيەتلىرىدىن تەلىم بەردى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ روھلار بىلەن خەيرلەشتى.



# خاتىمە

## قۇياش گۇۋاھ قىسمەتلەر

### 1

«گۈلچاي يىلى» ئاجايىپ ئۆتتى. كىشىلەرگە ئوخشىمىغان قىسمەتلەرنى تەقدىم ئەتتى. يىل بېشىدا پۈتكۈل گۈلچاي خۇمارلىرى ئاجايىپ شېرىن- شېرىن ئۈمىدلەر بىلەن بارلىقنى گۈلچاي ئېتىزلىرىغا چىچىۋەتكەنىدى. ئاشۇ چەكسىز ئېتىزلارغا كۆمۈپ قويۇلغان ئارزۇ- ئۈمىدلەر كىشىلەر قەلبىدە غۇچچىدە پۇل بولۇپ بىخلىنىۋاتاتتى. تېرىغانلار شادلىق دېڭىزىدا غۇلاچ ئاتقانسېرى، تېرىيالمىغان، تېرىشقا ئىمكانىيەتلىرى بولمىغانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئەپسۇسلۇق مىتىلىرى توختىماستىن غاجىلاپ كېلەتتى. ياز ئوتتۇرىغا بارمايلا ھە دەپ گۈلچاي ئېتىزلىرىدىن زوقلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئالمىگە توساتتىن دەھشەتلىك بىر قارا بوران بېسىپ كىرىشكە باشلىدى.

شامالباغلىقلار ھەر ھالدا بۇ خىل قىسمەتلەرگە ئانچە يولۇقمىدى. دەسلەپ قارا بوراندەك بېسىپ كەلگەن بوھران خىرىسى شامالباغلىقلارنىمۇ بىر مەزگىل گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. كېيىن باشلىرىغا لىككىدە قىلىپ ئامەت قۇشى قوندى. ئۇنى شەھەر- شەھەرگە تاراپ كەتكەن «شامالباغ گۈلچېيى» ماركىسى قوندۇرغانىدى. كىشىلەر گۈلچاينىڭ ئاشۇ ماركىسىغا قىزىقاتتى،

ئىشەنچ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بوھران ئىچىدىن ئامەتنى سۈزۈپ چىقتى. يەنە ئاللىقانداق يەرلەردىكى بىرمۇنچە كىشىلەر يەنىلا بوھران ئىچىدە دادلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلگەن، بىلمىگەن ۋە بىلىپ بولالمىغان قىسمەتلىرى ناھايىتى تولا ئىدى.

گۈلچايلارنىڭ ئالدى چېچەكلەپ، تۇنجى قېتىملىق مەھسۇلاتلار بازارغا كىرىشكە باشلىغانىدى. يېزىلار، ناھىيە بازارلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى رەستىلىرىنى ئۆلگۈچىلا گۈلچاي يايمىلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. بازار گويا ئۈستى ئوچۇق ئالتۇن كانىغا ئوخشايتتى. رەت- رەت يېيىلغان يايمىلاردىكى دۆۋە- دۆۋە گۈلچاي چېچەكلىرى ئالتۇندەك جۇلالاپ تۇراتتى. يايمىلارنى ئارىلاپ كۆرۈپ يۈرگەنلەر، ئالغىنىغا ئېلىپ ھەۋەس بىلەن زەن سېلىۋاتقانلار، پۇراپ ھىدىدىن زوقلىنىۋاتقانلار، ئىچىدە ئاللىقانداق پىلانلارنى تۈزۈۋاتقانلار...... ناھايىتى تولا ئىدى. ئەپسۇسكى، سودىلىشىۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېلىپ- ساتارلار ئىدى. قەيەردە ئەرزانراق، كېيىن نېپى كۆپرەك تېگىدىغان گۈلچاي باركىن دەپ كۆزىتىۋاتاتتى. قويۇۋاتقان باھالىرى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. ساتقۇچىلار ئېيتقان باھانىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى.

مانا شۇ مىنۇتتا ئاسماننىڭ تىك چوققىسىغا تىكلەنگەن قۇياشنىڭ كۆزى بىر يايمىغا چۈشتى. يايمىنىڭ ئىككى يېنى ئۈستى- ئۈستىلەپ بېسىلغان رەت- رەت يەشىكلەر بىلەن توسۇلغانىدى. ئوتتۇرىسىدىكى پالاسقا بىر دۆۋە قۇرۇق گۈلچاي تۆكۈلگەنىدى. كۈنلۈكسىمان سايىۋەن ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. ئەپتىدىن خىزمەتچىگىمۇ، ئۇششاق تىجارەتچىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. چىرايى سولغۇن، چوڭقۇر خىياللار تەكتىگە پاتقانىدى. پات- پات ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ قوياتتى. كۆڭلىدە تولىمۇ ئېغىر بىر غېمىنىڭ



بارلىقى مانا مەن دەپلا تۇراتتى.

دەرۋەقە، بۇ ئادەمنىڭ غېمى، ئەندىشىلىرى كىچىك ئەمەس ئىدى. غولىنى نەقمۇنەق 1 مىليون 200 مىڭ كوي قەرز بېسىپ تۇراتتى. 800 مىڭ كويى ئامانەت قەرز - كوپېراتىپىنىڭ، قالغىنى بەش-ئالتىدەك شەخسنىڭ ئىدى. ھەممىسى مۇشۇ «پۇل تۆكۈپ بېرىدىغان» ئالتۇن چېچەكلەرنى تېرىشنىڭ مەبلىغىگە ئېلىنغانىدى.

— كۆكىنى ئالغان ئاشۇ 200 مو يەردىكى گۈلچاي بىلەن، - دەپ ئويلىغانىدى ئۇ ئەتىيازدا، — سالغان دەسمايەمنى نەچچە قاتلاپ ئۈندۈرۈۋالىمەن. قېنى، مەنمۇ بىر باي بولۇپ باقاي. ھېلىقى شامالباغ دېگەن يەردىكى سەھرالىقلاردىن نەرىم كەمكەن مېنىڭ؟......

ئۇ شۇ خىيال بىلەن تېرىشتىن تارتىپ تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە نەلەردىندۇر تېپىپ كەلگەن 20 ئىشلەمچىنى مۇقىم ئىشلىتىۋاتاتتى. ھەممىسنى ئايلىققا دېيىشكەنىدى. ھەر ئايدا 20 مىڭ كويى ئىش ھەققىگە كېتەتتى. ئۇنىڭ بارا- بارا يىلىكى ئۈزۈلۈپ قالدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئىشلەمچىلىرىگىمۇ ئىككى ئايلىقتىن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى. ئىشلەمچىلەرمۇ، باشقا قەرز ئىگىلىرىمۇ ھەر كۈنى سۈيلەپ تۇراتتى. بوسۇغىسىدىن كەتمەي ئولتۇرۇۋالاتتى. جېدەل قىلىپ ياقىلىشاتتى. ئۇلار جانىدىن ئۆتىدىغان قوپال گەپلەر بىلەن ئاھانەت قىلاتتى. ئۇ بولسا ھەممىگە چىداشقا مەجبۇر ئىدى. ئالدىدا زەپىران چېچىكىدەك سارغىيىپ، بىچارىلەرچە قول باغلاپ تۇراتتى، يېلىناتتى. ئەتىنى، ئۆگۈننى، كېلەر ھەپتىسىنى ۋەدە قىلىپ يولغا سالاتتى. بانكىنىڭ تېخى مۇددىتى توشمىغاچقا، ھازىرچە قەرز سۈيلەيدىغانلار كەلمىگەنىدى.

— شەخسلەرنىڭ بىرىنېمە دەپ يولغا سالارمەن، — دەپ

ئويلاۋاتاتتى ئۇ، — ئەتە- ئۆگۈن بانكىدىكىلەر كەلسە نېمە دەرمەن؟......

ئۇنىڭ خىياللىرى ئاشۇ يەرگە كەلگەندە، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان چاپانچىلىك بىر پارچە ئالا بۇلۇت قۇياشنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋالدى. بايىقى دەردمەننىڭ كېيىنكى ھالەتلىرى ئۇنىڭ نەزەر سىرتىدا قالدى.

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ گۈلچاينىڭ كۈرسى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. گۈلچايچىلار ئەندىشگە پاتماقتا ئىدى. كىرىزىس خىرىسى يېقىنلاشقانسېرى، كۆپلىگەن كىشلەر گۈلچايلىرىنى ئېلىشقا ساتماقتا ئىدى. پايدىسى زىيىنىغا چىقىشمايۋاتقان تالاي- تالاي كىشلەر گۈلچايلىرىنى ئېتىزدىلا تاشلاپ قويۇۋاتاتتى. ھېلىقى دەردمەننىڭ مەدىكارلىرىمۇ ئىشنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ھەققىنى بېرەلمىگەندىكىن غىڭ قىلغىلى بولمايتتى. بىچارە «چايكار» كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكەن پېتى قاراپ قالدى. ئامەت ئەمەس، مۇنداق قەرز ئىچىگە شۇڭغۇپ كەتكەن تۇنجۇقما بايلار ئاز ئەمەس ئىدى.

كەچ كۈز كېتىپ، قىشنىڭ شەپىسى كېلىۋاتاتتى. سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى ئەمدىلا نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياش يەنە بىر قىسمەتكە گۇۋاھچى بولۇپ قالدى. ئۇ شامالباغدىن بىر كۈنلۈكچە يىراقتىكى قوشنا ناھىيە بازىرىنىڭ خىلۋىتىدە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. قىسمەت دەل ھېلىقى بازار كۈنىدىكى سەرسانباينىڭ ھويلىسىدا بولۇۋاتاتتى.

بۇ يەردە مۇسىبەت بولۇۋاتاتتى. ھويلا دالانچىسىنىڭ تام تۈۋىگە يوپۇقسىز بىر جىنازا قويۇپ قويۇلغانىدى. يىغا- زار پەلەككە يەتكەنىدى. قارىلىق كىيگەن كىشلەر كىرىپ- چىقىپ تۇراتتى. ئايۋان ئىسكەتىدىكى يوغان ئۆينىڭ سۇپىسىدا بىر مېيىت يېپىپ قويۇلغانىدى. يوپۇق ئالدىدا ئوتتۇرا ياشلاردىكى چىرايلىق



بىر ئايال، ئون نەچچە ياشلاردىكى ئىككى قىز بالا نالە- پەريادلىق كۆز ياشلىرى ئىچىدە ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئايالغا، باللارغا قاراپ يىغلاۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

— ۋاي دەردىم، ۋاي مۇرەببىم، مەن قانداق قىلاي ئەمدى؟...... — نالە قىلاتتى ئايال، — بىنادىن ئۆزىڭىزنى ئاتقۇچە بىزنى — مۇشۇ نارەسىدە قىزلىرىڭىزنى ئويلىمىغانسىزمۇ!؟ھايات بولسىڭىز، قەرز دېگەننى بىر ئىلاج قىلاتتۇق ئەمەسمۇ! ئەمدى قانداق قىلىمىز، بىزگە كىم باشپاناھ بولىدۇ! قىزلىرىڭىز كىمنى دادا دەيدۇ......

— سەۋر قىلىسلا، سەۋر قىلىسلا، — دەيتتى كىملەردۇر ئايالنىڭ دولىسىنى ئۇۋۇلاپ، — مېيىتقا ئازاب بولىدۇ، يىغلىمايلى. ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ئەلھۆكمىلىللا دەيلى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن مېيىتنى يۇيۇپ- كېپەنلەپ تاۋۇتقا ئېلىشتى. جىنازىغا سالغىلىۋاتقاندا، ئىككى ياندا بەش-ئالتىدەك ئادەم مېيىتقا غەلىتە بىر خىل ئىپادە ئىچىدە قارىشىپ تۇراتتى. «جىنازىنى كۆتۈرىدىغانلار» دەپ ئويلاشتى نۇرغۇن كىشلەر ئىچىدە. ئەمما «ماڭايلى» دېگەن گەپ چىققاندا بولسا، جىنازا يېنىدا تۇرغانلاردىن تۆت كىشى تاققىدە كېلىپ جىنازا تۇتقۇچىغا چوقچايدى.

— بۇ...... بۇ نېمە ئىش، ئۆزى؟— دېدى مەزىن چەكچەيگىنىچە، — پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەسچىتكە ماڭمايمىزمۇ؟

— ماڭىلا، ئاخۇنۇم، ماڭىلا، — دېدى ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغان دارازا بىر ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەرھۇمدا ئاز- تولىدىن ئېلىشىمىز بار ئىدى. شۇنى بېرىپ ماڭسا بولارمىكىن؟

— يا ھەزرەت! — كىمدۇر بىرى ياقىسىنى چىشلىدى. ھويلىنى بىردەملىككە سۈكۈت باستى.

— بۇ...... بۇ...... — مەزىن ئورنىدا بىر پىرقىراپ توختىدى،— ئالغۇ- بەرگۈنى بەرمىسە، ئالمىسا، رازى - رىزالىق بەرمىسە بولمايدۇ...... نەچچە ۋاقتتىن بىرى......

— كەلدۇق، كەلدۇق ئاخۇنۇم،— ئىككىنچى بىرى ئورنىدىن تۇردى،- يېرىم يىلنىڭ بۇيانى نەچچە مىڭ قېتىمدىن سۆيلىدۇق. يوق، يوقلا دېسە، ئەتە- ئۆگۈن دەپ ئاغزىمىزغا جىگدە سېلىۋەرسە قانداق قىلىمىز؟ مانا ئەمدى ئۆزىنى ئۆگزىدىن تاشلىۋاپتۇدەك. رەھمەتلىك غىپپىدە كېتىۋالسا، شۇنچە پۇلنى كىمدىن ئالىمىز؟

شۇ ئارىدا «ھوشىدىن كەتتى، رەيھانەم يىقىلىپ قالدى!» دېگەن سادا ئاڭلاندى ئىچكىرىدىن. ئارقىدىنلا بىرنەچچە ئايال يۈگۈرۈشكىنىچە ئايۋانغا كىرىپ كېتىشتى. ھويلا بىردەملىككە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئازراق ئۆتۈپ جىنازا ئالدىدا يەنە بىرنەچچەيلەن پەيدا بولۇشتى. ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا- ئانا، ئاكا- ئىنى، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئىدى.

— مەرھۇمنىڭ قەرزىگە بىز ئىگە! — ئاۋاز چىقتى ئارىدىن. ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئىنىسى ئىدى،— ئاكامنىڭ قەرزلىرىگە مەن ئىگە. مەندىن ئېلىڭلار. ئاۋۋال مېيىتنى چىقىرىۋالايلى. ئەتىگىچە ھەممىڭلارنى تولۇق رازى قىلىمىز.

— ئۇنداقتا بولماسمىكىن؟— دېدى قەرز ئىگىسىدىن بىرى،— «كېيىن قالغان ئىشقا قار يېغىپتۇ» دېگەن گەپ بار. پۇلنى مۇشۇ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئالايلى.

— جېنىم ئۇكام،— بىر بوۋاي يىغلامسىراپ ئالدىغا چىقتى. بىز مۇنداق بولارنى بىلمىگەندىكىن يېنىمىزغا پۇل سېلىپ كەلمەپتىمىز. مانا تۇرغان جامائەت گۇۋاھ بولسۇن. تىلخەت پۈتىلى. ئەتە ئېلىشلىرىنى ھەممىلىرىنىڭ ئالدىدا چىرايلىق قويىلى. مېيىتنى ماڭغىلى قويۇشسىلا.



تەرەپ- تەرەپتىن قىلىشقان سۆلھى- سالا ئىچىدە تىلخەت پۈتۈپ قول قويۇشقا كېلىشتى. جېدەل ۋاقتىنچە پەسەيدى. ئۇلار پەسەيگەن بىلەن، يەنە ئامانەت- قەرز كوپىراتىپىنىڭ 800 مىڭ كوي پۇلى ئاشۇ ھويلىنىڭ، ياق، ئاۋۇ ھوشىدىن كەتكەن تۇل ئايال بىلەن ئىككى قىز بالىنىڭ زىممىسىدە قالغانىدى. ئۇنى بەرمەي، ئۆسۈم- پۆسۈملىرى بىلەن قوشۇپ ساق ساقايتىپ بەرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاقىت قىستاپ قالغانىدى. جىنازا ئالدىراشلىق ئىچىدە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ھويلىنى يەنە بىر قېتىم يىغا ئاۋازى لەرزىگە سالدى.

ئارىدىن بىرەر ئايلارچە ئۆتتى. تەبىئەت قىش ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ھاۋا تۇتۇق ئىدى. قۇياش پارچە- پارچە بۇلۇتلا ئارىسىدا شۇڭغۇپ يۈرەتتى. ھاۋادىن ئۇششاق- ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى توزۇپ تۇراتتى. ھېلىلا بىر بۇلۇتنىڭ ئاستىدىن قېچىپ چىققان قۇياشنىڭ نىگاھى قايسىدۇر بىر شەھەر كوچىسىدا كېتىۋاتقان ئۈچ چاقلىق توك ھارۋىسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر يىگىت ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. رول تۇتقان قوللىرى پەلەي ئىچىدە تۈرۈپمۇ ئۈيۈشۈپ كەتكەنىدى. ئاغزىدىن پۇرقىراپ ئاق ھور بۇرقسۇيتتى. ئىككى مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇ مەركىزىي سودا بازىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەخلەت ساندۇقى ئالدىدا توختىدى. نېمىدىندۇر خۇدۈكسىرىگەندەك ئىككى يېنىغا قاراپ- قاراپ قويىدى، ئاندىن ساندۇق ئۈستىگە چىقىپ، تاشلىۋېتىلگەن قەغەز يەشىك، سولىياۋ قۇتىلارنى تېرىپ ھارۋىسىغا تاشلىغىلى تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى ھارۋىسىنى تاراقلىتىپ مۇشۇنداق ئەسكى- تۈسكى تېرىپ يۈرەتتى. گاھىدا مېۋە- چېۋە ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ يۈرەتتى. ئىشقىلىپ، پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى.

دەرۋەقە، ئۇ يېرىم يىل ئالدىدا نەچچە يۈز مو گۈلچايلىقنىڭ غوجايىنى ئىدى. ئىلگىدىكى بار دەسمايىسىنى ئېتىزغا سېلىۋەتكەنىدى. ھالا بۇگۈن تەتۈر قىسمەت ئۇنى ھەممە نېمىسىدىن ئايرىپ مۇشۇ كويغا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. يىگىت چۆشكىچە ئەخلەت ساندۇقلىرى بىلەن ھەپىلەشتى. 4ـــ5 يول قاپ، قۇتا توشۇپ بىر ئەسكى ـ تۆسكىخانىغا ئۆتكۈزدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. قورسىقىمۇ ئېچىپ تۇراتتى. كېتىۋېتىپ نەچچە ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر مەسلىھەت قىلىپ، يەنە ماڭاتتى، توختايتتى. ئاخىر بىر ناۋايخانا ئالدىدا توختاپ، پەشخۇندىكى گۆشگىردىگە قاراپ كەلدى، كېيىن ئىككى گىردىنى ئېلىپ ئىككى يۈەننى تاشلىدى. ئۇ بىر گۆشگىردىنىڭ پۇلى ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا بىر گۆشگىردىدىن ئىككى گىردە ئەلا ئىدى. پۇلى ئاز، قورسقى قاپىراتتى. ئۇ ئىككى ناننى چاي بىلەن يەپ مېۋە ـ چېۋە توپ بازىرىغا قاراپ كەتتى. ئەمدى بىرەر يەشىكتىن ئالما، نەشپۈت، بانان، ئاپېلسىن دېگەندەكلەرنى ئېلىۋالسا، ئارىسىدىن پۇل چىقىرىدىغان يەنە بىر ئىشى ھەل بولىدۇ.

قۇياش يىگىتنىڭ ھالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ يۈزىنى ئاستاغىنە بىر پارچە بۇلۇتنىڭ كەينىگە يوشۇردى.

**2**

قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان ئاشۇ كۈنى شامالباغلىقلار «گۈلچاي يىلى» دا كەلگەن قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋېلىۋاتاتتى. كىشىلەر ھېيت نامىزىدىن چىقىشىغىلا كەنت مەسچىتىنىڭ ئۆگزىسىدىن ياڭرىغان ناغرا ـ سۇناي ساداسى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالدى. چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ ئۆگزىگە ھەۋەس، ھەيرانلىق ئىلكىدە بويۇندىشاتتى.



چۈنكى، ھېيت تەنتەنىسىنى جاكارلىغۇچى ئاشۇ ناغرا سۇناي ئاۋازى شامالباغدا تۇنجى قېتىم ياڭراۋاتاتتى. بۇرۇن كىشىلەر بۇنداق دەبدەبىنى ناھىيە، يېزا بازارلىرىدا كۆرگەن. قەشقەرنىڭ ھېيتگاھى، يەكەننىڭ ئالتۇن مەسچىتى ئالدىدا ساما سېلىپ، ھېيت تەنتەنىسى قىلىدۇ دەپ ئاڭلىغان.

«شامالباغدا مۇشۇنداق قىلىشنى كىملەرمۇ ئويلاپ تاپتىكىنە؟! ۋاي، ۋاي، ۋاي...... پەيزى ئەجەب بولىدىكىنا، ساز ـ ناۋانىڭ»!! كىشىلەر شۇنداق ئويلىشاتتى. ھېيت شەپىسىنى سەزمىگەن، شادلىق ئىلكىگە چۆممىگەن دىل قالمىغانىدى.

نۇرمەمەت نامازدىن كېيىن پىچىقنى بىلەپ ئۆي يېنىغا ئۆتتى. ئاخشام قۇربانلىققا ئاتاپ چىلانباغدىن ئېلىپ كەلگەن ئاق قوچقار شىڭتىيىپ تۇراتتى. ئۇ قوينى چىقىرىپ چۈشەپ بولغاندىن كېيىن، جىنەستە بىلەن شەۋكەتلەرنى توۋلىدى. ئانا ـ بالا كېلىپ چۈشەلگەن پاقلاننىڭ قۇيرۇقىنى قامallاشتى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى «ساۋابى ئۇلۇغ بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىدى.

جىنەستە قازانغا لىققىدە گۆش سېلىپ قويۇپ، پاقلاننىڭ ئۆپكە ـ ھېسىپلىرىنى ئادالاۋاتتى. تۇرۇپلا نۇرمەمەتنىڭ چېھرىدىكى ھېيت شادلىقى قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈك بىلەن ئالمىشىپ كەتتى. كۆڭلى مالىمان بولۇۋاتاتتى. يۈرىكى پىژىلداپ كۆيەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. ئۇ ئۇھسىنغان پېتى مېھمانخانىغا كىرىپ، دىۋانغا تاشلاندى. شىرەنى بىر ئالغان خىلمۇخىل ھېيتلىق نازۇ نېمەتلەر گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. نېمىشقىدۇر بۇ نەرسىلەر نۇرمەمەتنى خۇشال قىلالمايتتى. ئۇلارغا قارىغانسېرى باغرىنىڭ بىر يېرى تاتىلىناتتى. ئۇ يانلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تاماكا ئىزدەپ قالدى. تاماكا تاشلىغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئېسىگە ئېلىپ جىمىپ قالدى. كۆڭلى بىر يەرگە تارتىپلا تۇراتتى.

شۇ ئىش تۈپەيلى توختىماي خىيال سۈرەتتى. نۇرئابدۇللانى، جىنەستىنى قانداق پوزىتسىيەدە بولاركىن دەپ ئىككىلىنەتتى. ئاخىر بىر قارارغا كەلدى- دە، نۇرئابدۇللاغا تېلېفون ئالدى:

— ۋەي، موتوسىكلىتىڭنى مىنىپ، چاققان بىر كەلگىنە ئۆيگە!

— نې...... نېمىش بولدى ئۇكام؟— دەسلەپ نۇرمەمەتنىڭ قۇلىقىغا شۇ سادا كىردى، كېيىن،— ھامان ھېيتلايمىزغۇ، باللارنىڭ قولى بوشىسۇن......

— ھېيتلاشنى قويۇپ» كەلگىنە چاققان!- تەئەددى بىلەن شۇنداق دېدى نۇرمەمەت.

— ھوي، نېمە بولدى؟ بىرسىگە ئاچچىقلىنىۋاتامسىز نېمە؟- ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى جىنەستە.

— ھېچ گەپ يوق،— قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ،- ھېلى بىلىسىز.

ئارىدىن 15 مىنۇتچە ئۆتۈپ نۇرئابدۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇياق- بۇياققا قارىۋېتىپ، ئىنىسىگە تەئەججۈپ ئىلكىدە تىكىلدى.

— ھېچ ئىش بولغاندەك تۇرمايدىيا؟ نېمە ئىش بولدىكىن دەپ قالدىم ماقىما؟

— ئولتۇر، مەيەرگە كەل ئاكا،— نۇرمەمەت نۇرئابدۇللاغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاكىسىغا جىددىي قارىدى،- مەن بىر ئىشقا بەك پېرىلداپ كېتىۋاتىمەن ئاكا. ھېيتنى ئۆزىمىزلا ئويناپ يۈرسەك قاملاشمايدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— بۇ...... بۇ...... نېمە دېگىنىڭ ئەمدى، مەن ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمايۋاتىمىنا؟

— مۇشۇنداق ئۇلۇغ، شاد- خۇراملىققا چۆمگەن كۈنلەردە



ئاكىمىز بەك غېرىبسىنىپ كېتىدۇ چوقۇم.

— سەن، سەن...... نۇرئەخمەتكامنى دەۋاتامسەن؟

نۇرمەمەت بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەجەب، ئەجەب ئۇنى ئويلاپ قاپسەنغۇ؟

— ئويلىماي، ياد ئەتمەي بولامدۇ ئاكا؟ مەيلى ئۇ بىزگە نېمىلەرنى قىلغان، چىشىمىزغا قانچىلىك تەگكەن بولمىسۇن، بەربىر بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلارغۇ بىز؟ ھەممىمىز سوپاخۇن بىلەن تائەتخاننىڭ يۈرەك پارىلىرى ئەمەسمۇ؟ مەن ئويلاپ قالدىم، ئىككىمىز ھېيتنىڭ تۇنجى نېمەتلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كەلسەكمىكىن؟

نۇرئابدۇللا جىم بولدى. ئاستى لېۋىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈندىمىگىنى، دەررۇ ئىپادە بىلدۈرمىگىنى بىلەن، ئىچىدە ئىنىسىنىڭ ھەممە گەپلىرىنى تەستىقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭمۇ ئاشۇ قىلىقسىز، تەلەيسىز ئاكىسىنى كۆرگۈسى، ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بولسىمۇ يوقلاپ كەلگۈسى بار ئىدى. شۇنداق خىياللاردا بولغان چاغلىرىدا ئىنىسىنى ئاڭلاپ قالسا خاپا بولارمىكىن، مەندىن يامانلاپ قالارمىكىن دەپ پېتىنالماي كېلىۋاتقانىدى. لېكىن، ئىنىسىنىڭ كۆڭلى ئالەم سىغقۇدەك كەڭرىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۆزىگە شۇنچە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان، پىنھان- پىنھان ئورەكلەرنى كولاپ، نابۇت قىلماقچى بولغان قارا كۆڭۈل ئاكىسىنى يەنىلا كەچۈرۈۋېتىپتۇ......

— سەن شۇنداق دەۋاتقاندىكىن تازا بارايلى ئۇكام،— دېدى نۇرئابدۇللا بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن،— ئۇنى كۈزدىكى قەبرە يوقلاش ۋاقتىمىزدىمۇ كۆپ ياد ئەتكىنىڭنى، كۆڭلۈڭنىڭ تولىمۇ يېرىم بولغىنىنى سەزگەنىدىم. بۇ قېتىم ئىككىمىز بىللە بارساق، ئاكىمىز چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ. سەن راست دېدىڭ، مۇشۇنداق كۈنلەردە غېرىب - غۇرۋالىقتىكى كىشىلەر تېخىمۇ غېرىب

بولۇپ كېتىدۇ. باغرى چاراسلاپ سۇنىدۇ.

گۆشلەر لېگەنگە سۈزۈلۈپ بولغانىدى. نۇرمەمەت جىنەستىنى چاقىردى.

— ئاۋۇ گۆشتىن ئىككى پارچە، نان- توقاچلىرىڭىزدىن پىشكى تۈگۈپ بېرىڭە بىزگە.

جىنەستە تەئەججۈپ بىلەن جىلمايدى.

— نې...... نېمە قىلىسىلەر ئۇنى؟

— ئاكامنى يوقلاپ كېلىمىز،— كېسىپ ئېيتتى نۇرمەمەت.

— نۇرئەخمەتكامىنىما؟ يىراق، يول يىراق تۇرسا......

— ناھايىتى 200—300 كىلومېتىر يولغۇ ئۇ؟ ماشىنا بولغاندىكىن، ھازىر ماڭساق ئەتە بۇنداق چاغقىچە كېلىپ بولىمىز.

«ھېيتتا مېنى يالغۇز قويۇپ......» دەپ، جىنەستىنىڭ كۆڭلى سەل يېرىم بولدى. ئەمما، بىر تۇغقانلار ئارىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەتنى ئويلاپ خۇشاللىق بىلەن جابدۇق ئېتىپ بەردى. ماشىنا قوزغىلا- قوزغالمايلا نۇرمەمەت تاققىدە ئوتنى ئۆچۈرۈپ پەسكە چۈشتى. نۇرئابدۇللا تەئەججۈپ ئىچىدە تىكىلدى.

— توختا ئاكا، رەسىم ئاپپاراتىنى ئېلىۋالاي.

نۇرئابدۇللا يېنىككىنە تىن ئالدى. ھايال ئۆتمەي ماشىنا كەنت يولىغا چىقتى.

گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ كامېرلىرى ئاللىقاچان تاقالغانىدى. جازا ئۆتىگۈچىلەر ياتاقلىرىدا ئاللىبىر ئىشلارنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى. نۇرئەخمەت ئورۇن- كۆرپىسىگە ئۆزىنى قويۇۋېتىپ تېلىۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. كامېر ئىشىكىنىڭ كۆزنىكى شاراقلاپ، قاراۋۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نۇرئەخمەت!

— بار! — نۇرئەخمەت كارىۋىتىدىن سەكرەپ چۈشتى. باشقىلار دىققەتلەندى. شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ قاراۋۇل يەنە



توۋلىدى:

— بۇياققا چىقە، سېنى تۇغقانلىرىڭ يوقلاپ كەپتۇ.

نۇرئەخمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى، ھامان بىر خىل گاڭگىراش ئىلكىدە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— ماڭمامسەن ھەي! — تەكرارلىدى قاراۋۇل. نۇرئەخمەت شۇ چاغدىلا ئېسىنى تېپىپ ئىشىك تۈۋىگە دىرىڭلاپ كەلدى. قىيا ئېچىلغان يوچۇقتىن كارىدورغا چىقتى. قاراۋۇل ئۇدۇل ئىشىكنى ئىما قىلىپ قويۇپ كەينىدىن ماڭدى. كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە كەلگۈچە ئىشەنچسىزلىك ئىچىدە قايمۇقۇپ كەلگەن نۇرئەخمەتنىڭ كۆزلىرى ۋاللىدە چاقناپ كەتتى. كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىدە ئىككى ئىنىسى يانمۇيان ئولتۇراتتى. ئۇلار ئاكىسىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن دەسسىدە تۇرۇشتى.

نۇرئەخمەتنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. بوغۇزىغا كەپلەشكەن ئوتلۇق بىر ئېقىم يىغا بولۇپ تېشىپ چىقتى. ھۆركىرىگەن پېتى ئارىدىكى ئەينەك توسۇققا ئۆزىنى ئاتتى. قوللار بىر- بىرىگە تېگىشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تومۇرلار تومۇرلارغا ئۇلاندى. قېرىنداشلىق قانلىرى بىر- بىرىگە ئۆتتى. ئۇنى قۇچقان قوللار شۇنچە يۇمشاق، شۇنچە ئىللىق ئىدى. ئىللىقلىقى جېنىنى يايرىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار بىردەم شۇنداق تۇرۇشتى. كېيىن بىر- بىرلىرىگە تەسەللى بېرىشىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇندۇقلارغا چۆكۈشتى. نۇرمەمەت يېنىدىكى تۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. قاراۋۇل يان ئىشىكتە قاراپ تۇراتتى. نۇرمەمەتنىڭ ئوڭايسىزلىنىشىنى سەزدى بولغاي، ئاستا كېلىپ، ئەينەك توسۇقنىڭ يان ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ كەتتى. ئۇنى نۇرئەخمەت چۈشەنسە كېرەك، ھاپىلا- شاپىلا ئىنىلىرى قېشىغا چىقتى. قۇچاقلار قايتىدىن كېرىلدى. باغىرلار باغىرلارغا يېقىلدى.

ئەپسۇس، نادامەت يامغۇرلىرى مەيدىلەرنى چۆپ- چۆپ قىلىۋەتتى.

نۇرئەخمەت توختىماي يىغلايتتى. دەمدەردەك بۇقۇلداپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان نار بوتىلىقىدەك بوزلايتتى. ئۇنىڭغا بىقىپ ئىككى ئىنىسىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قىلىشقانىدى. ئازراقتىن كېيىن نۇرمەمەت ئىككى ئاكىسىنىڭ يەلكىسىدىن يېنىك- يېنىك بېسىپ ئولتۇرغۇزدى. داستىخاننى يېشىپ، نۇرئەخمەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئال ئاكا، ھېيت نېمەتلىرىدىن تېتىپ باق. يەڭگە سىڭلىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تائاملار بۇ.

— ھەشقاللا، ھەشقاللا ئۇكىلىرىم،— نۇرئەخمەتنىڭ ئاۋازى يەنە بوغۇلدى،— جىنەستەم، شەرۋانەملەر ئوبدان تۇرۇۋېتىمۇ؟ باللارمۇ خېلى چوڭۇپ قېلىشقاندۇ ھەقاچان.

— ھە، شۇنداق. گۈلنىسا ھەدەم، روشەنگۈل ھەدەم، ئايگۈل، ئەلىجان، گۈزەلئايلارمۇ سېغىنىپ سالاملار يوللاشتى،— ئۇ نۇرئەخمەتنىڭ ئىلگىرىكى ئاياللىرى بىلەن ئىككى ئايالىدىن بولغان باللىرىنىڭ ئۇچۇرىنى بېرىۋاتاتتى. نۇرئەخمەت لاپپىدە قىزاردى. ئاغزىغا سالغان بىر لوقما ئۆپكىسىگە كېتىپ قېقىلىپ كەتتى. نۇرئابدۇللا ئالدىراپ - سالدىراپ چاي كورۇشكىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. نۇرئەخمەتنىڭ زورلىشى بىلەن ئىككىيلەنمۇ ئانچە- مۇنچىدىن ئېغىز تېگىشىپ بەردى. ئېغىزلىرىدىن چىقىرىپ دېيىشمىگىنى بىلەن، بۇ بىر ۋاقلىق تاماق ھەممىسىنىڭ قەلبىگە ئىلگىرىكى ئۆم- ئىناق باللىق چاغلىرىنىڭ كارتىنىلىرىنى سىلىپ تۇراتتى. ئاتا- ئانا، ئاكا- ئىنىلەر بىر داستىخانغا جەم بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ چاغلار شۇنداق بىغۇبار، پاك، بەختلىك، گۈزەل چاغلار ئىدى......

نۇرئەخمەتنىڭ ئىككىسىگە، خۇسۇسەن نۇرمەمەتكە نېمىلەرنىدۇر دېۋالغۇسى كېلىپ تۇراتتى. بېشىنى نەچچە كۆتۈردى،



ئاغزىنى نەچچە- نەچچە تەمشىدى، ئەمما جۈرئەت قىلالمايتتى. كۆڭلىدىكى شۇ سۆزلەرنى دېيىشكە يۈزى چىدىمايتتى. ئاخىرمىلىق باللالىقتا ئاغزىنى ئاچتى.

— مېنى...... مېنى كەچۈرگىن دېيەلمەيمەن ئۇكام،— نۇرمەمەتكە قاراپ دەۋاتاتتى ئۇ،— يۈزۈم، تىلىم كۆيىدۇ.

— ۋايــيەي...... ئاكا،— ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى نۇرمەمەت،— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن ئاران بىر تېپىشقاندا؟ ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرە بىزگە. نېمە تەڭلىكىڭ بار، نېمە لازىم، شۇنى دېگىنە. ھە راست...... — نۇرمەمەت يەنە بىر بوغچىنى قولىغا ئېلىپ بىرنەرسىلەرنى ئالدى. ئۇ قىشلىق پوپايكا، بىر قۇر تاش كىيىم، ئاياغ، پايپاق دېگەندەك نەرسىلەر ئىدى.

— ۋايىيەي، بۇ نەرسىلەر زايە كېتىدۇ ماڭا،- نۇرئەخمەتنىڭ كۆزلىرىگە يەنە ياش كەلدى،— بۇ جاڭگالدا قانداقلا كىيىم بولسا بەربىر.

— شۇنداقتىمۇ كىيىۋالارسەن. ئالدىراشچىلىقتا قولىمىزغا چىققانىنىلا ئېلىپ كەلدۇق.

— رەھمەت، رەھمەت ئۇكىلىرىم،— كۆز ياشلىرىنى يوشۇردى نۇرئەخمەت.

— ئەترەتتىن رۇخسەت قىلدى،— دەپ كىردى شۇ چاغدا قاراۋۇل ئىشىكتىن،— تۇغقانلار بىر كېچە بىللە تۈنىۋالىدىغان بولدۇڭلار. ھە، نۇرئەخمەت، سەن بىلىسەنغۇ قورۇدىكى كۈتۈۋېلىش ئۆيىنى؟ 12- ياتاققا كىرىپ ياتساڭلار بولىدۇ.

— ئوبدان، ئوبدان بەنجاڭ،— نۇرئەخمەت شۇ ئان ھىجايدى،— بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق قائىدىسىمۇ بار، يىراق- يېقىندىن تۇغقانلىرى كەلگەنلەرگە بىرەر ئاخشام ئىجازەت بار قىلىدۇ.

شۇ كېچە ئۈچ ئاكا- ئىنى تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

بايا دېپىشكە پۇرسەت بولمىغان گەپلەرنىڭ چالىسى قالمىدى. بولۇپمۇ نۇرئەخمەت هاياتىدا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان تولىمۇ ئىللىق بىر ئائىلەمنىڭ قوينىدا تۇنەپ چىققانىدى، شۇنداقلا قان قېرىنداشلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مېھىر- مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. ئىللىقلىقنىڭ تەكتىگە چۆكۈۋاتقانسېرى ۋاقىتنىڭ مۇشۇ بىر نۇقتىدا مەڭگۈ توختاپ قېلىشىنى ئارزۇلايتتى.

ئەپسۇس، بىرچاغدا چۆل تورغايلىرى چۇچۇلاپ تاڭدىن خەۋەر بېرىۋاتاتتى. دېرىزىدىن سۇبهى يورۇقى كىرىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي ئاۋۋال شەپەق، ئاندىن قۇياش نۇرى ئېقىپ كىردى. ۋاقىت ئۆز ئوقىدىن قاڭقىپ چىققانىدى. مېھىر- مۇھەببەتكە تولغان شېرىن دەملەرنىڭ پايانىغا چېكىت قويۇلۇۋاتاتتى. قاراۋۇلخانا راۋىقىدىكى كانايدىن يىغىلىش سىگنالى ياڭرىدى. نۇرئەخمەت تېپىرلاپ قالدى. ئۇ بىر مىنۇت ئىچىدە مەيدانغا كېلىپ بولۇشى، ئەتىگەنلىك ساناقتىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى. چىقماسلىقتا، كېچىككىشكە ھېچقانداق جازا ئۆتنگۈچىنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى.

— بولدى، سەن ساناققا چىقىۋەر ئاكا، — دېدى نۇرمەمەت قىيمىغان ھالدا، — تەرتىپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ. بىزمۇ قايتايلى.

— شۇنداقلا كەتسەڭلار......

— خۇدا خالىسا يەنە كېلىمىز، سېنى يوقلاپ تۇرىمىز.

— ئەمىسە، ئالدىرىماڭلار، ساناقتىن كېيىن باشقا خوشلىشىمىز، — نۇرئەخمەت شۇنداق دەپ قويۇپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئىككىسى جىمىپ قېلىشتى.

ساناق، ئەتىگەنلىك يىگۈرۈشلەردىن كېيىن تاماق يېگۈچە بىر سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى. نۇرئەخمەت يەنە قايتىپ كەلدى.



ئاكا- ئىنىلەر ئاخىرقى دەملىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىگەنلىك قۇياش ئاستىدا نەچچە پارچىدىن سۈرەتكە چۈشتى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ياش تۆكۈشۈپ ئايرىلىشتى.

2012 ـ يىلى سېنتەبىر، گۇما